# شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى


ئاپتورى: لى جىنشىن

تەرجىمە قىلغۇچىلار:
ئابلەت نۇردۇن
ئىمىنجان سەيدى
مۇھەممەتجان مۆمىن
ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

新疆伊斯兰汗朝史略/李进新著；阿不来提等译.
乌鲁木齐：新疆人民出版社，2001.11
ISBN 7—228—06766—5
Ⅰ.新... Ⅱ.①李... ②阿... Ⅲ.新疆伊斯兰—汗朝—史略—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.K294.

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2001）第 078553 号

责任编辑：热依汗古丽·库尔班
责任校对：阿斯亚·艾合买提
封面设计：阿力甫·夏

**新疆伊斯兰汗朝史略**（维吾尔文）
李进新 著
阿不来提.努尔东 等译

---

新疆人民出版社
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001）
新疆新华书店发行
新疆社会科学院印刷厂印刷
850×1168 毫米 1/32 开本 印张 16.6
2003 年 3 月第 1 版 2003 年 3 月第 1 次印刷
印数：1 — 3,000

---

ISBN 7—228—06766—5/K.966 定价：25.00 元

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ............................ ئەرشىدىن خوجا (1)

**قاراخانىيلار سۇلالىسى (مىلادىيە IX ئەسىردىن 1211 ـ يىلىغىچە)**

**بىرىنچى باب قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ روناق تېپىشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى** ............................ (2)

1. سۇلالىنىڭ مەنبەسى؟ ............................ (2)

2. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىنىشى ............................ (12)

3. خوتەننىڭ بويسۇندۇرۇلۇشى ............................ (23)

4. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى... (36)

5. سۇڭ، لياۋ، تاڭغۇت ۋە ئاببासىيلار سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ............................ (44)

**ئىككىنچى باب قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى** ............................ (63)

1. شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ شەكىللىنىشى ...... (63)

2. شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلارسۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى............ (71)

3. قىتان (غەربىي لياۋ) لارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى... (80)

ئۈچىنچى باب قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى
ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى ...................................... (97)
1. سىياسىي تۈزۈمى ...................................... (97)
2. مەمۇرىيەت بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى ......... (103)
3. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلىرى ۋە
ئىقتىسادىي تۈزۈمى.................................. (112)
4. سودا، قول سانائەت ۋە شەھەرلەر ............... (122)
تۆتىنچى باب قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت... (133)
1. مەدەنىيەت ۋە ئىلىم - پەننىڭ گۈللىنىشى ... (133)
2. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»...... (143)
3. مەھمۇد قەشقەرى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»... (156)
4. ئەھمەد يۈكنەكى ۋە «ئەتەبەتۇل ھەقايىق ...... (167)
شەرقىي چاغاتاي خانلىقى (مىلادى 1347 —
1513 - يىلىغىچە)
بىرىنچى باب چاغاتاي خانلىقىدىن شەرقىي چاغاتاي
خانلىقىغىچە ...................................... (178)
1. چاغاتاي خانلىقى ۋە ئۇنىڭ پارچىلىنىشى ...... (178)
2. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ...... (198)
ئىككىنچى باب چاغاتاي خانلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە
زەئىپلىشىشى...................................... (205)
1. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ غەربىي بويسۇندۇرۇشى...... (205)
2. جامالىدىننىڭ ئاسىيلىق قىلىشى ۋە تېمۇرنىڭ
جازا يۈرۈشى ...................................... (213)
3. خىزىر خوجىنىڭ پايتەختنى بېشبالىققا كۆچۈرۈشى ... (216)
4. ئويراتلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئۇۋەيسخاننىڭ
ئىلىبالىققا كۆچۈشى ...................................... (222)

5 . خانلىقنىڭ يوقىلىشى ......................... (229)
ئۈچىنچى باب شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئىسلام
دىنىنىڭ تەرەققىياتى.................................. (235)
1 . خانلىق تەۋەسىدىكى دىنىي ئېتىقاد ئەھۋالى...... (235)
2 . موغۇللارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى........... (248)
3 . ئىسلام دىنىنىڭ كۇچا رايونىغا تارقىلىشى ... (259)
4 . ئىسلام دىنىنىڭ تۇرپان رايونىغا تارقىلىشى ...(269)
5 . ئىسلام دىنىنىڭ قۇمۇل رايونىغا تارقىلىشى ...(282)
6 . ئەرشىدىن خوجا جەمەتى ......................... (294)
تۆتىنچى باب شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى
ئىجتىمائىي ـ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت................ (304)
1 . ئىجتىمائىي ئىقتىساد ............................ (304)
2 . مەدەنىيەت ........................................ (316)
يەكەن خانلىقى (مىلادىيە 1514 —
1680 ـ يىلغىچە)
بىرىنچى باب يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ............... (326)
1 . تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە سەئىدخاننىڭ دەسلەپكى
كەچۈرمىشلىرى ...................................... (326)
2 . قەشقەردىكى ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنىڭ يوقىلىشى...(333)
3 . ئاستانە يەكەن ..................................... (338)
4 . زېمىن دائىرىسى، ئاھالىسى ۋە قوشنا ئەللەر...(342)
ئىككىنچى باب يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى
دەۋرلىرىدىكى ئىجتىمائىيەت ........................... (349)
1 . ئىچكى جەھەتتە سىياسىنى تەكشەپ، تاشقى جەھەتتە
ئىناق قوشنىدارچىلىقنى يولغا قويۇش ......... (349)
2 . شىزاڭ قاتارلىق جايلارغا يۈرۈش قىلىش...... (356)

3. ئابدۇرەشىدخان ............................ (368)
4. خوجا مۇھەممەد شېرىپ ۋە ئۇنىڭ ئۇۋەيشىيە
تەرىقىتى ................................ (372)
ئۈچىنچى باب يەكەن خانلىقىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى… (379)
1. ئابدۇكېرىمخاندىن مۇھەممەدخانغىچە .......... (379)
2. ئابدۇللاخان ۋە ئۇنىڭ خانلىقىنىڭ «گۈللىنىشى»… (387)
3. خوجىلارنىڭ تەسىر كۆچى ۋە قارا تاغلىق ئاق
تاغلىق خوجىلار كۈرىشىنىڭ ئۇلغىيىشى ...... (393)
4. خانلىقىنىڭ ھالاكىتى ........................ (405)
تۆتىنچى باب يەكەن خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە
دىنىي ئەھۋالى ................................ (416)
1. ئىقتىسادىي تۈزۈمى........................... (416)
2. سىياسىي ۋە دىنىي تۈزۈمى.................... (430)
3. مازارغا چوقۇنۇش ............................. (446)
4. سوپىزم........................................ (454)
5. ئىسلام دىنىنىڭ قازاق، قىرغىز خەلقلىرى
ئارىسىدا تارقىلىشى .......................... (460)
بەشىنچى باب يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت … (470)
1. ئەدەبىيات، ناخشا ـ ئۇسسۇل، بىناكارلىق ۋە
مائارىپ........................................ (470)
2. تارىخىي يازما يادىكارلىقلار ................. (483)
3. سوپىزم ئەدەبىياتى ........................... (493)
چوڭ ئىشلار يىلنامىسى.......................... (501)
پايدىلانغان ئاساسلىق كىتابلار ..................... (513)

# كىرىش سۆز

## شەمشىدىن هاجى

ئىسلام دىنى كۆپ ئادەملەرگە تونۇشلۇق بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ ئىسلام تارىخىنى شىنجاڭلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن كىشىلەر ئېنىق بىلمەيدۇ. مەزكۇر «شىنجاڭ ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتاب، مىلادىيە IX ئەسىردىن XVII ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتتا، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدا مەيدانغا كەلگەن ئىسلام دىنىدىكى فېئوداللىق يەرلىك هاكىمىيەتلەر — قاراخانىيلار سۇلالىسى، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ۋە يەكەن خانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ مۇهىم خانلىقنىڭ تارىخىي ئەهۋالى تەتقىق قىلىنغان ۋە تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىلمىي ئەسەردۇر. بۇ دەۋر دەل ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن، تەرەققىي قىلىپ راۋاجلانغان دەۋر بولۇپ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر شەكىللىنىپ تەرەققىي قىلغان مۇهىم تارىخىي باسقۇچ ئىدى. بۇ جەرياننى چۈشىنىش بىزنى شىنجاڭنىڭ مىللەت، دىن تەرەققىيات ئۆزگىرىشىگە نىسبەتەن توغرا تونۇشقا ئىگە قىلىپ، هەرخىل خاتا كۆزقاراشلار ۋە مۇجمەل تونۇشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا ئىنتايىن پايدىلىق.

ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ئىنتايىن ئۇزاق بىر تارىخىي جەرياندۇر. مىلادىيە 610 ـ يىلى مۇهەممەد ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىسلام دىنىنى بەرپا قىلىپ تارقاتقان بولۇپ، مىلادىيە

VIII ئەسىردە ئەرەب قوماندانى قۇتەيبەنىڭ شەرققە قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرى ئارقىسىدا، بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارقالغان. بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ چېگراسى ئىچىدە ئاساسلىق بۇددا دىنى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بولۇپ، ئەينى چاغدىكى ئۇدۇن (خوتەن)، كۇسەن (كۇچا)، قۇجۇ (تۇرپان) قاتارلىق جايلار غەربىي دىياردىكى بۇددا دىنىي مەركەزلىرىدە پارلاق بۇددىزم مەدەنىيىتىنى يارىتىلغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا شامان دىنى، مانى دىنى، زوروئاستېر دىنى ۋە يولچىلىق (تويىن) دىنى قاتارلىق دىنلارمۇ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا تارقالغانىدى. مىلادىيە IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭنىڭ غەربى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلار قۇرغان قاراخانىيلار سۇلالىسى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سامانىيلار سۇلالىسى قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولغان. مۇسۇلمان سودىگەرلەر ۋە ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچىلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق، قارا خانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاھالىلىرى (پۇقرالىرى) ئىسلام دىنى بىلەن ئۇچراشقان ھەمدە ئاز بىر قىسىم مۇسۇلمانلار پەيدا بولۇشقا باشلىغان. بىراق، ئەينى چاغدىكى قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىرى خەلقىنىڭ بۇ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى چەكلىگەن، شۇڭا مىلادىيە X ئەسىردىن بۇرۇن شىنجاڭدا ئىسلام دىنى ئىنتايىن ئاز تارقالغان.

مىلادىيە X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى ئەبۇ ناسىر سامانى، ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەشتە مەغلۇپ بولۇپ، قەشقەرگە قېچىپ كەلگەندە، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى ئوغۇلچاقنىڭ كۆتۈۋېلىشىغا ئېرىشىدۇ ھەمدە ئۆز ئېتىقادىنى ساقلاپ ئاتۇشتا تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ناسىر ئاتۇشقا ئۆزى ئۈچۈن بىر مەسچىت سالىدۇ، بۇ شىنجاڭدىكى ئەڭ بالدۇر سېلىنغان

مەسچىتتۇر. ئوغۇلچاقنىڭ جىيەنى ساتۇق بۇغراخان بۇ ۋاقىتتا دەل خانلىق تەختىنى تارتىۋېلىشقا تەييارلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇ ناسىر شاھزادىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇ ۋە ھەمدە ئىشەنچلىك تۇغقانلىرى ئارىسىدا بىر تۈركۈم ئەگەشكۈچىلەرنى مەخپىي تەرەققىي قىلدۇردى. ساتۇق بۇغراخان بۇ كۈچلەرگە تايىنىپ سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ خانلىق تەختىنى تارتىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىنجاڭ تارىخىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۇنجى ھۆكۈمران بولۇپ قالدى. ئەينى ۋاقىتتا قەشقەر سۇلالىنىڭ سىياسىي مەركىزى بولغاچقا، يەرلىك ئاھالىلەرمۇ شىنجاڭدىكى ئەڭ بۇرۇنقى مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ قالغان. مىلادىيە 955 - يىلى ساتۇق بۇغراخان ۋاپات بولۇپ، ئوغلى موسا ئارسلانخان خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلغان ھەمدە ئۆزلۈكسىز ئىسلام دىنىنى يولغا قويۇپ ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىغان. مىلادىيە 962 - يىلىدىن باشلاپ قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇدۇن خانلىقى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىغان. مىلادىيە XI ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئۇدۇن خانلىقى يوقىتىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدىكى ئاھالىلەر رايونىدا تارقىلىشقا باشلاپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تىركىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن. شۇڭا، مىلادىيە X — XI ئەسىرلەر ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى دەسلەپكى تەرەققىيات باسقۇچى بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىدىكى تۇنجى فېئوداللىق ھاكىمىيەت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ دەۋر قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى راۋاجلىنىپ گۈللەنگەن دەۋر ئىدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىگ» قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت نەتىجىلىرى دەل مۇشۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن. «ساچىيە

مەدرىسى» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، شۇنداقلا ئېلىمىزدىكى ئەڭ بۇرۇنقى ئىسلام دىنىي ئالىي بىلىم يۇرتلىرىمۇ دەل مۇشۇ دەۋردە قۇرۇلغان.

ئەينى چاغدىكى ھېچقانداق مىللىي مائارىپ شەكلى بولماسلىقتەك شەرت ئاستىدا، بۇ دىنىي ئالىي بىلىم يۇرتلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان مەدەنىيەت بۆشۈكى بولۇپ قالغان بولۇپ، ئۇ پۈتۈنلەي ئەينى چاغدىكى ئىسلام دۇنياسىدا ئەڭ داڭلىق بولغان باغدات «نىزامىيە ئۇنىۋېرسىتېتى» گە ئوخشاش باشقۇرۇلغان. ئوقۇتۇش مەزمۇنىدا كۆپ مىقداردىكى دىنىي بىلىملەر بولۇپلا قالماي، يەنە تارىخ، ئەدەبىيات، پەلسەپە (بۇ پەلسەپە، لوگىكا ئىلمى، ئىلاھىيەت، مېتافىزىكا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، فىزىكا، گېئومېترىيە، خىمىيە (مېتال تاۋلاش)، تېبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە، ئاگرونوملۇق (ئۆسۈملۈكلەرنى يېتىشتۈرۈش)، مال دوختۇرلۇق، ئەخلاق، سىياسىي، ئائىلە باشقۇرۇش قاتارلىق ئون نەچچە خىل دىندىن تاشقىرى پەنلەر ۋە ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەنلەر بار ئىدى. بۇ بىلىم يۇرتلىرىدا يەنە كۇتۇپخانا، رەسەتخانا، دوختۇرخانا، مال دوختۇرلۇق پونكىتلىرى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان. بولۇپمۇ كۇتۇپخانا مەيلى كۆلىمى جەھەتتە بولسۇن ياكى ساقلانغان كىتاب سانى جەھەتتىن بولسۇن، ئوتتۇرا ئاسىيادا، ھەتتا غەربىي ئاسىيادىمۇ داڭلىق بولۇپ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى بىر ئۇنىۋېرسال بىلىم يۇرتى بولۇش سۈپىتى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۈچۈن كۆپلىگەن ئالىملارنى، سىياسەتچىلەرنى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، تەرجىمانلار، تېببىي خادىملار قاتارلىق مەخسۇس ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەپ بەرگەن. ئىسلام تارىخىدىكى «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئەڭ بۇرۇنقى چەت ئەل تىلىدىكى

تەرجىمىسى ھېسابلانغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «قۇرئان كەرىم» مۇ مۇشۇ دەۋردە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، بۇ يەنە ئېلىمىز ئىسلام تارىخىدىكى «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تەرجىمىسىدۇر.

مىلادىيە XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا موگغۇل چاغاتاي خانلىقى پارچىلانغان بولۇپ، بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان غەربىي قىسىم چاغاتاي موگغۇللىرى ئاللىقاچان ئىسلاملىشىپ، تۈركلىشىپ، مۇقىم ئولتۇراقلاشقانىدى. شەرقىي قىسىم چاغاتاي موگغۇللىرى (يەنى شىنجاڭ موغۇللىرى) بولسا، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغان. مىلادىيە 1347 ـ يىلى چاغاتاينىڭ ئەۋلادى تۇغلۇق تۆمۈر شەرقىي قىسىمنىڭ خاقانى قىلىپ تىكلىنىدۇ. ئۇ خانلىق ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەپ قارشى كۈچلەرگە زەربە بېرىش، پارچىلىنىشنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئاتا ـ بالا دىن تارقاتقۇچىلار — جالالىدىن بىلەن ئەرشىدىنىنىڭ نەسىھىتىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ. كېيىن ئۆزىنىڭ خەتنە قىلىپ، ئۇزۇن چېچىنى كېسىۋەتكەنلىكىنى ئاشكارا ئېلان قىلىپ، داغدۇغىلىق دىنغا كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. ئارقىدىنلا ئۇ ئوردا ئەمەلدارلىرىنى مەجبۇرىي ئىسلام دىنغا كىرگۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى 160 مىڭ موغۇل كوللېكتىپ ھالدا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ئىككىنچى قېتىم ئىسلام دىنىنى تارقىتىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلىدۇ.

مىلادىيە XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ھەيدەر خوجىخان دىنىنى باھانە قىلىپ، تۇرپان رايونىغا ھۇجۇم قىلىپ قاراغوجا بىلەن تۇرپاننى ئىگىلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ جايلاردىكى بۇددا دىنى ناھايىتى تېزلا خارابلىشىدۇ. مىلادىيە XV ئەسىرگە كەلگەندە، تۇرپان رايونىدىكى ئاھالىلەرمۇ ئومۇميۈزلۈك ئىسلام دىنىغا

ئېتىقاد قىلىدۇ. كېيىنكى چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانلىرىمۇ ئىسلام دىنىنى كۈچەپ قوغدىغان. مەسىلەن، مەخمۇدخان ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرىغا رىئايە قىلمايدىغانلارنى ئات تاقىسىنى پېشانىگە مىخلاشتەك رەھىمسىز قىيناش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ جازالىغان. بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى، ئاللىقاچان مەلۇم ئىسلام دىنىي ئاساسىنى ھازىرلىغان قۇمۇل رايونى، مىلادىيە XVI ئەسىرنىڭ بېشىدا پۈتۈنلەي ئىسلام رايونى بولۇپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر مىللىتى ئارىسىدا تارقىلىش باسقۇچى ئاساسەن ئاخىرلىشىپ، ئىسلام دىنى شىنجاڭ رايونىدىكى مۇھىم بىر دىنىي ئېتىقاد بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەۋرى ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا ئىنتايىن تېز تەرەققىي قىلىشقا ئېرىشكەن دەۋر بولۇش بىلەن بىللە، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يەنە بىر گۈللەنگەن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. چاغاتاينىڭ ئەۋلادلىرى باشچىلىقىدىكى مىلادىيە XIII ئەسىردىلا ئۇيغۇرلىشىشقا باشلىغان موغۇل (موڭغۇللار) لار دەل مۇشۇ دەۋردە ئاستا ـ ئاستا ئۇيغۇرلارغا سىڭىشىپ كېتىدۇ.

يەكەن خانلىقى بولسا، جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرىپ ئاللىقاچان ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن چاغاتاينىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى مىلادىيە 1514 ـ يىلى قۇرغان يەرلىك ھاكىمىيەت ئىدى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار ئاساسلىق توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار ئومۇمەن بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، دىنىي ئېتىقادنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبلىك، ساقلىنىۋاتقان ئۆرپ ـ ئادەت ۋە زېمىن پەرقى ئاللىقاچان چىقىرىپ تاشلانغانىدى. تىل ـ يېزىقمۇ بىرلىككە كەلگەن بولۇپ تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا ئىزچىل ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر يېزىقى مىلادىيە XVI ئەسىرگە كەلگەندە، پۈتۈنلەي ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئۇيغۇر يېزىقىغا ئالمىشىدۇ، ئىسلام دىنىي ئېتىقادى

ۋە قانۇن ـ تۈزۈملىرى جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەرگە چوڭقۇرلاپ كىرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىك ساپاسى، ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە مەدەنىيەت ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە جەمئىيەت مۇقىم، ئىگىلىك تەرەققىي قىلغانىدى. سەئىدخان بىلەن رەشىدخان (ئوقۇمۇشلۇق ئاقىل) لار فېئودال پادىشاھلار بولۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى تەشەببۇس قىلغان، بۇنىڭ بىلەن مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يەنە بىر گۈللەنگەن دەۋرى ۋۇجۇدقا كېلىپ، نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر يارىتىلغان. مەشھۇر مۇزىكا «12 مۇقام» بىلەن «تارىخىي رەشىدى» مانا مۇشۇ دەۋردە يېزىلغان. بىراق، خانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە مىستىكىزملىق دىنىي مەزھەپ بولغان سوپىزم مەزھىپى تېز تەرەققىي قىلىپ، خوجىلار دىنىي ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كۈچى كېڭىيىپ، «ئاق تاغلىقلار» گۇرۇھى بىلەن «قارا تاغلىقلار گۇرۇھى» نىڭ كۈرىشى پەيدا بولىدۇ. ئىككى گۇرۇھنىڭ كۈچلىرى ئەڭ ئالىي هوقۇقنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

مىلادىيە 1680 ـ يىلى ئاق تاغلىقلار گۇرۇھىنىڭ خوجىسى ئاپاق جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن يەكەن خانلىقى هۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن خوجىلار فېئوداللىق هاكىمىيىتىنى تىكلەيدۇ. خوجا هۆكۈمرانلار ئىسلام دىنىي قانۇنىنى ئاساس قىلىپ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويىدى. سوپىزم ئەقىدىلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ـ ئېڭىنى كونترول قىلىپ، سوپىلار مەزھىپىدىن باشقا مەدەنىيەت ۋە ئىلىم ـ پەننى چەتكە قاقتى ۋە تازىلىدى. بۇنىڭ بىلەن يەكەن خانلىقى دەۋرىدە، قاراخانىيلار

سۇلالىسى دەۋرىدە ۋە چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مىللىتى بەرپا قىلغان مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت نەتىجىلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، كۆپلىگەن مىللىي ۋە دىنىي مەدەنىيەت كىتابلىرى كۆيدۈرۈلدى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر بۇددىزىم مەدەنىيىتىنىڭ ۋەيران قىلىنغىنىغا ئوخشاش، بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ۋەيران قىلىنىشى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تارىخىي مۇساپىسىدىكى بىر چوڭ تراگېدىيىدۇر. كېيىن مەنچىڭ هۆكۈمىتى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇرىدۇ، يەنە قوقەندنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن خوجىلار ئەۋلادلىرىنىڭ بىر قانچە قېتىملىق توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇپ، خوجىلارنىڭ تەسىرىنى ئاخىر يوقىتىپ، شىنجاڭ جەمئىيىتىگە زىيان سالىدىغان بىر چوڭ يوشۇرۇن خەۋپنى چىقىرىپ تاشلايدۇ. خوجىلارنىڭ تەسىرى تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىقىدۇ، سوپىزىم مەزهىپىمۇ بارا - بارا زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئورتودوكسال ئېتىقادى يەنە ئەسلىگە كېلىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋەقەلەر شىنجاڭ تارىخىدىكى هەر قانداق بىر دىنىنىڭ تارقىلىشىنىڭ مەلۇم تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ئىجتىمائىي شەرتلەردىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، هەممىسىنىڭ ئەزەلدىن بار ئەمەسلىكىنى ياكى ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەسلىكىنى، ئۆزگىرىدىغانلىقىنى، تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپلىقىنى، تارىخىيلىقىنى، تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. پەقەت تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن بۇ جەرياننى تونۇشلا ئىلمىي بولغان پوزىتسىيىدۇر.

قاراخانىيلار سۇلالىسى، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ۋە يەكەن خانلىقلىرىنىڭ هەممىسى ئېلىمىز چېگراسى ئىچىدە بارلىققا كەلگەن يەرلىك هاكىمىيەتلەر بولۇپ، ۋەتىنىمىز تارىخىدا مۇۋاپىق ئورۇنغا ئىگە، ئېلىمىز تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا

ھەرگىزمۇ چەتلەشكە بولمايدۇ. بۇ ئۈچ خانلىقنىڭ سۇڭ، مىڭ، چىڭ سۇلالىسى قاتارلىق مەركىزىي ھاكىمىيەتلەر ۋە ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بولغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن ۋەتىنىمىز زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى ئورتاق يارىتىش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

كىتاب ئاپتورى لى جىنشىن ئەپەندى 1948 ـ يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان، 1976 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ شىنجاڭلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە چوڭقۇر قىزىقىدۇ.

1980 ـ يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇزاق مۇددەت شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنىي تارىخىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەتقىقات ئورنى ئىسلام تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ ئىلمىي دىنىي يېتەكچىسى بولغان. ئۇ «جۇڭگو شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىسلام دىنىي تارىخى» قاتارلىق كۆپلىگەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك مۇھىم ئىجتىمائىي پەن تۈرلىرىنى يېزىشقا قاتناشقان ھەمدە نەچچە ئون پارچە مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ماقالىنى يازغان. بىرقەدەر پۇختا نەزەرىيە ئاساسى ۋە تارىخ بىلىمىگە ئىگە بولغانلىقى، شىنجاڭ تارىخى بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئىسلام تارىخىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغانلىقى، شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى بىرقەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەر بولۇپ، نۇقتىئىنەزەرلىرى ئېنىق، پىكرى ئوچۇق، ۋەقەلىكنى تەرتىپلىك بايان قىلغان.

بۇ ئەسەر مىلادىيە IX ئەسىردىن XVII ئەسىرگىچە بولغان جەرياندىكى ئىلىمىزدىكى شىنجاڭدىكى ئۈچ خانلىقنىڭ تارىخىنى، يەنى ئىلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىسلام تارىخىنى، ۋەتىنىمىز تارىخىنى، شىنجاڭ تارىخىنى، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى تەتقىق قىلىنغان بىرقەدەر يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئەسەردۇر.

ئەلۋەتتە ھەر قانداق بىر ئەسەرنىڭ مۇكەممەل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بۇ ئەسەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. مەن ئاپتورنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقات نەتىجىسى ئاساسىدا تېخىمۇ تاكامۇللىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئاخىردا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغانلىقىنى تەبرىكلەيمەن. بۇ ئەسەر ئاپتورنىڭ جاپالىق تەتقىقاتىنىڭ مېۋىسى، شۇنداقلا نەشرىيات ساھەسىدىكى، ئىلىم ساھەسىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرىدىغان تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ يېزىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# قاراخانىيلار سۇلالىسى
(مىلادىيە IX ـ ئەسىردىن 1212 ـ يىلغىچە)

# بىرىنچى باب قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ روناق تېپىشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى

## 1. سۇلالىسىنىڭ مەنبەسى؟

قاراخانىيلار سۇلالىسى بولسا، ئېلىمىز شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار تارىخىدا تۇنجى قۇرۇلغان ئىسلام دىنىدىكى فېئوداللىق سۇلالىدىن ئىبارەت.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ نامى خىلمۇخىل ئاتىلىپ كەلگەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «جىنىنامە» قاتارلىقلاردا «خاقانىيە»، «خاقان سۇلالىسى»، «مۇلۇكخان سۇلالىسى»، «ئېلىكخان سۇلالىسى»، «ئافراسىياپ سۇلالىسى» دەپ ئاتالغان. مىلادىيە XIX ئەسىردە رۇسىيىلىك ۋاسىلىي ۋاسىلىيېۋىچ گىئورىگورىي بۇ سۇلالىنىڭ سەردارلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ «قاراخان» دەپ ئاتالغانلىقىغا ئاساسەن، بۇ سۇلالىنى ئەڭ دەسلەپ «قاراخانىيلار سۇلالىسى» دەپ ئاتىغان ھەمدە بۇ نام پەيدىنپەي ئىلىم ساھەسىدە ئېتىراپ قىلىنغان. «قارا» تۈركچە سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىدە ( 喀喇 ) «قارا»، يەنە «ئۇلۇغ»، «قۇدرەتلىك»، «ئەڭ يۇقىرى» قاتارلىق مەنىلىرىمۇ بار ئىدى. ئىلگىرى ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا بۇ نام ئۇنىڭ تەرجىمىسى بويىچە ( 黑汗王朝 ) «قاراخانىيلار سۇلالىسى»، ( 黑韩王朝 ) «قاراخانىيلار سۇلالىسى» دەپ خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، ئۇلار «قارا» سۆزىنىڭ توغرا مەنىسىنى ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن.

قاراخانىيلار سۇلالىسى مىلادىيە IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا،

يەنى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي قۇرۇلغان. مىلادىيە 840 - يىلى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خاقانلىقى قىرغىز (خاككاس) لار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى ھەمدە تەبىئىي ئاپەت تۇپەيلىدىن ئۇيغۇر قوۋملىرى بۆلۈنۈپ - تارقىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بىر بۆلىكى پانتېكىننىڭ باشچىلىقىدا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇر ئاسىيا رايونلىرىغا كەلدى. بۇ ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسى ۋە تۇبۇتلەر ئاجىزلاشقان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ۋەزىيەتتىگە تەسىر كۆرسەتكۇدەك قۇدرەتلىك سىياسىي كۈچ يوق ئىدى. بۇخىل ۋەزىيەت غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنى قايتا تىكلىشىنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى. غەربكە كۆچۈپ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىغا كەلگەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئەسلىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن قوشۇلدى، ئاندىن تەڭرىتېغىدىن ئۆتۈپ قۇجۇ، كۇسەن قاتارلىق جايلارغا كېلىپ بۇ يەردە قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. ئۇيغۇرلار قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى چاغدا مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. قۇجۇغا كەلگەندىن كېيىن ئاستا - ئاستا كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ھالىتىگە ئۆتۈپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى ھەمدە شۇ جايلاردىكى بۇددا دىنىي مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە مانى دىنىي ئېتىقادىنى بۇددا دىنىي ئېتىقادىغا ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇددا مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ يۇكسەلدۇرۇپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلدى.

بۇ ۋاقىتتىكى ئۇدۇننىڭ ھۆكۈمرانى ۋىسارا تەڭرىخان (李圣天) بولۇپ، تارىختا «ئۇدۇن ۋىسارا فامىلىلىكلەر خانلىقى» دەپ ئاتالدى. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر بۆلىكى ئۇدۇنغا يېقىن بولغان يېڭى قۇجۇغا ئورۇنلاشتى. بەزىلەر

ئۇدۇن خانى ۋىسارا تەگرىخاننى ئۇيغۇر بولۇشى مۇمكىن، ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خانلىق بىلەن ئۇيغۇرلار يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان»[①]. دەپ قارايدۇ. ئۇدۇندىكى ۋىسارا فامىلىلىكلەر ئۆزىنى ئەسلى تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە دەپ قاراپ، لى ( 李 ) فامىلىسىنى قوللانغان. تاڭ سۇلالىسى يوقالغاندىن كېيىن ۋىسارا فامىلىلىكلەر ئۇدۇن خانلىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى سۇڭ سۇلالىسى ۋە غەربىي شىمالىي رايونىدىكى شاجۇ ساۋ فامىلىلىكلەرنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلىغان. شاجۇدىكى ساۋ فامىلىلىكلەر بىلەن يەنە قۇدىدارچىلىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ، بېرىپ - كېلىشى ئىنتايىن قويۇق بولغان. ئۇدۇن ئەسلىدە شىنجاڭدىكى بۇددا دىنى دەسلەپ تارقالغان ئورۇن بولغاچقا، ئىككى خەن سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىغىچە شىنجاڭدىكى بۇددا دىنى گۈللەنگەن ئورۇن ئىدى. كېيىن شامان دىنى (ئاتەشپەرەسلىك)، مانى دىنى كىرگەن بولسىمۇ، بۇددا دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى ئەزەلدىن ئۆزگەرمىدى ھەم ئۇزاق داۋاملاشتى. ئۇدۇن خانى ۋىسارا تەگرىخان بۇددا دىنىنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتى ئىدى. ئۇدۇن خانلىقى بىلەن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىق شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ رايونىغا جايلاشقان بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان چوڭ دۆلەتلەر بولۇپ، كېيىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن تىركىشىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغۇچىلار بولسا سەردار پانتېكىننىڭ رەھبەرلىكىدە غەربىي پامىرغا كۆچۈپ كىرگەن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر بۆلىكىدۇر. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە: «زور قوشۇن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ پانتېكىن يېتەكچىلىكىدىكى 15 قەبىلە بىلەن قارلۇقلار

---

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1 - قىسىم، 160 بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.

يېرىگە باردى» دەپ خاتىرىلەنگەن. پانتېكىن قوشۇننى باشلاپ قارلۇقلار رايونىغا كىرگەندىن كېيىن، قارلۇقلارغا بويسۇنماي ئۇلار بىلەن قارشىلىشىپ سىياسىي ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. پانتېكىن ئۆزىنى خاقان دەپ ئاتىدى ھەمدە يەتتىسۇ رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىدى. نۆۋەتتە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تىكلەنگەن ۋاقتى ۋە قۇرغۇچىسىنىڭ زادى كىملىكى ھەققىدە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلىم ساھەسىدە تېخى تامامەن بىرلىككە كەلگەن كۆز قاراش يوق. بىر خىل كۆزقاراشتىكىلەر ساتۇق بۇغراخاننى بۇ سۇلالىنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى دەپ قارايدۇ، ئەمما خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا: «ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا قەبىلىسىدىن پانتېكىن ئاۋۋال ئەنشىدە ئۆزىنى خاقان دەپ جاكارلىدى. گەنجۇغا ماكانلاشقاندىن كېيىن كۇنپېتىشتىكى بارچە شەھەر ئىقلىمىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇردى. قوۋمى ئاجىزلاشقان زاماندىمۇ تاۋاپ ــ تەزىمگە كېلىپ تۇردى»① دېيىلىدۇ. پانتېكىننىڭ ئۆزىنى خاقان دەپ ئاتىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ خانلىق تەختىگە ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىپ، ئىچكىرىدىكى سۇلالىلەر بىلەن دائىم بېرىش ــ كېلىش قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا مىلادىيە XIV ئەسىردىكى چاغاتاي خانلىقىدا ياشىغان ئالىم جامال قارشى يازغان «سۇراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە» گە ئاساسلانغاندا، ساتۇق بۇغراخاننىڭ بوۋىسى بىلگە قادىرخان بالاساغۇن (قوزئوردو) دا تۇرىدىغان بولۇپ، شۇ دائىرىدىكى تۈركلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. شۇڭا، سامانىيلار سۇلالىسى بىلەن دائىم ئۇرۇش قىلاتتى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئۇنىڭغا ئاساسەن سىر دەرياسىنىڭ شەرقى، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىن شىنجاڭنىڭ قەشقەرگىچە بولغان رايونلار قارايتتى.

---

① سىما گۇاڭ: «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 248 ــ جىلد.

تېررىتورىيىسى ئىچىدە ئاساسلىق شەھەرلەردىن بالاساغۇن (ھازىرقى قازاقىستاننىڭ توقماق شەھىرى ئەتراپىدا)، تالاس، قەشقەر قاتارلىقلار بار ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى غەربىي شىمال تەرەپتە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سامانىيلار سۇلالىسى بىلەن شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي جەنۇب تەرەپكىچە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە ئۇدۇن ۋىسارا فامىلىلىكلەر خانلىقى بىلەن قوشنا ئىدى. تېررىتورىيە ئىچىدىكى ئاساسلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى ئۇيغۇرلار ئىدى. پانتېكىن يېتەكچىلىكىدىكى 15 قەبىلە ئىلى دەرياسى ۋادىسى ۋە يەتتىسۇ رايونىغا كىرىپ كېيىنچە تەرەققىي قىلىپ قەشقەر، پەرغانە ۋە ئۇدۇن رايونىغا كىردى. X ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇرلار باشقا تۈركىي مىللەتلەرنى باشلاپ زور تۈركۈمدە ماۋرائۇننەھر (سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى جايلار) دىكى رايونلارغا كىردى. ئۇيغۇرلار بىرقەدەر يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنلا سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغانىدى. ئۇيغۇرلار يەتتىسۇ رايونىغا كىرگەندىن كېيىن سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردە، باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا روشەن پەرقلىق ئورۇندا تۇراتتى. تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ سىنىپىي جەمئىيەتكە ۋە مۇقىم ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىققا ئۆتۈشىنى تېزلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پارس تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ تۈركلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

**قارلۇقلار** — ئەسلىي ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ، «جىدىي يىللىرى (مىلادىيە 756 — 757 ـ يىللار) دىن كېيىن قارلۇقلار كۆچىيىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن ئۈستۈنلۈك تالاشتى. ئون قەبىلە خاقانىنىڭ بۇرۇنقى جايىغا

كۆچۈپ بېرىپ، سۈيئاپ، تالاس قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىگىلىۋالدى»①. بىراق ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ، يەتتىسۇ رايونىغا كىرگەندىن كېيىن قارلۇقلار ئۈچ بۆلەككە بۆلۈندى: بىر بۆلىكى شەرقتە ئاقسۇ رايونىغا كۆچۈپ كېيىن قاراخانىيلار سۇلالىسىگە قوشۇلۇپ كەتتى؛ بىر بۆلىكى جەنۇبتا توخارىستانغا كۆچتى، يەنە بىر بۆلىكى ئەسلىي ئورنىدا قالدى. قارلۇقلار چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، يەنە بىر قىسمى دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار «ئۇرۇشخۇمار مىللەت بولۇپ، بۇلاڭ - تالاڭغا ھېرىس ئىدى» .② قاراخانىيلار سۇلالىسى مەزگىلىدە، قارلۇقلار قاراخانىيلار سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئاساسلىق كۈچى بولغان. بىراق، قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن دائىم زىددىيەتلىشىپ ۋە توقۇنۇشۇپ تۇرغان.

ياغمالار — قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى قەشقەر رايونىغا كىرگەن. ئۇلار نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەردىن تەشكىل تاپقان قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىدى. پەقەت ئىسمى مەلۇم بولغان قەبىلىدىن 1700 بار. ياغمالار ئاساسەن ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ھەم نۇرغۇنلىغان تېرە ئىشلەپ چىقارغان. دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرىمۇ بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغان. ياغمالار قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن.

چىگىللار — چىگىللار غەربىي تۈركلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغان. «ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى، تىلى سەل پەرق قىلاتتى»③. ئۇلار ئىسسىقكۆل ئەتراپىدا ياشىغان بولۇپ نوپۇسى بەك كۆپ ئىدى.

---

① «يېڭى تاڭنامە. قارلۇقلار ھەققىدە قىسسە»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1968 - يىلى نەشرى.
② ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، 70 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
③ «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»، 1055 - بەت.

كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلاتتى. شەھەر، قىشلاقلىرىمۇ بار ئىدى. چىگىللارمۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەربىي قوشۇنىدىكى ئاساسلىق كۈچ بولۇپ، دائىم قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى بىلەن زىددىيەتلىشىپ تۇرغان.

تۈركەشلەر — ئۇلار مىلادىيە VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قارلۇقلارغا بېقىنغان. قاراخانىيلار سۇلالىسى مەزگىلىدە تۈركەشلەر داۋاملىق يەتتىسۇ رايونىدا ياشىغان. ئۇلار ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق قىلاتتى، ئىپار ۋە ھەرخىل تېرە مەھسۇلاتلىرى ئىشلەيتتى.

غۇزلار — ئىلگىرى سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا ۋە ئارال دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە بىر قىسمى سالجۇقىيلارغا ئەگىشىپ ماۋرائۇننەھر رايونىغا، كۆپ قىسمى خوراسانغا كەتكەن.

سوغدىلار — ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى. تارىختا ئۇلار پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئولتۇراق رايونى ماۋرائۇننەھر ئىدى. ئەمما ئۇلار «يىپەك يولى» نى بويلاپ تاكى دۇنخۇاڭنىڭ شەرقىدىكى جايلارغىچە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. يەتتىسۇ رايونىدىمۇ ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ كۆچمەن ئاھالىلىرى بار. سوغدىلار ئاساسەن دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا بىلەن شۇغۇللانغان. تۈركىي مىللەتلەرلىرى ماۋرائۇننەھرگە كىرگەندىن كېيىن ئۇلار تۈركلىشىشكە باشلىغان. قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى سوغدىلار تۈركلىشىپ مۇنتىزىم ئولتۇراقلاشقان دېھقانلاردۇر. مىلادىيە VIII ئەسىرنىڭ بېشىدا، ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ئۇلار ئاستا - ئاستا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. بۇلاردىن باشقا يەنە چۈمۈل، ئوغلاق، چارۇق قاتارلىق قوۋملار

ۋە پامىر بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ چەت ياقىلىرىدا ئىران تىللىق قەبىلىلەر ياشىغان. شىنجاڭنىڭ قەشقەر، ئۈدۈن قاتارلىق بوستانلىقلىرىدا بۇرۇنلا سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغان ئولتۇراق ئاھالىلەر ياشايتتى. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ قەبىلە - مىللەتلەر ۋە ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلارغا سىڭىشىپ كەتتى. پامىردىكى بىر قىسمى تاجىكلارغا قوشۇلۇپ كەتتى.

قاراخانىيلار سۇلالىسى ئالتاي تىللىق سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭكىدەك قوش خانلىق تۈزۈمىدە بولغان. پۈتكۈل سۇلالە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، خان جەمەتىنىڭ چوڭ - كىچىك ئىككى تارمىقى بۇ ئىككى قىسىمنى ئىدارە قىلغان. چوڭ تارمىقى بۈيۈك خاقان بولۇپ «ئارسلانخان» دەپ ئاتالغان. (تۈركچە «شىر» دېگەن مەنىدە) ئۇ ئاتاقتا پۈتكۈل قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولۇپ بالاساغۇندا تۇراتتى؛ كىچىك تارمىقى ئورۇنباسار خاقان بولۇپ «بۇغرا» (تۈركچە «تۆگىنىڭ ئەركىكى» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالغان. ئاۋۋال تالاستا تۇرۇپ كېيىن قەشقەرگە يۆتكەلگەن. يۇقىرىدىكى ئىككى ئەڭ ئالىي ھۆكۈمراندىن باشقا، يەنە بىر - ئىككى دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان ھۆكۈمرانلاردىن ئارسلان ئىلىك، بۇغرا ئىلىك، ئارسلان تېكىن، بۇغرا تېكىنلەر بولاتتى. ۋەزىپىگە ۋاقىتلىق تەيىنلەنگەن ئارسلان تېكىننى ئىنال تېكىن دەپ ئاتايتتى. ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىن: ئۆگە ئىركىن، ساغۇن، ئىنانچۇ بەگ دەپ ئاتىلىدىغان ئەمەلدارلار بولغان. بۇ مەرتىۋە ناملىرىغا دائىم ئۇچار قۇش ۋە ھايۋاناتنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئاتىغان. مەسىلەن، بېرى (بۆرە)، ياغان (پىل)، قاچىر (قارچىغا)، توغرۇل (بۈركۈت) قاتارلىقلار. «پەلەمپەيى شەكىللىك ئۆستۈرۈش» پرىنسىپى ئاساسىغا قۇرۇلغان ھۆكۈمرانلار قاتلىمى ئالاھىدە

بىرخىل تۈزۈلمىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. مەسىلەن، بۇغراخاننىڭ ئورنى بوش بولسا ئارسلان ئېلىك بۇ ئورۇنغا چىقاتتى، بۇغراخان ئارسلانخانغا ئۆستۈرۈلەتتى. شۇڭا، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى بارلىق ئەمەلدارلار نامىنىڭ ھەر ۋاقىت ئۆزگىرىشى مۇمكىن ئىدى. بۇلار قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخى ۋە شەخسلەرنى تەتقىق قىلىشقا قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلدى. بىراق، بۇ سۇلالە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمرانلار تۈركچە ئىسىم قوللانغاندىن باشقا، يەنە مۇقىم ئىسلامچە ئىسىم قوللانغان. بۇنىڭ بىلەن ھەر بىر ھۆكۈمدار ئۆتكەن تارىخىي شارائىت ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ئەھۋاللارنى بىرقەدەر توغرا بەلگىلىشىمىزگە ئىمكانىيەت يارىتىلدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە ئائىت تارىخىي خاتىرىلەر كۆپ ئەمەس. XI ئەسىردە قەشقەردە ئۆتكەن يازغۇچى ئابدۇل جاپپارنىڭ «قەشقەر تارىخى» دېگەن ئەسىردە، قاراخانىيلار سۇلالىسىگە ئائىت بايانلار بار. بىراق بۇ كىتاب يوقىلىپ كەتكەن، پەقەت بەزىبىر بۆلەكلىرى جامال قارشىنىڭ «سۇراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە» دېگەن كىتابىدا ساقلىنىپ قالغان. خاتىرىلەنگەن بۆلەكلەرگە ئاساسلانغاندا، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى قاراخانى بىلگە قادىرخاندۇر. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن چوڭ ئوغلى بازىر چوڭ خان (ئارسلانخان) غا ۋارىسلىق قىلىپ بالاساغۇننى باشقۇردى. ئىككىنچى ئوغلى ئوغۇلچاق قادىرخان كىچىك خان بولۇپ تالاسنى باشقۇردى. قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە مىلادىيە 819 ـ يىلىدىن باشلاپ، ماۋرائۇننەھردىكى رايونلارنى كونترول قىلدى ھەم ئۆزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقان سامانىيلار سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جىددىيلەشتى ۋە ئىككى تەرەپ دائىم ئۇرۇشتى. مىلادىيە 840 ـ يىلى سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ

ھۆكۈمرانى نۇھ بىن ئەسھەد ئەسكەر چىقىرىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاقسۇ شەھىرىنى بېسىۋالدى. چوڭ خاننىڭ سامانىيلار سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنىڭ باشقا ئەھۋالى توغرۇلۇق تارىخىي مەلۇمات يوق. «قەشقەر تارىخى» نىڭ ئاپتورى پەقەت ئوغۇلچاقنىڭ بەزى ئادەتتىكى ئەھۋالىدىنلا مەلۇمات بېرىپ، ئۇنىڭ سامانىيلار سۇلالىسىدىكى ئىسمائىل بىن ئەھمەد (874 — 907) بىلەن زامانداش بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن قېتىم چوڭ ئۇرۇشلارنى قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مىلادىيە 893 ـ يىلى ئىسمائىل ئۇزۇن مۇددەت قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق، ئوغۇلچاقنىڭ مەركىزىي شەھىرى تالاسنى تارتىۋالدى ھەمدە ئۇنىڭ ئايالى ۋە 15 مىڭ ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى. سامانىيلار سۇلالىسى قاراخانىيلار سۇلالىسىگە «غازات» نامىدا ھۇجۇم قىلغان بولۇپ ئۇرۇشقا ئەرەبلەرمۇ قاتناشتى. ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ھەربىر ئەرەب ئاتلىق ئەسكىرى تەخمىنەن مىڭ دەرھەم ئۇرۇش ئولجىسىغا ئىگە بولدى. ئىسمائىل يەنە تالاس شەھىرى ئىچىدىكى بىر خىرىستىئان چېركاۋىنى مەسچىتكە ئۆزگەرتتى ھەمدە بۇ يەردىكى ئاۋامنى خۇتبە نامازنى خەلىپە مۇتادىت بىللاخنىڭ نامىدا ئوقۇشقا بۇيرۇدى. شۇ جايدىكى نۇرغۇن ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئەمىرلەرمۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى.

تالاس قولدىن كەتكەندىن كېيىن ئوغۇلچاق قەشقەرگە يۆتكەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە دىنىي مەركىزىگە ئايلاندى. ئوغۇلچاق سامانىيلار سۇلالىسىدىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن، مىلادىيە 904 ـ يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بىر بۆلەك قوشۇنىنى ماۋرائۇننەھر رايونىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئىسمائىل پەقەت باشقا ئىسلام دۆلىتىدىكى پىدائىي قوشۇنلارنىڭ

ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈنلا، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قوشۇنىنى يەڭدى. ئىككى يىلدىن كېيىن ئىسمائىل يەنە بىر قېتىم «غازات قىلىش» چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلدى ۋە بىر قىسىم زېمىنىنى ئىگىلىۋالدى. سامانىيلار سۇلالىسى بىلەن بولغان كۆرەشتە ئوغۇلچاق سامانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىدىن پايدىلاندى. ئۇ ئىچكى نىزادا مەغلۇپ بولۇپ، قەشقەرگە سىياسىي پاناھلىق ئىزدەپ كەلگەن سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ بىر شاھزادىسىنى پاناھىغا ئالدى. «قەشقەر تارىخى» دا ئېيتىلىشىچە، سامانىيلار شاھزادىسىنىڭ كېلىشى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى خان جەمەتى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان ھەمدە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلام سۇلالىسىگە ئايلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

## 2. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىنىشى

ئىسلام دىنى مىلادىيە VII ئەسىرنىڭ بېشىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بارلىققا كەلگەن. تۆت خەلىپە (ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى) زامانىسىدىن ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسى دەۋرىگىچە (مىلادىيە 661 — 750 ـ يىللىرى) غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا، پېرسىيە قاتارلىق كەڭ رايونلارغا تارقالدى. مىلادىيە 706 ـ يىلى ئەرەب قوماندانى قۇتەيب زور قوشۇننى باشلاپ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ھەرقايسى يەرلىك ھاكىمىيەتنى مەغلۇپ قىلىپ ماۋرائۇننەھرنى ئىگىلىدى.

ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، مىلادىيە IX ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىق

ئورنى تىكلىنىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن تاھىرىيلەر سۇلالىسى (مىلادىيە 821 ~ 873 ـ يىللىرى)، سافاۋىيلار سۇلالىسى (مىلادىيە 873 ~ 903 ـ يىللىرى) ۋە سامانىيلار سۇلالىسى (مىلادىيە 874 ~ 999 ـ يىللىرى) بارلىققا كەلدى. بۇ سۇلالىلەر ئىسلام دىنىنىڭ تۈزۈلمىسى بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويدى ھەمدە ئەرەب ئابباسىيلار سۇلالىسىگە بېقىنىپ خىزمەت قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى سامانىيلار سۇلالىسى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى بىرقەدەر يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، بۇرۇن سامانىيلار سۇلالىسى ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان قاراخانىيلار سۇلالىسىگە كۆپ قېتىم «غازات ئۇرۇشى» قوزغىغانىدى. مۇسۇلمان سودىگەرلەر ۋە ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىدىكى دىن تارقاتقۇچىلار دائىم قاراخانىيلار سۇلالىسىگە كېلىپ دىن تارقاتتى. بۇ مەزگىلدە تۈركىي تىللىق بىر قىسىم كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر ئارىسىدا ئىسلام دىنى بەلگىلىك تەسىر قوزغىغانىدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر ئاساسەن مانى دىنى بىلەن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇيغۇرلار قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ۋاقتىدىلا مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن بىر قىسىم كىشىلەر بۇددا دىنىي مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، دىنىنى ئۆزگەرتىپ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. مەسىلەن، ئوغۇلچاق بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. قاراخانىيلار سۇلالىسى ئاھالىلىرى ئىچىدە بۇددىستلار، ئاتەشپەرەسلەر، مانى دىنىي مۇرىتلىرى بار ئىدى. بولۇپمۇ بۇددا دىنى ئىنتايىن كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ ئىدى. ئەڭ ئاۋۋال ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ يولباشچىسى بولسا ساتۇق بۇغراخاندۇر. ساتۇق بۇغراخان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ چوڭ خانى بازىرىنىڭ 2 ـ ئوغلى ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا،

ئۇنىڭ ئاتىسى بۇرۇنلا ئالەمدىن ئۆتكەن، ئاپىسى تاغىسى ئوغۇلچاققا قايتا ياتلىق بولغان بولۇپ، ئۇ ئاپىسى بىلەن قەشقەرگە كەلگەن. ساتۇق بۇغرا خاننىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئىش ـ ئىزلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، بۇ ھەقتە تۈرلۈك رىۋايەتلەر بولۇپ، بۇلارغا بەزى ئەپسانە ۋە دىنىي مۆجىزىلەر ئارىلىشىپ كەتكەن. مەسىلەن، ئىبىن ئەل ئاشىرنىڭ «ئومۇمىي تارىخ» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يېزىلغان: ساتۇق بۇغراخان بىر كۈنى چۈشىدە، بىر ئاق كىيىملىك ئادەمنىڭ ئاسماندىن چۈشۈپ تۈرك تىلىدا ئۇنىڭغا: «ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغىن، شۇنداق قىلساڭ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆزۈڭنى قۇتقۇزالايسەن» دېگەنلىكىنى كۆرگەن. شۇنىڭ بىلەن سۈبھى مەزگىلى ساتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭ پۇقرالىرىمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى.

يەنە مەسىلەن، خەلق ئارىسىغا تارقالغان «تەزكىرەئى ساتۇق بۇغراخان» تېخىمۇ رىۋايەت تۈسىنى ئالغان. بۇ قولىيازمىدا: مىراج كېچىسى (يەنى مۇھەممەد پەيغەمبەر خۇدانىڭ دەرگاھىغا بارغان كېچە، «قۇرئان كەرىم» نىڭ 17 ـ پارە 1 ـ سۈرىسىگە قاراڭ) پەرىشتە جىبرىئىلنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مۇھەممەد پەيغەمبەر تۈركىستاننى ئىسلام دىنىغا باشلاپ كىرىدىغان ئەۋلىيا ساتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئەرۋاھىنى ئەرشتە كۆرگەن. مۇھەممەد زېمىنغا قايتىپ چۈشكەندىن كېيىن كىشىلەرگە: «كەلگۈسى تۈركىستاندا ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىدىغان ئادەم ساتۇق» دېگەن. ساتۇق دۇنياغا كەلگەندە نۇرغۇنلىغان بېشارەتلەر بولغان، پالچى بۇ بالا چوڭ بولغاندا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ھۆكۈمران بولىدۇ، دېگەن. 12 ياش ۋاقتىدا بىر كۈنى 39 نەپەر ھەمراھلىرى بىلەن سىرتقا ئوۋغا چىقىپ، ئوۋچى سىياقىغا كىرىۋالغان خىزىر ئەلەيھىسسالامغا يولۇقىدۇ. خىزىر ئۇنىڭغا ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد

قىلىشنىڭ ئەۋزەللىكى ھەمدە دوزاخنىڭ قورقۇنچلۇق ئەھۋالىنى تونۇشتۇرىدۇ. ئەمما، ئۇنى ئىسلام دىنىغا رەسمىي دەۋەت قىلمايدۇ، چۈنكى ئاللا ئەبۇ ناسىر سامانىينى ئۇنىڭ دىنىي ئۇستازى قىلىپ ئەۋەتمەكچى بولغان ۋەھاكازالار. «تەزكىرەئى ساتۇق بۇغراخان» دا «ئەبۇ ناسىر سامانى — بىر سودىگەر»، ساتۇق بۇغراخان دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن ئەبۇ ناسىر سامانى خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن دۇنياغا كۆز ئاچتى. ئۇ كەمتەر، چىقىشقاق، دىنىي ئىشلارغا پىششىق، دۆلەت باشقۇرۇش يوللىرىنى ياخشى بىلگەچكە، نېمىنىدۇر تۈزەش لازىملىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن باشقا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان دۆلەتلەردە ھەقىقىي دىنىنى تارقىتىشقا قۇلايلىق بولۇش ئۈچۈن، سودىگەر بولۇش قارارىغا كەلدى دېيىلىدۇ. بىر كۈنى كېچىدە ئۇ چۈش كۆرىدۇ. چۈشىدە مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۇنى تۈركىستانغا بېرىپ، ساتۇقنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 300 سودىگەرنى باشلاپ ئاتۇشقا كەلدى. بىر كۈنى ساتۇق ھەمراھلىرى بىلەن ئوۋ ئوۋلاپ، ئاتۇشنىڭ باغقۇم دېگەن يېرىگە كەلدى، بۇ يەردە ئۇلار ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ سودا كارۋىنىنى كۆردى. ساتۇق ئەبۇ ناسىر سامانىينى كۆرۈپلا بۇ ئادەمنىڭ خىزىر ئەلەيھىسسالام بېشارەت بەرگەن ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئىككىسى كۆرۈشۈپلا قەدىناس دوستلاردىن بولۇپ كەتتى. ساتۇق ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئەبۇ ناسىر سامانىينىڭ تەلىمىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولدى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىسلام دىنىغا كىردى، دېيىلىدۇ.

بىر قەدەر ھەقىقىي ۋە ئىشەنچلىك بولغىنى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان تارىخچى ئابدۇل جاپپارنىڭ «قەشقەر تارىخى» دا يېزىلغان تارىخىي پاكىتلاردۇر. بۇ كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە: ئىسمائىل مىلادىيە 893 ـ يىلى تالاسنى

ئىشغال قىلدى. ئوغۇلچاق پايتەختنى قەشقەرگە يۆتكىگەندىن كېيىن، سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى ناسىر بىن مەنسۇر ئوردا ئىچىدىكى ماجىرادا مەغلۇپ بولۇپ، قەشقەرگە قېچىپ كەلدى ۋە ئوغۇلچاقتىن پاناھلىق تىلىدى. ئوغۇلچاق ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، بۇ ئىككىيلەن ناھايىتى تېزلا دوستلۇق ئورناتتى. ئوغۇلچاق ئاتۇش شەھىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەردى. ھەتتا ناسىر شاھزادىنىڭ ئاتۇشتا مەسچىت سېلىپ سامانىيلار سۇلالىسىدىن كەلگەن سودىگەرلەر بىلەن ئىبادەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مەسچىت شىنجاڭ چېگراسى ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن سېلىنغان مەسچىت ئىكەن. ناسىر شاھزادە ئوغۇلچاقتا بولغان مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، دائىم سامانىيلار سۇلالىسىدىن كەلگەن سودىگەرلەردىن سوۋغات سېتىۋېلىپ ئۇنىڭغا سوۋغا قىلدى. ئوغۇلچاقنىڭ جىيەن ئوغلى ساتۇقمۇ دائىم ئاتۇشقا بېرىپ مۇسۇلمان سودىگەرلەر ئەكەلگەن ماللارنى كۆرەتتى. بۇ يەردە ئۇ ناسىر شاھزادە بىلەن تونۇشتى. پۇرسەت بولسىلا ئۇنى يوقلاپ تۇراتتى، بېرىپ ـ كېلىش قىلىش جەريانىدا ئۇلار دوستلاردىن ئاستا ـ ئاستا ئىسلام دىنىنى چۈشەندى ۋە بىلدى، ئەڭ ئاخىرىدا ناسىر شاھزادىنىڭ تەسىرىدە ئىسلام دىنىغا كىردى.

«ناسىر شاھزادە» بىلەن «تەزكىرەئى سأتۇق بۇغراخان» دىكى «ئەبۇ ناسىر سامانى» ئەمەلىيەتتە بىر ئادەم. شاھزادىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى ناسىر بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە دائىم ھۆرمەت يۈزىدىن ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئاتىلىپ ئۆز ئىسمى ئاتالمايدۇ. شاھزادىنىڭ ئاتىسى ناسىر سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئىدى. مىلادىيە 893 ـ يىلى ناسىر ئالەمدىن ئۆتتى. پادىشاھلىققا شاھزادە ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك ئىدى، ئەمما ناسىرنىڭ ئىنىسى ئىسمائىل ئوردا ئىچىدە سىياسىي

ئۆزگىرىش قىلىپ پادىشاھلىقنى تارتىۋالدى، شاھزادە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى، ئۇ «سودىگەر قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ» قېچىپ قۇتۇلۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سودىگەر «ئەبۇ ناسىر سامانى» دەل قاچقاندىن كېيىنكى ناسىر شاھزادىدۇر.

بۇنىڭدىن باشقا، ساتۇق بۇغراخان سامانىيلار سۇلالىسىدىن نىشابۇرلۇق ئەبۇھەسەن مۇھەممەد سوپى كارامەتنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان، دەيدىغان كۆز قاراش بار. ئەمما، بۇ خىل كۆزقاراشقا نىسبەتەن باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردا پاكىت كەمچىل، خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەردىمۇ ئۇچرىمايدۇ. كارامەت سۇنئىي مەزھىپىدىكى دىن تارقاتقۇچى بولۇپ، ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغلى مۇسانىڭ دەۋرىدە ھۆكۈمرانلارغا ياردەملىشىپ، ئىسلام دىنىنى تەرغىپ قىلغانلىقى بىلەن مەشھۇردۇر.

ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋاقتى ئۇنىڭ خانلىق تەختىگە چىقىشىدىن بۇرۇن بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىيە IX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى مىلادىيە X ئەسىرنىڭ بېشىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ مىلادىيە 915 ـ يىلى خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇنلا ساتۇق بۇغراخاندا تاغىسىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشتەك ئۇلۇغ ئىرادە ۋە بۈيۈك مەقسەت بولغان. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچىنى تەشكىللەشكە، بىر تۈركۈم ئۆزىگە سادىق ئىشەنچلىك ئادەملەرنىڭ بولۇشىغا ھەم ئوغۇلچاقنىڭ دۈشمىنى سامانىيلار سۇلالىسى مۇسۇلمانلىرىنىڭ قوللىشىغا موھتاج ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى تامامەن سىياسىينى مەقسەت قىلغان.

ساتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى بويىچە دىنغا كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ئۆزىگە «ئابدۇكېرىم» دەپ مۇسۇلمانچە ئىسىم قويدى. بىراق ئوردىدىكى كۈرەش ۋەزىيىتى مۇرەككەپ بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى ئاشكارىلاشقا

پېتىنالمىدى ۋە باشقىلاردىن مەخپىي تۇتتى ھەمدە خان جەمەتىدىكى بىر تۇركۇم ئىشەنچلىك ئادەملەرنى مەخپىي ھالدا دىنغا دەۋەت قىلدى. پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن ئۇ مىلادىيە 915 - يىلى (مىلادىيە 910 - يىلى دېگۈچىلەرمۇ بار) تۇيۇقسىز سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، سامانىيلار سۇلالىسى مۇسۇلمانلىرىنىڭ ياردىمىدە، ئوغۇلچاقنى تەختتىن چۈشۈرۈپ قەشقەردە بۇغراخانلىق ئورنىغا ئولتۇردى. ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى ئاشكارا ئېلان قىلدى ھەمدە پۇقرالارنى ئەسلىدىكى ئېتىقادىنى تاشلاپ ئىسلام دىنىغا كىرىشكە چاقىرىق قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خانلىق ئورنىنى تارتىۋېلىشى ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىنى «ئاللانىڭ ئىرادىسىنىڭ» دالالىتى، خۇدانىڭ ئىلتىپاتى، «ئاللانىڭ ئىرادىسى» گە خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ، ئاۋام پەقەت شەرتسىز بويسۇنۇشى كېرەك دېدى. بۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا نۇرغۇن ئادەم ئۇنى ئۈلگە قىلىپ مۇسۇلمان بولدى.

ھاكىمىيەت مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن، ساتۇق بۇغراخان سامانىيلار سۇلالىسى بىلەن كۈرەش قىلىپ تالاس شەھىرىنى قايتۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ قەشقەر ھاكىمىيتى بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان بالاساغۇن ئارسلانخان ھاكىمىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى كۈنسېرى جىددىيلەشتى. ساتۇق بۇغراخان نامدا ئارسلانخاننىڭ بۈيۈك خانلىق ئورنىنى يەنىلا ئېتىراپ قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزەڭگە بالاساغۇنغا ھۇجۇم قوزغىدى. ساتۇق بۇغراخاننىڭ قوشۇنلىرى «غازات ئۇرۇشى» غا چاقىرىق قىلىپ شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى ھەم باشقا ئىسلام ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. ئارسلانخانغا ياردەم بېرىدىغان كۈچ بولمىغاچقا تاقابىل تۇرۇش تەس ئىدى.

ئارسلانخان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەردىن ياردەم

تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىچكى ئۇرۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن قالغان بەش دەۋر جىن سۇلالىسى قوشۇن ئەۋەتمىگەن. ھىجرىيە 330 ـ يىلى (مىلادىيە 942 — 943 ـ يىلى) جىددىي جەڭلەر ئارقىلىق، ساتۇق بۇغراخان بالاساغۇننى ئىشغال قىلغان. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن، ھىجرىيە 344 ـ يىلى (مىلادىيە 955 — 956 ـ يىلى) ئالەمدىن ئۆتكەن، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ تەخمىنەن 40 يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. ئىسلام دىنىنىڭ دەپنە قىلىش ئادىتىگە ئاساسەن، كاتتا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، باشلامچىلىق بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تارقىلىشىغا زور تۆھپە قوشقان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بۇ خانىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، ئاتۇشنىڭ مەشھەت دېگەن يېرىدە قەبرە قاتۇرۇلغان.

ساتۇق بۇغراخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بايتاش (تۈركچە ئىسمى) خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان. ئۇنىڭ دىنىي ئىسمى «موسا ئىبنى ئابدۇكېرىم» ئىدى. مۇسا ئاتىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىسلام دىنىنى داۋاملىق كېڭەيتىش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلدى. مۇسا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئىسلام دىنىنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى دۆلەت دىنىلىق ئورنى شەكىللەندى.

بالاساغۇندىكى ئارسلانخان يەنىلا مۇسانىڭ ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىشىدىكى ئاساسلىق رەقىبى ئىدى. ئارسلانخان گەرچە ساتۇق بۇغراخان تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ بالاساغۇندىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ بۇ جاينى قايتۇرۇۋالدى ھەمدە داۋاملىق قەشقەر ھاكىمىيىتى بىلەن دۈشمەنلەشتى. مۇسا كۈچلۈك ئىسلام قوشۇنى تەشكىللەپ ئارسلانخاننى يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلدى ھەمدە بۈيۈك خاننى يوقاتتى. شۇنداق قىلىپ مۇسا ئارسلانخاننىڭ «بۈيۈك خان» لىق

نامىنى تارتىۋېلىپ، پۈتكۈل قاراخانىيلار سۇلالىسىگە پادىشاھ بولدى. (ئۇ مۇئاۋىن) بۇغراخان تۇرىدىغان قەشقەرنى بۈيۈك خانىنىڭ پايتەختى قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىنىسى سۇلايماننى «ئېلىك خان» نامى بىلەن بالاساغۇننى باشقۇرۇشقا بۇيرۇدى.

قەشقەر قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سىياسىي مەركىزى بولغاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا گۈللەندى. مۇسا ئارسلانخان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتتا، قەشقەر بىلەن باشقا رايونلارنىڭ قاتنىشىنى راۋاجلاندۇردى، بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا قەشقەر دەرياسى ۋادىسىنى ئېچىپ يېڭى سۇ ئىنشائاتلىرىنى بەرپا قىلدى؛ خان جەمەتىدىكى دىنىي ئىنستىتۇت (خانلىق مەدرىس) تىنى قۇردى، كۇتۇپخانا سالدى، قەشقەرنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندۇردى.

ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش جەھەتتە، مۇسا ھاكىمىيەت كۈچى ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇرۇشتىن باشقا، چېگرا ئىچىدىكى كۆچمەن چارۋىچى خەلق ئارىسىدا كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق ـ تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ جەھەتتە نىشاپۇر (ھازىرقى ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى نىشاپۇر) دىن كەلگەن سوپى مەزھىپىدىكى دىن تارقاتقۇچى كارامەت سوپى مۇھىم رول ئوينىدى. سوپى مەزھىپىنىڭ دىن تارقىتىش ئۇسۇلى قورال كۈچى بىلەن كېڭەيتىلگەن دىن تارقىتىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاشمايدۇ. ئۇ ئاساسلىقى سوپىنىڭ شەخسىي پائالىيىتىدىن ئىبارەت. سوپىلارنىڭ كۆپ قىسمى يەرلىكنىڭ ئەسلىدىكى دىنىي ئېتىقادىنى چۈشىنىدىغان بولۇپ، سوپىلارنىڭ دىنىي ئەقىدىسى ئەسلىدىكى دىنىي ئېتىقاد بىلەن يېقىن باغلىنىشقا ئىگە. سوپى دىن تارقاتقۇچىلار دائىم يايلاقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، كۆچمەن چارۋىچىلارغا ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلدى. تەشۋىق قىلىش جەريانىدا كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئەسلىدىكى دىنىي

ئېتىقادىنى چەتكە قاقماي، ئامالىنىڭ بارىچە ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن بىرلەشتۈردى. ئۇلار غازات ئۇرۇشى ۋە جەننەتنىڭ خۇشاللىقىنى دېمەي، گۇناھ ۋە دوزاخنىڭ ئازابىنى تەشۋىق قىلدى. مۇنداق تەشۋىقات ئاسانلا كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. شۇڭا، كارامەت خوجىنىڭ دىن تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى ھۆكۈمرانلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئاستىدا غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئىسلام تارىخچىللىرى ئۇنى تارىخ رىسالىلىرىگە كىرگۈزۈپ «خانلىقىقا خاندەك خىزمەت قىلدى» دېدى. ئۇ «ھىجرىيە 350 ـ يىلى (مىلادىيە 961 ـ يىلى) ئۆزىنىڭ سارىيىدا ئالەمدىن ئۆتتى»[1] ئىبىن ئەل ئاشىرنىڭ «ئومۇمىي تارىخ» دا: مىلادىيە 960 ـ يىلى 200 مىڭ ئۆيلۈك تۈرك ئىسلام دىنىغا كىردى دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەلۋەتتە كىچىك سان ئەمەس، ئەگەر ھەربىر ئۆيدە 4 ~ 5 كىچە ئادەم بار دەپ ھېسابلىغاندا، 800000 ~ 1000000 كىچە ئادەم ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بولىدۇ، بۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ كۆپ قىسىم پۇقرالىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مۇشۇ يىلدا مۇسا ئارسلانخان ئىسلام دىنىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، دۆلەت دىنىنىڭ بەلگىلىنىشى بىرىنچىدىن، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلام قانۇنى ئارقىلىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغانلىقىدىن، قانۇن، سىياسىي، ئەخلاق مىزانى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى قاتارلىقلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» دىكى بەلگىلىمىلەرنى پرىنسىپ قىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىككىنچىدىن، چېگرا ئىچىدە ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنلارنىڭ قوغدالمايدىغانلىقى ۋە چەتكە قېقىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىدە تارقىلىشىنىڭ

---

① زەكي ۋەلد توغان: «تۈرك تاتار تارىخى»، ليۇ جىشاۋ يازغان «ئۇيغۇرلار تارىخى»، 1 ـ قىسىم، 147 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى.

نەتىجىگە ئېرىشىشىدە كۆپ تەرەپلىمە سەۋەب بار ئىدى.

بىرىنچى، ئىسلام دىنى «ئوخشاش مەنبە ۋە ئوخشاش مەدەنىيەتتىكى مىللەتلەر پاسىلىدىن ھالقىپ كەتكەن» خەلقئارالىق دىن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر ئىلاھلىق دىنىي ئەقىدە ئاممىباب، چۈشىنىشلىك دىنىي ئەقىدە ۋە دىنىي قائىدىلەر بولۇپ، بۇ رايوندا ئېقىپ يۈرگەن باشقا دىنلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئاسان تارقىلاتتى.

ئىككىنچى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ زېمىنى كەڭ بولۇپ، قۇملۇق، بوستانلىق ۋە يايلاقلار بار. ئاھالىلەر ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچى، تەبىئىي شارائىتى ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىسادى، تۇرمۇشى ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەن ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭكىگە ئوخشاپراق كېتىدۇ. دىنىي ئېتىقادى كۆپ ئىلاھلىق دىندىن بىر ئىلاھلىق دىنغا ئۆتىدىغان ئۆتكۈنچى دەۋردە تۇرۇۋاتاتتى.

ئۈچىنچى، ئەتراپتىكى مۇسۇلمان قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك تەسىرىدىن بولغان. بۇ ئىسلام دۆلەتلىرى ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتلەردە روشەن ئەۋزەل ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر دائىم مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنىڭ مەھسۇلاتىغا، بولۇپمۇ توقۇلما بۇيۇم قاتارلىق كۈندە ئىشلىتىلىدىغان مەھسۇلاتلىرىغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ سودا - سېتىقتىكى بېقىنىشچانلىقى كۈچلۈك ئىدى، دائىم ھايۋانلىرىنى مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەر چېگرىسىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ سودىگەرلەرنىڭ يايلاقلىرىغا كېلىشىنى كۈتەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار تاۋار ئالماشتۇرۇش جەريانىدا مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى ۋە دىنىي ئېتىقادى بىلەن ئاستا - ئاستا تونۇشتى ھەمدە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ھەممە ساھەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن تېخىمۇ يېقىن

مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن، پەقەت ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش كېرەك ئىدى.

ئىسلام دىنىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىنىشى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلاملاشتۇرۇش جەھەتتە زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ شىنجاڭ تارىخىدىكى بىرىنچى ئىسلام سۇلالىسى تارىخى، شۇنداقلا تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ ئىسلام سۇلالىسى تارىخى باشلاندى. ئىسلام دىنىدىكى قاراخانىيلار سۇلالىسى شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ كېيىنكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئېتىقاد قاتارلىقلارغا كەڭ ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

## 3. خوتەننىڭ بويسۇندۇرۇلۇشى

ئىسلام دىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىدە روناق تاپقاندىن كېيىن، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قوشنا دۆلەت ئۇدۇن خانلىقى بىلەن كەسكىن زىددىيەت پەيدا بولدى. سەۋەبى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى چېگرا ئىچىدىكى بۇددا راھىبلىرىغا نىسبەتەن ئۆزلۈكسىز زىيانكەشلىك قىلىشنى كۈچەيتتى، نۇرغۇن راھىبلار ئۇدۇن دۆلىتىگە قېچىپ بېرىپ پاناھلىق تىلەشكە مەجبۇر بولدى، بۇلار ئۇدۇن بۇددا دىنىي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى كۈنسايىن جىددىيلىشىپ ئۇرۇش پارتلايلا دەپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي قەشقەردە بۇددا دىنىي مۇرىتلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە قىستاشقا قارشى قوزغىلىڭى يۈز بېرىپ، ئىسلام ھۆكۈمران دائىرىلىرىنىڭ قاتتىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. بۇ ۋەقە ئاخىر ئىككى تەرەپنىڭ ئۇزۇن يىلغا سوزۇلغان دىنىي ئۇرۇش قىلىشىغا سەۋەبچى بولدى.

ئۇرۇش پارتلىغان يىللىرى، مۇسا ئىسلام دىنىنى دۆلەت

دىنى دەپ ئېلان قىلغان 2 ـ يىلى، يەنى مىلادىيە 962 ـ يىلىدۇر. بۇ يىل «ئۇدۇن خانى ۋىسارا سۇرا بىلەن شاجۇ بۇيۇك خانى ساۋ يۈەنجۇڭنىڭ خەت ـ ئالاقىسى» دېگەن بىر پارچە ھۆججەتكە ئاساسەن بېكىتىلگەن. بۇ ئۇدۇن خانى ۋىسارا سۇرا قەشقەرنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، شاجۇ قوماندانى ساۋ يۈەنجۇڭغا يازغان خېتى بولۇپ، خەتتە ئۇنىڭغا ئۇدۇن قوشۇنىنىڭ قەشقەرنى ئىگىلەش جەريانى، ئىگىلىگەندىن كېيىن قوللانغان تەدبىرلىرى ۋە كېيىنكى پىلانلىرىنى دوكلات قىلغان. خەتنىڭ ئاخىرىغا «تىفىيېبناتسۇما (مۇقەددەس زات)، بەختلىك دەۋرنىڭ 4 ـ يىلى، ئات يىلى 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى» دەپ يېزىلغان. تىفىيېبناتسۇما — ۋىسارا سۇرانىڭ يىل نامى، تىفىيېبناتسۇما 4 ـ يىلى، ئات يىلى مىلادىيە 970 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ خەت ئۇدۇن قوشۇنلىرى ئالدىنقى يىلى 7 ـ ئايدا ئىشغال قىلغان بۇ شەھەردە يېزىلغان. خەتتە: «شۇ ۋاقىتتىن ھازىرغا قەدەر قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىش ۋە باشقا ئىشلاردا يەنىلا نۇرغۇن توسقۇنلۇقلار بار، نۆۋەتتە قىلماقچى بولۇۋاتقان ئىش، دۆلەت سىرتىدا تۇرۇپ پادىشاھ جەمەتىنىڭ مەنپەئىتىگە ئاساسەن ھەرىكەت قىلىۋاتقىنىمىزغا سەككىز يىل بولۇپ قالدى» دېيىلگەن. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «پادىشاھ جەمەتىنىڭ مەنپەئىتىگە ئاساسەن ھەرىكەت قىلىۋاتىمىز» دېگىنى شۈبھىسىزكى، ئۇدۇننىڭ قەشقەرگە نىسبەتەن ئېلىپ بارغان ھەربىي ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. مىلادىيە 970 ـ يىلىدىن ئالدىغا سەككىز يىل سۈرسە، مىلادىيە 962 ـ يىلى بولىدۇ. مۇشۇ يىل دەل بۇ بىر مەيدان دىنىي كۈرەش باشلانغان يىلدۇر.

ئۇدۇن دۆلىتى شاجۇ ھاكىمىيىتى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالە بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلدى. ساۋ جەمەتى ئەسلىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەرنىڭ كونتروللۇقىدىكى بەيئەتكە ئۆتكەن قوشۇن

ساتراپىلار ياكى دەريانىڭ غەربىدىكى ساتراپىلار ئىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن بەش دەۋرىدىن كېيىن ھەقىقەتكە قايتقان قوشۇن ئاستا ـ ئاستا ئۆزىنى ئۆزى باشقۇردى، ساۋ يۈەنجۇڭ بۇ قوشۇننى ئىلكىگە ئالغان ۋاقىتتا ئۆزىنى «خان» دەپ ئاتاپ، غەربىي شىمالىي رايونلارنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ھۆكۈمرانى بولدى. شاجۇدىكى ساۋ فامىلىلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇدۇن قاتارلىق غەربىي رايوندىكى جايلارنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار دەپ ھېسابلايتتى. ئۇدۇننىمۇ شاجۇ ھاكىمىيىتىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيىتىنىڭ ۋەكىلى دەپ قاراپ، ساۋ فامىلىلىكلەرنى «جۇڭگودىكى خانلارنىڭ خانى» دەپ بىلەتتى. دائىم ئەلچى ئەۋەتىپ دۆلەت ئىچى ئەھۋالىنى دوكلات قىلاتتى. سۇڭ سۇلالىسى قۇرۇلۇپ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 961 ـ يىلى) ئۇدۇن خانى ۋىسارا تەگرىخان سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن مىلادىيە 966 ـ يىلىغىچە ئۇدۇن ئۇدا تۆت قېتىم سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتتى. مىلادىيە 965 ـ يىلى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ باش ۋەزىرى سۇڭ سۇلالىسىگە باردى. تارىخىي كىتابلاردا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «ئۇدۇن ئەلچىسى بولۇپ كەلگەن كىشى ۋەزىر بولۇپ، جۇڭگو بىلەن چىگىشلەرنى يېشىپ، راۋان ئالاقىدە بولۇشنى ئىستەيدىكەن»، بۇ زىيارەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇدۇن دۆلىتى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇدۇن دۆلىتى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلغان. سۇڭ سۇلالىسى يېڭىلا قۇرۇلغان بولغاچقا، غەربكە يېتىشىپ بولالمايتتى. شۇڭا، ئۇدۇنغا ياردەم بېرىدىغان قوشۇن ئەۋەتمىدى. بىراق، ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ تەخت ۋارىسى دېسوڭ مىلادىيە 966 ـ يىلى شاجۇنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن كەيپىڭغا باردى. بىر ئايدىن كېيىن ئۇ سۇڭ تەيزۇڭنىڭ يارلىقىنى تاپشۇرۇۋالدى: ئۇنىڭدا: «زىڭ شىڭچىن قاتارلىق 157

ئادەمنىڭ ھەربىرىگە 3 تۈمەندىن پۇل بېرىلىپ، غەربىي يۇرتقا بارسۇن» دېيىلگەن. بۇ ئۇرۇشتا سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇدۇن تەرەپتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇدۇن يەنە بۇددا دىنىدىكى قوشنا دۆلەت تۇبۇت بىلەن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. ئاشۇنداق ياردەملەرگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇدۇن تەرەپ روشەن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. بىر پارچە ئۇدۇن خەت ـ چەكلىرىگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 969 ـ يىلى 7 ـ ئايدا (ئۇرۇشتىن كېيىنكى 7 ـ يىلى) ۋىسارا تەخىرىخانلىقىغا ۋارىسلىق قىلغان ئۇدۇن خانى ۋىسارا سۇرا «قوشۇن باشلاپ چۇشا (قەشقەر) شەھىرىگە كەلدى. بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئىتائەت قىلىش ئارزۇسىدا ئىدى. بىزگە دۈشمەنلىك بىلەن قارىغان TazikTsun Hien نىڭ قىممەتلىك نەرسىلىرى، خوتۇنى، چوڭ پىل، ياخشى ئات ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى خانلىققا (ئۇدۇن) سوۋغا قىلدۇق» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇدۇن ئەڭ دەسلەپكى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى، نۇرغۇنلىغان مال ـ مۈلۈك ئولجا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ۋىسارا سۇرا شاجۇ — سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ دوكلات قىلدى، يەنە تېخى ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىدىن ئەۋەتتى. «سۇڭ تارىخى» دا: كەيباۋنىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 971 ـ يىلى) «ئۇنىڭ (ئۇدۇننى كۆرسىتىدۇ) دۆلەت راھىبى جىشاڭ ئۆز پادىشاھىغا يازغان مەكتۇبىدا، ئۆزىنىڭ سۇلى دۆلىتىنى گۇمران قىلىپ ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغان بىر پىلنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى، ئۇنى پادىشاھقا تەقدىم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقان» لىقى خاتىرىلەنگەن. تەقدىم قىلماقچى بولغان «ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغان پىل» دەل ئۇدۇن خەت ـ چەكلىرىدە خاتىرىلەنگەن ئۇرۇش ئولجىسى چوڭ پىلدۇر. يولدا پىلنى ھەيدەپ مېڭىش بەك ئاستا بولغانلىقتىن، ئۇدۇن ئەلچىلىرى مىلادىيە 971 ـ يىلى

سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئاران يېتىپ باردى. ۋىسارا سۇرا شاجۇدىكى ساۋ يۈەنجۇڭغا قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن ئولجا ئالغان خانىنىڭ تۇتقۇچى بار، قۇلىقى كۆپۈپ چىققان يۇمىلاق ياپقۇچى بار ئىستاكان بىلەن بىر كۈمۈش قۇتا سوۋغا قىلدى. ۋىسارا سۇرا ئەگەر، ساۋ يۈەنجۇڭ داۋاملىق قوللىسا ئۇنىڭغا يەنە «دۆلەت گۆھىرى» دەپ ئاتالغان غىلاپلىق شەمشەر ۋە تېخىمۇ كۆپ سوۋغا تەقدىم قىلىدىغانلىقى ھەققىـــدە ۋەدە بەردى. ئۇدۇن خەت - چەكلىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، قەشقەر قولىدىن كەتكەندىن كېيىن بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلار قېچىپ كەتكەن، ئۇدۇن قوشۇنى «شىمالدىكى چوڭ ئۆتكەلنى ساقلىغان» . كېيىـــن قەشقەر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، بىر گۇرۇپپىغا بىردىن ۋەزىر قوماندانلىق قىلغان، ھەربىـــر گۇرۇپپىدا 1800 ئەسكەر بولغان گۇرۇپپىدىن ئۈچنى قەشقەرگە شەھەرنى قوغداشقا ئەۋەتتى، ۋىسارا سۇرا قەشقەردە ئەسكەرلىرىنى ئۇزاق تۇرغۇزمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ قورچاق ھۆكۈمرانلىقىنـــى ئورناتقاندىن كېيىن ئۇدۇنغا قايتىپ كەلدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە زىيان تارتقان بولسىمۇ، جاسارىتىنى يوقاتمىدى، ئۇزاق ئۆتمەي قايتۇرما ھۇجۇم تەشكىللىدى. قەشقەر قولىدىن كېتىپ بەش ئايدىن كېيىن، قاراخانىـــيلار سۇلالىـــسى قوماندانـــى رەھبەرلىكىدىكى قوشۇن قەشقەر شەھەر ئەتراپىغا كىـــرىپ، شىمالىي چوڭ قۇۋۇقتىكى ئۇدۇن قوشۇنىنىڭ شەھەرگە كىرىش يولىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇدۇن خەت - چەكلىرىدە ئىككى تەرەپ ئۇرۇشنى بىۋاستە خاتىرىلىمـــىگەن بولسىـــمۇ، ئۇدۇن قوشۇنلىرىنىڭ يۆتكەلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. ۋىسارا سۇرا ساۋ يۈەنجۇڭغا يازغان خېتىدە: «پېشقەدەم ۋەزىر ۋە مۇھىم كىشىلەر ئۆزلىرىگە چۇشەندۇرۇپ قويسۇن، بايلىق كۆپەيدى، ئاشلىق، ئات - ئۇلاغ، ئادەم ۋە قوشۇنمۇ كۆپەيدى. ئەمما، ئۇرۇش

داۋاملاشماقتا، ئادەملەر ئۆلمەكتە» دېيىلگەن. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شۇ ۋاقىتتا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش يەنىلا ناھايىتى كۆپ ۋە شىددەتلىك بولغان. 20 ـ 30 يىل ئىچىدە ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇش ئەھۋالى خاتىرىلەنمىگەن. ئەمما، ئىككى تەرەپنىڭ تىركىشىپ ھەرە تارتقاندەك ھالەتتە تۇرغانلىقىنى ۋە بەزىدە ئۇرۇشۇپ، بەزىدە توختىغانلىقىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس. قاراخانىيلار سۇلالىسى دىققىتىنى سامانىيلار سۇلالىسىگە قاراتتى. بۇ مەزگىلدە سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئوردا ئىچىدىكى تالاش ـ تارتىشلىرى ۋە يەرلىك فېئوداللارنىڭ قالايمىقانچىلىقى ئۇزۇلمەي يۈز بېرىپ خەلق ئاممىسى، يۇقىرى قاتلامدىكى دىندارلار، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ نارازىلىقى كۈچىيىپ دۆلەت كۈچى ئاجىزلىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى ھارۇن بۇغراخان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 990 ـ يىلى ئەسكەر چىقىرىپ ئانچە چوڭ قارشىلىققا ئۇچرىمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئاقسۇ شەھىرىنى ئىگىلىدى. مىلادىيە 992 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەسكەر چىقاردى، ئۇ مۇسۇلمان خەلق ئاممىسى ئىچىدە زور تەسىرگە ئىگە، ھۆكۈمەتتىن نارازى ئىسلام دىنىي «ئەۋلىيا» لىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. سامانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمدارى قارشى تۇرۇشقا كۈچ تەشكىللىمەكچى بولۇۋاتقاندا، ئەۋلىيالار: ئەگەر خان سۇلالىسى (قاراخانىيلار سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ) سامانىيلار سۇلالىسى بىلەن دىن ئۈچۈن كۆرەش قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا قارشى كۆرەش قىلىش ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەت، ئەگەر پانىي دۇنيانىڭ ئىشى بىلەن بولسا، مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن چەكلەنگەن دەپ تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنى ئەڭ ياخشىسى بۇ كۆرەشكە ئارىلاشماسلىققا دەۋەت قىلدى. سامانىيلار سۇلالىسى قارشى كۆرەش تەشكىللەشكە ئامالسىز قالغاچقا، ھارۇن بۇغراخان بۇخارانى ئوڭۇشلۇق ئىگىلىدى. ھارۇن بۇغراخان ئاغرىپ قېلىپ ئەسكەرلەرنى

شەرقتە چېكىندۇرۇشكە مەجبۇر بولدى. مىلادىيە 999 ـ يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى يەنە بىر قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ بۇخارانى ئىگىلەپ، ماۋرائۇننەھرنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خەرىتىسىگە كىرگۈزدى، سامانىيلار سۇلالىسى گۇمران بولدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ كۈچى زورىيىپ، ئۇدۇن بىلەن بولغان جەڭدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى.

بۇ مەزگىلدە ئۇدۇن دۆلىتى قاراخانىيلار سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلدى. ياغلا قالقالۇر (جاگېلۇ كېرلۇ) ۋە چوڭ قارا تودې، نوھ تالا تودېلار باشچىلىقىدىكى ئۈچ تۈمەن ئۇدۇن قوشۇنى قەشقەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. بۇ ۋاقىتتا قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى مۇسا ئارسلانخان ئالەمدىن ئۆتۈپ، چوڭ ئوغلى ئەلى بىن مۇسا ئارسلانخانلىققا ۋارىسلىق قىلدى. قەشقەر قورشىۋېلىنغاندىن كېيىن شەھەر ئىچىدە قەھەتچىلىك يۈز بەردى. ئەلى ئارسلانخان شەھەردىن چىقىپ ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇدۇن قوشۇنلىرى يېڭىسارغا چېكىندى. يېڭىسار ئىككى دۆلەتنىڭ تۇتىشىدىغان جايى بولۇپ، ئەلى ئارسلانخاننىڭ قوشۇنى قوغلاپ زەربە بەردى. يېڭىسار ئەتراپىدىكى ئۇداقالا دېگەن جايدا كەسكىن ئۇرۇش بولدى. ئۇدۇن قوشۇنلىرى قاراخانىيلار سۇلالىسى قوشۇنلىرى يىغىلىپ، ناماز ئوقۇۋاتقاندا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، نەتىجىدە قاراخانىيلار سۇلالىسى قوشۇنى ئېغىر مەغلۇپ بولدى. ئەلى ئارسلانخان دەل مۇشۇ جەڭدە شېھىت بولدى، بۇ 998 ـ يىلى ئىدى. ئەلى ئارسلانخان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر رەھبىرى، ئۇ «غازات ئۇرۇشىدا» ئۆلگەن بولغاچقا، مۇسۇلمانلا ئۇنى «شېھىت» دەپ تونۇدى ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن كاتتا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، ئۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن بېشى قەشقەرگە ئۈچۈپ كەتكەن ھەم شەھەر ئەتراپىدىكى خان جەمەتى زاراتكارلىقىغا كۆمۈلگەن. بۇ جايدىكى زاراتكارلىق شۇ يەردىكى

ئادەملەر تەرىپىدىن «ئارسلانخان مازىرى» دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭ باشسىز جەسىتى ئۆلگەن جايدا دەپنە قىلىندى. بۇ يەر «ئۇداڭ مازار» دەپ ئاتالدى. بۇ ئىككى مازارنى «ئۇلۇغلارنىڭ قەبرىسى» دەپ قاراپ، بىر قىسىم مۇسۇلمانلار بۇ جاينى تاۋاپ قىلىدۇ.

ئەلى ئارسلانخان ئۆلگەندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى ئەھمەد ئەلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى بولدى ۋە «تۇغان خان» دەپ ئاتالدى. ئۇ داۋاملىق ئۇدۇن بىلەن جەڭ قىلدى. كېيىن قەشقەردە ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى توپىلاڭ يۈز بەردى. ئۇدۇن تەرەپ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە بىر قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ قەشقەرنى ئىگىلىۋالدى.

بۇ ۋاقىتتا ئەھمەد تۇغان خاننىڭ ئىنىسى ناسىر ئارسلان ئىلىك ئوتتۇرا ئاسىيادا سامانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى.

ئەھمەد تۇغان خان نەۋرە ئىنىسى ھاسان بۇغراخاننىڭ ئوغلى يۇسۇپ قادىرخاننى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ياردەمگە ئەسكەر يۆتكەشكە ئەۋەتتى. يۇسۇپ قادىرخان ئوتتۇرا ئاسىيادا 4 تۇمەن (2 تۇمەن، 4000 دېگۇچىلەرمۇ بار) ئىسلام پىدائىيلىرىغا ئېرىشتى، قوشۇن بىلەن يەنە تۆت نەپەر دىني رەھبەر، يەنى «تۆت ئىمام»: مۆيىدىن ناسىر، زوھورىدىن ۋە كاۋامىدىن بىللە كەلدى. يۇسۇپ قادىرخان قوشۇننى باشلاپ قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. ياردەمچى قوشۇننىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولدى، ئۇدۇن قوشۇنى ئاستا ـ ئاستا بەرداشلىق بېرەلمەي چېكىنىشكە باشلىدى. مىلادىيە 999 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يۇسۇپ قادىرخان قەشقەرنى قايتۇرۇۋالدى.

بۇ نۇقتا قەشقەرنىڭ قەدىمكى پۇل ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن نەقىللەنگەن. قېزىپ چىقىرىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پۇلىدا، ھىجرىيە 390 ـ يىلى (مىلادىيە 1000 ـ يىل) يۇسۇپ

قادىرخاننىڭ نامىدا بۇ پۇللارنىڭ قەشقەردە ياسالغانلىقى بار.

قەشقەرنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن يۇسۇپ قادىرخان بۇ رايوننىڭ ئەمەلىيەتتىكى ھۆكۈمرانى بولدى. مىلادىيە 1000 — 1032 - يىلىغىچە ئۇنىڭ نامىدا قەشقەردە بىر قانچە قېتىم پۇل قۇيدۇرۇلغان. ئۇ قەشقەردە 2 تۇمەن مۇسۇلمان ئەسكەر توپلىدى، بۇنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەسلىي بار قوشۇنىغا قوشۇپ 14 تۇمەن قىلدى (تۆت تۇمەن دېگۈچىلەرمۇ بار). ئەسكەرلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، يۇسۇپ قادىرخان پۈتۈن قوشۇننى باشلاپ، بۇرۇن ئۇدۇن قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلغان يېڭىساردىكى كونا جەڭ مەيدانىغا كېلىپ، بۇ جايدا قازا قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى خان جەمەتىدىلەر ۋە 25 مىڭ سەركەردە - سەرۋازلارنى يەرلىككە قويۇپ تەزىيە بىلدۈردى ھەم قوي - كالا ئۆلتۈرۈپ نەزىر بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشقا قەسەم قىلغاندىن كېيىن، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى ھەيۋەت بىلەن ئۇدۇنغا يۈرۈش قىلدى.

ئۇدۇن دۆلىتى چېگرىسى ئىچىدىكى يەكەن مىلادىيە 996 - يىلىدىن بۇرۇن قاراخانىيلار سۇلالىسى تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنىپ، بۇ يەردە ئىسلام ھاكىمىيىتى ئورنىتىلدى. ئۇدۇننىڭ چېگرىسى قاغىلىققا يۆتكەلدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى چوڭ قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇش ئۈچۈن، ئۇدۇن قوشۇنى قاغىلىققا زور قوشۇن ئورۇنلاشتۇردى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى ئالغا ئىلگىرىلەپ قاغىلىقنىڭ قومۇر ئاۋات دېگەن يېرىگە كەلگەندە، ئۇدۇن قوشۇنىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بۇ بىر مەيدان شىددەتلىك جەڭدە، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى بىلەن بىللە يۈرىدىغان، دىنىي رەھبىرى — تۆت ئىمامنىڭ بىرى بولغان مۆيدىن قازا قىلدى، ئەمما ئۇدۇن قوشۇنى مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇشقا ئامالسىز قېلىپ كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ

بولۇپ چېكىندى. يۈسۈپ قادىرخان قوشۇنى قاغىلىق، گۇما قاتارلىق جايلارنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ ئۇدۇن شەھىرىگە كەلدى. ئۇدۇن قوشۇنى پۇختا شەھەر سېپىلىدىن پايدىلىنىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى، جەڭ ناھايىتى ئۇزۇن داۋاملاشتى، ئۇدۇن شەھىرى بىر يىلدىن كۆپرەك قورشۇۋېلىنغاندىن كېيىن ئېلىندى. ئۇدۇن شەھىرىنىڭ ئىشغال قىلىنغان ۋاقتىغا نىسبەتەن پىكىر بىردەك ئەمەس. بەزىلەر مىلادىيە 1001 ـ يىلى دېسە، بەزىلەر 1006 ـ يىلى، 1009 ـ يىلى دەيدۇ. ئىسلام تارىخچىلىرىنىڭ يازغانلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇدۇن يۈسۈپ قادىرخان تەرىپىدىن ھىجرىيە 397 ـ يىلى (مىلادىيە 1007 ـ 1006 ـ يىلى) نىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئېلىنغان. بۇ ۋاقىت ئۇدۇن مەكتۇپلىرىدىمۇ ئىسپاتلانغان. مەكتۇپ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇدۇن خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھى ۋىسارا ساگراما بولۇپ، ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتتا مىلادىيە (1006 — 983) ئۇدۇن خانلىقىنىڭ نامى «ئېسىل قاشتېشى دۆلىتى (ئالتۇن قاشتېشى دۆلىتى)»، يىل نامى «تيەنشۇ» (مۇقەددەس ئۆمۈرلۈك) بولغان. «تيەنشۇ» دېگەن يىلنامىسىنى مىلادىيە 1006 ـ يىلىغا قەدەر قوللانغان. ۋىسارا ساگراما ئىسلام تارىخى ماتېرىياللىرىدىكى جاگېلۇ كىركىلونىڭ ئۆزىدۇر.

يۈسۈپ قادىرخان ئۇدۇننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئۇدۇنلۇقلار سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتتى. مىلادىيە 1009 ـ يىلى ئەلچىلەر سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا يېتىپ باردى. «سۇڭ سۇلالىسى تەزكىرىسى» دە: داجۇڭ شياڭپۇنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 1009 ـ يىلى) ئۇدۇن قارا خانى ئۇيغۇر لو سۇۋېن قاتارلىقلار سوۋغات ئەكەلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بىرىنچى قېتىم سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئورنىتىشى ئىدى.

ئۇدۇن شەھىرى ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن قوشۇنى ھەر

تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. بىر قىسىم مەغلۇپ بولغان قوشۇن بولۇ (كەشمىرنىڭ غەربىي شىمالىدا) دىكى بۇتخانىغا بېرىشقا مەجبۇر بولدى. بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلدى، بەزىلىرى قېچىپ كەتتى. يەنە بىر تارماق مەغلۇپ بولغان قوشۇن سەركەردە چوكتالاشىدى ۋە نوكتېلاشىدىنىڭ رەھبەرلىكىدە كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شەرقىگە كېلىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ئاھالىلەر بىلەن بىرگە مۇسۇلمان قوشۇنى بىلەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلدى. ۋىسارا ساگراما شەھەر گۇمران بولغاندا ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ئۇدۇن شەھەر قورغىنى، كۆل بۇزۇپ تۈزلىۋېتىلىپ، شەرقىتىكى بىر قانچە چاقىرىم يىراق جايغا يۆتكىۋېتىلدى. بۇ رايوندىكى بۇتخانىلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇزۇۋېتىلدى، بىر قىسمى مەسچىتكە ئۆزگەرتىلدى.

ھەر جايغا چېچىلىپ كەتكەن ئۇدۇن قارىشى تۇرغۇچىلىرى پايدىلىق يەر شەكلىدىن پايدىلىنىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى قوشۇنىغا توختىماي زەربە بەردى. ھازىرقى چىرا ناھىيىسىنىڭ بوستان يېزىسىدىكى بىر قېتىملىق جەڭدە «تۆت ئىمام» نىڭ قالغان ئۈچى ئۇدۇن قارشى تۇرغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. يۈسۈپ قادىرخان ئۇلار ئۈچۈن دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، بوستان يېزىسىدا گۈمبەز قاتۇردى. بۇنى كېيىنكىلەر «تۆت ئىمام مازىرى» دەپ ئاتىدى. چىرا ناھىيىسىدە «ئۇزۇن تات» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار. «ئۇزۇن» نىڭ تۈرۈكچە مەنىسى ئۇزۇن، ئۇزاق دېگەنلىك بولىدۇ. «تات» ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان ئۇيغۇرلار ياكى ئىسلام قەبىلىسىنى كۆرسىتىدۇ. «ئۇزۇن تات» نىڭ مەنىسى «يات دىنىدا ئۇزاق مەزگىلگىچە چىڭ تۇرغان جاي» دېگەنلىكتۇر. بۇلار بۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىسلام دىنى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزاق مەزگىل بۇددا دىنىنى ساقلاپ ھەم ئىسلام دىنىي ھۆكۈمرانلىرى بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«تەزكىرەئى سائۇق بۇغراخان» دا، يۇسۇپ بۇغراخان ئۇدۇندا 24 يىل جەڭ قىلىپ، جاگىلوكىركىلونى ئۆلتۈرۈپ، ئۇرۇش ئولجىلىرىنى ئېلىپ قەشقەرگە قايتقانلىقى خاتىرىلەنگەن. يۇسۇپ قادىرخان مىلادىيە 1000 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلىپ، 1024 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن ئۇدۇن دۆلىتىنى يوقاتقان. بۇ ئارىلىقتا ئۇزاق ۋاقىت تەكرار جەڭ بولغان.

ئۇدۇن دۆلىتى يوقىتىلغاندىن كېيىن راھىبلار باستۇرۇلدى ۋە ۋەزىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ئەمما، ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى. خاتىرىلەردە: «بۇددا دىنى يوقالغاندىن كېيىن، 1500 ـ يىلى ئۇدۇن پادىشاھى بۇددا ئەقىدىسىگە ئىشەنمىدى، راھىبلارنى خارلىدى، خەلق بۇددىزمنىڭ ئۈچ گۆھىرىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتتى، راھىبلارغا قەتئىي ئىلتىپات قىلماس بولدى. راھىبلارمۇ دېھقانچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولدى. كېيىن بۇ دۆلەتنىڭ ۋەزىرىمۇ بۇددا ئەقىدىسىگە ئىشەنمىدى، راھىبلارنىڭ تۇرالغۇسىنى تارتىۋالدى، راھىبلار بىر يەرگە يىغىلىپ ئىبادەت قىلىپ بۇ دۆلەتتىن كېتىشنى قارار قىلدى، راھىبلار شىزاڭغا پىيادە باردى.» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇلارمۇ بىر قىسىم ئۇدۇن پۇقرالىرىنىڭ بۇددا دىنىنى تاشلاپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. يۇقىرىقى تارىخىي ماتېرىياللاردا يەنە ئۇدۇن گەرچە ئىسلام دىنى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان بولسىمۇ، «ئەمەلىيەتتە ئۇدۇن پۇقرالىرى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يەنىلا كۈرەش قىلدى، بۇددا ئەقىدىسىنى قوغداشنى مەجبۇرىيەت دەپ بىلدى» دېيىلگەن. ئۇدۇن، پەيزىۋاتنىڭ تەزكىرىسىدە مۇنداق يېزىلغان: «ئىمامنىڭ ئۇدۇندىكى قەبرىسىمۇ دۈشمەن دەپ تۈزلىۋېتىلدى. يۇسۇپ قادىرخان ئاتلاپ قەشقەردىن كېلىپ دەپنە قىلدى. ھازىرقى ئۇدۇننىڭ چېرا كەنتىنىڭ شەرقىدىكى «تۆت

ئىمام مازىرى» ئەنە شۇ چاغدىكى مازاردۇر. كېيىن 40 ـ يىلى، يەنى سۇلتان رېنزۇلك خاننىڭ يۈيۈەن يىلى (مىلادىيە 1049 ـ يىلى) يۈسۈپ قادىرخان ئالەمدىن ئۆتتى. (مىلادىيە 1032 ـ يىلى) ئاۋام قايتا يۈز ئۆردى، ئۇدۇن بۇددىستلىرى يۈسۈپ قادىرخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىسلام دىنىغا قارشى قوزغالدى. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇدۇن رايوندا بۇددا دىنى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىش ۋاقتىنى ئۆزۈن، تەكرار ئېلىپ بېرىلغان جەڭنىڭ ناھايىتى كەسكىن بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇدۇن خەلقى ئارىسىدا، قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئۇدۇن خانلىقى «100 يىل ئۇرۇشقان» دېگەن سۆز ھازىرغىچە ئېقىپ يۈرمەكتە. بۇ ئۇرۇش مىلادىيە X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرى ئاخىرلاشتى. نەتىجىدە قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇدۇننى تولۇق ئىشغال قىلدى، يەرلىك ئاھالىلەر ئاستا ـ ئاستا مۇسۇلمانلىشىپ كەتتى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ ئۇرۇش تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدىكى جايلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. مىليونلىغان ئادەملەر ئۇرۇشتا ئۆلدى ياكى دېرەكسىز يوقاپ كەتتى. ئۇدۇندىن قەشقەرگىچە بولغان يول ئۈستىدە، بولۇپمۇ يېڭىسار، چىرا قاتارلىق قەدىمىي ئۇرۇش مەيدانىدا، قەدىمكى ئۇرۇشنىڭ ئىزنالىرىنى ھەممە جايدا كۆرگىلى بولىدۇ. بۇلار پەقەت بىر قىسىم ئىسلام دىنىي مۇرىتلىرىنىڭ قەبرىسى. پەقەت مۇشۇ نۇقتىدىنلا بۇ ئۇرۇشنىڭ كەلتۈرگەن ئاقىۋىتىنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇدۇن خانلىقىنى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇددا دىنىنىڭ بۇ رايوندىكى مىڭ نەچچە يىللىق تارىخىغا خاتىمە بەردى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇدۇن ئىسلام دىنىي رايونىغا ئايلاندى، ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادىنى ھازىرغا قەدەر ساقلاپ كەلدى.

# 4. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى — مىلادىيە IX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى شىنجاڭدا قۇرغان خانلىق. قۇرغۇچىسىنىڭ ئىسمى بۆكۈ تېكىن. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلىنىشىچە، يىزۇڭ دەۋرى (مىلادىيە 860 — 874) دە، سەردار بۆكۈ تېكىننىڭ باشچىلىقىدا بېشبالىققا كىرىپ تۇبۇتلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، كۇڭشاگرېنى ئۆلتۇرۇپ غەربىي ئايماق ، بۇگۇر قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىگىلىدى». بۆكۈ تېكىن پانتېكىنىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر سەردار بولۇپ، پانتېكىن يەتتە سۇ رايونىدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، ئۇ باشچىلىق قىلغان بىر تارماق قوشۇن شەرققە قاراپ كېڭىيىپ جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا كىرىپ، ئىلگىرى - كېيىن چىڭجىن (ھازىرقى كۇيتۇن بىلەن ماناس ئارىلىقىدىكى جاي)، بېشبالىق، بۇگۇرلەرنى ئىگىلەپ تەڭرىتېغىدىن ئۆتۇپ تۇرپانغا كىردى. بۆكۈ تېكىن ئىدىقۇت رايونىدا تۇبۇتلەر بىلەن كۇرەش قىلدى. ئۇ ئىدىقۇتتىكى قېرىنداشلىرى بىلەن ئەنىشى (كۇچانى مەركەز قىلغان) گە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تۇبۇت كۈچلىرىگە ھۇجۇم قوزغىدى. تاڭ سۇلالىسى شيەنتۇڭنىڭ 7 - يىلى (مىلادىيە 866 - يىلى) بۆكۈ تېكىن بېشبالىقتىن ھۇجۇمغا ئۆتۇپ، تۇبۇت سەردارى كوڭشاگرېنى مەغلۇپ قىلىپ غەربىي ئايماق، بېشبالىق، بۇگۇر قاتارلىق مۇھىم جايلارنى تارتىۋالدى. جەڭدە مەغلۇپ بولغان كوڭشاگرې تاباخۇيگۇاڭ تەرىپىدىن تىرىك تۇتۇلغاندىن كېيىن كاللىسى ئېلىندى. بۆكۈ تېكىن

داگەنمىخۇئەييۇنى تۇنجى قېتىم تالڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇدى. دەسلەپتە بۆكۈ تېكىن قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەسىدىكى كاتتىلاردىن بولۇپ، ھاكىمىيەتنىڭ كۈچىيىشىگە ۋە مۇستەھكەملىنىشىگە ئەگىشىپ، ئاستا - ئاستا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ كونتروللۇقىدىن ئايرىلغان. مىلادىيە 981 - يىلى ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ئاخىر ئۆزىنى «ئارسلانخان» دەپ ئاتاپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن رەسمىي ئايرىلىپ مۇستەقىل بولغان.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇشىدا دىنىنىڭ سەۋەبىمۇ بار. قاراخانىيلار سۇلالىسىدە بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغلى مۇسا تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ سىياسىتىنى داۋاملىق يۈرگۈزۈپ، پۈتۈن سۇلالە ئىچىدە ئىسلام دىنىنى كېڭەيتتى. شۇ ۋاقىتتا ئىدىقۇت بۇددا دىنىي رايونى بولۇپ، بۇ جايدا بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولغاچقا، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلاملاشتۇرۇشى بىلەن چىقىشالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا مىلادىيە 981 - يىلى مۇستەقىللىق جاكارلىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىنى مىلادىيە X ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى، سامانىيلار سۇلالىسى ئالىمى يازغان «دۇنيا يەر تەزكىرىسى» دېگەن كىتابنىڭ 12 - بابىدىكى، «توققۇز ئوغۇز خانلىقى» دېگەن بۆلىكىدە مۇنداق يېزىلغان: «زېمىنى شەرقتە قومۇلدىن باشلىنىپ شىمالدا ئىلى دەرياسىغىچە، غەربتە مۇزداۋان (ئاقسۇنىڭ شىمالى) غىچە، جەنۇبتا تۇبۇتكىچە (ھازىرقى ئۇدۇن، دۇنخۇاڭنىڭ ئارىلىقى). مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىنى جەنۇب بىلەن شىمالدا تۇرپان، جۇڭغارىيە، تارىمدىن ئىبارەت ئۈچ ئويمانلىقتىن ھالقىپ، شەرق بىلەن غەربتە قومۇلدىن ئاقسۇغىچە بولغان

چۆللۈك ۋە بوستانلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. خانلىق ئىچىدە ئىدىقۇتنى مەركەز قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدىن باشقا، غەرب تەرەپتە يەنە كۇسەننى مەركەز قىلغان كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمىنى غەربتە ئاقسۇنىڭ مۇزداۋان (قارتاغ) غىچە، جەنۇبتا تارىم دەرياسىغىچە تۇتىشىپ، خانلىقنىڭ غەربىدىكى بىر بۆلىكى ھېسابلىناتتى. كۇسەن ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئوخشاشلا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭ غەرب ۋە جەنۇب تەرەپلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قاراخانىيلار سۇلالىسى ۋە ئۇدۇن خانلىقى بىلەن تۇتىشاتتى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قاراخانىيلار سۇلالىسىگە ئوخشاش قوش خانلىق تۈزۈمىنى يولغا قويىدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانى ئارسلانخان ( يەنى شىرخان) دەپ ئاتالدى، كۇسەن ئۇيغۇر خانىمۇ ئارسلانخان دەپ ئاتالدى. شۇڭا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى يەنە «ئۇلۇق قۇت بۈيۈك ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئاتالغان. ئىدىقۇت خانلىقىدىكى ئەڭ ئالىي قانۇن چىقارغۇچى ۋە يۈرگۈزگۈچى ئارسلانخان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ۋارىسلىق قىلىش ئىمتىيازىغا ئىگە ئىدى. ئىدىقۇتنىڭ قول ئاستىدا توققۇز باش ۋەزىر، ئەركىن ئەلچى، ئالتۇن جۇلالىق ئىناۋەتلىك تۆرە. نازارەتچى بەگ، سوراقچى، تۇتۇق قاتارلىق ئەمەلدارلار بولغان.

ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى غەربىي يۇرتتىكى باشقا جايلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا تەرەققىيات سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتى بۇرۇنلا تۇرغۇزۇلغانىدى. يېزا ئىگىلىكى ئىقتىسادىنىڭ ئاساسلىق شەكلى بولۇپ، بىر قەدەر ئىلغار سۇغىرىش سىستېمىسى بار ئىدى. ئاشلىق، پاختا، مېۋىلىرى ئىنتايىن مول ئىدى. پاختا توقۇلما مەھسۇلاتلىرى داڭلىق بولۇپ، بازارلاردا تاۋار ئورنىدا ئوبوروت قىلىناتتى. قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، چارۋىچىلىقى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغانىدى.

ئىشلەپ چىقارغان تۈرلۈك مەھسۇلاتلىرى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداپلا قالماي، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە باشقا رايونلارغا ئاپىرىپ سېتىلاتتى. ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىچكىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن ئىدى.

مەدەنىيەت جەھەتتە، ئىدىقۇت رايونى غەرب، شەرق مەدەنىيىتى ئۇچرىشىدىغان جايدا بولغاچقا، مەملىكىتىمىزدىكى ئىچكى رايونلارنىڭ ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ، ئىدىقۇت رايونىدا بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللىي مەدەنىيەت بەلۋىغىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇددا دىنىنىڭ بۇ رايوندا تارقالغىنىغا نەچچە يۈز يىل بولغان بولۇپ، بۇددا پەلسەپە ئىدىيىسى ۋە بۇددا مەدەنىيەت سەنئىتى گۈللىنىپ، نۇرغۇنلىغان مۇقەددەس كىتابلار ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغانىدى. بۇ جايدىكى راھىبلار بۇددا ئىلمىي بىلىملىرىگە پىششىق بولۇپلا قالماي، رەڭدار تام رەسىملىرىنى سىزىشقا ئۇستا ئىدى. ئۇيغۇرلار قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ۋاقتىدا مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئىدىقۇت رايونىغا كىرگەن دەسلەپكى چاغلاردا يەنىلا مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىيە IX — X ئەسىرلەردە، بۇ جايدىن ئۆتكەن غەربلىك سەيياھ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانىنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى، ئۇچىسىغا جۇڭگونىڭ يىپەك كىيىملىرىنى كىيىدىغانلىقىنى، ھەر كۈنى 300، 400 ئادەم خان ئوردىسى ئەتراپىغا يىغىلىپ، مانى دىنىي ئەقىدىلىرىنى يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇيدىغانلىقىنى كۆرگەن. سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندې مىلادىيە 982 - يىلى غەربىي يۇرتقا بارغاندا، ئۇ يەردە «مانى دىنىي ئىبادەتخانىسىنى، شامان دىنىي راھىبلىرىنى (ماگىيانسى) ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرغانلىقى» نىمۇ كۆرگەن. ھۆكۈمرانلار بۇددا دىنى ۋە مانى دىنىغا زىيانكەشلىك قىلغانلارنى

ئوخشاشلا جازالاش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەن. يەنە مۇنداق بىر مەلۇمات بار، توققۇزغۇز (ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى) نىڭ قاراخانى، سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەمىرىنىڭ سەمەرقەنتتىكى مانى دىنى مۇرىتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، قاراخان سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانىغا: ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى مۇسۇلمانلار سامانىيلار سۇلالىسىدىكى مانى دىنى مۇرىتلىرىدىن خېلىلا كۆپ، ئەگەر سامانىيلار سۇلالىسىدىكىلەر مانى دىنى مۇرىتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلسا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى مۇسۇلمانلارنى يوقىتىمىز، دەپ تەھدىت سالغان. بۇ ئاگاھلاندۇرۇش ناھايىتى تېزلا ئىنكاس قوزغاپ، سامانىيلار سۇلالىسىدىكىلەر مانى دىنى مۇرىتلىرىنى ئۆلتۈرۈش پىلانىدىن ۋاز كەچكەن.

گەرچە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە بۇددا دىنى، مانى دىنى، تويىن دىنى بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار قارا قويۇق قوبۇل قىلىۋەرگەن. نەتىجىدە ھەرقايسى دىن مەدەنىيىتى ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن، ئارىلاشما ھالەتنى شەكىللەندۇرۇپ، بىرخىل بىرىكمە گەۋدىگە ئايلانغان بىرىكمە مەدەنىيەتنى ھاسىل قىلغان. كېيىن ئۇيغۇرلار ئاستا ـ ئاستا يەرلىك خەلقلەر بىلەن بىرلىشىپ، مانى دىنىنى تاشلاپ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. بۇ جەرياندا مانى دىنىنىڭ بەزىبىر كۆز قاراشلىرى بۇددا دىنىغا سىڭىشىشكە باشلاپ، بۇددا دىنىنىڭ ئىلاھلىرى مانى دىنى ئىلاھىنىڭ ئىسمىنىڭ ئورنىغا ئالماشتى، «ئىلاھىنىڭ بىر گەۋدىلىنىشى» ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى دىنى كۆز قارشىنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا بۇددا دىنى ۋە مانى دىنىدىن باشقا، يەنە نىستۇرى دىنى (خرىستىئان دىنىنىڭ رىيان مەزھىپى)، ئىسلام دىنى، تويىن دىنى، شامان دىنى قاتارلىق دىنلار بار ئىدى. بۇ دىنلار نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مەدەنىي

يادىكارلىقلار ۋە تارىخىي ھۆجەتلەرنى قالدۇرۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىلىرى، ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان بىر مىللەت كىشىلىرىدىن بولسىمۇ، دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئوخشاشماسلىقىدىن ئۆزئارا دۈشمەنلىشىش ھالىتىدە بولدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇئەللىپى قاراخانىيلار سۇلالىسىلىق مەھمۇت قەشقەرى: ئۇيغۇر تىلى ساپ تۈرك تىلىدۇر. ئىشلەتكەن يېزىقى 24 ھەرپلىك تۈرك يېزىقى. ئۇلارنىڭ ئوقىيا ئېتىش تېخنىكىسى ئىنتايىن يۇقىرى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق شەھەرلىرىدىن قۇجۇ (ئىدىقۇت)، بېشبالىق (بۈگۈنكى جىمسارنىڭ ئەتراپى) سۇلۇس (ھازىرقى باي)، جانبالىق (ھازىرقى سانجى) ۋە يېڭى بالىق (يېڭى شەھەر) قاتارلىقلار بار. بېشبالىق ئۇيغۇرلارنىڭ شىمالىي پايتەختى دېگەن. مۇئەللىپ يەنە: «ئۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئەڭ قەبىھ كاپىرلار» دەپ يازغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار جەڭنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان روھنى ۋە جەڭدىكى جەسۇرلۇقىنى يەنىلا ساقلاپ قالغان بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىگە دائىم قورقۇش ھېس قىلدۇرغان.

قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تارىخىي ماتېرىيال كەمچىل، بىراق «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئانچە كۆپ بولمىغان مەلۇماتلاردىن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى جەڭنىڭ ناھايىتى كەسكىن، دۈشمەنلىشىش كەيپىياتىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى ئۇيغۇرلارنى «تاتار» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ مەنىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئۇيغۇر دېگەنلىك ھەمدە ئەسەردە ئۆزى بىلەن بىر مىللەت بولغان ئۇلارغا

دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراپ، كەمسىتىدىغان ئىبارىلەرنى ئىشلەتكەن. مەسىلەن، كىتابتا بىر شېئىر مۇنداق يېزىلغان:

پەچكەم ئۇرۇپ ئاتلاقا،
ئۇيغۇر داقى تاتلارغا،
ئوغىرى ياۋىز ئىتلارغا،
قۇشلار كەبى ئۇچمىز.

قۇدرەت قاتىغ تۇگدۇمىز،
تەڭرىگە ئۆكۈش ئۇگدۇمىز،
كەمشىتىپ ئاتىپ تەگدىمىز
ئالداپ يانا قاچتىمىز.

تۈنلە بىلەن باستىمىز،
تەگمە ياڭاق پوستىمىز،
كەسمەلەردىن كەستىمىز،
مىڭلاق ئەردىن پىچتىمىز.

ئەھمەد توغانخان ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇدۇن بىلەن بولغان جەڭدە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى، غەربتىكى دۈشمىنى سامانىيلار سۇلالىسىمۇ يوقالدى. بۇ ۋاقىتتا قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانى «غازات ئۇرۇشى» نامىدا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قوزغىدى. جەڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئەمما، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان بولۇشى ناتايىن. ئۇزاق ئۆتمەي ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كۈچلۈك قايتۇرما ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. مىلادىيە 1017 ـ يىلى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى قاراخانىيلار سۇلالىسىگە ھۇجۇم باشلىدى. «تەزكىرەئى ساتۇق بۇغراخان» دا ئېيتىلىشىچە، 300 مىڭ

ئۇيغۇر قوشۇنى قەشقەرگە بېسىپ كىرگەن ھەمدە بالاساغۇنغا ئاران سەككىز كۈنلۈك يول قالغان جايغىچە ئىلگىرىلىگەن. ئەھمەد توغانخان ھەممە قەبىلىلەرنىڭ بارلىق قوشۇنىنى توپلاپ، ئاخىرقى ھالەتتە ئۇرۇش قىلغان. ئۇ دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىپ، غەلىبە بىلەن ئۈچ ئاي ئۇدا تۇرپانغىچە قوغلاپ زەربە بەرگەن. «تەزكىرەئى ساتۇق بۇغراخان» دا، بۇ ئۇرۇش ناھايىتى ئاددىيلا خاتىرىلەنگەن ھەم پۈتۈنلەي قاراخانىيلار سۇلالىسى مەيدانىدا تۇرغان بولغاچقا، دىنىي بىر تەرەپلىمىلىك ئىنتايىن ئېغىر. شۇڭا، جەڭنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. نەتىجىسىدىن قارىغاندا، قاراخانىيلار سۇلالىسى مەغلۇپ بولغان. چۈنكى، ئەھمەد توغانخان قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «ئېتىقادنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ كېسەل بىلەن تېزلا ئالەمدىن ئۆتكەن» . ھېچبولمىغاندا، قاراخانىيلار سۇلالىسى جەڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئېنىق. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى شېئىر ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا بېسىپ كىرگەن قوشۇننىڭ بىر بۆلىكى «ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ» تەڭرىتېغىنى بويلاپ شىمالدىن ھۇجۇم قىلغان. بۇ ئىسلام قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار بۇرۇن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا بېسىپ كىرگەنىدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ تەرەپلىمە بولسىمۇ، ئەمما دىنىي ئېتىقادنىڭ ئوخشاشماسلىقى ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر.

قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئىسلامىيەتنىڭ قوراللىق كېڭەيمىچىلىك مەزگىلىگە قەدەم قويۇۋاتقان بولغاچقا، ئىسلامىيەتنى شەرقتىكى قوشنىلىرىغا تارقىتىش ئارزۇسىدا ئىدى. ئەمما يېڭى قۇرۇلغان بۇ ئىككى ھاكىمىيەت ئوخشاشلا

قۇدرەتلىك ھالەتتە تۇرۇۋاتقاچقا، ھەر ئىككىسى ئۆز جايىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانىدى. شۇڭا، ھېچقايسىسى قارشى تەرەپنى بويسۇندۇرۇشقا قادىر بولالمىغانىدى. شۇڭا، بۇ جەڭلەردە يېڭىش - يېڭىلىش ئايرىلمىدى، پەقەت غايەت زور ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ سەرپ قىلىنىش بەدىلىگە، سانسىزلىغان بىگۇناھ كىشىلەر جەڭ مەيدانىدا جان ئۈزدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئۆز ئېتىقادىنى ساقلاپلا قالماي، يەنە ئۆز تېررىتورىيىسىنىمۇ ساقلاپ قالدى ياكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە، ھەتتا قارا قىتان ۋە موڭغۇللار دەۋرىدىمۇ ئىسلامىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاقسۇنىڭ شەرقىدىكى چەرچەن، چارقىلىق ئەتراپلىرىغىچە بولۇپ، شەرقتە كۈچادىن ئۆتۈپ كېتەلمىگەنىدى. كۈسەندىكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بۇددىزم مەدەنىيىتى تەبىئىي تۇسۇق سۈپىتىدە، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىش ۋە سىڭىپ كىرىش خاھىشىنى توسۇپ تۇرغاچقا، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددىزم مەدەنىيىتى ئۇزۇن مەزگىلگىچە ساقلىنىپ قالدى. مىلادىيە X ئەسىردىن XIII ئەسىرگىچە بولغان جەرياندا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ئىككى يەرلىك ھاكىمىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇزۇن مەزگىلگىچە تىركىشىش ھالىتىدە تۇرۇپ كەلدى.

## 5. سۇڭ، لياۋ، تاڭغۇت ۋە ئابباسىيلار سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

«سۇڭنامە» دە خاتىرىلىنىشىچە: «ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنى ئاغا دەپ ئاتاپ كەلگەن،

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرمۇ ھەر قېتىم جاۋابەن مەكتۇپ ئەۋەتكەندە، ئۇيغۇرلارنى جىيەن دەپ ئاتىغان. بەش دەۋردىن كېيىنمۇ شۇنداق بولغان». ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ «ئۆگىلۈك - سۆيگۈن توپىلىڭى» نى تىنچىتىشقا تۆھپە قوشقانلىقتىن، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھ جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئىززەت - ئىكرامىغا نائىل بولۇپ، شىشاڭ مەلىكە ئۇيغۇر خاقانىغا ياتلىق بولغاندىن تارتىپ، ئۆزئارا جىيەن - ئاغىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان، بۇ خىل مۇناسىۋەت ئۇيغۇرلار قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغانغا قەدەر ئىزچىل داۋاملاشقان. سۇڭ سۇلالىسى يۈەنفېڭنىڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 1081 - يىلى) ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى سۇڭ سۇلالىسى پادىشاھىغا ئەلچى ئارقىلىق ئەۋەتكەن خېتىدە، ئاۋۋالقىدەك قارشى تەرەپنى «كۈن چىقىش تەرەپتىكى بۈيۈك زېمىننىڭ ئىگىسى خەنزۇ ئاغىمىز چوڭ خوجىدار» دەپ ئاتىغان. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، بۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى ئېھتىمال «تابغاچ بۇغرا قاراخان — ھەسەن بىن سۇلايمان بولۇشى مۇمكىن» (مىلادىيە 1074 — 1102) ،[①] يەنى ھەسەن بۇغراخان II » ، «تابغاچ» (تاڭ ئائىلىسىنىڭ ئوغلى) توغرۇلۇق مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: ماچىن بىلەن قىتانلارنىڭ ئارىلىقى تۆت كۈنلۈك يول. چىن ئەسلىدە ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: يۇقىرى چىن شەرقتە بولۇپ — تابغاچتۇر؛ ئوتتۇرا چىن — قىتانلاردۇر، تۆۋەنكى چىن — بارخاندۇر. ھالبۇكى، بارخاننىڭ ئۆزى قەشقەردۇر. لېكىن، ھازىر تابغاچ — ماچىن دەپ، قىتان — چىن دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ.» دېيىلگەن. ئېلىمىز تەتقىقاتچىلىرى مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: مۇسۇلمان ۋەسىقىلىرىدىكى جۇڭگو نامىغا ئاساسلانغان، «تۈركىي

① ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىي تېزىسلىرى» ، 146 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى.

تىللار دىۋانى» دا نەقىل كەلتۈرۈلگەن نەقىل ۋە خەرىتىدە، ئومۇمەن چىن ۋە ماچىن ئاتالغۇسى ئۇچرىسىلا، ئۇدۇللا جۇڭگو دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ»[①] قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ نۇرغۇن خاقانلىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىدا «تابغاچ» دېگەن نام بار، بۇ سۆزسىزكى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى جۇڭگولۇق، جۇڭگونىڭ خانى دەپ قارىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن قاراخانىيلار سۇلالىسى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، داۋاملىق تۈردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى سۇلالىلەر بىلەن، بولۇپمۇ سۇڭ سۇلالىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى ئېتىراپ قىلغان.

قاراخانىيلار سۇلالىسى ئەڭ دەسلەپتە سۇڭ سۇلالىسى بىلەن داجۇڭ شياڭفۇنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 1009 ـ يىلى) ئالاقە باغلىغان: «قاراخانىيلار خاقانى ئەۋەتكەن بويلا ساغۇن (لىسۇېن) قاتارلىق ئۇيغۇرلار يەرلىك ماللارنى تارتۇق قىلغىلى كەلدى. لىسۇېن تىزلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: ‹پېقىر 10 مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىن خانىدانلىقلىرىغا كېلىپ ئالىيلىرىنى كۆردۈم، ئالىيلىرىنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈپ، يىراقتىكى پۇقرالارغا باش بولۇشلىرىنى تىلەيمەن» . پادىشاھ قانچىلىك ۋاقىت يول ماڭغانلىقىنى، بۇ يەرگە قانچە چاقىرىم كېلىدىغانلىقىنى سورىدى. بويلا ساغۇن مۇنداق دېدى: «بىر يىل يول يۈردۇق، كۈندۈزى مېڭىپ كېچىسى ئارام ئالدۇق، قانچە چاقىرىم كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. دەسلەپتە يوللاردا بۇلاڭچىلارغا كۆپ ئۇچرىدۇق، كېيىن گۇاجۇ، شاجۇدىن ئۇدۇنغا بارغۇچە يول تىنچ بولۇپ، ئىنتايىن راۋان يول يۈردۇق.

① جاڭ گۇاڭدا: «مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دا نەقىل كەلتۈرۈلگەن يۇمىلاق خەرىتە» ، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1978 ـ يىل، 2 ـ سان.

ئالىيلىرىنىڭمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ، يىراقتىكى پۇقرالارنى خاتىرجەم قىلىشلىرىنى سورايمەن» . پادىشاھ مۇنداق دېدى: «يول يىراق، ئەلچى ئەۋەتسەڭ دۆلىتىڭلارغا ئېغىرچىلىق سېلىپ قويىمىز. يارلىق يېزىپ بەرسەم، سىز ئۇنى ئالغاچ كەتسىڭىز، ئەلچى ئەۋەتكەن بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ.»① بۇ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سۇڭ سۇلالىسىنى زىيارەت قىلىشقا تۇنجى قېتىم ئەلچىلەر ئۈمىكى ئەۋەتىشى، يەنى سۇڭ سۇلالىسى بىلەن رەسمىي يوسۇندا بېقىندىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشىدۇر. ئۇلار سۇڭ سۇلالىسىدىنمۇ ئەلچىلەر ئۈمىكى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغان، ئەمما سۇڭ سۇلالىسى يول يىراق، راسخوت قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن جاۋابەن زىيارەت قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتمىگەن. بۇ ئەلچىلەر ئۈمىكىنى يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئەۋەتكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن. ئۇ ئەينى چاغدا ئۇدۇننىڭ ھۆكۈمرانى ئىدى.

جيايۇنىڭ 8 - يىلى (مىلادىيە 1063 - يىلى) ، «حولىن قاراحان» ئەۋەتكەن ئەلچىلەر سۇڭ ئوردىسىغا يېتىپ باردى. ئەلچى «بويلا ساغۇن خاقاننىڭ ئۆزىگە باشقا نام ئۇتۇغات قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئېيتتى» . «گولىن( 㸸鳞 )» نىڭ مەنىسى «ئالتۇن قاناتلىق قۇش» دېگەنلىك بولىدۇ. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ شۇ چاغدىكى ھۆكۈمدارى مەھمۇد بىن يۇسۇپ ئىدى. ئۇنىڭ نامى بولسا «توغرۇل قاراخان» ئىدى. توغرۇل بىلەن ئالتۇن قاناتلىق قۇش ئوخشاش بىر قۇشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئەمەلىيەتتە بىر ئادەمدۇر. مەھمۇد توغرۇلخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (مىلادىيە 1059 — 1074 - يىللار) دە، قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشقان بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى ھەر يىلى دېگۈدەك ئەلچىلەر ئۈمىكى ئارقىلىق سۇڭ سۇلالىسىگە تارتۇق ئەۋەتىپ تۇرغان. سۇڭ

---

① «سۇڭنامە. ئۇدۇن تەزكىرىسى»، 490 - جىلد.

سۇلالىسى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئىنتايىن قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئۇلار ئەكەلگەن تارتۇق بۇيۇملىرىغا قارىتا جاۋابەن ئىنئام بەرگەندىن سىرت، يەنە باشقا ئىنئاملارنى بەرگەن. مەسىلەن، يۈەنيۇنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 1087 ـ يىلى)، سۇڭ جىزۇڭ «مۇنداق يارلىق چۈشۈردى: «ئۇدۇن خانلىقىنىڭ قاراخانى ئەۋەتكەن تارتۇق بۇيۇملىرىغا قارىتا ئىنئام بېرىلگەندىن سىرت، قالغانلىرى تارتۇق ئەۋەتكەن ـ ئەۋەتمىگەن بولسۇن، ھەممىسىگە 300 مىڭ پۇل ئىنئام قىلىنسۇن... يەنە يۈەنفېڭنىڭ 8 ـ يىلى ئالتۇن كەمەر، كىمخاب تون، بىر قۇر كىيىم، قاچا ـ قۇچا ئىنئام قىلىندى»①. كېيىن يەنە مەخسۇس «ئۇدۇن خانلىقىغا جاۋابەن ئىنئام بېرىش ۋە مۇكاپاتلاش چارىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش يارلىقى» چۈشۈرۈلدى. فېڭشياڭنىڭ ۋالىيسى ۋاڭ جىپۇ ۋە تۇڭپەن بېگى ياڭ يىن قاراخانىيلار سۇلالىسى ئەلچىلىرىنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈشىنى ئورۇنلاشتۇرمىغاچقا، «سۈرگۈن قىلىش ۋە ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش» جازاسىغا ئۇچرىدى. «تارتۇق تاپشۇرغان كىشىلەر» نىڭ يېتىپ ـ قوپۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاش بەزى ئۇششاق ئىشلاردىمۇ، قارادىۋان مەھكىمىسى مەكتۇپ سۇنۇپ «پادىشاھنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن»، ئاندىن قارار چىقىراتتى. بۇنىڭدىن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

سۇڭ سۇلالىسىنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئەھمىيەت بېرىشىدە، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى سەۋەبتىن باشقا، سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىمۇ ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى ئويلىغان. شاۋ شېڭنىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 1097 ـ يىلى)، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانزادىسى

① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى. يات قوۋملار (7)».

سۇڭ سۇلالىسىگە بېرىپ مۇنداق دوكلات قىلغان: «بىز قوشۇن ئەۋەتىپ تاڭغىتلار ئىگىلىۋالغان گەنجۇ، شاجۇ ۋە سۇجۇلارنى ھۇجۇم قىلىپ ئالدۇق.» سۇڭ جىنزۇڭ بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتكەن ھەمدە مۇنداق دېگەن: «ئۈچ شەھەرنى ئېلىپسىلەر، تېخىمۇ ياخشى كۈتۈۋالىمەن»[①] تاڭغىتلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە، ئۇلار ھەر ئىككىلىسى ئوتتۇرا، غەربىي كارۋان يولىنىڭ توسالغۇسىز، راۋان بولۇشىغا ئېھتىياجلىق ئىدى. تاڭغىتلارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ كېڭىيىشى، سۇڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن تەھدىت بولۇپلا قالماي، بەلكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ شەرقىي چېگرىسىغىمۇ تەھدىت پەيدا قىلاتتى.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان تارىخىي كىتابلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان باردى - كەلدىسى ئاساسلىقى يەنىلا سودا جەھەتتىكى ئالاقە، يەنى تارىخىي كىتابلاردا ئېيتىلغان «تارتۇق ئەكېلىش» ۋە «جاۋابەن ئىنئام بېرىش» ئىدى. «تارتۇق ئەكېلىش» تە ئەمەلىيەتتە تاۋار ئەكېلىنەتتى، «جاۋابەن ئىنئام بېرىش» تىمۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىگە لازىمەتلىك بۇيۇملار توشۇلۇپ كېتىلەتتى. بۇ ئەمەلىيەتتە بىر خىل سودا مۇناسىۋىتى ئىدى. تارىخىي كىتابلاردا ئېيتىلغان ئاتالمىش «تارتۇق ئەكەلگۈچى ئەلچىلەر» ئەمەلىيەتتە چوڭ سودا كارۋىنى بولۇپ، ئادەم سانى ئىنتايىن كۆپ ئىدى، شۇڭا، سۇڭ سۇلالىسى بەزىدە ئۇلارنىڭ ئاستانىگە كېلىدىغان ئادەم سانىغا «50 تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك» دەپ چەك قويغان. ئەلۋەتتە چىنچۇ، شىجۇ ئەتراپلىرىدا سودا - سېتىق قىلىنسا چەكلىمە يوق ئىدى. بۇ «تارتۇق ئەكەلگۈچى ئەلچىلەر» نىڭ كۆپ قىسمى «ئىنئامغا ئېرىشەلمەيتتى»، يەنى ئۇلار قاراخانىيلار سۇلالىسى

① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇدۇن تەزكىرىسى»، 490 - جىلد.

ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىسىز كەلگەنلەر ئىدى، بەزىدە بىر نەچچە «تارتۇق ئەكەلگۈچى ئەلچىلەر» بىرلا ۋاقىتتا ئاستانىگە يېتىپ كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرەتتى. بۇ سودا كارۋانلىرى «ئۇزاق بولغاندا بىر ـ ئىككى يىلدا بىر قېتىم، قىسقا بولغاندا بىر ـ ئىككى قېتىم» كېلەتتى. سەۋەبى بۇ خىل سودىدىن ئۇلار زور پايدىغا ئېرىشەتتى: «يەرلىك مەھسۇلات مەستىكى رۇمنى ئەكەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى كېلەتتى ھەمدە سودىگەرلەر بىلەن شەخسىي سودىلىشاتتى؛ بازاردا ساتمىسا مەھكىمىگە مۇۋاپىق باھادا ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى، شۇڭا ئۇلار بارغانسېرى كۆپ كېلىدىغان بولدى»[1] قاراخانىيلار سۇلالىسى سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سودىغا قارىتا رىغبەتلەندۈرۈش تەدبىرىنى قوللانغان بولۇپ، كارۋانلارنى قوغداپ، كارۋان يوللىرىنى راۋانلاشتۇرغانىدى، «ھازىر گۇاجۇ، شاجۇ ئايماقلىرىدىن ئۇدۇنغا بارغۇچە يوللار تىنچ بولۇپ، راۋان يول يۈردۇق». بۇنىڭدىن ئىككى تەرەپنىڭ سودا ـ سېتىق جەھەتتىكى باردى ـ كەلدىسىنىڭ ئىنتايىن كۆپ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن سۇڭ سۇلالىسىگە ئاساسلىقى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ھەمدە ھىندىستان، غەربىي ئاسىيا ھەتتا ياۋروپادىن كەلتۈرۈلگەن مەھسۇلاتلار ئاپىرىلاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەستىكى رۇمى ئاساسلىق مال ئىدى. مەسىلەن، مىلادىيە 1072 ـ يىل تارتۇق ئەلچىسى لوسۋېن سۇڭ سۇلالىسىگە تۇنجى قېتىم ئاپارغان مەستىكى رۇمى 31 مىڭ جىڭدىن ئارتۇقراق بولۇپ، قىممىتى 44 مىڭ تىزىق كېلەتتى. سۇڭ سۇلالىسىدىن ئاساسلىقى يىپەك توقۇلما بۇيۇملار، چاي، كىيىم ـ كېچەك، كۈمۈش ئەسۋاب ۋە پۇل قاتارلىقلار ئەكېتىلەتتى. بۇ خىل «تارتۇق»، «ئىنئام» شەكلىدىكى سودا مۇناسىۋىتى ئادىل بولمايتتى. شۇ سەۋەبتىن سۇڭ سۇلالىسى

---

① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇدۇن تەزكىرىسى»، 490 ـ جىلد.

نۇرغۇن چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللانغانىدى، مەسىلەن، مەستىكى رۇمىنىڭ قايتا چېگرىدىن كىرىشىگە يول قويمىدى، ئەگەر خەنزۇلار زېمىنىدا بولسا بۇ پۇل - ماللارنى چەت ئەللىكلەرنىڭ خالىغانچە ئېلىپ يۈرۈشىگە يول قويدى[①]. لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، سۇڭ سۇلالىسى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ «يەرلىك ماللىرى» غا، يەنى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىغا ۋە غەربتىن يۆتكەپ كېلىنگەن تاۋارلارغا، بولۇپمۇ ئات، ئېشەك قاتارلىقلارغا ئېھتىياجلىق ئىدى. سىياسىي سەۋەب تۈپەيلىدىن، سۇڭ سۇلالىسىمۇ كارۋانلارنى قوغداپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارغا ئېتىبار بەرگەنىدى ۋە ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرگەنىدى. مەسىلەن، مىلادىيە 1083 - يىل تاڭغىتلار لەنجۇ ئايمىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى سودا كارۋانلىرىنىڭ ئادىمى ۋە تۆگىلىرىنى بۇلاپ كەتكەن چاغدا، سۇڭ شىنزۇڭ يارلىق چۈشۈرۈپ «ئۇلارغا پۇل - پۈچەك تارقىتىپ بېرىشكە بۇيرۇدى». يەنە مەسىلەن، مىلادىيە 1078 - يىلى قارانىيلار سۇلالىسىدىن «تارتۇق ئەكەلگەنلەر چاي سېتىۋالسا، بېجى كەچۈرۈم قىلىنسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈرگەن. سۇڭ سۇلالىسى گەرچە مۇكاپاتلانمىغان سودا كارۋانلىرىنىڭ ئاستانىگە كىرىسە بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن «تارتۇق ئەكىلىشتە چېلىڭ تۇرىدىغانلارغا رۇخسەت قىلىش» نى تاپىلىغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، سىياسىي جەھەتتە دوستانە بولۇپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشقان، ئىقتىسادىي جەھەتتە قويۇق بولۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشكەن.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ لياۋ (قىتان) سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن تېخىمۇ بالدۇر بولغان. ئەڭ دەسلەپكى ئەلچىلەر ئۆمىكى لياۋ

① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى. جازا(2)»

سۇلالىسى تيەنشيەن 8 - يىلى (مىلادىيە 933 - يىلى) لياۋ سۇلالىسىگە يېتىپ بارغان: «ئارسلان ئۇيغۇرلىرى تارتۇق ئەكەلدى». لياۋ سۇلالىسىنىڭ تەيزۇڭ خانى قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، مولى گۇمولىنى ئەلچىلەر ئۇمىكىنى باشلاپ ئۇيغۇرلار ئېلىگە زىيارەتكە بېرىشقا ئەۋەتكەن. مىلادىيە 940 - يىلى گۇمۇلى قايتىپ كەلگەندە، لياۋ تەيزۇڭنىڭ كىيىم - كېچەك ئىنئام قىلىشىغا ۋە مۇكاپاتلىشىغا سازاۋەر بولغان. قارىغاندا، بۇ قېتىمقى زىيارەت ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق بولغان بولسا كېرەك، شۇنىڭدىن باشلاپ قاراخانىيلار سۇلالىسى لياۋ سۇلالىسى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋەتنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەن.

«لياۋ تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىيە 933 — 1068 - يىلىغىچە قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، لياۋ سۇلالىسىگە جەمئىي 16 قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە 13 قېتىمى لياۋ سۇلالىسىگە «تارتۇق ئىنئام قىلىش» نامىدا بولغان، لېكىن تارتۇق ئىنئام قىلىش ھەققىدىكى خاتىرە بەك ئاددىي بولۇپ، پەقەت بىر قېتىمقىسىدىلا تارتۇق بۇيۇمىنىڭ «داڭلىق ئات، يىلپىز» ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىدە: لياۋ سۇلالىسى تۇڭخېنىڭ 8 - يىلى (مىلادىيە 900 - يىلى) 10 - ئايدا، «ئارسلان ئۇيغۇرلىرىدىن يۇيۇ، تارخان ئايرىم - ئايرىم ھالدا تارتۇق ئىنئام قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتتى» دېيىلگەن. بۇ يەردىكى «يۇيۇ» قىتانچە ئەمەل نامى بولۇپ، «لياۋ تارىخى. دۆلەت ئەربابلىرى ھەققىدە بايان» دا: ئۇنىڭ ئورنى شىمال ۋە جەنۇبتىكى ئىلچى خانىنىڭ ئۇستىدە بولۇپ، چوڭ تۆھپە كۆرسەتمىگەنلەرگە بۇ نام بېرىلمەيدۇ» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن، بۇ كىشى ئېھتىمال قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەلۇم چوڭ فېئودالى ياكى ئىلىك خانى بولۇشى مۇمكىن؛ ئەمما «تارخان» بولسا «ناھىيە ھاكىمى بولۇپ،

كېيىن مۇئاۋىن ئەلچىلىككە ئۆستۈرۈلگەن» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. بۇ ئېھتىمال قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەلۇم كىچىكرەك فېئودالى بولۇشى مۇمكىن. بۇ، ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق ئىنئام قىلىدىغانلارنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانىلا ئەمەس، بەلكى يەرلىك ئەمەلدارلار ياكى كىچىك فېئوداللارنىڭمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق ئىنئام قىلسا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ خىل «تارتۇق ئىنئام قىلىش» مۇناسىۋىتىدە سۇڭ سۇلالىسىگە ئوخشاش ئاساسلىقى ئىقتىسادىي مەقسەت كۆزلەنگەندى. ئەينى دەۋردە لياۋ سۇلالىسى سۇڭ سۇلالىسىدىن ھەر يىلى زور مىقداردا «نەرسە ـ كېرەك» ئېلىپ، بىر قىسمىنى ئۆزلىرى ئىستېمال قىلغاندىن سىرت، قالغان قىسمىنى تاۋار سۈپىتىدە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ «تارتۇق ئىنئام قىلغۇچى» ئەلچىلىرى ياكى سودا كارۋانلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا ئاپىرىپ ساتاتتى. بۇ نۇقتىنى ئىككى تەرەپنىڭ ئۈزۈلمەي داۋاملاشقان «پادىشاھقا تارتۇق ئىنئام قىلىش» مۇناسىۋىتىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» دېگەن ئەسىرىدىمۇ بۇ ھەقتە دەلىل ـ ئىسپاتلار بار. ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغان: توزۇتماس بولسا چاڭ قىتان كارۋىنى، قەيەردىن كېلەتتى تۈمەن خىل ئاغنى»① بۇ يەردىكى «قىتان سودا كارۋىنى» پەقەتلا لياۋ سۇلالىسىدىن قايتىپ كەلگەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سودا كارۋىنى بولۇپ، لياۋ سۇلالىسى ئادەتتە سودا كارۋىنى ئەۋەتمەيتتى②.

مىلادىيە 996 ـ يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن ئەلچى ئارسلانخان تەختتىكى چاغدا، لياۋ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ

---

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، 18 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1979 ـ يىلى نەشرى.

② ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخى تېزىسلىرى»، 193 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.

ئوغلى ئۇچۇن توي تەلەپ قويغان. ئەينى چاغدا لياۋ سۇلالىسىدە تېخى «مەلىكىنى تۆۋەن تەختتىكىلەرگە ياتلىق قىلىش» ئادىتى بولمىغاچقا، لياۋ شىڭزۇڭ قوشۇلمىغان. لېكىن، ئۇ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، تەيپىڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 1021 - يىلى) خان جەمەتىدىن بولغان قىزىنى ئەرەب پادىشاھىغا ياتلىق قىلىشقا قوشۇلغان، شۇڭا ئۇنىڭ ئىزباسارىمۇ مەلىكىسىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانىغا ياتلىق قىلغان. «لياۋ تارىخى» دا مۇنداق بىر ئابزاس خاتىرە قالدۇرۇلغان: جۇڭشىنىڭ 16 - يىلى (مىلادىيە 1047 - يىلى) 12 - ئايدا، «ئارسلان ئۇيغۇرلىرىنىڭ خاقانى مەلىكىدىن ئوغۇللۇق بولغاچقا، خەۋەر قىلغىلى ئەلچى ئەۋەتتى». بۇ ئىش ئارسلانخان سۇلايمان بىن يۇسۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (مىلادىيە 1031 — 1056 - يىللار) يۈز بەرگەن، بۇ ئېھتىمال غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى، شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دوست ئەلنى قولغا كەلتۈرۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەمىشە تويلىشىش سىياسىتى ئىتتىپاقنىڭ سىمۋولى ۋە ئىتتىپاق تۈزۈش مۇناسىۋىتىنىڭ كاپالىتى قىلىناتتى. شۇ سەۋەبتىن مىلادىيە 1053 - يىلى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى قوشنا ئەلنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغاندا، لياۋ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم تەلەپ قىلغان: «ئارسلان ئۇيغۇرلىرى قوشنا ئەلنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغاچقا، ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم تەلەپ قىلدى.»

قاراخانىيلار سۇلالىسى لياۋ سۇلالىسى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلىغان بولۇپ، ئاساسەن ئۆزئارا تىنچ ئۆتكەن. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا، ئەخمەد توغانخاننىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، 100 مىڭ چېدىرلىق كۆچمەن كاپىرلار يەتتە سۇ رايونىغا بېسىپ كىردى، دەپ تىلغا ئېلىنغان. بەزى ئالىملار بۇ

كۆچمەنلەر قىتانلار بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇلار قىتان قوشۇنى بولماستىن، بەلكى باشقا كۆچمەن ئۇلۇسلاردۇر. ئۇلار لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ھۇجۇملىرىدىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن، چېكىنىپ قاراخانىيلار سۇلالىسى زېمىنى ئىچىگە كىرگەن. ئەخمەد توغانخان بۇ «ئىستېلاچىلار» نى قوغلاش ئۈچۈن، لياۋ سۇلالىسى زېمىنى ئىچىدىكى بايبالىق (بېشبالىقنىڭ شەرقىدە) قا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ياللۇغ خاگان قوشۇنى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغان. ئۇ چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ياللۇغ خاگان ئەسىرلەرنى قايتۇرۇپ بەرگەن، لېكىن لياۋ شېڭزۇڭ ياللۇ غ خاگانىڭ ۋاڭلىق ۋەزىپىسىنى تۆۋەنلىتىپ» قاتتىق بىر تەرەپ قىلغان①. بۇ ئىشتىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، قاراخانىيلار سۇلالىسى لياۋ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قەلبىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تاڭغۇت (غەربىي شيا) — مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي رايونىدا ياشىغان قەدىمكى مىللەت چاڭلارنىڭ بىر تارمىقى — تاڭغۇتلار قۇرغان سۇلالە. مىلادىيە VIII ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە تاڭغۇتلار بۈگۈنكى شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيالار چېگرىلىنىدىغان رايونغا كۆچۈپ كەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە شياجۇ ئايمىقىغا كۆچۈپ كەلگەن قەبىلە پىڭشيا قەبىلىسى دەپ ئاتالغان. پىڭشيا قەبىلىسىنىڭ باشلىقى توباسىگۇڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ خۇاڭچاۋ قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشىدا تۆھپە كۆرسەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭغا شيا دۆلىتىنىڭ ئەركانى دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ يىن، جۇشيا، جۇ، سۈي، جىڭجۇ، يوجۇ قاتارلىق بەش ئايماقنى ئىگىلىۋالغان. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە، تاڭغۇتلار سۇڭ سۇلالىسىگە داۋاملىق بويسۇنغان،

① «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. ياللۇغ خاگانىنىڭ تەرجىمىھالى».

كېيىن ئىككى تەرەپ ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشقان. مىلادىيە 986 ـ يىلى قەبىلە باشلىقى جىچيەن لياۋ سۇلالىسىگە ئەل بولغاندا، ئۇنىڭغا شيا بەگلىكىنىڭ ۋاڭى دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن. بىر نەچچە قېتىملىق كېڭەيمىچىلىك قىلىش ئارقىلىق، يۈەنخاۋ دەۋرىگە كەلگەندە، ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايون «شەرقتە خۇاڭخې، غەربتە يۈيمىن، جەنۇبتا شياۋگۇەن، شىمالدا چوڭ قۇملۇققىچە بولغان دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان» . ئۇنىڭ غەربىي قىسمى قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن تۇتاش ئىدى. مىلادىيە 1038 ـ يىلى يۈەنخاۋ داشيا دۆلىتىنى رەسمىي قۇردى، بۇ دۆلەت تارىختا «تاڭغۇتلار دۆلىتى» دەپ ئاتالدى. تاڭغۇتلار دۆلىتى مىلادىيە 1227 ـ يىلى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

تاڭغۇتلار دۆلىتى شەرق ـ غەرب قاتناش يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان بولغاچقا، قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن كۆپرەك باردى ـ كەلدى قىلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن بۇ ھەقتە ھېچقانداق تارىخىي خاتىرىلەر قالدۇرۇلمىغان. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. تاڭغۇتلار ھەققىدە قىسسە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، سۇڭ سۇلالىسى يۈەنفېڭنىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 1082 ـ يىلى) تاڭغۇتلارنىڭ غەربىي جەنۇب تۇتۇقى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭيۈەن باشبۇغىغا يازغان بىر پارچە خېتىدە مۇنداق دېگەن: «تاڭغۇتلار ئىلىنىڭ زېمىنى ئىنتايىن چوڭ، ئەسكىرىمىز نەچچە يۈز مىڭغا يېتىدۇ، جەنۇبتا ئۇدۇن بىلەن بىز ياخشى قوشنا، شىمالدا بۈيۈك لياۋ بىزگە ياردەم بېرىدۇ، ئەگەر يۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇرۇش قىلساق، ئون يىلدىمۇ ئۇرۇش ئاخىرلاشمايدۇ! » . بۇ يەردە تاڭغۇتلار قاراخانىيلار سۇلالىسىنى ئۆزلىرىنىڭ دوستانە قوشنا دۆلىتى قاتارىدا كۆرگەن. لېكىن، ئىككىنچى يىلى تاڭغۇتلارنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سودا كارۋانلىرىنى بۇلاش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، ئىككى تەرەپنىڭ

مۇناسىۋىتى بارغانسېرى جىددىيلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن. مىلادىيە 1093 ـ يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى تاڭغۇتلارغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىپ، سۇڭ سۇلالىسىدىن ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، سۇڭ سۇلالىسى بۇنىڭغا قوشۇلمىغان. مىلادىيە 1099 ـ يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى ئەسكەر چىقىرىپ گەنجۇ، شاجۇ، سۇجۇدىن ئىبارەت ئۈچ ئايماققا ھۇجۇم قىلغاندا، سۇڭ جىزۇڭ مۇنداق دېگەن: «پېقىر قاراخانىيلار خانىنىڭ ئوردىغا سادىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئىنتايىن خۇش بولدۇم؛ ئەگەر ئۈچ شەھەرنى ئالالىسا، كاتتا ئىنئام بېرىلىدۇ». قارىغاندا، ئىككى تەرەپنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مۇناسىۋىتى بەزىدە ياخشىلىنىپ، بەزىدە يامانلىشىپ تۇرغان، لېكىن ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتە يەنىلا بەلگىلىك دەرىجىدە باردى ـ كەلدى قىلىشقان.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ غەربىتىكى ئىسلام دۆلەتلىرى مەسىلەن، سامانىيلار سۇلالىسى، غەزنەۋىيلەر سۇلالىسى ۋە ئابباسىيلار سۇلالىسى قاتارلىقلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئابباسىيلار سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىر قەدەر پەۋقۇلئاددە ئورۇندا تۇراتتى.

ئابباسىيلار سۇلالىسى — ئەرەبلەرنىڭ 2 ـ فېئودال سۇلالىسى بولۇپ (مىلادىيە 750 — 1258 ـ يىللار)، «ئاببا خەلىپە ئىمپېرىيىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار قارا رەڭلىك يەكتەك كىيىدىغان بولغاچقا، ئېلىمىز تارىخىي كىتابلىرىدا «قارا يەكتەكلىك ئەرەبلەر» دەپ ئاتالغان. بۇ ئىمپېرىيە ئەرەبلەر ئاقسۆڭەكلىرى ئەبۇ ئابباس تەرىپىدىن قۇرۇلغان. مىلادىيە IX ئەسىردە، ئاببا سىيلار ئىمپېرىيىسى چەكسىز گۈللىنىپ، ئۇنىڭ زېمىنى ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەگە كېڭىيىپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى خېلى زور دەرىجىدە گۈللەنگەن. ئاببا سىيلار سۇلالىسىدە سىياسىي بىلەن دىن

بىرلەشتۈرۈلگەن فېئوداللىق تۈزۈم يولغا قويۇلغان، خەلىپىنىڭ سىياسىي ۋە دىنىي ھوقۇقى ئالىي نوپۇزغا ئىگە ئىدى. خەلىپە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا كۈچىنىڭ بارىچە مۇقەددەسلىك تۈسى بېرىپ، ئۆزىنى «ئاللانىڭ ۋاكالەتچىسى»، ئىمپېرىيە بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جەمەتىنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسلىرى ۋە ئورتودوكسال ئېقىمدىكى ئەمىرەلمۇئمىنلارنىڭ قوغدىغۇچىسى، دەپ جار سالغان. شۇ سەۋەبلىك خەلىپە سۈننىي مەزھىپىدىكى ئىسلام ئەللىرىدە ناھايىتى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭغا مېتروپولىيە دەپ نام بېرىلگەن. خەلىپە بۇ ئىسلام ئەللىرى ئەمىرلىرىگە ئىنئام قىلىنغان «لەقەب» (ئىسلام ئۇتۇغات نامى) نامىدا بۇ خىل ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن. بۇ خىل ئۇتۇغات نامى — ھەرقايسى جايلاردىكى ئىسلام ھۆكۈمدارلىرى ئۆزىنىڭ ئورتودوكساللىق ئورنىنى كۆز - كۆز قىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئۆزىگە قارشى كۈچلەرنى باستۇرۇشتىكى ھەمدە باشقا ئىسلام ھاكىمىيەتلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىشتىكى بىر ۋۇۋسكا بولۇپ، ئەمەلىيەتتە خەلىپىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە كونتروللۇقىدا ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئىمپېرىيىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، گەرچە خەلىپە بۇ ھوقۇقتىن مەھرۇم قېلىپ، قۇرۇق نامىلا قالغان بولسىمۇ، ھەرقايسى جايلاردا يەنىلا بۇ خىل مېتروپولوگىيىلىك مۇناسىۋەت ئېتىراپ قىلىنىپ، ئىسلام لەقەبلىرى قوبۇل قىلىنىۋەرگەن.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەسلەپتە ئابباسىيلار خەلىپىلىكى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتمىغان. ھەسەن بىن سۇلايمان بۇغراخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، قويۇلغان پۇللاردا «دۆلەتنىڭ نۇرى ۋە ئېتىقادنىڭ تۈۋرۈكى» دېگەن ئىسلام ناملىرى بار، لېكىن بۇ نامنى ئۇ ئۆزى بەرگەن①. ھەسەن بۇغراخان باغدات

① پىرىتساك: «قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخى»، گېرمانىيىدىن چىقىدىغان «ئىسلامشۇناسلىق ژۇرنىلى» نىڭ 31 - تومى، 1 - قىسمىغا بېسىلغان 1953 ~ 1954 - يىللار.

خەلىپىسىنىڭ مىتروپولوگىيىلىك ئورنىنى ئېتىراپ قىلمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئابباسىيلار ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خەلىپىگە قارشى كۈرەشنى قوللاپ، قاچاق خەلىپە جەمەتى ئەزالىرى ئۈچۈن پاناھلىنىدىغان جاي ھازىرلاپ بەرگەن. بۇنىڭدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ھەسەن بۇغراخان ئەينى چاغدا شىئە مەزھىپى تۈسىنى ئالغان قويۇق سوپىزملىق كۆز قاراشتا ئىدى، شۇڭا ئۇ ئورتودوكسال خەلىپە بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالىمىغان.

سامانىيلار سۇلالىسى زاۋال تاپقاندىن كېيىن، يەنە بىر تۈركىي تىللىق مىللەت قۇرغان غەزنەۋىيلەر سۇلالىسى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ كۈچلۈك رەقىبىگە ئايلاندى. غەزنەۋىيلەر سۇلالىسى (مىلادىيە 961 — 1186 ـ يىللار) نىڭ ھۆكۈمدارى مەھمۇد (مىلادىيە 997 — 1030 ـ يىللار) تەختكە چىقىشى بىلەنلا، خەلىپە قادىرنىڭ مىتروپولوگىيىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى. خەلىپە ئۇنىڭغا «ئىمپېرىيىنىڭ ئوڭ قولى» دېگەن نامنى ئىنئام قىلدى. غەزنەۋىيلەر سۇلالىسى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قوشنىسى ۋە رەقىبىگە ئايلىنىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىگە نىسبەتەن خېلى زور تەھدىت پەيدا قىلدى.

بۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا، باشقا ئىسلام ئەللىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى ناسىر تۇغانخان باغدات خەلىپىسىنىڭ مىتروپولوگىيىلىك ھوقۇقىنى رەسمىي تۈردە ئېتىراپ قىلدى، پۇل قۇيدۇرغان چاغدىمۇ خەلىپە ئابباسنىڭ ئىسمىنى ئويدۇردى. ناسىر تۇغانخان تۇنجى بولۇپ خەلىپە تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان قاراخانىيلار سۇلالىسى خاقانىدۇر. ئۇ ئەلى ئارسلانخان (ئۇدۇن ئۇرۇشىدا قازا قىلغان) نىڭ چوڭ ئوغلى ۋە ۋارىسى ھەم قارا خانىيلار سۇلالىسىنىڭ چوڭ خاقانى بولۇپ، قەشقەردە

تۇراتتى. ئۇنىڭ لەقەبى «ھەقىقەتنىڭ غالىبى ۋە دۆلەتنىڭ تايانچى» ئىدى. ئۇ قۇيدۇرغان پۇللاردىن خەلىپە قادىر بىللاھنىڭ ئىسمىنى ۋە ئۆزىنىڭ بېقىندىلىق سالاھىيىتىنى بىلدۇرىدىغان نام «دىندارلارنىڭ ئەمىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكۈچى» دېگەن خەتلەرنى كۆرۈش مۇمكىن. مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ قاراخانىيلار سۇلالىسى خەلىپىنىڭ مېتروپولوگىيىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان بۇ ئىككى بەلگە ئىزچىل ساقلاپ قېلىندى.①

مىلادىيە 1013 ـ يىلى يەكەندە قۇيدۇرۇلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى پۇللىرىدىن قارىغاندا، بۇ ۋاقىتتا يۇسۇپ قادىرنىڭمۇ ئۆزىنىڭ «شەرقنىڭ خاقانى» دېگەن لەقەبى بولغان. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھۆكۈمرانلار تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ھەممىسى باغدات خەلىپىسى بىلەن ئالاقە باغلاپ، شۇ ئارقىلىق ئېتىراپ قىلىنىشقا ۋە لەقەبكە ئېرىشكەن ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ لەقەبىنى پۇللارغا ئويدۇرغان. بۇ دەۋردىكى پۇل ماتېرىياللىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاز دېگەندىمۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىككى تارمىقىدىكى ئاساسلىق شەخسلەر لەقەبكە ئېرىشكەن. ئەلى بىن مۇسانىڭ تۆت ئوغلى ئىچىدىكى ئەھمەدنىڭ لەقەبى «ھەقىقەتنىڭ غالىبى ۋە دۆلەتنىڭ تايانچى»؛ ناسىرنىڭ لەقەبى «ھەقىقەتنىڭ قوغدىغۇچىسى»؛ مەنسۇرنىڭ لەقەبى «دۆلەتنىڭ شان ـ شەرىپى»؛ مۇھەممەدنىڭ لەقەبى «دۆلەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى». ھەسەننىڭ ئۈچ ئوغلى ئىچىدىكى يۇسۇپنىڭ «شەرقنىڭ خاقانى»، «ھەقىقەتنىڭ غالىبى»، «دۆلەتنىڭ كۆزۈرۈكى»؛ ئەھمەد (يەنى تۇغانخان Ⅱ) نىڭ بولسا «دۆلەتنىڭ سەلتەنەتى»، «دۆلەتنىڭ گۆھىرى»؛ ئەلىنىڭ لەقەبى بولسا «دۆلەتنىڭ سەلتەنەتى»، «دۆلەتنىڭ تايانچى».

① پىرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە»، گېرمانىيىدە چىقىدىغان «گېرمانىيە شەرقشۇناسلىق ئۇيۇشمىسى ژۇرنىلى»، 101 ـ تومىغا بېسىلغان، 1051 ـ بەت.

خەلىپىنىڭ لەقەبلەرنى بۇنداق خالىغانچە ئىنئام قىلىشى، ئۇنىڭ شەرقنى كونترول قىلىشتىن مەھرۇم قالغانلىقىنى، ھەرقانداق ئىلتىماسنى قانائەتلەندۈرۈۋەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل ۋەزىيەتتىن غەزنەۋىيلەر سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى پايدىلىنىپ كەتكەن. مەھمۇد باغدات خەلىپىسىنى «خەلىپە قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن پەقەت مەھمۇد ئارقىلىقلا ئالاقە باغلىيالايدۇ» دېگەن كېلىشىمنى تۈزۈشكە مەجبۇر قىلغان. شۇنداق قىلىپ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپە بىلەن ئورنىتىلغان تەرتىپسىز ئالاقىسى بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان. مەھمۇد خەلىپىنىڭ شەرقنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپلا قالماستىن، يەنە قاراخانىيلارنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى تەۋرىتىش ھەم ئۇنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى. مەھمۇد قازا قىلغاندىن كېيىن، غەزنەۋىيلەر سۇلالىسى ئىچكى نىزا تۈپەيلىدىن ئاجىزلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. مىلادىيە 1031 ـ يىلى مەھمۇدنىڭ ئىزباسارى بولغان چوڭ ئوغلى مەسئۇد كۆپ كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قەشقەرگە ئەۋەتتى، مەسئۇد «كونا دوستلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن» دىن سىرت، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپە بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە باغلىشىغا نائىلاج قوشۇلدى، لېكىن خەلىپە قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەرگە ئالاقىدار مەسىلىلەر ئۈستىدىلا سۆھبەت ئۆتكۈزەلەيدىغان بولدى. گەرچە چەكلىمىگە[1] ئۇچرىسىمۇ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ باغدات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يەنىلا ئەسلىگە كەلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىل ئالاقە ئىزچىل داۋاملاشتى. كېيىن قاراخانىيلار سۇلالىسى شەرق، غەرب ئىككى قىسىمغا

---

① ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىي تېزىسلىرى»، 98 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.

پارچىلىنىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئەھۋال شۇنداق بولدى. مىلادىيە 1105 - يىلى شەرقىي سۇلالىنىڭ بۈيۈك خانى ئەھمەد بىن ھەسەن — مەھمۇد بىن ئابدۇخېلىل قەشقەرى باشچىلىقىدىكى بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باغداتقا ئەۋەتىپ، خەلىپە مۇستاھسىر بىلاھىدىن لەقەب بېرىشنى ئۆتۈندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «دۆلەت نۇرى» دېگەن لەقەبكە مۇشەررەپ بولدى.

# ئىككىنچى باب قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى

## 1. شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ شەكىللىنىشى

ئەلى ئارسلانخان قازا قىلغاندىن كېيىن (مىلادىيە 998 ـ يىلى)، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئەھمەد تۇغانخان (مىلادىيە 998 — 1016 ـ يىللار) چوڭ خاقانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، قەشقەرنى ئىدارە قىلدى؛ ئىككىنچى ئوغلى ناسىر ئىلكخان ئۆز كەنتتە تۇرۇپ، ماۋرائۇننەھرنى بويسۇندۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويدى. مىلادىيە 996 ـ يىلى ناسىر ئىلكخان سامانىيلار سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلدى. سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھى نوھ II قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالماي، ئۆزىنىڭ بېقىندىسى بولغان بەلخنىڭ باش ئەمىرى سەبۇقتىن قۇتقۇزۇشنى ئۆتۈندى. سەبۇق چوڭ قوشۇن باشلاپ ماۋرائۇننەھرگە كىردى ھەم نوھ II دىنمۇ قول ئاستىدىكىلىرنى، باشلاپ بۇ يەرگە ئۇچرىششقا كېلىشنى تەلەپ قىلدى. سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى ئابداھ — بۇنداق قىلساق خانلىق ئورنىدىن مەھرۇم قېلىشىمىز مۇمكىن دەپ قارىغاچقا، سەبۇقنىڭ تەلىپى بىر چەتكە قايرىپ قويۇلدى. سەبۇق ئۆزىنىڭ ئوغلى مەھمۇدنى 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ بۇخاراغا قاراپ يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى. نوھ II ۋەزىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى

نائىلاج ئېلىپ تاشلاپ، سەبۇققا تاپشۇرۇپ بەردى. سەبۇق ناسىر ئىلىكخان بىلەن يارىشىش شەرتنامىسى ئىمزالاپ، كاتىۋان يايلىقى (سەمەرقەنتنىڭ شىمالى) نى سامانىيلار سۇلالىسى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ چېگرا پاسىلى قىلىپ بېكىتتى. شۇنداق قىلىپ سىر دەرياسى ۋادىسى قاراخانىيلار سۇلالىسىگە تەۋە بولدى.

نوھ II مىلادىيە 997 - يىلى قازا قىلىپ، ئوغلى مەنسۇر ئۇنىڭ ئورنىغا تەختكە چىقتى. مىلادىيە 999 - يىلى سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مالىمانچىلىق يۈز بەرگەچكە، سىياسىي ۋەزىيىتى تۇراقسىز بولۇپ، مەنسۇر ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغۇچىلار مەنسۇرنىڭ ئىنىسى مالىكنى خان قىلىپ تىكلىدى. بۇ چاغدا مەھمۇد غەزنەۋىيلەر سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ بولغان بولۇپ، ئۇ مەنسۇر خان ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشنى باھانە قىلىپ، قوشۇن باشلاپ ئۆزىنىڭ مېتروپولىيە دۆلىتى بولغان سامانىيلار سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ سىرتىدىكى سۇيۇرغاللىق يەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋالدى. شۇ يىلى يازدا ناسىر ئىلىكخانمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوشۇن باشلاپ بۇخاراغا ھۇجۇم قىلدى، سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ باسقاق سانغۇنى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ تەسلىم بولدى، ئۇنىڭ دۆلىتىمۇ مۇنقەرز بولدى. ناسىر ئىلىكخان بۇخارادا باش ئەمىر تەسىس قىلىپ، ئۆزى ئۆزكەنتكە قايتىپ كەلدى.

سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى، تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ۋ. بارتولد مۇنداق دېگەن: «بۇ مەشھۇر سۇلالە ئومۇميۈزلۈك زەئىپلەشكەن ھالدا غۇلاپ چۈشتى. ئەينى چاغدا، يەرلىك ئارىيانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مەڭگۈ

ئاخىرلاشتۇرىدىغان بۇ تارىخىي ۋەقەنىڭ ئەھمىيىتىنى ھېچكىم چۈشەنمىگەن بولسا كېرەك»[1]. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ماۋرائۇننەھر قاراخانىيلار سۇلالىسىگە قوشۇلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئىزچىل ھالدا تۈركىي تىللىق ياكى تۈركلىشىپ كەتكەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېردىكى شەخسلەرنىڭ قولىدا كونترول قىلىنغان. بۇ شۈبھىسىزكى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ تۈركلىشىش جەريانىنى تېزلەتتى. ئىككىنچىدىن، تۈركىي تىللىق ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىسلام دىنىنى يولغا قويۇپ، ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئۆزلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردا كەڭ تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى ھەمدە ئۇ ئۆز مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، بىر خىل يېڭىچە مەدەنىيەت شەكىللەندى، بەزىلەر ئۇنى «ئىسلام ـ تۈرك مەدەنىيىتى»[2] دەپ ئاتايدۇ. بۇ خىل مەدەنىيەت شىنجاڭ ۋە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا نىسبەتەن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

ناسىر ئىلكخان سامانىيلار سۇلالىسىنى يوقىتىۋالغاندىن كېيىن، مەھمۇدنىڭ غەزنەۋىيلەر سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى. مىلادىيە 1006 ـ يىلى ئۇ مەھمۇدنىڭ ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئامۇ دەرياسىغا قوشۇن ئەۋەتتى. ئۇنىڭ بىر تارماق قوشۇنىنى بۇخارانىڭ ئەمىرى جەڧفار تېكىن باشلاپ بەلىخنى ئىشغال قىلدى، يەنە بىر باش تېكىن باشلىغان قوشۇن ھېراتنى ئىشغال قىلدى. مەھمۇد بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئالدىراپ ـ تېنەپ ھىندىستاندىن قوشۇن چېكىندۈرۈپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ناسىر ئىلكنىڭ

---

① ۋ. بارتولد: «بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى) I . ۋېي لياڭتاۋنىڭ «قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىي تېزىسلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ 83 ـ بېتىدىن ئېلىنغان نەقىل.

② ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىي تېزىسلىرى»، 083 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.

قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. ناسىر ئىلىك ئوغۇشسىزلىقتا ئۇچرىغاندىن كېيىن، قايتىدىن كۈچ تەشكىللەپ غەزنەۋىيلەر سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەرەددۇت قىلدى. ئۇ ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلغان يۇسۇپ قادىرخان بىلەن ئىتتىپاق تۇزۇپ، 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلىدى ھەمدە مەھمۇدقا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلدى. مىلادىيە 1008 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى بەلخكە 25 كىلومېتىردەك كېلىدىغان سارشىيان كۆۋرۈكى يېنىدا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى. غەزنەۋىيلەر سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى ئۇرۇشتا 500 چوڭ پىلنى ئىشقا سالدى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى پىل بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر بولمىغاچقا، نەتىجىدە ئېچىنىشلىق ھالدا مەغلۇپ بولدى. بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەت قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىدە ئارازچىلىق پەيدا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىچكى زىددىيەت ئاشكارىلىنىپ، بارا ـ بارا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پارچىلىنىشىغا سەۋەب بولدى.

ئەڭ دەسلەپتە ھەسەن بۇغراخان مىلادىيە 992 ـ يىلى ئەسكەر چىقىرىپ، سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ بۇخارا شەھىرىنى بېسىۋالغان چاغدا، مۇسا ئارسلانخاننىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ خانلىق ئورنىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى، بۇ — ئۇنى ئاللىقاچان ئىگىلەپ بولغان بۇخارا شەھىرىدىن ۋاز كېچىپ، بالاساغۇنغا قايتىپ بېرىپ ۋەزىيەتنى تۇراقلاشتۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ يول ئۈستىدە قازا قىلغاندا، ئارازلىق ئۇرۇقى ئاللىقاچان تېرىلىپ بولغانىدى. ئەھمەد توغانخان خانلىق ئورنىغا چىققاندىن كېيىن، ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئەۋلادلىرىنى يەنە كۈچىنىڭ بارىچە چەتكە قاقتى. شۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئەلى جەمەتى بىلەن ھەسەن نەسەبىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سىستېمىغا بۆلۈنۈپ كەتتى. چوڭ تارمىقى بولغان ئەلى جەمەتى — ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغلى

مۇسا ئارسلانخاننىڭ چوڭ ئوغلى — ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن تەشكىل تاپتى، ئەلى ئارسلانخاننىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ، ئۇلار: ئەھمەد تۇغانخان، ناسىر ئىلىكخان، مەنسۇر ئارسلانخان ۋە مۇھەممەدلەر ئىدى؛ كىچىك تارمىقى بولسا ساتۇق بۇغراخاننىڭ 2 ـ ئوغلى — سۇلايماننىڭ ئوغلى ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن تەشكىل تاپتى. ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ئۇلار: يۇسۇپ قادىرخان، ئەھمەد توغانخان Ⅱ ۋە ئەلى تېكىنلەر ئىدى. ھەسەن نەسەبىدىكىلەرنىڭ سىياسىي مەركىزى قەشقەر ۋە بالاساغۇندا ئىدى، ئەلى نەسەبىدىكىلەرنىڭ مەركىزى ئاساسلىقى ئۆزكەنت ئىدى، كېيىن سەمەرقەنتكە يۆتكەلگەن.

ئەھمەد توغانخان مىلادىيە 1016 ـ يىلى قازا قىلغاچقا، ئۇنىڭ ئىنىسى مەنسۇر ئارسلانخان تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. كېيىن ئەلى نەسەبىدىكىلەرنىڭ ھەسەن نەسەبىدىكىلەر بىلەن بولغان زىددىيىتى كۈنسايىن كەسكىنلەشتى. يۇسۇپ قادىرخان مەنسۇر ئارسلانخاننىڭ خانلىق ئورنىنىڭ قانۇنلۇقلىقىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلماي، مىلادىيە 1025 ـ يىلى بالاساغۇندا ئۆزىنى «شەرقىنىڭ خاقانى» دەپ ئاتىدى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن مەنسۇر ئارسلانخانغا قارشى ئۆكتىچىلەرنى قوللاپ، ئۇنى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر قىلدى. يۇسۇپ قادىرخان ئاستانىنى بالاساغۇندىن قەشقەرگە كۆچۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئىنىسى ئەھەد توغانخان Ⅱ نى بالاساغۇننىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلەپ، سىر دەرياسىنىڭ شەرقى بىلەن يەتتە سۇ رايونىنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا بەردى؛ يەنە ئۈچىنچى ئىنىسى ئەلى تېكىنىنى سەمەرقەنتنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلەپ، ماۋرائۇننەھر رايونىنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا بەردى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي ئەھمەد توغانخان Ⅱ بىلەن ئەلى تېكىن سالجۇقىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانىنىڭ ئىغۋاگەرچىلىك سېلىشى بىلەن توپىلاڭ كۆتۈردى. توپىلاڭ ئەلى

نەسەبدىكىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. مىلادىيە 1025 - يىلى 4 - ئايدا، يۈسۈپ قادىرخان سالجۇقىيلارنىڭ كۆشەندىسى غەزنەۋىيلەر سۇلالىسىنىڭ سۇلتانى مەھمۇد بىلەن بىرلىشىپ، ماۋرائۇننەھر رايونىغا ئىككى ئاكا - ئۇكىنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇشقا بىرلەشمە قوشۇن ئەۋەتتى. توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن، ئۇ ماۋرائۇننەھر رايونىنى ئۆزىنىڭ ئوغلى ياغان تېكىنىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، يەتتە سۇ رايونىنى ئۆزىنىڭ بىۋاستە كونتروللۇقىغا ئالدى. توغانخان II بىلەن ئەلى تېكىن توپىلاڭ كۆتۈرگەن چاغدا، ئۇدۇندا ئىسلام دىنىغا قارشى بۇددىستلارنىڭ توپىلىڭى يۈز بېرىپ، ئىسلام دىنىنىڭ بۇ يەردىكى ھۆكۈمرانلىقىغا بىۋاستە تەھدىت سالدى. يۈسۈپ قادىرخان ئۆزى زور قوشۇننى باشلاپ ئۇدۇنغا قايتىپ بېرىپ، توپىلاڭنى باستۇرۇپ توپىلاڭچىلارنى يوقاتتى. بۇ مەزگىلدە ھەسەن نەسەبدىكىلەرنىڭ كۈچى بارغانسېرى كۈچىيىپ قەشقەر، ئۇدۇن ۋە ماۋرائۇننەھر، يەتتە سۇ رايونلىرى ھەسەن نەسەبدىكىلەرنىڭ كونتروللۇق دائىرىسىگە ئۆتتى.

مىلادىيە 1032 - يىل 12 - ئايدا يۈسۈپ قادىرخان كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولۇپ، جەسىتى قەشقەرگە دەپنە قىلىندى. چوڭ ئوغلى سۇلايمان خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئارسلانخان دەپ ئاتالدى. ئۇ ئەلى نەسەبدىكىلەرنىڭ پاراكەندە قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يەنە ئاستانىنى قەشقەردىن بالاساغۇنغا كۆچۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىنىسى ياغان تېكىننى مۇئاۋىن خاقان قىلىپ تەيىنلەپ تالاستا تۇرغۇزدى؛ يەنە بىر ئىنىسى مەھمۇد توغرۇلخان قەشقەرنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلىنىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. مۇسۇلمان تارىخشۇناس ئىبىن ئەل ئاشىر («تارىخي ئومۇمىيە» نىڭ ئاپتورى) سۇلايمان ئارسلانخاننى بىر «ئادىل تەقۋادار ھۆكۈمران، يەن ۋە

دىنىنىڭ دوستى»[1] دەپ ماختىغان. يۈسۈپ قادىرخان بىلەن سۇلايمان ئارسلانخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى، ۋە چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىسى بىر قەدەر گۈللەندى ھەمدە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلام تۈرك مەدەنىيىتىگە ئاساس سېلىندى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ مەدەنىيەتنىڭ بەلگىلىرىدىن بىرى بولغان «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» بارلىققا كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەسەن نەسەبىدىكىلەرنىڭ ئەلى نەسەبىدىكىلەر بىلەن بولغان كۈرىشى ئاشكارىلاندى. ھىجرىيىنىڭ 433 - يىلى (مىلادىيە 1041 — 1042 - يىللار) ئەلى نەسەبىدىن بولغان ناسىر ئىلىكخاننىڭ ئىككى ئوغلى مۇھەممەد (ئالىپ تېكىن) بىلەن ئىبراھىم (بېلى تېكىن) لەشكەر تارتىپ ئۆزكەنت بىلەن بۇخارانى تارتىۋېلىپ، سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئۆزىنىڭ مېتروپولىيىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي، تولۇق مۇستەقىل سىياسەت يۈرگۈزدى. ئالىپ تېكىننىڭ ئۆزكەنتتىكى لەقەبى «تابغاچ خان» ئىدى، ئۇ قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى بېلى تېكىن خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ «تابغاچ بۇغراخان» دەپ ئاتالدى ھەمدە «شەرق ۋە جۇڭگونىڭ خاقانى» دېگەن لەقەبتىن بەھرىمەن بولدى. ئىبراھىم بۇغراخان ھۆكۈمرانلىق مەزكىرىنى ئۆزكەنت شەھىرىدىن سەمەرقەنتكە يۆتكىدى. شۇنداق قىلىپ غەربتىكى ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى قاراخانىيلار سۇلالىسى تولۇق شەكىللەندى. غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسى تارىختا «ئىلىكخان خانلىقى» دەپ ئاتالدى، ئۇ ناسىر ئىلىكخاننىڭ ئىسمى بويىچە

---

[1] ئىبنى ئەل ئاشىر: «تارىخىي ئومۇمىيە»، 9 - جىلد، «ئۇيغۇرلار تارىخى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن: «ئۇيغۇرلار تارىخى»، 80 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى.

شۇنداق ئاتالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەسەن نەسەبىدىكىلەر ۋەكىللىكىدىكى شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئەلى نەسەبىدىكىلەر ۋەكىللىكىدىكى غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسى شەكىللەندى.

شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سۇيۇرغاللىق يەرلىرى قەشقەر، ئۇدۇن، ئىلى دەرياسى ۋادىسى، پەرغانىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلار ۋە يەتتە سۇ رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، ئۇنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى چېگرا پاسىلى كۇچانىڭ غەربىدە بولۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن چېگرىلىناتتى. ئاستانىسى قەشقەر بىلەن بالاساغۇن ئىدى. قەشقەرنىڭ بارغانسېرى مۇھىم ئورۇنغا ئۆتۈشىگە ئۇنىڭ شەرقىي سۇلالىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە دىنىي پائالىيەت مەركىزى بولغانلىقى، بىر قىسىم مەشھۇر خاقانلارنىڭ بۇ يەردە پائالىيەت قىلغانلىقى، سۇلالە ۋە خاقان جەمەتى قەبرىستانلىقىنىڭمۇ مۇشۇ يەردە بولغانلىقى سەۋەب بولغان. شۇڭا قەشقەر يەنە ئوردا دەپمۇ ئاتالغان.

غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سۇيۇرغاللىق يەرلىرى، ئەڭ دەسلەپتە ماۋرائۇننەھر رايونىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، كېيىن يەنە پەرغانە ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى قوشۇلغان، ئادەتتە خوجەند دەرياسى ئارقىلىق شەرقىي سۇلالىدىن ئايرىلىپ تۇراتتى. ئاستانىسى سەمەرقەنت ئىدى، ئۇ بۇخارا بىلەن بىرلىكتە غەربىي سۇلالىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە دىنىي مەركىزى ھېسابلىناتتى.

شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بۆلۈنۈشى سەۋەبلىك ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى توختاپ قالمىدى، ئەكسىچە شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككى سۇلالىدە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت گۈللەندى.

## 2. شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى ھۆكۈمرانى ئىبراھىم (بېلى تېكىن) نامى خېلى ياخشى خان ئىدى، ئۇ ئۆز پۇقرالىرىنىڭ خاتىرجەملىكى، بىخەتەرلىكى ۋە ئېھتىياجلىرىغا مۇئەييەن دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەر ئارىسىدا ئىنتايىن يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ۋە بازار باھاسىنىڭ مۇقىملىقىغىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. مەسىلەن، ئۇ پۇلنى ئىسلاھ قىلدى، ئىلگىرىكى مىس بىلەن قوغۇشۇننىڭ قېتىشمىسىدىن سوقۇپ ياسالغان چوڭ - كىچىكلىكى، قېلىن - نېپىزلىكى، ئېغىرلىقى ئوخشاش بولمىغان پۇللارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كۈمۈش مىقدارى 20% — 30% لىك مىس بىلەن كۈمۈشنىڭ قېتىشمىسىدىن ياسالغان پۇللارنى ئىشلەتتى. يېڭى تەڭگە يۈپيۈملاق بولۇپ، كۆركەم ھەم رەتلىك ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە جازانىخور سودىگەرلەرگە زەربە بەردى. بۇ تەدبىرلەر ئىگىلىك بىلەن سودىنى يۈكسەلدۈرۈشتە ناھايىتى زور رول ئوينىدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، سەمەرقەنتتە زور كۆلەمدە قۇرۇلۇش سېلىندى. ئىبنى ئەل ئاشىرنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ تېخى ئاز ئۇچرايدىغان تەقۋادارلىق بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر ئورتودوكسال مۇسۇلمان ئىدى. لېكىن، دەھرىي ھۆكۈمرانلار بىلەن دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ھوقۇق جەھەتتە مۇرەككەپ مۇناسىۋىتى بولغانلىقتىن، بەزىدە توقۇنۇش يۈز بېرىپ كۈرەش ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كېتەتتى، شۇ سەۋەبتىن ئۇ يارلىق چۈشۈرۈپ شۇ

جايدىكى داڭلىق شەيخ — ئىمام ئوبۇل ھاشىم سەمەرقەنتنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشقان. مىلادىيە 1068 - يىلى ئۇ سەكتە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، تەختنى چوڭ ئوغلى شەمسۇلمۈلۈك ناسىرغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇزاق ئۆتمەي قازا قىلدى. شەمسۇلمۈلۈك ناسىر تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى شۇئاس دەرھال لەشكەر تارتىپ قارشى چىقتى، سەمەرقەنت بىلەن بۇخارادا بولغان ئۇرۇشتا ناسىر غەلىبە قىلدى. ناسىر «شەرق ۋە جۇڭگو سۇلتانى» دېگەن لەقەبكە مۇشەررەپ بولغان. ئېيتىلىشىچە، ئۇ بىر «ئادىل سۇلتان» بولۇپ، كۆچمەن تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئادەتلىنىپ قالغاچقا، قول ئاستىدىكىلەرنى چېدىر ئىچىگە قاتتىق بەنت قىلىپ، سىرتلارغا چىقىپ ئاھالىلەرگە پاراكەندىچىلىك سېلىشقا يول قويمىغان. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرىدە، بەزى شەھەرلەردە ئېگىز چوڭ بىنالار قەد كۆتۈردى، چوڭ قاتناش يولى بويلىرىغا نۇرغۇن قەلئەلەر سېلىندى. بۇ دەۋردە ھاكىمىيەتنىڭ دىنىي ھوقۇقى بىلەن بولغان كۈرىشى يەنىلا داۋاملىشىۋەردى. ئىسلام دىنىي تەشكىلاتلىرىنىڭ بەزى يۇقىرى تەبىقە كۈچلىرى ئۇنى ئاممىنىڭ رايىغا بېقىشقا مەجبۇر قىلدى ھەمدە دىنىي قائىدىلەر بىلەن ئۇنى چەكلىدى. مىلادىيە 1069 - يىلى ئۇ يارلىق چۈشۈرۈپ، بۇخارالىق ئىمام ئەبۇ ئىبراھىم ئىسمائىلنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى.

غەربىي سۇلالىدە بۇ دەۋردە ئاساسلىقى سالجۇقىيلار خانلىقىدىن تەھدىت كەلدى. مىلادىيە 1072 - يىلى كۈزدە، سالجۇقىيلار خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئالىپ ئارسلان 200 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى باشلاپ ماۋرائۇننەھر رايونىغا ھۇجۇم قىلدى. لېكىن جەڭ باشلىنىشىغىلا سۇلتان قەستكە ئۇچراپ جېنىدىن ئايرىلغاچقا ئۇرۇش توختىدى. مىلادىيە 1074 - يىلى سالجۇقىيلار سۇلتانى مالىكشاھ يەنە لەشكەر تارتىپ ماۋرائۇننەھر

رايونىغا بېسىپ كەلدى. ناسىر سالجۇقىيلار خانلىقىنىڭ ۋەزىرى نىزامۇلمۇلۇكنى تەكلىپ قىلىپ ياراشتۇرغۇزغاندىن كېيىن، سۇلتان تىنچ بىللە ئۆتۇشكە قوشۇلۇپ، خۇراسانغا قايتىپ كەتتى.

مىلادىيە 1080 ـ يىلى ناسىر قازا قىلىپ، ئىنىسى خىزىر تەختكە چىقتى. مۇسۇلمان تارىخ ماتېرىياللىرىدا، ئۇ هۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرنىڭ سۇلالىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلى ئىكەنلىكى شەمدە ئۇنىڭ دانا، ئادىل بولۇپ، شائىرلارنى هېمايىسىگە ئالغانلىقى بايان قىلىنغان.

خىزىرنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان كىشى ئۇنىڭ ئوغلى ئەهمەد ئىدى. بۇ چاغدا هاكىمىيەتنىڭ دىنىي هوقۇق بىلەن بولغان كۈرىشى كەسكىنلەشكەن بولۇپ، ئەهمەد تەختكە ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ۋەزىرى ئەبۇ ناسىر بىن سۇلايمان كاسانىينى نائىلاج ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلدى. بۇ ۋەزىر خىزىر دەۋرىدە ئىسلام قازىسى بولغانىدى. بۇ ۋەقە سالجۇقىيلار سۇلتانىنىڭ ماۋرائۇننەهر رايونىغا ئەسكەر چىقىرىشىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالدى. سەمەرقەنتنىڭ دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر سالجۇقىيلار سۇلتانىنى قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن مىلادىيە 1089 ـ يىلى سۇلتان مالىكشاھ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، بۇخارا بىلەن سەمەرقەنتنى بېسىۋالدى، ئەهمەدخاننى ئەسىر ئالدى. غەربىي سۇلالە سالجۇقىيلار ـ سۇلتانىنىڭ هامىيلىقىدىكى دۆلەتكە ئايلاندى. ئۇزاق ئۆتمەي ئەهمەدخان سەمەرقەنتتە قويۇپ بېرىلدى، لېكىن دىنىي ساھەدىكىلەر بىر قىسىم سەرۋازلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۇ ئەشەددىي دىنىي هەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى، دېگەننى باھانە قىلىپ، مىلادىيە 1095 ـ يىلى ئۇنى ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسى مىسلى كۆرۈلمىگەن زەئىپلىشىش دەۋرگە قەدەم قويدى.

سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغۇچىلار ئەهمەدنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى مەسئۇدنى خان قىلىپ تىكلىدى. لېكىن ئىككى يىلغا

يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، سالجۇقىيلار سۇلتانى يارلىق چۈشۈرۈپ سۇلايمان بىن داۋۇۋدنى ئۇنىڭ ئورنىغا تەختكە چىقاردى، ئارقىدىنلا يەنە ئىككى قېتىم خان ئالماشتى. قاراخانىيلار سۇلالىسى پۈتۈنلەي سالجۇقىيلار سۇلتانىنىڭ قورچاقىغا ئايلاندى.

مىلادىيە 1102 — 1130 ـ يىللىرىچە غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسىگە مۇھەممەد بىن سۇلايمان ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئارسلانخان دېگەن لەقەبى بار ئىدى. گەرچە ئۇمۇ سالجۇقىيلار سۇلتانى سانجارنىڭ قورچىقى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ سالجۇقىيلار خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلاشقا كۆچىنىڭ بارىچە تىرىشىپ، ماۋرائۇننەھر رايونىنى 20 يىل تىنچ سوردى. مۇھەممەد ئارسلانخان بىرەر ئىش قىلىشقا ئورۇنۇپ باققان بولۇپ، بۇزۇۋېتىلگەن قورۇلۇشلار ۋە ئوردىنى زور كۆلەمدە رېمونت قىلدۇرۇۋغاندىن سىرت، تېخى ئەسكەر چىقىرىپ «كاپىر» لارغا جازا يۈرۈشى قىلغان، كېيىن ئۇ سۇلتان سانجارنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇشقا ئورۇنۇپ، سانجارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە مەخپىي ئادەم ئەۋەتكەن، لېكىن ئۇنىڭ تەلىيى كاج كېلىپ سۇيىقەست ئاشكارىلىنىپ قالغان. 1130 ـ يىلى ئەتىيازدا سانجار قوشۇن باشلاپ سەمەرقەنتنى بېسىۋالدى. مۇھەممەدخان ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن، سانجار ئۇنىڭ ئىنىسى ئىبراھىمنى بۇغراخان قىلىپ تىكلىدى، ئۇزاق ئۆتمەي يەنە ئۇنىڭ ئوغلى مەھمۇدنى خانلىق ئورنىغا چىقارغانلىقىنى جاكارلىدى. لېكىن بۇ چاغدا قىتانلار ماۋرائۇننەھر رايونىنى ئالىلىقاچان ئىگىلىۋالغان بولۇپ، غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇزاق ئۆتمەي يەنە قىتانلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ، نامى بار ئەمەلىيەتتە يوق بىر سۇلالىگە ئايلىنىپ قالدى.

شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ھۆكۈمرانلىرى ئۆزىنى «خانلىقنىڭ ئورتودوكسال ھۆكۈمرانى،

ئاپراسياپنىڭ ھەقىقىي ئەۋلادى ۋە ئىزباسارى» ، «تەقۋادارلىق ۋە دىنىنىڭ قوغدىغۇچىسى»[1] دەپ قارايتتى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى ئەۋلاد خاقانى ھەسەن نەسەبىدىن بولغان سۇلايمان ئارسلانخان پۈتكۈل قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ نامىدىكى خاقان ئىدى. ئۇلار سۇلالىسىنىڭ ئورتودوكسال ۋارىسى ھەسەن نەسەبىدىكىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولۇشى كېرەك، غەربىي سۇلالىدىكى ئەلى نەسەبىدىكىلەر شىرەم تۇغقاندىنلا ئىبارەت، ئۇلارنىڭ قانۇنىي سالاھىيىتى يوق دەپ قارىشاتتى. ئەمما، غەربىي سۇلالىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى، شەرقىي سۇلالىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا قارىتا بېسىم پەيدا قىلىپ، ھەسەن نەسەبىدىكىلەرنى ئىتتىپاقلىشىشقا مەجبۇر قىلدى. ھىجرىيە 435 ـ يىلى ( مىلادىيە 1043 — 1044 ـ يىللار) ھەسەن نەسەبىدىكىلەر ئائىلىۋى يىغىن ئاچتى، يىغىندا ھەرقايسىسىنىڭ سۇيۇرغاللىق يەرلىرى ئايرىلدى. سۇلايمان ئارسلانخان بالاساغۇن بىلەن قەشقەرگە بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، شەرقىي سۇلالىنىڭ خاقانى بولدى. مۇھەممەد بۇغراخان تالاس بىلەن ئىسپىجاب رايونىغا ئىگە بولۇپ، ئورۇنباسار خاقان بولدى. ئۈچىنچى ئىنىسى ئارسلان ئىلىك ئومۇمەن تالاس دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا ئىگە بولدى. ئۇلارنىڭ تاغىسى ئەھمەد توغانخان II پەرغانە رايونىغا ئىگە بولدى.

مۇشۇ يىلدىلا بالاساغۇن بىلەن بۇخارا ئارىلىقىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان 10 مىڭ چېدىرلىق تۈرك ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. بۇ جەريان قارىماققا تىنچ بولغان. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا تۇبۇتلەرنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرىدىن شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىگە كەلگەن زور تۈركۈمدىكى تۈرك كۆچمەنلىرى بولسا، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشنى چېرايلىقچە رەت قىلغان. قاراخانىيلار خانىنىڭ ھۆكۈمرانى گەرچە تەقۋادار ئىسلام دىنىي

---

① «تەزكىرەئى ساتۇق بۇغراخان»، (چاغاتايچە قولىيازما نۇسخىسى).

مۇخلىسلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تېررىتورىيىسىدە ئوخشاشمىغان ئېتىقادتىكى ئاھالىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلغان.

ھىجرىيە 448 ـ يىلى (مىلادىيە 1056 —1057 ـ يىللار)

سۇلايمان ئارسلانخان ئۆزىنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد بۇغراخان بىلەن قىلغان بىر قېتىملىق جەڭدە ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ، ئورنىنى مۇھەممەد بۇغراخانغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن. لېكىن مۇھەممەد بۇغراخان بىر قابىلىيەتسىز ھۆكۈمران بولغاچقا، تەختتە ئولتۇرۇپ 15 ئاي بولا ـ بولمايلا، مىلادىيە 1058 ـ يىلى تەختنى ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى ھۈسەيىنگە ئۆتۈنۈپ بەرگەن. ھۈسەيىن بۇنىڭدىن ئىلگىرى بارىسخاننىڭ ئەمىرى ئىدى. لېكىن، مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ كىچىك خانىشى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ئوردىدا سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، مۇھەممەد بۇغراخان بىلەن خان جەمەتى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى، ئىبراھىم ئانىسى تەرىپىدىن يۆلەپ خانلىق تەختكە چىقىرىلدى.

بەزى ئالىملار مۇشۇ ھۈسەيىن ئېھتىمال «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئاتىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىشىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى مەھمۇد بىن ھۈسەيىن بىن مۇھەممەد. ئۇ ئېھتىمال ئوردىدا يۈز بەرگەن بۇ قانلىق ۋەقەدە ئامان قالغان بولسا كېرەك، كېيىن ئۇ باغداتتا ئۆلمەس ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يازدى.

ئىبراھىمنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى ناھايىتى قىسقا بولۇپ، ئەمەلىي ھوقۇق ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ قولىدا ئىدى. ئىبراھىم خانلىق تەختكە قانۇنسىز يوللار بىلەن ئېرىشكەن بولغاچقا، شەرقىي سۇلالىنىڭ فېئوداللىرى، ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا قارشى چىقتى، غەربىي سۇلالىدىن ئىبراھىم بۇغراخان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەسكەر چىقىرىپ پەرغانە رايونىنى

تارتىۋالدى. ھىجرىيە 451 ـ يىلى (مىلادىيە 1059 — 1060 ـ يىللار) ئىبراھىم ئانىسىنىڭ يارلىقى بويىچە بارسخان شەھىرى (ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبىدا) گە ھۇجۇم قىلغاندا، مەزكۇر شەھەرنىڭ فېئودالى ئىنەلى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، ئەسىر ئېلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى.

مىلادىيە 1059 ـ يىلى ئىبراھىمنىڭ تاغىسى مەھمۇد توغرۇلخان ئۆزىنى شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى دەپ جاكارلاپ، خانلىق تەختكە چىقتى، ئۇنىڭ مۇسۇلمانچە لەقەبى «دۆلەتنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى» ئىدى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى بالاساغۇندىن يەنە قەشقەرگە يۆتكىدى، ئۆزىنىڭ جىيەنى — ھەسەن بىن سۇلايمان (يەنى ئارسلان تېكىن) نى ئورۇنباسار خان قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇ بۇغراخان دەپ ئاتىلىپ، بالاساغۇنغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. مىلادىيە 1068 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، مەھمۇد توغرۇلخان بىلەن ھەسەن بۇغراخان بىرلىكتە ئەسكەر چىقىرىپ غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئىبراھىم بۇغراخان ئىگىلىۋالغان پەرغانە رايونىنى قايتۇرۇۋالدى. ئۇرۇشتىن كېيىن شەرقىي سۇلالە بىلەن غەربىي سۇلالە سۇلھى شەرتنامىسى ئىمزالاپ، خوجەند دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنى ئىككى تەرەپنىڭ چېگرا پاسىلى قىلىشنى قايتىدىن بېكىتتى، شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل پەرغانە رايونى شەرقىي سۇلالىگە تەۋە بولدى.

مەھمۇد توغرۇلخان ھىجرىيە 467 ـ يىلى (مىلادىيە 1074 — 1075 ـ يىللار) قازا قىلدى، خانلىق تەختكە ئۇنىڭ ئوغلى ئۆمەر توغرۇل تېكىن ۋارىسلىق قىلدى. لېكىن، ئۆمەر توغرۇل تېكىن ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئىككى ئاي بولا ـ بولمايلا، خانلىق تەختكە مەھمۇد توغرۇلخاننىڭ جىيەنى ھەسەن بىن سۇلايمان چىقتى. ھەسەن (يەنە بىر ئىسمى ھارۇن) نىڭ لەقەبى بۇغراخان ئىدى، شۇڭا تارىخ كىتابلىرىدا ئۇ يەنە «ھەسەن

بۇغراخان Ⅱ » دەپمۇ ئاتالغان.

ھەسەن بۇغراخان Ⅱ شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر خانى بولۇپ، خېلى كۆپ ئىشلارنى قىلغان. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (مىلادىيە 1074 — 1102 - يىللىرى) دە، شەرقىي سۇلالىنىڭ ئىچكى قىسمى خېلى تۇراقلىق بولۇپ، ئىگىلىك يۈكسەلگەن، مەدەنىيەت مىسلىسىز دەرىجىدە گۈللەنگەن. ئۇ دائىم سۇلالىسىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى غەيرىي ئىسلام رايونلارغا ئەسكەر چىقىرىپ، قورال كۈچى بىلەن ئىسلام دىنىنى تارقىتاتتى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇ قوماندانلىق قىلغان 40 مىڭ مۇسۇلمان ئەسكىرى بۆكە بۇدراچىنىڭ 700 مىڭ «كاپىرى» ئۈستىدىن غالىب كەلگەن، (بۇ سان ئېنىقكى مۇئەللىپ تەرىپىدىن مۇبالىغىلەشتۇ-رۇۋېتىلگەن). مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى ئىلى دەرياسى بىلەن يامار دەرياسى (ھازىرقى ئىمىل دەرياسى) دىن ئۆتۈپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغان. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىدىكى مىڭلاقلىقلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان، ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلىپ، بۇتلىرىنى چېقىۋەتكەن. شۇڭا، ھەسەن بۇغراخان Ⅱ «ئادالەت ۋە دىنىنىڭ قوغدىغۇچىسى»، «دىنىنىڭ شان - شەرىپى» دېگەن لەقەبلەرگە نائىل بولغان. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە قەشقەردە مەدەنىيەت، ئىلمىي پائالىيەتلەر ئىنتايىن جانلىنىپ كەتكەن. بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەشھۇر داستانى «قۇتادغۇ بىلىك» نى يازغان ھەمدە بۇ كىتابنى مۇشۇ خاقانغا تەقدىم قىلغان. يەنە بىر مۇئەللىپ ئىمام ئابدۇل غاپپار يازغان «تارىخى قەشقەرىيە» دېگەن كىتابمۇ ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە تاماملانغان. ئەپسۇس، بۇ كىتاب يوقىلىپ كەتكەن بولۇپ، بەزى بۆلەكلىرىلا جامال قارشىنىڭ «سۇرراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە» دېگەن ئەسىرىدە

ساقلىنىپ قالغان. بۇ پارچىلار بۈگۈن بىزنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بەزى تارىخىي ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولۇشىمىزدىكى، مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ قالدى.

مىلادىيە XII ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە، شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانلىق ئورنىنىڭ كۆپ قېتىم ئالمىشىشىدىن كېلىپ چىققان سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تۇراقسىز بولۇشىدەك ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، ماۋرائۇننەھر رايونىغا ئەسكەر چىقىرىپ، بۇ رايوننى ئىگىلىۋېلىپلا قالماستىن، بەلكى مىلادىيە 1102 ـ يىلى سالجۇقىيلار خانلىقىنىڭ زېمىنىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، تېرمىز شەھىرىنى ھۇجۇم قىلىپ ئالدى. لېكىن، شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئۇ تېرمىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا، سۇلتان سانجارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاچقا، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، يەتتىسۇ رايونىغا چېكىندى.

ھەسەن بۇغراخان II مىلادىيە 1102 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەد بىن ھەسەن تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئارسلانخان دەپ ئاتالدى. ئەھمەد ئارسلانخان تەختتە ئولتۇرغان دەۋردە، سۇلالىدىكى ھەرقايسى ئۇلۇسلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن تەدبىر قوللاندى، كۆچمەن تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچۈشىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەشەببۇس قىلدى. مىلادىيە 1105 ـ يىلى ئۇ ئەھمەد بىن ئابدۇجېلىل قەشقەرى باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئابباسىيلار خەلىپىلىكىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، ئەرەبلەر رايونى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتتى. خەلىپە مۇستاھىز بىلاھ مەھمۇد ئارسلانخانغا «دۆلەتنىڭ نۇرى» دېگەن لەقەبنى ھەدىيە قىلدى.

مىلادىيە 1128 - يىلى ئەھمەد ئارسلانخان قازا قىلدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم بىن ئەھمەد تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. بۇ دەۋردە شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى تېزلىكتە زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، تەۋەلىكىدىكى ھەرقايسى ئۇلۇسلار ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلىپ قارشى چىقتى، بولۇپمۇ سۇلالىدىكى قارلۇقلار بىلەن قاڭقىللار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، سۇلالىنىڭ كۈچىنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. ئىبراھىمخان ۋەزىيەتنى ئوڭشاشقا ئامالسىز قېلىپ، غەرب تەرەپكە ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقان قىتانلارنىڭ خاقانى ياللۇغ تاشىدىن نائىلاج ياردەم تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى قىتانلارنىڭ بېقىندى دۆلىتىگە ئايلىنىپ، بارا - بارا زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەندى.

## 3. قىتان (غەربىي لياۋ) لارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى

قىتان سۇلالىسى — ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان قىتانلار قۇرغان لياۋ سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتى ئەۋلادلىرىنىڭ بىر تارمىقى غەربىي يۇرتتا قۇرغان ھاكىمىيەت. لياۋ سۇلالىسى مىلادىيە 907 - يىلى خانلىق قۇرۇلغاندىن تارتىپ، مىلادىيە XII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە، يېڭىدىن قەد كۆتۈرگەن جۇرجىتلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىشى بىلەن، ئاخىر زاۋاللىققا يۈزلەندى. مىلادىيە 1124 - يىلى 7 - ئايدا، لياۋ سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان ياللۇغ تاشىن پۇرسەتنىڭ قولدىن كېتىپ قالغانلىقىنى، پادىشاھ تيەنزۇنىڭمۇ ئۆزىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمىغانلىقىنى كۆردى - دە، 200 كىشلىك ئاتلىق قىسمىنى باشلاپ بارگاھتىن ئايرىلىپ، جياشەن تېغى ۋە قارا دەريادىن ئۆتۈپ، شىمالىي دالادىكى خاتۇنبالىق

(ھازىرقى موڭغۇلىيە زېمىنى ئىچىدىكى تۇغلا «تۇرا» دەرياسىنىڭ شىمالىي ئېقىنى) غا كەلدى. بۇ يەردە يەتتە ئايماقتىكى 18 قەبىلىنىڭ باشلىقىنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، قايتىدىن غەربكە كېلىپ لياۋ سۇلالىسىنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈشنى قارار قىلدى. تاللۇغ تاشىن ئۆزىنى ۋاڭ دەپ ئاتاپ، خاتۇنبالىقتا بارگاھ قۇردى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئەسكەر قوبۇل قىلىپ، ئات سېتىۋېلىپ كۈچ توپلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ پۇرسەت كۈتتى. مىلادىيە 1125 ـ يىلى لياۋ سۇلالىسى مۇنقەرز بولۇپ، جىن سۇلالىسىنىڭ كۈچى تېخىمۇ زورىيىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن جىن سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇيۈك لياۋ سۇلالىسىنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈش پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش مۇمكىنچىلىكى يوققا چىققاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى زاۋاللىقا يۈزلىنىش باسقۇچىدا تۇراتتى. ياللۇغ تاشىن غەربكە يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلىپ، مىلادىيە 1130 ـ يىلى قوشۇننى باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلدى. ئۇ ئاۋۋال ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ خانى بىلگە خانغا خەت يېزىپ، غەربكە يۈرۈش قىلىشقا يول بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بىلگە خان قارشىلىشىشقا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، يول بېرىشكە قوشۇلۇپ، ياللۇغ تاشىننى ئۆزى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈپ قويىدى ھەمدە ئات، تۆگە سوۋغا قىلىپ، ئۆزىنىڭ بېقىندى بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ياللۇغ تاشىننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغان قوشۇنلىرى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ئىلگىرىلىدى. بۇنىڭ بىر تارمىقى غەربكە يۈرۈش قىلىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى، لېكىن قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى ئەھمەد ئارسلانخاننىڭ قايتۇرما زەربىسىگە ئۇچرىدى. شىددەتلىك جەڭ قىلىش ئارقىلىق، بۇ تارماق قوشۇن تارمار قىلىنىپ،

سەردارى ئۆلتۈرۈلدى.

يالluغ تاشىن ئۆزى بىر تارماق قوشۇننى باشلاپ، قىرغىزلار رايونىدىن ئۆتۈپ ئېمىل (هازىرقى دۆربىلجىن ناھىيىسى تەۋەسىدە) غا كىردى، ئۇ بۇ يەردە چوڭ بارگاھ قۇردى. ئۇلار بۇ يەردە بەزى كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئادەم سانى 40 مىڭ چېدىرغا كۆپەيدى. ئۇزاق ئۆتمەي يالluغ تاشىن خان دەپ ئاتىلىپ، نامى «گۇرخان» (تەڭدىشى يوق دېگەن مەنىدە) بولدى، شۇنىڭ بىلەن قىتان خانلىقى (西辽) غەربىي لياۋ رەسمىي قۇرۇلدى.

دەل مۇشۇ چاغدا دۆلىتىدىكى توپىلاڭ دەستىدىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى ئىبراھىم خان بالاساغۇندىن ئېمىلغا ئەلچى ئەۋەتىپ، يالluغ تاشىندىن قوشۇن ئەۋەتىپ سۇلالىدىكى توپىلاڭلارنى باستۇرۇشقا ياردەملىشىشنى ئۆتۈندى. جۇۋەينى «تارىخى جاھان كۇشاي» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىبراھىم خان گۇرخان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ كۆچكەنلىكى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئادەم سانىنىڭ كۆپلىكىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئۇلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى، قاڭقىللار بىلەن قارلۇقلارنىڭ كۈچىيىپ كەتكەنلىكى ۋە مەككارلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ئاستانىسىگە بېرىشنى ئۆتۈندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممە زېمىنىنى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا قويۇپ، ئۆزىنى بۇ پانىي ئالەمنىڭ ئازابلىرىدىن قۇتۇلدۇرماقچى بولدى»[①] يالluغ تاشىن تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، دەرھال ئاساسىي كۈچىنى باشلاپ بالاساغۇنغا باردى. ئەمما ئۇ ئىبراھىمنىڭ خانلىق نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا «ئىلىك تۈركمەن» دېگەن نامنى بەردى ھەمدە بالاساغۇننى

---

① جۇۋەينى: «تارىخى جاھان كۇشاي»، (خې گاۋجى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى)، 1 ـ كىتاب، 417 ـ 418 ـ بەتلەر، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل نەشرى.

ئاستانە قىلىپ، ھېچقانچە كۆچىمەيلا بۇ شەھەرنى ئىگىلىدى.
ياللۇغ تاشىن بالاساغۇنغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ «ساغانە» ناملىق نازارەتچى ئەمەلدارىنى چىيەنچيەن ئايمىقى (يېنسەي دەرياسى ۋادىسى، قىرغىزلار تۇرىدىغان جاي) دىن ئىسسىق كۆلگىچە، ئىلى دەرياسىدىن تالاس دەرياسىغىچە بولغان ھەرقايسى جايلارغا ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىكى قاڭقىل خەلقىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. جۇۋەينى بۇ ھەقتە مۇنداق يازغان: «ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ پۇقرالىرى روناق تاپتى، ئۇلارنىڭ چارۋا ـ ماللىرى سەمرىدى، بۇ چاغدا ئۇ قاڭقىللارنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇندۇردى ھەمدە بىر تارماق قوشۇننى قەشقەر بىلەن ئۇدۇنغا ئەۋەتىپ، بۇ رايونلارنىمۇ بويسۇندۇردى».
شۇنداق قىلىپ، شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى پۈتۈنلەي قىتانلارنىڭ خانى گۇرخاننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. لېكىن، ياللۇغ تاشىن قاراخانىيلار سۇلالىسىنى مۇنقەرز قىلىۋەتمىدى، بەلكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆپ قىسىم رايونىغا داۋاملىق ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ئىمكانىيەت بېرىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ بېقىندى دۆلىتىگە ئايلاندۇردى. قىتان خانى گۇرخان مېتروپولىيە بولدى.
ياللۇغ تاشىن غەربكە يۈرۈش قىلىشتىن ئىلگىرىلا، شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى زېمىنىدا قىتانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇلار شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىگە ھەسەن بۇغراخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (مىلادىيە 1074 — 1102 ـ يىللار) دە يەتتە سۇ رايونىغا كۆچۈپ بارغانلار بولۇپ، 16 مىڭ چېدىردەك ئادەم ئىدى. ھەسەن بۇغراخان II بۇ قىتانلارنى شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ چېگرا قوۋۇقلىرىنى ساقلاشقا ئەۋەتكەن ھەمدە ئۇلارغا ھەق سۈپىتىدە بەلگىلىك دەرىجىدە يەر ۋە تەمىنات پۇلى تەقسىم قىلىپ بەرگەن. مۇسۇلمان تارىخ ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، ھەسەن بۇغراخان II بۇ كۆچمەنلەرنى ئىسلام

دىنىغا بەيئەت قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن رەت قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ خان دائىم ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان، ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ - تالىغان، بۇ قىتانلار قاراخانىيلار خانىغا ھەم ئۆچ ئىدى، ھەم ئۇنىڭدىن قورقاتتى. شۇڭا، گۈرخان چوڭ قوشۇن باشلاپ يەتتە سۇ رايونىغا كەلگەندە، ئۇلار دەرھال ئاۋاز قوشۇپ ئۇنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلغاچقا، قىتانلارنىڭ قوشۇنى بىر ھەسسە كۆپەيدى. ئارقىدىنلا ئۇلار قىتانلار قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە قەشقەرنى بويسۇندۇردى.

قىتانلار قوشۇنى شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنى بويسۇندۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ماۋرائۇننەھر رايونىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. مىلادىيە 1137 - يىلى قىتانلار قوشۇنى پەرغانە رايونىغا كىرىپ، خۇجەندتە غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ چوڭ خانى مەھمۇد بىن مۇھەممەدنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ خان قورققىنىدىن سەمەرقەنتكە قېچىپ كەتتى. بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەت سەمەرقەنتنىڭ ھەممە يېرىنى قورقۇنچ ئىچىگە سېلىپ قويىدى. ئىبىن ئەل ئاشىر «تارىخى ئومۇمىيە» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ: «بۇ قېتىمقى ۋەقە ئۇنىڭ ئاھالىلىرىنى قاتتىق چۆچۈتمۈەتتى، ۋەھىمە ۋە غەم - قايغۇ ئېغىرلاشتى، خالايىق ئەتىگەن ياكى كەچتىكى ئاپەت (نىڭ كېلىشى) نى كۈتۈشكە باشلىدى. بۇخارا ۋە ماۋرائۇننەھرنىڭ باشقا شەھەرلىرىدىكى ئاھالىلەرمۇ شۇنداق بولدى». ئەمما قىتانلار قوشۇنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىمەي، پەرغانە رايونىدا بارگاھ قۇرۇپ تۇرۇپ قالدى.

مىلادىيە 1141 - يىلى ماۋرائۇننەھر رايونىدا قاراخانىيلار ھاكىمىيىتى بىلەن قارلۇقلارنىڭ توقۇنۇشى يۈز بەردى، چوڭ خان مەھمۇد ئۆزىنىڭ مېتروپولىيىسى سالجۇقىيلار سۇلتانى سانجاردىن ياردەم تەلەپ قىلدى. سانجار شۇ يىلى 7 - ئايدا ئۆزى

100 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قارلۇقلارغا ھۇجۇم قىلدى. قارلۇقلار ئالدىراپ - تېنەپ قىتانلاردىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ياللۇغ تاشىن قۇتقۇزۇش تەلىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سەمەرقەنتتە ئورۇنلاشقان سانجارغا خەت يېزىپ، قارلۇقلارغا ۋاكالىتەن ئەپۇ سورىدى. سانجار ئەپۇنى قوبۇل قىلمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ياللۇغ تاشىندىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى يولسىزلارچە تەلەپ قىلدى، تېخى قورالliq تەھدىت سېلىپ، ئۆزىنىڭ قوشۇنىنىڭ قانچىلىك زورلۇقى، قورال - ياراغلىرىنىڭ قانداق خىللىقى قاتارلىقلارنى ئېيتتى. ياللۇغ تاشىن سانجارنىڭ تەكەببۇرلۇقىدىن غەزەپلىنىپ، جەڭگە تەييارلىق قىلىپ، سانجارغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى. ئۇ تۈرك، خەنزۇ ۋە قىتانلاردىن تەشكىللەنگەن بىر چوڭ قوشۇننى يىغىپ، ماۋرائۇننەھر رايونىغا يۈرۈش قىلدى. 9 - ئايدا قىتانلار قوشۇنى سانجار قوماندانلىقىدىكى سالجۇقىيلار خانلىقى بىلەن غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى بىلەن سەمەرقەنتنىڭ شىمالىدىكى كاتىۋان يايلىقىدا تارىختا مەشھۇر بولغان — كاتىۋان يايلاق جېڭىنى قىلدى. بۇ قېتىمقى جەڭ توغرۇلۇق «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دا مۇنداق مەلۇمات قالدۇرۇلغان: «(ياللۇغ تاشىن) سەمەرقەنت، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەردىن 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ، خۇراسانغا جەڭ قىلغىلى كەلدى. ئىككى قوشۇن ئىككى چاقىرىم ئارىلىقتا ئۆزئارا قارىشىپ تۇردى. (ياللۇغ تاشىن) ئەسكەر، سەرۋازلىرىغا مۇنداق دېدى: قارشى تەرەپنىڭ قوشۇنى گەرچە كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ھىيلە - مىكرىسى يوقكەن، بىز ئۇلارغا ھۇجۇم قىلساق، ئۇلارنىڭ قوشۇنى پاتىپاراق بولۇپ كېتىدۇ. بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم يېڭىدۇ. ئۇ ئالتە مەھكىمە بېگى سۇغانالىلارنى 2500 ئەسكەرنى باشلاپ دۈشمەننىڭ ئوڭ تەرىپىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى؛ زوراغالىق

مەھكىمىسىنىڭ ئورۇنباسارى سۇلائىبۇ ۋە ياللۇغ شۇشۇ قاتارلىقلارنى 2500 ئەسكەر بىلەن دۇشمەننىڭ سول تەرىپىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى؛ ئۆزى كۆپچىلىكنى باشلاپ دۇشمەننىڭ ئوتتۇرىسىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۈچ قوشۇن تەڭلا ھۇجۇم قىلغاچقا، دۇشمەنلەر خۇراساندا مەغلۇپ بولۇپ، جەسەتلەر نەچچە ئون چاقىرىمغىچە دۆۋىلىنىپ كەتتى. سەمەرقەنتكە ئورۇنلىشىپ 19 كۈن بولغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ خانى تەسلىم بولغىلى كەلدى، يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن سوۋغا تەقدىم قىلدى»[①]. ئىبن ئەل ئاشىرنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ھەققىدىكى بايانى تېخىمۇ تەپسىلىي بولۇپ، ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىنىدا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ جەڭ بولۇپ باقمىغان، خۇراساندىمۇ بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئۆلۈم ـ يېتىم بولۇپ باقمىغان». ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇندىن «100 مىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈلدى» دەيدۇ. لېكىن، ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ قېتىمقى ھەل قىلغۇچ جەڭدە مۇسۇلمانلاردىن 30 مىڭدەك ئادەم قازا قىلغان[②]. سۇلتان سانجارنىڭ خوتۇنى، بىرلەشمە قوشۇننىڭ ئاساسلىق سەرۋازلىرى ھەمدە سەمەرقەنتلىك مەشھۇر ئىسلام ئۆلىماسى خۇسام ئۆمەر ۋە نۇرغۇن تۆرە ـ غۇجىلار قىتانلار تەرىپىدىن ئەسىرگە چۈشتى. سانجار بىلەن مەھمۇدخان تېرمىزغا قېچىپ كەتتى.

كاتىۋان جېڭىدىن كېيىن ياللۇغ تاشىن سەمەرقەنت بىلەن بۇخارانى ئىگىلىدى. ئارقىدىنلا يەنە خارەزم دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، خارەزم شاھىنى بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قىتانلار ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. شەرقىي، غەربىي قاراخانىيلار خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر

---

① «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى سېلىشتۇرما نۇسخىسى، 356 ـ بەت.

② ۋ. بارتولد: «بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى»، 1 ـ جىلد، 389 ـ بەت، «موڭغۇللار ئىستېلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان»، موسكۋا، 1963 ـ يىل نەشرى.

خانلىقى، خارەزىم دۆلىتى قىتانلار خانى گۆرخاننىڭ قارام دۆلىتىگە ئايلاندى. قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانى غەربىي قاراخانىيلارغا مۇئامىلە قىلىشتا، شەرقىي قاراخانىيلارغا مۇئامىلە قىلغان چاغدىكىدەك ئوخشاش ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى يوقىتىۋەتمەي، ئۇنى داۋاملىق تۇردە ماۋرائۇننەھر رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇزدى، ئۆزى بولسا مېتروپولوگىيىلىك ئورنى بىلەن ئۇلاردىن ئالىدىغان باج - سېلىقلاردىن قانائەتلەندى. ياللۇغ تاشىن قېچىپ كەتكەن مەھمۇدخاننى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئىنىسى تابغاچ ئىبراھىم بىن مۇھەممەدنى قاراخان قىلىپ تىكلىدى. ئۇ يەنە بۇخارالىق ئىسلام دىنىي ئۆلىماسى خۇسام ئۆمەرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ، ئالىپ تېكىننى بۇخارانىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەيىنلىدى.

قىتانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان زېمىن كەڭ، مىللەتلەر كۆپ بولۇپ، گۆرخاننىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى سۇيۇرغاللىق يەرلەردىن ئىلى، يەتتە سۇنىڭ جەنۇبى ۋە سىر دەياسىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىلا بار ئىدى. باشقا رايونلار بېقىندىلىق مۇناسىۋەت شەكلىدە ئەسلىدىكى ھاكىمىيەتلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى. بۇ خىل بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىدە بىرىنچىدىن، قىتانلار ئەمەلدارلار ئەۋەتىپ قەرەللىك ھالدا باج - سېلىق ئالاتتى؛ ئىككىنچىدىن، ھەرقايسى خانلىق ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ۋاكالەتچىلىرى قىتان ھۆكۈمدارىغا ۋاكالىتەن باج - سېلىق يىغاتتى. مەسىلەن، بۇخارانىڭ ئىسلام سەردارى مەلۇم بىر دەۋردە روھانىي ۋە كىببارىي ھوقۇقلارنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈۋالغان بولۇپ، قىتانلار ئۇچۇن ئۆزى باج - سېلىق يىغىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن. قىتانلار ھەرقايسى بېقىندى ئەللەرگە گەرچە دائىمىي تۇرۇشلۇق ئەمەلدارلارنى ياكى ۋاقىتلىق ئەمەلدارلارنى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاساسلىق ئەھۋاللارنى نازارەت قىلىشقا ۋە باج - سېلىق يىغىشقىلا مەسئۇل

ئىدى، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئادەتتە ئارىلاشمايتتى.

قىتانلار زېمىنىدىكى دىنىي ئېتىقاد بىرقەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئىسلام دىنىدىن باشقا، يەنە بۇددا دىنى، نېستورىئان دىنى، مانى دىنى، زوروئاستېر دىنى، يەھۇدى دىنى، شامان دىنى قاتارلىقلار بار ئىدى. ئىسلام دىنى قىتانلار زېمىنىدىكى ئاساسلىق دىن ئىدى. ھۆكۈمران مىللەت بولغان قىتانلار ئاساسلىقى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. قىتانلار ھاكىمىيىتى بولسا ئاساسىي جەھەتتىن ئىسلام دىنىي رايونىدا قۇرۇلغان غەيرىي ئىسلام ھاكىمىيىتى ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت نازۇكلىشىپ كەتكەن ھەم مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، قىتان ھۆكۈمرانلىرى ھەرخىل دىنلارغا مۇئامىلە قىلىشتا ھەرقايسى خانلىقلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك، كەڭچىلىك قىلىش پوزىتسىيىسىنى قوللانغان بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىمىغان. بۇ خىل كەڭچىلىك قىلىش پوزىتسىيىسى كەڭ ئىسلام مۇرىتلىرىنىڭ، بولۇپمۇ يۇقىرى تەبىقە دىنىي زاتلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئىماملار ھەرقايسى جايلاردىكى مەسچىتلەردە قىتان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نامىدا قۇتبە ئوقۇغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىسمىنى «ئاللا» ۋە «پەيغەمبەر» بىلەن باغلىغان. ئىماملار تېخى قىتانلار خانى گۈرخان ئۇچۇن باج ـ سېلىقلارنى نازارەت قىلىپ يىغقان، خەلقنىڭ ئەھۋالىنى نازارەت قىلغان، ئامانلىقنى ساقلىغان. مۇسۇلمان تارىخچىلىرى، 1 ـ ، 2 ـ ئەۋلاد گۈرخانلار ئادىل ئىدى، دەپ ماختىشىدۇ. خارەزم شاھى ماۋرائۇننەھر رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدا (مىلادىيە 1206 ـ يىلى) ماۋرائۇننەھردىكى مۇسۇلمانلار، «كاپىر» قىتانلارنىڭ ئۆزلىرى

ئۈستىدىن قىلغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ، ھەتتا «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىستىقلالى» خارەزم شاھىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى تېزلا ھېس قىلىشقان[①]. قىتانلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، مۇسۇلمانلار تېخى ئوردا، مەھكىمىلەرگە كىرىپ، يۇغۇرۇش (ۋەزىرگە تەڭ مەنسەپ) تىن ئىبارەت مۇشۇنداق ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان[②]. لېكىن، قىتانلار ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدىلا مىللىي زىددىيەت بىلەن سىنىپىي زىددىيەت يەنىلا ئىنتايىن ئۆتكۈر ئىدى. قىتان ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ھەرقايسى قارام ئەللەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرغاچقا، دائىم قان تۆكۈلۈشلەر بولۇپ تۇراتتى؛ مۇسۇلمان ئەمگەكچى ئاممىسى دائىم قىتان ھۆكۈمرانلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ ۋاكالەتچىسى بولغان شاۋكېملارغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مىلادىيە 1206 - يىلى بۇخارادا ھۈنەرۋەن مالىك سانجار يېتەكچىلىكىدىكى يۇقرالار قوزغىلىڭى پارتلاپ، كۈرەشنىڭ تىغ ئۇچى بىۋاسىتە گۈرخان بىلەن سادىراغا قارىتىلدى، قوزغىلاڭ خارەزم شاھى مۇھەممەد تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلدى.

قىتانلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋردە سۇلالىدە زىددىيەتلەر كەسكىنلىشىپ، ئۇرۇش ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇردى. گۈرخان ھىلاكۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (مىلادىيە 1178 — 1211 - يىللىرى) دە، ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى بارغانسېرى چىرىكلىشىپ، ھەرقايسى قارام ئەللەردىن ئالىدىغان باج - سېلىقلارنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىۋەتكەچكە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى ئېغىرلىشىپ كەتتى. ھەرقايسى قارام

---

① غايۇرزوف: «ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىكلىرى تارىخى»، 248 - بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى، (خەنزۇچە).

② ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، 135 - بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 - يىلى نەشرى، (خەنزۇچە).

ئەللەرگە دائىمىي تۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن شاۋكەم (شاھنا) ھوقۇق كۈچىگە تايىنىپ ئۆزلىرى بىلگىنىچە ئىش قىلىپ، ئەيش - ئىشرەت ۋە كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ، ئۆزلىرىنى ئىنانچى خانلاردىن ئۈستۈن چاغلىدى. «تارىخى جاھان كۇشاي» دېگەن ئەسەردە، ئىدىقۇت خانلىقىغا دائىمىي تۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن بىر شاۋكېمنىڭ ئەھۋالى بايا قىلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشقا باشلاپ، ئىدىقۇت ۋە ئۇنىڭ سەرۋەزلىرىنى ھاقارەتلەيدىغان بولۇۋالدى، شۇڭا ئۇ خوجا - تۆرىلەر ۋە ئاۋام پۇقرالارنىڭ ئورتاق نەپرەتلىنىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلاندى»①. ھەرقايسى قارام ئەللەر بىلەن قىتان ھۆكۈمرانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈنسايىن ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇلار قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، مېتروپولىيىلىك مۇناسىۋەتنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىشىدىغان بولدى.

قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى خارابلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەندە، مىلادىيە XIII ئەسىرنىڭ بېشىدا چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل دۆلىتى بىردىنلا باش كۆتۈردى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ئاۋۋال قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، چىڭگىزخاننىڭ ھىمايىچى دۆلىتىگە ئايلاندى. ئاخىرىدا شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىلا قالدى. ئەسلىدە شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىدىمۇ مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان كۈرەش يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن قاراخان مۇھەممەد جىرغۇ تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنىپ قامالغاچقا، بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمىغان.

بۇ ۋاقىتتا چىڭگىزخان تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغان نايمان

---

① جۇۋەينى: «تارىخى جاھان كۇشاي»، (خەنزۇچە تەرجىمىسى) 1 - كىتاب، 49 - بەت، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى.

قەبىلىسىنىڭ خانزادىسى كۈچلۈك قىتانلار زېمىنىغا قېچىپ باردى. مىلادىيە 1208 ـ يىلى ئۇ جىرغۇنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئىززەت ـ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. جىرغۇ ئۆزىنىڭ قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالدى ھەم ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئىشەندى. خارەزم شاھى مۇھەممەد بىلەن باشقا ھەرقايسى ئەللەرنىڭ شاھلىرى بىرلىكتە ئەسكەر چىقىرىپ قىتانلارغا قارشى تۇرغان چاغدا، مۇھەممەد كۈچلۈك بىلەن يوشۇرۇن ئالاقە باغلاپ، ئۇنى گۇرخاندىن يۈز ئۆرۈشكە ئازدۇردى. كۈچلۈك گۇرخانىنىڭ ئورنىنىڭ خەتەر ئىچىدە قالغانلىقىنى كۆرۈپ، «يېتىم ۋە مۇشكۇل ئەھۋالدا قالغان گۇرخاندىن يۈز ئۆرىدى»①. ئۇ كونا قەبىلىلەرنى يىغىپ گۇرخانىنى قوللاش باھانىسى بىلەن جىلۇگۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋالدى، جىرغۇ ئۇنىڭ ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ قوشۇن توپلىشىغا رۇخسەت قىلدى. ئۇ ئادەم سانى كۆپ بولغان بىر قوشۇن توپلاپ بولۇپلا، گۇرخانغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ئۆزكەنت (پەرغانە ئويمانلىقىدا) نى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى، ئاندىن بالاساغۇنغا ھۇجۇم قىلىۋىدى، قىتانلار قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولدى.

مىلادىيە 1211 ـ يىلى خارەزم بىلەن قىتانلار قوشۇنى تالاستا شىددەتلىك جەڭ قىلىشتى. ئىككىلا تەرەپ قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرگەندىن كېيىن، قىتانلار قوشۇنى بالاساغۇنغا قايتقان چاغدا، ئاھالىلەر سېپىل دەرۋازىسىنى چىڭ تاقىۋېلىپ ئۇلارنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى. قىتانلار قوشۇنى شۇنىڭ بىلەن سېپىل دەرۋازىسىنى ھۇجۇم قىلىپ بۇزۇپ، سېپىل ئىچىدىكى

---

① راشىدىن: «جەمشىيىت ۋارىخ» (خەنزۇچە تەرجىمىسى)، 1 ـ كىتاب، 2 ـ قىسىم، 250 ـ بەت، شاڭخەي نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.

ئاھالىلەرنى قىرغىن قىلدى ھەمدە تەلۋىلەرچە تالان ـ تاراج قىلدى. بۇ ئىش سەرۋازلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغاچقا، ئۇلار ئۆز لەشكەرلىرىنى ئېلىپ چېكىنىپ كەتتى. كۈچلۈك قىتانلار قوشۇنىنىڭ گۈرخاندىن ئايرىلغانلىق ئاخباراتىغا ئېرىشىپلا، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ «بۆلۈتتىن ئېتىلغان چاقماق كەبى گۈرخانغا ھۇجۇم قىلىپ، كۈتۈلمىگەندە ئۇنى تىرىك تۇتۇۋالدى»، گۈرخاننىڭ قوشۇنلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى ھەمدە ئىنتايىن يىراقلارغا كەتتى، شۇڭا باشقا ئامال بولمىغاچقا، ئۇ كۈچلۈككە قۇللۇق بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلاندى»[①] جىلۇگۇ ئەسىر ئېلىنغاندىن كېيىن، كۈچلۈك كۆرۈنۈشتە ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەپ، شاھىنشاھ دەپ ئىززەتلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆزى ئۇنىڭ نامىدا ھوقۇق يۈرگۈزۈپ، قىتان سۇلالىسىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى. مىلادىيە 1213 ـ يىلى جىلۇگۇ كېسەللىك سەۋەبىدىن قازا قىلدى.

كۈچلۈك ئەسلىدە نېستورىئان مۇرىتى ئىدى، قىتانلارنىڭ مەلىكىسىنى ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن، خوتۇنىنىڭ نەسىھىتى بىلەن بۇددا دىنىغا كىردى. ئۇ قىتان سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەكسىچە، ئىسلام دىنىغا دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىدە بولدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىلا، مۇسۇلمانلارنى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلاش ۋە مۇسۇلمانلارنى باستۇرۇش ۋەقەلىرى كۆپ قېتىم يۈز بەرگەنىدى. ئۇدۇندا ئۇ مۇسۇلمانلارنى نېستورىئان دىنىغا ياكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى قىتانلارنىڭ كىيىمىنى كىيىشكە مەجبۇرلىغان. مۇسۇلمانلارنىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ئۇچرىغاندىن

① جۇۋەينى: «تارىخى جاھان كۇشاي» 1 ـ قىسىم، 442 ـ بەت، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل نەشرى.

كېيىن، ئۇ ئىسلام مەدرىسەلىرىنى تاقىۋەتكەن ۋە چېقىۋەتكەن، مۇسۇلمانلارنى مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇشقا يول قويمىغان. شۇنداق بولسىمۇ مۇسۇلمانلار يەنىلا باش ئەگمىگەن. شۇنىڭ بىلەن كۈچلۈك ئۇدۇندىكى 3000 دىن ئارتۇق ئىمامنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۇلار بىلەن دىنىي مەسىلە ئۈستىدە بەس - مۇنازىرە قىلغان. شۇ يەردىكى نام - ئابرويلۇق ئىمام ئالاۋۇدىن مۇھەممەد دېگەن كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن بەس - مۇنازىرىلىشىپ، ئۇنى مات قىلىپ قويغان. كۈچلۈك شەرمەندە بولغانلىقىدىن غەزەپلىنىپ، ئىمام ئالاۋۇدىننى تۇتۇپ كېلىشكە يارلىق چۈشۈرگەن ھەمدە ئۇنى ئىسلام دىنىدىن ۋاز كېچىشكە قىستىغان. قاتتىق گەپلەر بىلەن رەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئالاۋۇدىنغا كىشەن ۋە كويزا سېلىنغان، ئۇ قاتتىق قىينالغان، ئەڭ ئاخىر ئۇ ئۆزى قۇرغان مەدرىسىنىڭ دەرۋازىسىغا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن①. قەشقەردە مۇسۇلمانلارنى باش ئەگدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ ھەر يىلى ھوسۇل يىغىش مەۋسۇمىدا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرىنى كۆيدۈرۈشكە قوشۇن ئەۋەتىپ، ئاھالىلەرنى ھوسۇل ئالغىلى قويمىغان، شۇنىڭ بىلەن ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، مۇسۇلمانلار نائىلاج ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنغان. ئۇ ھەر بىر مۇسۇلمان ئائىلىسىدە بىردىن لەشكەر تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى پايلاتقۇزغان، بۇ لەشكەرلەر باسقۇنچىلىق قىلىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان. كۈچلۈك تېخى ئالمالىق دۆلىتى (ھازىرقى ئىلى ۋىلايىتى) دىن بولغان ئىسلام دىنىي سەردارى ئوزانى ئەسىر

---

① جۇۋەينى: «تارىخى جاھان كۇشاي»، 1 - قىسىم، 81 — 84 - بەتلەر، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى.

ئالغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقى ھەر قايسى جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىغان.

مىلادىيە 1211 - يىلى كۈچلۈك تەرىپىدىن قاماقتا ئېلىنغان شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خانى مۇھەممەد بىن يۈسۈپنى قەشقەرگە كېتىشكە قويۇپ بەردى. قەشقەرنىڭ خوجا - تۆرىلىرى مۇھەممەدخاننى كۈچلۈكنىڭ يالاقچىسى دەپ قارىغاچقا، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى قارشى ئالمايتتى، شۇڭا ئۇ شەھەرگە كىرىشى بىلەنلا ئۇنى قەتلە قىلىپ، «سېپىل دەرۋازىسى ۋەقەسى» نى پەيدا قىلدى. بۇ ۋەقە شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھالاك بولغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

مىلادىيە 1212 - يىلى سەمەرقەنتتە خارەزم شاھىغا قارشى قوزغىلاڭ پارتلىدى، شاھ مۇھەممەد قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا دەرھال قوشۇن باشلاپ باردى. غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ چوڭ خانى ئوسمان قارشىلىق كۆرسىتىشكە كۈچ - مادارى يەتمەي، نائىلاج دەرۋازىنى ئېچىپ تەسلىم بولدى. شۇنداق قىلىپ غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسىمۇ خارەزم شاھىنىڭ قولىدا ھالاك بولدى. شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىلىرىنىڭ قاراخانىلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھالاك بولغۇچە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 370 يىلدىن ئارتۇق دەۋران سۈردى.

قاراخانىيلار سۇلالىسى زاۋال تاپقاندىن كېيىن، كۈچلۈك بىلەن خارەزم شاھىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئانچە ئۇزاققا بارمىدى.

مىلادىيە 1218 - يىلى چىڭگىزخان كۈچلۈكنى قوغلاپ تۇتۇشنى باھانە قىلىپ، چوڭ سانغۇن جەبە قوماندانلىقىدىكى قوشۇننى غەربكە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى. قەشقەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاممىنىڭ كۈچلۈككە بۇرۇندىنلا ئۆچمەنلىكى

بولغانلىقتىن ھەم جەبە شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، چىڭگىزخاننىڭ يارلىقى بويىچە، «ھەممە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەرىمەرۆپلىرىغا رىئايە قىلسا بولىدۇ»① دەپ ئوچۇق - ئاشكارا جاكارلىغانلىقتىن، موڭغۇللار قوشۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەنلا، قاتمۇقات زۇلۇمغا ئۇچرىغان مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. ئۇلار موڭغۇللار قوشۇنىنىڭ كۈچلۈكنى قوغلاپ قەتلە قىلىشىغا ئاكتىپ ماسلىشىپ، ئاخىر ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈردى. ئۇزاق ئۆتمەي چىڭگىزخان يەنە ئۆزى چوڭ قوشۇن باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، خارەزم ئېلىنى بېسىۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ شىنجاڭ بىلەن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى.

① جۇۋەينى: «تارىخى جاھان كۇشاي»، 1 - قىسىم، 74 - بەت، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى.

# ئۈچىنچى باب قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى

## 1. سىياسىي تۈزۈمى

قاراخانىيلار سۇلالىسى سىياسىي تۈزۈم جەھەتتە ئاساسەن ئۇيغۇر، ياغما، قارلۇق، ئوغۇز قاتارلىق تۈركىي تىللار سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئۆرپ - ئادىتىگە ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىسلام ئەللىرى، بولۇپمۇ سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى.

«قوش خاقانلىق تۈزۈم» قاراخانىيلار سۇلالىسى سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ «قوش خاقانلىق تۈزۈمى» ئۇيغۇر، ياغما ۋە قارلۇقلاردىن كەلگەن. ئەڭ دەسلەپتە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ «قوش خاقانى» — چوڭ خاقان ۋە مۇئاۋىن خاقانلاردىن ئىبارەت بولۇپ، چوڭ خاقان «ئارسلانخان» (شىر پادىشاھى)، مۇئاۋىن خاقان «بۇغراخان» (تۆگە پادىشاھى) دەپ ئاتالغان. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە، بولۇپمۇ شەرقىي ۋە غەربىي سۇلالىدىن كېيىن، كەسكىنرەك قىلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق چەك - چېگرىسى مەۋجۇت بولماي قالدى. خاقانلىق ئورۇن ئۈزلۈكسىز ئالمىشىپ تۇرغاچقا، بەزى چاغلاردا مۇئاۋىن خاقان چوڭ خاقان بولغان بولسىمۇ، يەنىلا «بۇغراخان» دېيىلدى. ھەتتا تېخىمۇ

تۆۋەن دەرىجىدىكى «ئېلىكخان» چوڭ خاقاننى ئاغدۇرۇپ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىنمۇ ئەسلىدىكى نامىنى ساقلاپ قالدى. ئالايلۇق، مىلادىيە 1059 - يىلى تەختكە ئولتۇرغان شەرقىي سۇلالىنىڭ خانى ئىبراھىم. بىن. مۇھەممەدخان — ھەسەن. بىن. سۇلايماننى ئۆزىگە مۇئاۋىن خان قىلىپ تەيىنلىگەن بولسىمۇ، ئۇ «ئارسلانخانخان» دەپ ئاتالغان. بۇناملار ئىچىدە «قاراخان»، «ئارسلانخان» دېگەن ئىسىملار ئۇيغۇر، قارلۇقلاردىن كەلگەن، «بۇغراخان» دېگەن ئىسىم ياغمالاردىن كەلگەن، «ئېلىكخان» بولسا ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ ئەڭ ئالىي نامىدۇر.

قاراخانىيلار سۇلالىسى كۆچمەن قوۋم تەرىپىدىن قۇرۇلغان ھاكىمىيەت بولغاچقا، كۆچمەن قوۋملارنىڭ ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىكى بەزى دىنىي، قانۇن - تۈزۈملىرى ساقلاپ ئېلىنغان، يەنە كېلىپ «ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ بەزى قاراشلىرى خۇسۇسىي قانۇن ساھەسىدە دۆلەتنىڭ قانۇن ساھەسىگە يۆتكەلگەن. دۆلەت پۈتكۈل خان جەمەتىنىڭ مۈلكى دەپ قارىلىپ، ئۇنى نۇرغۇن سۇيۇرغاللىق يەر قىلىپ بۆلۈۋەتكەن».① بۇنىڭ بىلەن بىر قەدەر سىستېمىلىق فېئوداللىق تەبىقە تۈزۈمى شەكىللەنگەن. «قوش خاقان» نىڭ ئاستىدا رەت - تەرتىپ بويىچە «ئىلىكخان»، تېكىن (شاھزادە)، ئېرلىن، سانغۇن، ئىنانچى، بەگ، قاتارلىقلار بار ئىدى. ئېسىلزادىلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلار قاتلىمىدىكى ئورنىغا باغلىق ئىدى. مۇشۇ مەرتىۋىدىكىلەرنىڭ ھۆرمەت نامىنىڭ كەينىگە ئۇچار قانات ۋە ھايۋانلارنىڭ ئىسمى قوشۇلۇپ، پەرقلەر تېخىمۇ ئېنىق ئايرىلاتتى. مەسىلەن، «بېلى» (بۆرە)، «توڭا» (يىلپىز)، «ياغان» (پىل)، «توغرۇل» (تازقارا)، «چاغرى» (بۇركۈت)

① ۋ. بارتولد: «بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى»، (رۇسچە) 1 - كىتاب، 330 - بەت، «موڭغۇللار ئىستېلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان»، موسكۋا، 1963 - يىل نەشرى.

ۋەھاكازالار. بەزى خاقانلارمۇ باشقاناملار بىلەن ئۆزىنى سۈپەتلىگەن. مەسىلەن، «قادىرخان» (ھەممىگە قادىرخان)، «بىلگەخان» (پاراسەتلىك خان)، «قىلىچخان»، «ئالىپ خان» قاتارلىقلار. بۇ ناملارنىڭ ھەممىسى قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئۇرۇقداشلىق قەبىلىلەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى، كۆچمەن تۇرمۇش ئەنئەنىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران قاراخان ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكى ئاقسۆڭەكلەردىن سىرت، قاراخانىيلار سۇلالىسى يەنە بىر قەدەر سىستېمىلىق ئوردا ۋە يەرلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئورناتقان. «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىق تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن ئوردا ۋە يەرلىكتىكى ئاساسلىق ئەمەلدارلار تۆۋەندىكىچە:

يۇغۇرۇش: ئاساسلىقى خاقاننىڭ ھوقۇقىنى قوغدايدۇ، خاقاننىڭ خانلىق تەختىنى مۇستەھكەملەشتە ئېغىر مەسئۇلىيىتى بار، خاقاننىڭ ئىچكى، تاشقى زور مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەملىشىدۇ. يۇغۇرۇش جەزمەن مەرتىۋىلىك ئائىلەردىن كېلىپ چىققان بولۇشى، ئىجتىھاتلىق، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە بىلىملىك بولۇشى، تەقۋادار مۇسۇلمان بولغان بولۇشى لازىم.

تايانغۇ ياكى ھاجىپ: (بۇيرۇق يەتكۈزگۈچى ۋەزىر)، بۇ قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە ئوردا ئەمەلدارى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئاساسلىقى خاقاننىڭ پەرمان، يارلىقىنى قول ئاستىدىكىلەرگە ئەينەن يەتكۈزۈش ھەمدە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ تەلىپى، خىزمىتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى خاقانغا ئەينەن مەلۇم قىلىش ئىدى. بۇيرۇق يەتكۈزگۈچى ۋەزىردە چوقۇم «خاقاننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپلا قالماي، پۇقرالارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش» قاتارلىق شەرتلەر ھازىرلانغان بولۇشى

كېرەك.

ئوردۇ باشى: ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئوردىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، ۋەزىرلەر كېڭىشى چاقىرىشقا مەسئۇل بولۇش قاتارلىقلار. سۇ باشى ياكى سانغۇن (قوشۇننىڭ باش قوماندانى، گېنېرال)، ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىش، دۆلەتنى قوغداش، تۇپىلاڭنى باستۇرۇش قاتارلىقلار. كېيىن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئالىي ھەربىي ئەمەلدارى سامانىيلار سۇلالىسىگە ئوخشاش «ئەمىر» دەپ ئاتالدى. ھەربىي ئەمەلدارلار جەزمەن تەدبىرلىك بولۇشى، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇشى لازىم.

ئاغچى (مالىيە ۋەزىرى): ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى دۆلەت خەزىنىسىنى باشقۇرۇش، ئۇ جەزمەن پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشى، ئەستايىدىل ـ ئىنچىكە بولۇشى، ماتېماتىكىنى پىششىق بىلگەن بولۇشى لازىم. يەنە كېلىپ سودىغا ماھىر بولۇپ، خەزىنىنى بېيىتىپ، خاقاننىڭ بارلىق راسخوتلىرىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

قاپۇغچى (ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى): ئۇنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى خاقان ۋە ئوردىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش، خاقانغا پۇت ـ قول بولۇش، خاقاننىڭ كۆز ـ قۇلىقى بولۇش. ئۇ جەزمەن مەرتىۋىلىك ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى، قابىلىيەتلىك بولۇشى، مول بىلىمگە ئىگە بولغان بولۇشى، كېلىشكەن بولۇشى، سەمىمىي ـ سادىق، چاققان، چەبدەس ھەم باتۇر بولۇشى لازىم.

ئەلمۇخى ياكى پۇتۇكچى (كاتىپ) ئۇنىڭ ۋەزىپىسى «خاقاننىڭ باياناتچىسى» بولۇپ، خاقان يۇغۇرۇش ۋە ھەر قايسى ۋەزىرلەر ئۈچۈن يارلىق، پەرمان ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى يېزىپ تەييارلاش. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئاپتورىنىڭ قارىشىچە،

پۈتۈكچى يۇغۇرۇشتىن قالسا ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە بولۇپ، «ئۇ دۆلەت ئىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ».

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇنۇلار بار:

«يابغۇ» ئۇ ئەسلىي قارلۇق قەبىلىسىنىڭ سەردارى بولۇپ، ئورنى مۇئاۋىن خان بىلەن تەڭ ئىدى، كېيىن يەرلىك ئەمەلدار بولۇپ قالغان.

«بۇيرۇق» مەھمۇد قەشقەرى ئۇنى «خانلىقنىڭ غوجىدارى» دەپ ئاتىغان، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى سوتچى بىلەن باراۋەر.

«تارخان» : يەرلىك ئەمەلدار.

«بەگ» : يەرلىك ئەمەلدار.

«تۇكسىن» : ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدار.

«چاۋۇش» : تەپتىش ئەمەلدارىغا باراۋەر.

«تۇزۇن» : يېزا باشلىقى.

«چوپان» : يېزا باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى:

«يالۋاچ» : بۇ خاقاننىڭ سىرتقى جايلاردا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرىدۇر.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى مەمۇرىيەت، ھەربىي ئىشلار ۋە دىنىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە مۆھۈر تۇزۇمىگە قاتتىق ئەمەل قىلغان. خاقاننىڭ پەرمانى «تارتۇق» ياكى «يارلىق» دەپ ئاتىلاتتى، مۆھۈر «توغراغ» دېيىلگەن؛ خاقاننىڭ قول ئاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ بۇيرۇقى «بۇيرۇق» دەپ ئاتالغان. «تامغا» تامغا دېيىلگەن، قازىلار بىر خىل مۆھۈر ۋە باشقا ئەمەلدارلارنىڭ تامغىسىدا جەزمەن ئۆزلىرىنىڭ ئىسىملىرى، ئەمىلى، مەرتىۋىسى قاتارلىقلار ئويۇلغان بولۇشى شەرت. تامغىلارنى ئۇ ناھايىتى ئىشەنچ قىلىدىغان پۈتۈكچىلەر ساقلايتتى ۋە ئىشلىتەتتى[①].

---

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 86 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىشلەتكەن تۇغى سىرىق رەڭلىك رەخت ياكى تاۋاردىن ياسالغانىدى. مەھمۇد قەشقەرى بۇ خىل رەڭ بەخت - سائادەتنىڭ سىمۋولىدۇر دەيدۇ. خاقان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى لەشكەر تارتىپ ئۇرۇشقا ئاتلانغاندا، پەرمان، يارلىق چۇشۇرگەندە ياكى چەت ئەلنىڭ باشلىقى ياكى ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلغاندا، قېشىدا دائىم توغ تۇتۇپ تۇرغان «تۇغچى» تۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا قوشۇنلار ئۇرۇشقا ئاتلانغاندا دائىم تاۋاردىن ياسالغان ئۇرۇش تۇغىنى كۆتۈرۈۋالاتتى، ئۇ «باتراك» دەپ ئاتىلاتتى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سىياسىي تۈزۈمىدىن قارىغاندا، ئاساسلىقى يەنىلا كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاكىمىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلمىسىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلمىغان. ئالايلۇق، سامانىيلار سۇلالىسىدە بىر خىل پوچتا ئەمەلدارلىق تۈزۈمى، يەنى «پوچتا دىۋان تۈزۈلمىسى» بار ئىدى، ھەرقايسى جايلاردىكى پوچتا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەھۋال ئىگىلەش ۋە ھەر قايسى جايلاردىكى ۋالىي، يەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات بىرىشتەك ئالاھىدە ۋەزىپىسى بار ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى ماۋرائۇننەھر رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، بۇ خىل تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. چۈنكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بۇ خىل تۈزۈم ئوردا ئەزالىرى ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ، دوستىنى يىراقلاشتۇرۇپ، دۈشمەننى خۇش قىلىدۇ، دەپ قارىغان. دېمەك، ئەينى چاغدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئالىي خاقانى بىلەن ئۆز جەمەتىدىكى ئەزالار ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن دەرىجىدە باراۋەرلىك مۇناسىۋەت ساقلاپ قېلىنغان[1].

---

[1] ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار سۇلالىسىگە دائىر ماتېرىياللار»، 77 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى.

## 2. مەمۇرىيەت بىلەن دىننىڭ مۇناسىۋىتى

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەسلەپ كۆچمەن چارۋىچى مىللەت قۇرغان فېئوداللىق ھاكىمىيەت ئىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سىياسىي تۈزۈمدىن قارىغاندا، قاراخانىيلار سۇلالىسى يەنىلا كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولغان ئۇرۇقداشلىق دىن - قانۇن قارىشىنى ئاز - تولا بولسىمۇ ساقلاپ كەلگەن ھەمدە بۇ خىل قاراشنى ئەڭ ئاخىرىغىچە ساقلاپ قالغان. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىگەندىن كېيىن، يەنە ماۋرائۇننەھر رايونىنىڭ ئىسلام دىنىي تۈزۈمىنى قىسمەن قوبۇل قىلغان. شۇڭا، قاراخانىيلار سۇلالىسى ھاكىمىيىتى ئىسلام دىنىي سۇلالىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان، يەنى دىندىن خالىي ئىسلام دىنىي سۇلالىسى ئىدى. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ مەمۇرىيەت بىلەن دىن بىرلەشكەن ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى: مەمۇرىي ھوقۇق بىلەن دىنىي ھوقۇق بىر گەۋدە قىلىنغان بولۇپ، دىنىي ھوقۇق مەمۇرىي ھوقۇقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دىن ئارقىلىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن، شۇ دەۋرىدىكى ئەرەب ئاbباسىيلار ئىمپېرىيىسى مۇشۇ خىلدىكى ھاكىمىيەت ئىدى. بىراق، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقى دىندىن خالىي ھۆكۈمرانلارنىڭ قولىدا بولۇپ، مەمۇرىيەت بىلەن دىن ئايرىۋېتىلگەن، مەمۇرىي ۋاستە ئارقىلىق دىننى باشقۇرغان، يۇقىرى قاتلامدىكى دىندارلار ھېچقاچان سىياسىي ھوقۇققا ئىگە بولغان ئەمەس، ئۇلار باشتىن - ئاخىر خاقان ھاكىمىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەن.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، هۆكۈمرانلار ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى مۇستەهكەملىگەن ۋە كېڭەيمىچىلىك قىلغان، ئىسلام دىنىنىڭ كېڭەيمىچىلىك خاھىشى يۇقىرى قاتلام دىندالارنىڭ ئارزۇسى ۋە مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلەتتى، شۇڭا بۇ چاغدا مەمۇرىيەت بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى بىر قەدەر ئىناق بولۇپ، ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن خوتەن ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي ئۇرۇش ئەۋجىگە چىقىپ، ئەلى ئارسلانخان شېھىت بولۇپ، ۋەزىيەت قاراخانىيلار سۇلالىسىگە پايدىسىز بولۇپ قالغاندا، بۇخارادىكى تۆت نەپەر دىنىي مۆتىۋەر (يەنى تۆت ئىمام) دەرهال 40 مىڭ مۇسۇلمان پىدائىينى تەشكىللەپ، يۈسۈپ قادىرخانغا ئەگىشىپ جەڭگە ئاتلىنىپ، ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە بۇرۇلۇش هاسىل قىلغان. بۇ تۆت نەپەر ئىمام ئۇرۇشتا شېھىت بولغاندىن كېيىن، يۈسۈپ قادىرخان قەشقەردىن چىرا ئۇرۇش مەيدانىغا يېتىپ كېلىپ، ئۇلار ئۈچۈن كاتتا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. تۇغانخان ئەھمەد ۋە يۈسۈپ قادىرخان زامانىسىدا، هۆكۈمرانلار مۇسۇلمانلارنىڭ هۆرمەتلىشى ۋە هىمايىسىگە ئېرىشكەن. بۇ ئىككى خان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپلا قالماي، ئىلىم ئەھلى ۋە دىنىي زاتلارنى هۆرمەتلىگەن، يۇقىرى قاتلام دىنىي مۆتىۋەرلەرنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلار بىلەن قويۇق ئالاقە باغلىغان. ئىسلام ئۆلىمالىرى تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشىپ، خاقانغا بولغان هىمايىسى ۋە ئىشەنچىسىنى بىلدۈرگەن. بۇ مەمۇرىيەت بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ناهايىتى ئىناق بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەلىكىدىكى ماۋرائۇننەهر رايونىنىڭ، يەنى غەربىي سۇلالىسىنىڭ ئەھۋالى شەرقىي سۇلالىنىڭ ئەھۋالىغا ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيتتى. ماۋرائۇننەهر

رايوندا سامانىيلار سۇلالىسىدىن ئىلگىرىلا ئىسلام دىنى ئومۇملىشىپ، سۈننى مەزھىپى ئىچىدىكى ھەنەفىيە مەزھىپى يېتەكچىلىك ئورۇنغا ئۆتكەن ھەمدە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغانىدى. سامانىيلار سۇلالىسىدە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار جەمئىيەتتە ناھايىتى زور رول ئوينىغانىدى. «ئىسلام دىنىنى ساھەسىنىڭ مۆتىۋەرى كېيىنكى سامانىيلار سۇلالىسىدە زور تەسىرگە ئىگە ئىدى»①. قاراخانىيلار سۇلالىسى ماۋەرائۇننەھر رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنى ئاقسۆڭەكلىرى يەنىلا ئۆز نۆۋىتىدە كۈچلۈك يۇقىرى قاتلام دىنى كۈچ بولۇپ قېلىۋەردى، چۈنكى سۇلالە ھاكىمىيىتى مۇئەييەن دەرىجىدە يۇقىرى قاتلام دىنى كۈچلەرنىڭ قوللىشىغا موھتاج ئىدى. گەنئەنىۋى سۈننى مەزھىپىدىكىلەردىن باشقا، سوپىزمنىڭ خەلق ئارىسىدىكى تەسىرى ئىنتايىن جەلىبكارلىققا ئىگە ئىدى. بۇ نۇقتا مىلادىيە 999 - يىلى ناسىر ئىلىكخاننىڭ ماۋرائۇننەھر رايونىنى ئەل قىلغان ۋاقتىدا تولۇق نامايان بولغان. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى بۇخاراغا بېسىپ بارغاندا، ئورتودوكساللارنىڭ «خاتىپ» (دىن تاقاتقۇچى) ى مېھرابقا چىقىپ، كىشىلەرنى سامانىيلار ھۆكۈمىتىنى قوللاشقا، تاجاۋۇزچىلار بىلەن كۈرەش قىلىشقا چاقىرغان. ئەمما، كىشىلەر ئۆزلىرى «فەقىھ» (قانۇنشۇناس) دەپ قارىغان «ئەۋلىيا» لار تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ئۇرۇشۇش ۋە ئۇرۇشماسلىقنىڭ «فەتىۋا» (پەتىۋا) سىنى سورىغان، «ئەۋلىيا» ئۇلارنى توسۇپ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سۇلالە» (قاراخانىيلارنى كۆرسىتىدۇ) دىن سەۋەبلىك سامانىيلار سۇلالىسى بىلەن تىركىشىپ قالغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇلار بىلەن جەڭ قىلغۇلۇق، ناۋادا بۇ دۇنيادىكى بايلىق ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇ ھالدا مۇسۇلمانلارنىڭ

① غاپۇروف: «تاجىكلار تارىخى»، (خەنزۇچە تەرجىمىسى) 63 - بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1958 - يىل نەشرى.

بىر - بىرىنى قىرىشقا يول قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇلار (قاراخانىيلارنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ناھايىتى ياخشى ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئېتىقادىغا شەك كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ. (شۇڭا)، ئەڭ ياخشىسى قارشىلىق قىلىشتىن ۋاز كېچىش كېرەك». [1]شۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى بۇخارانى ئوڭۇشلۇق ئىشغال قىلىپ، سامانىيلار سۇلالىسىنى يوقاتقان.

غەربىي سۇلالىنىڭ تۇنجى خانى ئىبراھىم بۇغراخان ماۋرائۇننەھر رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، مەخپىي ھالەتتە تۇرۇۋاتقان شىئە مەزھىپىدىكى ئىسمائىلىيە مەزھىپى ماۋرائۇننەھر رايونىدا شىئە مەزھىپىدىكى فاتىمە خانىدانلىقىنىڭ خەلىپىسى مۇستەھر (مىلادىيە 1036 — 1094 - يىللار) غا قەسەم بېرىپ، ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرۈش ھەرىكىتىنى قوزغىغان. ئىبراھىم بۇغراخان ئۆز تەۋەلىكىدىكى شىئەلەرنى بىر يولىلا يوقىتىش ئۈچۈن، شىئە مەزھىپىنى قوبۇل قىلغان بولۇۋېلىپ، ئۇلارنى بىخودلاشتۇرۇپ، ئاندىن ئۇشتۇمتۇت بۇخارادىكى شىئەلەرنى قىرىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەن ھەمدە باشقا شەھەرلەرگىمۇ ئوخشاش مەزمۇندا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

ئىبراھىم بۇغراخان مۆمىن مۇسۇلمان بولۇپ، سۈننىي مەزھىپىگە تەۋە ئىدى، سۈننىي مەزھىپىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەرنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ، ئۇ ھېچقانداق باج - سېلىقنى كۆپەيتمىگەنىكەن. بىر قېتىم بىر ئىمام ئۇنى خان بولۇشقا لايىق ئەمەس دېگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئۇ ئۆزىنى ئوردىغا قامىۋېلىپ، تەختىنى بوشىتىپ بەرمەكچى بولغان. كېيىن ئۇ سوپىزمنىڭ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى بىلەن

[1] ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار سۇلالىسىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللار»، 82 — 83 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى».

زىددىيەتلىشىپ قېلىپ، مەشھۇر شەيخ (سوپىزمنىڭ مۆتىۋىرى) ئىمام ئەبۇلقاسىم سەمەرقەنتنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بۇ ئىش سوپىزمچىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان. كېيىن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ناسىر تەختكە ئولتۇرىدىغان چاغدا، سوپىزمچىلارنىڭ ئاقساقىلى قاتتىق توسقۇنلۇق قىلغان ۋە قارشىلىق كۆرسەتكەن ھەمدە ناسىرنى سوپىزم يولىنى تۇتۇشقا قىستىغان. ناسىر ئۇلارغا بوي بەرمەي، ئىمام ئەبۇ ئىبراھىم ئىسمائىل بىن ئەبۇ ناسىر سوپىنى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇغان.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى مەزھىپىدىكىلەرنى قوللاش، غەيرىي ئورتودوكساللىرىغا زەربە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەت ئىچىدىكى ئوخشاش بولمىغان دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر ۋە مەمۇرىي ھوقۇق بىلەن دىنىي ھوقۇق ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى پەسەيتەلمەيلا قالماي، ئەكسىچە ئورتودوكسال يۇقىرى قاتلام كۈچلىرى تېزدىن تەرەققىي قىلىپ بارغانسېرى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، ھوقۇق تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان. بۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى نائىلاج ئىسلام دىنىي يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنى ۋەزىرلىككە تەيىنلەپ، دىنىي ساھەدىكىلەر بىلەن بولغان توقۇنۇشنى پەسەيتكەن. ئەھمەد . بىن. خىزىر تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا كۆنمەي، دىنىي يۇقىرى قاتلام بىلەن كەسكىن توقۇنۇشۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئەھمەدخان ئەڭ ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ ۋەزىر، سابىق ئىسلام قازىسى ئەھمەد بىن سۇلايمان ھەسەننى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق بەرگەن. بىراق، ئىسلام دىنىي ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۈچلۈك قايتۇرما ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. قازى ئەبۇ تاھىر بىن ئېركى ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، سىرتقى دۈشمەنلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئېزىلگۈچىلەر

نامىدىن سالجۇقىيلار سۇلتانى مالىكشاھنى لەشكەر چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ خانغا قارشى تۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلغان. مالىكشاھ مىلادىيە 1089 - يىلى بۇخارانى ئىشغال قىلىپ، ئەھمەدخاننى ئەسىرگە ئالغان ھەمدە ئۇنى ئىسفاھانغا يالاپ ئېلىپ كەتكەن. كېيىن مالىكشاھ ئۇنى ئازاد قىلىپ دۆلىتىگە قايتۇرغان ھەمدە خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەھمەدخان ئىراندا تۇرغان مەزگىللەردە شۇ يەردىكى زىندىق مەزھىپىدىكى دىرامىتچىلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغانمىش. شۇڭا، ئۇ دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەر ئىغۋا تارقىتىپ، ئۇنى «كاپىر» دەپ ئەيىبلەپ، ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولغان. مەھمۇدخاننىڭ ئورتودوكسال يۇقىرى قاتلامدىكىلەرگە زەربە بەرگەنلىكى، تەبىئىي ھالدا غەيرىي ئورتودوكسال دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن، بولۇپمۇ كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغان سوپىزمچىلار ئەھمەدخاننى ھىمايە قىلغان. شۇڭا، ئورتودوكسال يۇقىرى قاتلام ئاقساقاللىرى ئاما ئارىسىدا ئەھمەدخانغا قارشى كەيپىيات قوزغىيالماي، مالىمانچىلىق پەيدا قىلالمىغان. ئەمما، ئۇلار ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئارمىيىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەرنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلىگەن. شۇڭا، ئەھمەدخان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇشقا بارغاندا، قوماندانلار ئۇنى قولغا ئېلىپ، سەمەرقەنتكە يالاپ ئاپارغان.

مىلادىيە 1095 - يىلى ئىسلام دىنىي ساھەسىدىكىلەر سەمەرقەنتتە «دىنىي سوت» ئېچىپ، ئەھمەدخاننى «بىدئەتلىك ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان» دەپ ئەيىبلىگەن. ئەھمەدخان بۇ خىل ئەيىبنى قوبۇل قىلمىغان. ئاخىر ئۇنىڭغا يەنىلا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. بۇ كۈرەشتىن مەلۇمكى، ئىسلام ئورتودوكسال يۇقىرى قاتلىمى زور غەلىبىگە ئېرىشىپ، سۇلالە ھاكىمىيەت قاقشاتقۇچ زەربىگە ئۇچرىغان.

قاراخانىيلار سۇلالىسى سالجۇقىيلار سۇلتانىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىي يۇقىرى قاتلام كۈچلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تەرەققىي قىلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە كۆپلىگەن مال ـ مۈلۈك ۋە يەرلەرگە ئېرىشتى. مەسچىت ئىگىلىكى سۇلالە ئىقتىسادىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ، سىياسىي جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ هوقۇققا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلدى. غەربىي سۇلالىنىڭ خانى مۇھەممەد ئارسلانخان (مىلادىيە 1102 — 1130 ـ يىللار) سوپىزمنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا دوكسال يۇقىرى قاتلاملارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئەتەي «نىغايدپۇش» دەپ ئاتالغان سوپىزمچى شەيخ ھەسەن بىن يۇسۇپ بۇخارايى سامانىيغا يېقىنلاشقان، ھەتتا ئۇنى ئاتا دەپ ئاتىغان. بۇخارانىڭ دىنىي ئاقساقىلى ئەبۇ. ئىسھاق باش بولۇپ مۇھەممەد ئارسلانخانغا قارشى چىققاندا، سالجۇقىيلار سۇلتانى سانجار ئۆزىنىڭ قورچىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئارىلىشىپ، بۇ خەتەرلىك ئۇنسۇرنى مەجبۇرىي مەرۋىگە كۆچۈرۈۋەتكەن. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن مەمۇرىي هوقۇق بىلەن دىنىي هوقۇق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش پەسىيىپ قالمىغان. سەمەرقەنتنىڭ دىنىي ئاقساقىلى، ئۆزىنى ئەلىنىڭ ئەۋلادى دەۋالغان قازى ئەشرەپ باشچىلىقىدا ئارسلانخانغا قارشى يەنە بىر سۇيىقەستچى گۇرۇھ تەشكىللەنگەن. ئەشرەپ مۇھەممەد ئارسلانخان پايتەختتە بولمىغان چاغدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ مۇئاۋىن خانى ناسىرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئارسلانخان بۇ سۇيىقەستچى گۇرۇھنى تېزدىن تارمار قىلىپ، بۇ قازىنى قولغا ئالغان ھەمدە شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلغان. بىراق بۇ چاغدا خاننىڭ هوقۇقى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتكەن بولۇپ، دىنىي يۇقىرى قاتلامنىڭ هوقۇق تەمەسى بارغانسېرى كۈچەيگەن. ئاخىر دىنىي كۈچلەر كۈچلۈك بولغان بۇخارادا دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەت، يەنى

بىر ئەنئەنىۋى دىنىي جەمەت ھۆكۈمرانلىقىدىكى «ئاقسۆڭەكلەر شەھەر دۆلىتى» — بۇر خانلىقى پەيدا بولغان. بۇر خانلىقى نامدا قاراخانىيلار سۇلالىسىگە قاراشلىق بولغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل خانلىق ئىدى. بۇ خانلىقنىڭ ئاساسچىسى سالجۇقىيلار سۇلتانى سانجارنىڭ يېزىنىسى ئابدۇل ئەزىز بولۇپ، ئۇ ئەبۇ ئىسهاق مەرۋىگە مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا بۇخارانىڭ دىنىي داھىيسى بولغان. ئۇ سودىگەر ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ئىسلام يۇقىرى قاتلام مۆتىۋەرلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، «سادىر جاكان» دېگەن نامى بار ئىدى. بۇر خانلىقىنىڭ ئىسلام يۇقىرى قاتلام مۆتىۋەرلىرىنىڭ پۇقرالارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى قاراخانىيلار سۇلالىسىدىنمۇ بەكرەك قەبىھ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزۇن ئۆتمەي خەلق قوزغىلىڭى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغانىدى.

شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىگە ئىسلام دىنى بىر قەدەر كېيىنرەك تارقالغانلىقى ئۈچۈن، دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى يىلتىزى دېگەندەك چوڭقۇر بولمىغان، يەنە كېلىپ كۈچلۈك دىنىي يۇقىرى قاتلام كۈچلىرى تازا شەكىللىنىپ كېتەلمىگەچكە، شەرقىي سۇلالىدە مەمۇرىيەت ھوقۇقى بىلەن دىنىي ھوقۇقنىڭ زىددىيىتى دېگەندەك ئۆتكۈر بولمىغان، دىنىي يۇقىرى قاتلام مۆتىۋەرلىرى ئادەتتە سۇلالىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا بويسۇنغان. ئىسلام دىنىنىڭ راۋاجلىنىشى باشتىن ـ ئاخىر سۇلالە ھاكىمىيىتىگە تەھدىت پەيدا قىلمىغان، ئەكسىچە تېخى سۇلالە ھاكىمىيىتىنى ھىمايە قىلىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىنىي مەزھەپلەرنىڭ كۈرىشىمۇ مۇرەككەپ بولمىغان. سوپىزمنىڭ مۇئەييەن تەسىرى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئاساسەن خەلق ئىچىدىلا چەكلەنگەن.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە سوپىزمچىلار ئارىسىدىن بىر مەشھۇر ئىلاھشۇناس ۋە شائىر يېتىشىپ چىققان، ئۇ بولسىمۇ

ئەھمەد يەسسەۋىدۇر. ئۇ شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ چىگرىسى ئىچىدىكى سايرام (ئىسفىجاب) تا تۇغۇلغان. ياشلىق دەۋرىدە بۇخارادا ئوقۇپ، تۈركىي تىللار بويىچە سوپىستىك ئالىم ئارسلان بابادىن تەلىم ئالغان. ئۇ ئۆمۈر بويى سوپىزمنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىباب تۈركىي تىلدا شېئىر يېزىش ۋە دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتتىن بولغان ئەڭ مەشھۇر دانىشمەن دەپ نام ئالغان. كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ «ئاتا يەسسەۋى» دەپ ئاتىغان. ئۇ قۇرغان سوپىزم دىن تارقىتىش ئۆمىكى يەسسەۋى — دىن تارقىتىش ئۆمىكى دەپ ئاتالغان، ئۇ مىلادىيە XII ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان سوپىزم مەزھىپىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، نەچچە ئون خىل ئەسىرى تەۋەررۇك بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى «پاراسەتنامە» مەشھۇر دىنىي تۈس ئالغان پەندى ـ نەسىھەت خاراكتېرلىك شېئىرلار توپلىمىدۇر.① ئۇ سوپىزمنى تارقىتىش بىلەن بىرگە، سوپىزمنىڭ بەزى قائىدىلىرى ۋە ئەقىدىلىرىگە قارىتا ئىسلاھ يۈرگۈزۈپ، مۇرەككەپ قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئاددىيلاشتۇرغان ھەمدە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ بەزى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قوبۇل قىلغانلىقتىن، ئۇ قۇرغان يەسسەۋى دىن تارقىتىش ئۆمىكى روشەن «تۈركلىشىش» خاسىيىتىگە ئىگە ئىدى. يەسسەۋى دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ دىنىي ئەقىدىسىنىڭ نېگىزى پەرھىز تۇتۇش ۋە شۈكۈر قىلىش ئىدى. بۇ دۇنيادىكى بايلىق ۋە نام ـ ئاتاقتىن ۋاز كېچىپ، قەلب پاكلىقىنى قوغدىشىنى، تەركىدۇنيالىقنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇ توپتىن ئايرىلىپ

① «جۇڭگو ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 52 ـ بەت، سىچۇەن لۇغەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىل نەشرى.

تەركىدۇنيا بولغانلىقى «ئاللانى تونۇش»، «ئاللاغا يېقىنلىشىش»، «ئۆزىنى ئۇنتۇش» مەنزىلىگە يەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە مۇرىتلىرىنى شۇكۇر - قانائەت قىلىشقا، سەبىر - تاقەتلىك بولۇشقا، قەيسەر - غەيرەتلىك بولۇشقا ئۈندىگەن. يۇقىرىقى دىنىي قائىدىلەر ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ئىدى. شۇڭا، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى مەزكۇر دىنىي مەزھەپنى زور كۈچ بىلەن قوللىغان ھەمدە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ دىنىي تەلىماتى مىلادىيە XII — XIV ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام دىنىدا يېتەكچىلىك ئورۇندىكى ئىدىيۋى ئېقىمغا ئايلانغان.

يەسسەۋى ھىجرىيە 562 - يىلى (مىلادىيە 1162 — 1167 - يىللار) ۋاپات بولغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن يەسسەۋى شەھىرى (ھازىرقى قازاقىستاننىڭ تۈركىستان شەھىرى) گە دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ قەبرىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام دىنىنىڭ مەشھۇر تاۋاپگاھىغا ئايلانغان. كېيىن (مىلادىيە XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا) تېمۇر ئۇنىڭ قەبرىسىنى كەڭ كۆلەمدە رېمونت قىلغان ھەمدە يەسسەۋى تەلىماتىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلغانىدى.

## 3. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىقتىسادى يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. سۇلالىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى مەركىزىي رايونلاردا يېزا ئىگىلىك گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. شەرقىي سۇلالىدىكى قەشقەر، خوتەن، يەكەن، ئاقسۇ ۋە پەرغانە

ئويمانلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى، يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان بوستانلىقلاردۇر. دېھقانلار بۇغداي، كېۋەز، ئارپا، قوناق، كۆممىقوناق، پۇرچاق، شۇنىڭدەك باشقا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى تېرىغاندىن سىرت، يەنە مېۋە - چېۋە، ئوتياش قاتارلىقلارنى تېرىغان. باغۋەنچىلىك ئىشلىرىمۇ بۇ رايونلاردا ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. پىلىچىلىك ئىشلىرىمۇ بۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان بولۇپ، يىپەكتىن توقۇلغان تاۋار - دۇردۇنلارنى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكىلەر «ئۇيغۇر دۇردۇنى» ۋە «غەرب دۇردۇنى» دەپ ئاتىغان، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سۇڭ سۇلالىسىگە قىلغان سوۋغاتلىرى ئىچىدە يەرلىك تاۋار - دۇردۇنلارمۇ بار ئىدى. بۇ جايلاردا ئىشلەپ چىقىرىلغان پاختىلارنىڭمۇ سۈپىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، «تەتىللا» ، «دارايى» لىرى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتە داڭق چىقارغان، ئۇمۇ سوۋغات سۈپىتىدە سۇڭ سۇلالىسىگە تارتۇقلانغانىدى.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا، ئىش تەقسىماتى تېخىمۇ ئېنىق بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ساھەلەر كەسپىلىشىشكە باشلىغان. شۇڭا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆزئارا ياردەملىشىشتەك ھەمكارلىق شەكلى بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «پاختىمزارلىق» ، «پاختىكارلار» دېگەندەك مەخسۇس ئاتالغۇلار بار بولۇپ، بۇ ئەينى چاغدا پاختا تېرىش ئىشلىرىنىڭ كەسپىلەشكەنلىكىنى، پاختىكارلار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئادەم كۈچى ياكى ھايۋان كۈچىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ مەشغۇلات ئېلىپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دېھقانچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشى سۇچىلىق ۋە سۇغىرىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شەرقىي سۇلالىنىڭ تەۋەلىكىدىكى يۇرۇڭقاش دەرياسى، قاراقاش دەرياسى، زەرەپشان دەرياسى، قەشقەر دەرياسى ۋە ئاقسۇ دەرياسىنىڭ

ھەممىسىدە بەزى بىر قەدەر چوڭ سۇ ئىنشائاتلىرى بار ئىدى. بۇ سۇ ئىنشائاتلىرى ۋە بىر يۈرۈش سۇغىرىش سىستېمىلىرى ھەر قايسى بوستانلىقلاردىكى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئېتىزلىرىنىڭ سۇغىرىلىشىغا، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ سۇ ئىستېمال قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغان. سۇ ئىنشائاتلىرىنى ھۆكۈمەت تەرەپ بىر تۇتاش باشقۇراتتى، ھۆكۈمەت مەخسۇس سۇ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھاشار بەلگىلىگەن. ئەگەر دېھقانلار دامبا ياساش ياكى ئۆستەڭ چېپىش ھاشارلىرىغا بارمىسا، كەنت باشلىقى ئۇلاردىن باج ئالاتتى. بۇ خىل تۈزۈم چوڭ تىپتىكى سۇ ئىنشائاتلىرى ياساشقا پايدىلىق ئىدى. سۇ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ياسىلىشى خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئاشلىقنى پىششىقلاپ ئىشلەشكىمۇ پايدىلىق بولغان. ئەينى چاغدا كىشىلەر سۇ تۈگمىنى ياساشنى بىلگەنىدى.

ماۋرائۇننەھر رايونىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي تاپقانىدى. سىر ۋە ئامۇ دەرياسى ۋادىلىرى ئىزچىل يېرىنىڭ مۇنبەتلىكى ۋە مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن مەشھۇر بولۇپ كەلگەنىدى. 1219 - يىلى چىڭگىزخاننىڭ ئىستېلاسىغا ئەگىشىپ، ماۋرائۇننەھرگە كەلگەن ياللۇغ چۇساي كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى «غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئالغانىدى. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «سەمەرقەنتنى كۇنپېتىشتىكىلەر سەمىزكەنت دەيدىكەن. بۇ ئۇنىڭ يېرىنىڭ مۇنبەتلىكىگە قارىتا ئېيتىلغان سۆزدۇر... شەھەر ئەتراپىدىكى نەچچە ئون چاقىرىم دائىرە بۇكىكىدە ئورمان بىلەن قاپلىنىغانىكەن. ئۆيلا بولىدىكەن ھەر قاندىقىدا گۈللۈك بولىدىكەن. گۈللۈكلەردە تارام - تارام ئېرىقلار، بۇلاقلار، كۆلچەكلەر كۆزگە چېلىقىپلا تۇرىدىغان بولۇپ، باشقىچىلا بىر مەنزىرە ھاسىل قىلىدىكەن. قوغۇن - تاۋۇزلىرىنىڭ يوغانلىرى ئاتنىڭ كاللىسىدەك چىقىدۇ، ئۇزۇنلۇقى تۈلكە باراۋىرىدەك كېلىدۇ. سەككىز خىل دانلىق

زىرائەتتىن تېرىق ۋە نومى گۈرۈچىدىن باشقا ھەممىسى تېرىلىدىكەن. تومۇز ياز كۈنلىرى يامغۇر ياغمىسا، دەريا سۈيىنى باشلاپ يەر سۇغۇرىدىكەن» . ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «سەمەرقەنتنىڭ غەربىگە 600 ـ 700 يۈز چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بۇخارا شەھىرى بار. ئۇ جاينىڭ يەرلىرى تېخىمۇ مۇنبەت، شەھەرلىرىمۇ كۆپرەك»①. بۇ جايلارنىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپلا قالماي، ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىمۇ كۆپ ئىدى. سۇ ئىنشائاتلىرى، باغ ـ ۋارانلىرى بەكلا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن قېلىشمايتتى»②.

قاراخانىيلار سۇلالىسى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئاساسلىقى فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىگە تايانغانلىقى ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە بىر قەدەر ماس كەلگەن، ھۆكۈمران مىللەتلەر تۇراقلىق ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئېتىبار بەرگەن، دۆلەت ئىچىنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپى بىر قەدەر مۇقىم بولغان. «XI — XII ئەسىرلەردە بىر قىسىم تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر دېھقانچىلىققا ئۆتۈپ، شەھەر مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان. كۆچمەن ۋە يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇراقلىق دېھقانچىلىقنىڭ ئالاقىسى كېڭەيگەن. ئاساسلىقى بىر قىسىم چارۋىچىلارنىڭ چارۋىلىرى قولدىن كەتكەن ھەم كۆپلىگەن چارۋىلار، ياخشى يايلاقلار ۋە سۇ مەنبەلىرى كۆچمەن چارۋىچى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ، ئولتۇراقلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئولتۇراقلىشىپ قالغان چارۋىچىلار تېرىق ۋە باشقا زىرائەتلەرنى تېرىغان. ئەمما، ئۆتمۈشتىكى كۆچمەن چارۋىچىلار ئولتۇراقلىشىپ قالغاندىن كېيىن، چارۋىچىلىق بىلەن ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈۋەتكىنى يوق، ئۇلار يەنىلا

① ياللۇغ جۇسەي: «غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى».
② لى جىچاڭ: «ئەۋلىيا چيۇچۇجىننىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى».

قىسمەن چارۋىلارنى باققان. ئۇلاردىن نۇرغۇنلىرى شەھەر ئاھالىسىگە قېتىلغانىدى»[1]. ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار ئاساسەن ئىلى رايونى ۋە يەتە سۇ رايونىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلار ئىدى. ئىلى دەرياسى ۋادىسى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باب كېلەتتى. ئۇ سۇلالىنىڭ مۇھىم دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بازىلىرىدىن بىرى ئىدى. ياللۇغ چۇسەي مۇنداق يازىدۇ: «ئالمالىق دەپ بىر شەھەر بار، كۇنپېتىشتىكىلەر ئالمىنى ئالما دەيدۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئەتراپى بۇككىدە ئالمىزارلىق بولغاچقا، ئاشۇ نام قويۇلغانىكەن. بۇ شەھەرگە قارام شەھەردىن سەككىز ـ توققۇزى بار ئىكەن. ئۈزۈم ۋە باشقا مېۋە ـ چېۋىلەرمۇ كۆپ ئىكەن. بەش خىل دانلىق زىرائەت خۇددى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىدەكلا تېرىلىدىكەن». ئىلى رايونىدىكى يايلاقلارمۇ ئەڭ ياخشى يايلاقلاردىن ئىدى.

چارۋىچىلىق ئىشلىرى سۇلالىدە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ئىدى. «قۇتادغۇ بىلىك» تە مۇنداق دەپ يېزىلغان:

بۇلاردىن كېلەر سۈتكۈ بۇ چارۋىچىلار،
پۈتۈن يىلقىلارغا بولۇپ باشچىلار.
بۇلار بەك ئاق كۆڭۈل چىن راستچىل ئېرۇ،
كىشىگە يۈكىنى يۈكلىمەس بولۇر.
يېمەك ـ كىيمەك، ئۇلاغ، ئات، ئايغىر ۋە يۈك،
توشۇغۇچى چىقار بۇلاردىن بەلگۈلۈك.
قىمىز، سۈت، يايۇڭ، ياغ، قېتىق يا قۇرۇت، بىسات
يا كىگىز ھەم ھۇزۇر ئۈيگە تۇت[2]

چارۋىچىلىقتا ئاساسلىق قوي، ئات، كالا، تۆگە ۋە ئېشەك

---

① ياللۇغ چۇسەي: «غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى».
② يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك» (خەنزۇچە تەرجىمىسى) 201 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1979 ـ يىل نەشرى.

قاتارلىقلار بېقىلاتتى. كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئىچىدە ئات ۋە باشقا چوڭ چارۋىلار مەخسۇس تامغا ئۇرۇلۇش ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلەتتى. ئات ۋە كالا - قويلارنىڭ ھەممىسى تاۋار ئورنىدا ئالماشتۇرۇلۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا تېگىشىلەتتى. چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن خۇرۇم، سۈتتىن ياسالغان يېمەكلىكلەر، يۇڭ توقۇلما بۇيۇم قاتارلىقلار بار ئىدى. چارۋىچىلارنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى كالا - قوي گۆشى ۋە سۈتتىن ياسالغان يېمەكلىكلەر ئىدى. يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرى (كىگىز) دە كىگىز ئۆيلەر ياسىلاتتى. قاراخانىيلار سۇلالىسىدە كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى بىر قەدەر ئۈستۈن بولۇپ، ئۇ ھەم ھەربىي كۈچىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرىدىن بىرى ئىدى. چارۋىچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئوۋچىلىق سۇلالىنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىدىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. ئاساسلىق ئوۋ ئوبيېكتى ياۋا تۆگە، ئېشەك، جەرەن، بۇغا، كىيىك، بۆرە، تۈلكە، بۇلغۇن، تىيىن، ئېيىق قاتارلىقلار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن قىممەت باھالىق ھايۋان تېرىلىرى ۋە ئەتىۋارلىق ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى سۇلالە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سىرتقا سوۋغات قىلىدىغان تارتۇق بۇيۇملىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلى دەرياسى، چۇ دەرياسى، تالاس دەرياسى، سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا بېلىق تۇتۇلاتتى، بېلىقچىلىق ئىشلىرى سۇلالىنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىدىمۇ مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە ئىدى.

ئىقتىسادىي تۈزۈم جەھەتتە قاراخانىيلار سۇلالىسى ئاساسەن «ئىكتا تۈزۈمى» نى يولغا قويغان. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ بىر خىل يەر تەقسىملەش ياكى ھەربىي تۈزۈمى ئىدى. «ئىكتا» نىڭ ئەرەب تىلىدىكى مەنىسى «بۆلۈپ بېرىش»، «ھەدىيە قىلىش» دۇر، يەنى ھۆكۈمرانلار يەرلەرنى دىنىي مۆتىۋەرلەر، شۇنىڭدەك ئاقسۆڭەكلەر، ئەمەلدارلارغا ھەدىيە قىلاتتى. نامدا بۇ خىل يەرلەر

دۆلەتكە تەئەللۇق ئىدى. بۇ خىل يەلەرنىڭ ئىگىلىرى دېھقانلاردىن يەر بېجى ۋە باشقا باجلارنى ئېلىشقا هوقۇقلۇق ئىدى. يەرلەرنىڭ مەركەزلىشىشى ۋە فېئوداللىق ۋارىسلىق تۈزۈمىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئېكتا يەرلەر بارا ـ بارا شەخسلەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ، خۇسۇسىي يەرلەرگە ئايلاندى①بۇ خىل تۈزۈم ئىلگىرى سامانىيلار سۇلالىسىدىلا قوللىنىلغانىدى، قاراخانىيلار سۇلالىسىمۇ بۇ تۈزۈمنى قوبۇل قىلغان. يەرلەرنى تەقسىملەپ بېرىشنى يولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەتنىڭ خەزىنىسىنى تولۇقلاش ئۈچۈن باج ئېلىش سىياسىتىنىمۇ قوللانغان، ئېكتا تۈزۈمى ئاساسەن سۇلالىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا يولغا قويۇلغان. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاساسلىقى ئەنئەنىۋى ئۇرۇقداشلىق مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. بۇ خىل تۈزۈمگە ئاساسەن، يايلاقلارنى هېسابقا ئالمىغاندا باشقا ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرى (چارۋىلار) ۋە تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنىڭ هەممىسى چارۋىچىلارغا تەئەللۇق ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇرۇق ـ قەبىلە مۇلۇكچىلىكى فېئوداللىق مۇلۇكچىلىككە ئۆتۈشكە باشلىغان.

فېئوداللىق يەر مۇلۇكچىلىك شەكلى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل بولغان:

بىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرلەر (دىۋان يەرلەر): ئۇنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەسى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىدا ئاغدۇرۇۋېتىلگەن سۇلالە هۆكۈمرانلىرى، ۋە ئاقسۆڭەك ۋە ئەمەلدارلارنىڭ يەرلىرى، شۇنىڭدەك «قانۇن بويىچە» مۇسادىرە قىلىنغان يەرلەردۇر.

ئىككىنچىسى، دىنىي يەرلەر (ۋەخپە يەرلەر)، يەنى مەسچىت ۋە مەدرىسكە تەئەللۇق يەرلەر. بۇ سۇلالە

① «جۇڭگو ئىسلام ئىنسىكلوپېدىيىسى»، 655 ـ بەت، سىچۇەن لۇغەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىل نەشرى.

ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەدىيە قىلىشى، فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ شۇنىڭدەك دىنىي ئېتىقادچىلارنىڭ تەقدىم ئېتىشىدىن بارلىققا كەلگەن. ئىسلام دىنىي قانۇنى بويىچە، شارائىتى بارلىكى مۇسۇلمانلار جەزمەن ئۆز مال ــ مۈلكىنىڭ بىر قىسمىنى ئاللاغا ھەدىيە قىلىشى، يەنى ئۇنى دىنىي ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىشى شەرتتۇر. شۇڭا، قاراخانىيلار سۇلالىسىدە ئىسلام دىنى تەرەپىدىن بويسۇندۇرۇلغان ساھەلەرنىڭ ئۇزلۇكسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ۋەخپە يەرلەرمۇ داۋاملىق تېز كۆپەيگەن، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى كۆپلىگەن مۇنبەت يەرلەرنى ھۆكۈمرانلار دىنىي ئىشلارغا ھەدىيە قىلغان. ۋەخپە مال ــ مۈلۈكلىرى يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، يەنە دۇكان، تۈگمەن، ئۆي ــ جاي قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ يەرلەر ۋە مال ــ مۈلۈكلەردىن باج ئېلىنمايتتى. دائىم مەسچىت، مەدرىسەلەرنىڭ نامىدا ئىشلىتىش ۋە بۆلۈپ بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. شۇڭا ۋەخپە يەرلەرمۇ مەسچىت، مەدرىسەلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى، شۇنداقلا دىنىي يۇقىرى قاتلام كۈچلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ھېسابلىناتتى. قاراخانىيلار سۇلالىسىدە ۋەخپە يەرلەرنى باشقۇرىدىغانلار «مۇتەۋەللى» دەپ ئاتىلاتتى ھەمدە سادىر باشچىلىقىدىكى مەخسۇس ئورگان ۋەخپە مال ــ مۈلكلەرنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قارىتا نازارەتچىلىك قىلاتتى. سادىرنىڭ ئىش بېجىرىش ئورگىنى ۋەخپىگە تەۋە مال ــ مۈلكلەردىن ئالاھىدە باج ئالاتتى ۋە ئۇنى نازارەت قىلىش ئورگىنىنىڭ راسخوتى ۋە خىزمەتچى خادىملارنىڭ مۇئاشى ئورنىدا ئىشلىتەتتى. پەقەت خان ئالاھىدە يارلىق چۈشۈرگەندىلا، سادىرنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ۋەخپە مال ــ مۈلككە بولغان نازارەتچىلىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئالاھىدە باج كەچۈرۈم قىلىناتتى.

ئۈچىنچىسى، فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ يەرلىرى: بۇ خىل يەرلەر پومېشچىكلارنىڭ خۇسۇسىي يەرلىرى بولۇپ، ئۇلار

ئۆزلىرى تېرىمايدۇ، بەلكى يېرى يوق ياكى يېرى ئاز دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىپ، دېھقانلاردىن يەر ئىجارىسى يىغىدۇ. فېئودال پومېشچىكلار ئىگىلىكىدىكى يەرلەر ناھايىتى نۇرغۇن ئىدى.

تۆتىنچىسى، دېھقانلارنىڭ يەرلىرى: بۇلار دېھقانلار ئىگىدارچىلىقىدىكى ئازغىنە خۇسۇسىي يەرلەر ئىدى. بۇ خىل يەرلەرنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى چوڭ ئەمەس. بۇ خىل يەرلەرنىڭ ئىگىلىرى دۆلەتكە تېگىشلىك باج تاپشۇراتتى، بىراق ئورنىنى مۇقىم دەپ كەتكىلى بولمايتتى، ھەر ۋاقىت فېئودال يەر ئىگىلىرى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىش خەۋپى بار ئىدى.

بەشىنچىسى، يېزا كوممۇناسىنىڭ يەرلىرى: بۇ ئىلگىرىكى كوممۇنالىق تۈزۈمدىن قېلىپ قالغان قالدۇق يەرلەر بولۇپ، سانى ناھايىتى ئاز، ئۇ كەنت باشلىقىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، شۇنىڭدىن مەنپەئەتدار بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە.

قاراخانىيلار سۇلالىسى يەر مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ شەكلىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، فېئودال پومېشچىكلار، دىنىي فېئوداللار يەرلەرنىڭ ئاساسلىق ئىگىلىرى بولۇپ، كەڭ ئەمگەكچى خەلق بولسا ئاز مىقداردىكى يەرلەرگىلا ئىگىدارچىلىق قىلغان ياكى يەرسىز قالغان. مەيلى دۆلەتنىڭ يېرى بولسۇن، پومېشچىكلارنىڭ يېرى بولسۇن ياكى دىنىي ۋەخپە يەرلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈلۈشلۈك ئۇسۇل بىلەن دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىلگەن بولغاچقا، فېئوداللىق يەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئىجارىگە بېرىلگەن يەرلەرنى تېرىيدىغان دېھقانلار «بارزكار» دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى كەنتلەردە ماكانلاشقان بولۇپ، كەنت ئەزاسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، «مەڭگۈلۈك تېرىش ھوقۇقى» بار فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ يەرلىرى ياكى دىنىي فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ ۋەخپە يەرلىرىنى تېرىيتتى. ئۇلار ئەڭ ئېغىر

ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشقا ئۇچرىغۇچى تەبىقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

باج ـ سېلىق جەھەتتە، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئاساسەن ئىسلام دىنىنىڭ باج ـ سېلىق تۈزۈمى (خىراجەت) نى يولغا قويغان. ئاساسلىقى نەق مال تاپشۇرۇلاتتى، بەزى چاغلاردا بولسا ئاقچىمۇ تاپشۇراتتى. باج ـ سېلىق بەزىدە ئالغان ھوسۇلنىڭ 30% گە يېتەتتى. نىزامۇلىكنىڭ «سىياسەتنامە» ناملىق كىتابىدا، بىر ئاقسۆڭەك ئايال يېرىنى باشقىلارغا تېرىشقا بەرگەن ھەمدە ئۇ ئالغان ھوسۇلنى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈپ، بىر بۆلىكىنى دۆلەتكە تاپشۇرغان، بىر بۆلىكىنى دېھقانغا بەرگەن، بىر بۆلىكىنى ئۆزى ئېلىپ قالغان،① دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن ئىجارىگە ئالغان يەرلەرگە ئىشلىگەن دېھقانلارنىڭ ئاران ئۈچتىن بىر قىسىم ھوسۇلغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئەينى چاغدا يەر بېجىدىن باشقا، باغ بېجى، سۇ بېجى قاتارلىقلار بار ئىدى، چارۋىچىلار مال بېجى (سەدىقە) تاپشۇراتتى. شەرقىي سۇلالىدە دۆلەتكە تۆلەيدىغان يەر بېجى يېنىكرەك ئىدى. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، جىن سۇلالىسىنىڭ دادىڭ يىللىرى (1161 — 1189 ـ يىللىرى) شەرقىي سۇلالىدىن جىن سۇلالىسىگە بارغان سودىگەرلەرنىڭ دۆلەت ئىچى ئەھۋالىدىن قىلغان دوكلاتىدا: «پۇقرالار دېھقانچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ، ئالغان ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى ئەمەلدارلارغا تاپشۇرىدۇ» دېيىلگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە باج ئېلىش سىياسىتى يەنىلا بىر قەدەر مۇقىم ئىدى. بۇمۇ قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قالالىغانلىقىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ

---

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 87 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى.

بىرىدۇر. قارا قىتانلارنىڭ ئىستىلاسىدىن كېيىن، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى، پەقەت ھەر يىلى قارا قىتانلارغا «يىللىق ئولپان خىراج» تاپشۇرۇشتەك بىر يېڭى مەزمۇن كۆپەيتىلدى خالاس. يىللىق خىراج بويىچە ھەربىر ئائىلە بىر دىنار تاپشۇراتتى. بۇ ئولپان ئانچە ئېغىر بولمىسىمۇ، ھەر قايسى فېئودال ھۆكۈمرانلار مۇشۇ باھانىدە خەلقتىن ھەسسىلەپ پۇل يىغىۋېلىپ، خىيالىغا كەلگەننى قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈلارغا بولغان نەپرىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ باراتتى.

## 4. سودا، قول سانائەت ۋە شەھەرلەر

قاراخانىيلار سۇلالىسى جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، سودا جەھەتتە ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە ئىدى. سۇلالىدە ھاكىمىيەت بىرلىككە كەلگەن، جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان شارائىت ئاستىدا، تاۋار ئىگىلىكى پائالىيىتىمۇ ئىنتايىن جانلانغان.

قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەلىكىدىكى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىق ئەھۋالى، كېيىنى - كەينىدىن قېزىپ چىقىرىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە مول تەڭگە پۇل ماتېرىياللار تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان. بۇ خىل قەدىمكى پۇللار شىنجاڭدىلا ئەمەس، بەلكى قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستانلاردىمۇ كۆپلەپ قېزىپ چىقىرىلغان، ھەتتا يىراق تاغلىق رايونلاردىمۇ بايقالغانىدى. «بۇ مۇشۇ دەۋردە تاۋار - پۇل مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ چەت رايونلار، جۈملىدىن تاغلىق رايونلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تاۋار - پۇل مۇناسىۋىتىگە كىرگەنلىكىنى نەزەرگە ئالغاندا، ئۇ ھالدا بۇ مەزگىل ئوتتۇرا

ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تاۋار ـ پۇل تەرەققىيات تارىخىدا نەقەدەر ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ»① شۇبھىسىزكى، پۇللارنىڭ ئوبوروت دەرىجىسى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرىدۇ، قاراخانىيلار سۇلالىسىدە تەرەققىي قىلغان پۇل ئوبوروت سىستېمىسىنىڭ بولغانلىقى، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

دۆلەت ئىچىدىكى سودىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، بۇ دەۋردىكى قول سانائەت بىلەن دېھقانچىلىقنىڭ ئايرىلىشىنىڭ كۈچىيىشى، كۆچمەن چارۋىچى رايونلار بىلەن دېھقانچىلىق رايونلىرى ئالاقىسىنىڭ يەنىمۇ كۈچىيىشى، شۇنىڭدەك رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەخسۇسلىشىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. چارۋىچىلار دائىم ئۆزلىرىنىڭ چارۋىلىرى ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە شەھەر سىرتىغا ئاپىرىپ، دېھقانلار ياكى سودىگەرلەر بىلەن تاۋار ئالماشتۇرۇش (سودىسى) قىلاتتى. سودىگەرلەر بولسا ھەرخىل تاۋارلارنى ھەر قايسى جايلارغا ئاپىرىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئېھتىياجلىرىنى قاندۇراتتى. «قۇتادغۇ بىلىك» تە سودىگەرلەر ھەققىدە مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

ئۇلاردا بولۇر بۇ جاھان ئارزۇسى،
خەلق كۆركى، سەرخىل جىمى ياخشىسى.
شەرقتىن غەربكە يۈرۈپ ئايلىنۇر،
تىلەگىڭ نە ئەرسە ساڭا كەلتۈرۈر.
تۈمەن خىل خەزىنە، جاھان تاڭسۇقى،
ئۇلاردا بولۇر، ئى بىلىملىك سېخى.

① ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 198 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.

ئەگە كەزمىسە سودىگەرلەر جاھان،
قارا قاما جۇۋا كىيەتتىلىك قاچان.
توزۇتماس بولسا چاڭ قىتان كارۋىنى،
قەيەردىن كېلەتتى تۈمەن خىل ئاغى.①

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاساسەن ئۈچ خىل ئادەملەر ئىدى: بىرى، تاۋارلارنىڭ بىۋاسىتە ئىشلەپ چىقارغۇچىلىرى: مەسىلەن، توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ۋە باشقا قول سانائەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا ئاپىرىپ ساتاتتى ياكى ئۆزلىرىنىڭ كارخانىلىرى ئالدىدا دۇكان ئېچىپ ئۆزلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ساتاتتى؛ ئىككىنچىسى، ئۇششاق تىجارەتچىلەر، ئۇلار شەھەرلەردە دۇكان ئېچىپ ھەرخىل كۇندىلىك تاۋارلارنى ساتاتتى ياكى يېزا - بازارلارنىڭ بازارلىرىدا يايما يېيىپ پارچە - پۇرات سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۈچىنچىسى، چوڭ سودىگەرلەر، يەنى «قۇتادغۇ بىلىك» تە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئاشۇ خىل كاپىتال ئاساسى چىڭ، «شەرقتىن غەربكە بېرىپ» سودا قىلىدىغان سودىگەرلەر. بۇ خىل ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ سۇلالە ھۆكۈمرانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق ياكى ئۆزلىرى فېئودال يەر ئىگىلىرى ھېسابلىنىدىغانلار ئىدى. ئۇلار دائىم «ئەلچىلەر» سالاھىيىتى بىلەن چەت ئەللەرگە بېرىپ سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ، سۇلالىگە ۋاكالىتەن ھەر قايسى دۆلەتلەر ۋە ھەر قايسى جايلار بىلەن ئالاقە باغلايتتى. شۇڭا، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئاپتورى خاقانغا دائىم ئۇلارغا «ئىلتىپات قىلىسىلا»، «سودا جەھەتتىكى تەلەپلىرىنى ئىمكانقەدەر قاندۇرسىلا»، «ئۇلارغا ئوبدان ئىلتىپات قىلغاندا،

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك» (خەنزۇچە تەرجىمىسى)، 199 — 200 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1979 - يىل نەشرى.

سىلىنىڭ مۇبارەك ناملىرىمۇ جاھانغا تارايدۇ» دەپ جىكىلەيتتى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى سودىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى، تەدبىر قوللىنىپ سودا يولىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، بازار ۋە مال باھاسىنى باشقۇرۇشنى يولغا قويغاندىن سىرت، يەنە مەخسۇس سودا بېجى يىغىدىغان ئورگان — «مۇستەھىر» تەسىس قىلىنغان. سودا بېجى سۇلالىنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم كىرىمى ئىدى.

تاشقى سودا جەھەتتە، بىز بىرىنچى بابتىكى «سۈك، لياۋ، تاڭغىت ۋە ئابباسىيلار سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» دېگەن پاراگرافتا، بۇ توغرۇلۇق بايان قىلغانىدۇق. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان سودا تارىخىي كىتابلاردا گەرچە «ئولپان» دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر خىل سودا مۇناسىۋىتى بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ تاۋارلىرىغا موھتاج ئىدى. ئاساسىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇمۇ تەڭ باھالىق ئالماشتۇرۇش ئىدى. بۇ خىل سودا مۇناسىۋىتى مۇئەييەن سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى تەرەپ ئاساسەن ھۆكۈمەت تەرەپ ئەۋەتكەن سودا كارۋانلىرىنى ئاساس قىلاتتى، ئۇلار تاۋار ئالماشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە سىياسىي ۋەزىپىنى ئۆز زىممىسىگە ئالغانىدى. يەنى خاقانىنىڭ يولىيۇرۇقى بويىچە قارشى تەرەپنىڭ دۆلەت ئىچى ئەھۋالىدىن خەۋەرلەندۈرەتتى.

جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى سەۋەبلىك، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ غەرب تەرەپتىكى ئىسلام ئەللىرى بىلەن بولغان سودا ـ سېتىق جەھەتتىكى بېرىش ـ كېلىشى تېخىمۇ قويۇق بولغانىدى.

قول سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىقتىسادنىڭ گۈللەنگەنلىكىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى. قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپلا

قالماي، ئۇنىڭ ئۇستىگە نەپىس ئىشلىنەتتى، بەزى مەھسۇلاتلارنىڭ ھۈنەر سەنئىتى خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. قول سانائەت جەھەتتە توقۇمىچىلىق، كان ئېچىش ۋە مېتال تاۋلاش، ئەينەك ئىشلەپچىقىرىش، ساپالچىلىق، قەغەزچىلىك قاتارلىق كەسىپلەر ئىقتىسادتا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنىدى.

توقۇمىچىلىق جەھەتتە پاختا توقۇمىچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق بولۇپلا قالماي، يەنە يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرىنىمۇ ئىشلەپ چىقىرالايتتى. قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئىشلەپ چىقىرىلغان تەتىللا، دارايىلار بىر خىل سۇپەتلىك پاختا رەخت ئىدى، بۇ خىل رەختلەرنى بوياشقا، رەشىلىيە ئىشلەشكە بولاتتى. شىنجاڭنىڭ مارالبېشى ناھىيىسى توققۇز ساراي خارابىلىكىدە بۇ خىل پاختا رەخت قېزىپ چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇ يوللىرى كۆركەم كۆك ـ ئاق گۈللۈك رەخت ئىدى. بۇ خارابىلىكتىن يەنە يوللۇق يىرىك ئەدىياللار ۋە گۈللۈك ئەدىياللارغا ئوخشاش ھەرخىل يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرى تېپىلغان، رەڭگى بولسا قىزىل، كۆك، سېرىق، قارا كۆك ۋە ئاق ئىدى، گۈللەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېرىق، قىزىل رەڭ بېرىلگەن، كەشتىگە ستېرېئولۇق تۈيغۇ بېرىدۇ. يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارنىڭ گۈللىرى گۈل ـ گىياھ، ئۇچار قاناتلار ۋە گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەرنى ئاساس قىلغان بولۇپ، كۆرۈنۈشى جانلىق، يوللىرى ئېنىق، توقۇلۇشى ئىنچىكە بولۇپ، توقۇغۇچىلارنىڭ ئاجايىپ ماھارىتى ۋە بەدىئىي ساپاسىنى نامايان قىلغان.

كان ئېچىش ۋە مېتال تاۋلاش تېخنىكىسىمۇ ناھايىتى ئىلغار ئىدى. ھەرخىل تۆمۈردىن ياسالغان سايمانلارنى ئىشلەپ چىقىرىپلا قالماي، ھەتتا سۇلفىدلانغان مىسنى تاۋلىيالايتتى. كۈمۈش ئېرىتىش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن، بۇ تېخنىكىلار ئەينى چاغدا ھۈنەر سەنئىتى مۇرەككەپ تېخنىكىلار ھېسابلىناتتى. تۆمۈردىن ياسالغان بۇيۇملار ۋە مىس، كۈمۈش بۇيۇملار

ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغانىدى. ئاھالىلەرگە كېرەكلىك ھەرخىل قورال ـ سايمانلار، ئوچاق بېشى بۇيۇملىرىنى ئىشلەپ چىقارغاندىن سىرت، يەنە قەلەمدان، چىراغپايغا ئوخشاش سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپ چىقىرالايتتى. ئىشلەپ چىقىرىلغان مىتاللارنىڭ زور بىر قىسمى ھەربىي قورال ياساش، دۇبۇلغا ـ ساۋۇت ياساشقا ئىشلىتىلەتتى، بەزى قورال بۇيۇملىرى سەنئەت بۇيۇمى سۈپىتىدە چەت ئەل باشلىقلىرىغا سوۋغات قىلىناتتى. مەسىلەن، مىلادىيە 1071 ـ يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى سۇڭ شىنزۇڭغا بەرگەن سوۋغات بۇيۇملىرى ئىچىدە جەڭ ئاتلىرى ۋە تۆمۈر قۇياق بار ئىدى. ئالتۇن بۇيۇملاردىن ئالتۇن كەمەر، ئالتۇن ئوقدان، ئالتۇن ئىگەر قاتارلىقلار بار ئىدى، ئۇ ئاساسەن سوۋغات بۇيۇملىرى سۈپىتىدە ھەدىيە قىلىناتتى. بۇ سوۋغات بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسى نەپىس ئىشلەنگەن سەنئەت بۇيۇملىرى ئىدى، كانچىلىق ئىشلىرى جەھەتتە ئاساسلىقى تۆمۈر، مىس، كۈمۈش، ئالتۇن، نۆشۈدۈر، سىماب، ئالماس قاتارلىقلار قېزىلاتتى. خوتەن مەشھۇر قاشتېشى ماكانى بولۇپ، سۇڭ سۇلالىسى كەيباۋ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 969 ـ يىلى) خوتەننىڭ قاشتېشى قېزىش ئىشچىلىرى ئېغىرلىقى 237 جىڭ كېلىدىغان بىر غايەت زور قاشتېشىنى قېزىۋالغانىكەن. بۇ چاغدا نېفىتنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتى بايقالغانىدى، ئەمما ئاساسەن ھەربىي ئىشلاردا، يەنى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشتا يېقىلغۇ بومبا سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن.

ساپال بۇيۇملارنىڭ ئىشلەپ چىقىرىلىشى خېلى ئومۇملىشىپ قالغانىدى، ھەممە شەھەرلەردە دېگۈدەكلا ساپال قاچا ياسايدىغان گەمە ۋە كارخانىلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رەڭلىك سىر بېرىلگەن ساپال قاچىلار، قاراخانىيلار سۇلالىسى مەزگىلىدىكى ساپالچىلىقنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرەتتى. بۇ خىل رەڭلىك ساپال قاچىلار ھەر قايسى جايلاردىن كۆپلەپ

قېزىۋېلىنغان. رەڭلىك قاچىلارنىڭ كۆپىنچىسى يورۇقلۇق ئۆتكۈزىدىغان قوغۇشۇن سىرنى ئاساس قىلغان، يورۇقلۇق ئۆتكۈزمەيدىغان قارا سىرمۇ بار بولۇپ، ئومۇمەن رەڭگارەڭ سىرلىنىپ، بەكمۇ نەپىس ياسالغان بولۇپ، ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىگە يەتكەنىدى. رەڭلىك ساپاللارنىڭ گۈللىرى ئاساسەن گۈل - گىياھلار، ئۇچار قاناتلار، گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەر ۋە ئەرەبچە بېغىشلىمىلاردىن ئىبارەت ئىدى، بۇ خىل بېغىشلىمىلار كۆپ ھاللاردا خەتتاتلىق سەنئىتى ئارقىلىق ئىپادە قىلىناتتى. رەڭلىك ساپال بۇيۇملار ئاساسەن ئاھالىلەر ئىشلىتىدىغان قاچا - قۇچىلار بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا بىناكارلىق ئىشلىرىدىمۇ ئۆيلەرنى زىننەتلەشكە ئىشلىتىلەتتى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ نۇرغۇن قۇرۇلۇشلىرى ناھايىتى ھەشەمەتلىك ۋە كۆركەم بولۇپ، ئاساسەن مۇشۇ خىل رەڭلىك كاھىشلار بىلەن زىننەتلىنگەن. رەڭسىز ساپال بۇيۇملاردىن ساپال چۆگۈن، ساپال كوزا، ساپال ئىدىش، ساپال قاچا - قۇچىلار بار ئىدى. ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ساپال قاچىلار ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان بولۇپ، كۆپلەپ نىشانلىق ئىشلەپچىقىراتتى.

ئەينەك ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىمۇ قاراخانىيلار سۇلالىسى ناھايىتى داڭق چىقارغانىدى. ئەينەك بۇيۇملاردىن ھەر خىل شىشە، تەخسە، كورا، ئىستاكان قاتارلىقلارنى ئىشلەپ چىقارغاندىن سىرت، يەنە قەلەمدان، دۇۋەت، دورا - دەرمەكلەر شىشىسى، ئەينەك نەيچە ۋە بەزى زىننەت بۇيۇملىرىغا ئوخشاش بىر قىسىم ھۈنەر سەنئىتى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغان بۇيۇملارنى ئىشلەپ چىقىرالاتتى. بۇ چاغدىكى ئۇستىلار يەل بېرىپ، تولىمۇ نېپىز قاچا - قۇچىلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرخىل ھۈنەر سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياساش تېخنىكىسىنى پۇختا ئىگىلىگەنىدى. ئەينەك بۇيۇملارنىڭ كۆپ قىسمى رەڭسىز ئىدى، ئەمما بەزى ھاللاردا رەڭلىك (يېشىل، كۆك، قوڭۇر رەڭلىك)

قاچا ـ قۇچىلارنىمۇ ئىشلەپ چىقىراتتى. ھۈنەرۋەنلەر يەنە قولىدا ھەرخىل ئەينەك قاپارتما نەقىشلەرنى ياسايتتى. بۇ چاغدا دېرىزە ئەينەكلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىش ئاللىقاچان ئومۇملىشىپ بولغان بولۇپ، ئۇ ئوردا ۋە ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېكىتىلگەن. بۇ بىر تۈرلۈك ناھايىتى كاتتا كەشپىيات بولۇپ، ئەينى چاغدىكى ئولتۇراق شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىغان. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىدىكى نۇرغۇنلىغان خارابىلەردىن ھەرخىل ئەينەك بۇيۇملىرىنىڭ پارچىلىرى تېپىلغان. مەسىلەن، قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 30 كىلومېتىر كېلىدىغان خانىئۆي قەدىمكى خارابىسىدىن، قەشقەر كونا شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 30 كىلومېتىر كېلىدىغان سۆسەر قەدىمكى خارابىلكىدىن ۋە مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ توققۇز ساراي خارابىلىكىدىن كۆپلەپ ئەينەك بۇيۇملار تېپىلغاندى. چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدىن 90 كىلومېتىر كېلىدىغان ۋاش شەھىرى خارابىلىكىدىن يەنە تېخى ئەينەك بۇيۇملار ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان كاسىبخانا خارابىسى تېپىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى قاراخانىيلار سۇلالىسى مەزگىلىدىكى ئەينەك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە قارىغاندا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قەغەزچىلىك جۇڭگودىن غەربكە تارقالغان. مىلادىيە VIII ئەسىردىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا جۇڭگونىڭ قەغەز ئىشلەش تېخنىكىسى ئارقىلىق قەغەز ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىغان. ئەينى چاغدا سەمەرقەنت قەغەز ئىشلەپچىقىرىش مەركىزى بولۇپ، ئۇزۇن مەزگىل ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەللەرنى قەغەز بىلەن تەمىنلەپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، «سەمەرقەنت قەغىزى» نىڭ داڭقى جاھانغا تارالغانىدى. شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا قەغەز ئىشلەپچىقىرىش سانائىتى بار ئىدى، مارالبېشى

ناھىيىسىنىڭ توققۇزساراي خارابىلىكىدىن تېپىلغان قولىيازمىلارنىڭ قەغەزلىرى ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقارغان ئۆزگىچىلىككە ئىگە قەغەزلەر ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى باشقا قول سانائەتلەردىن موزدۇزلۇق، بوياقچىلىق، سىرچىلىق، ياغاچچىلىق، زەرگەرچىلىك قاتارلىقلارمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تېخنىكىسىمۇ ناھايىتى قالتىس ئىدى. قول سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئەمگەكچىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئەقىل - پاراسىتىدىن سىرت، يەنە ھۆكۈمرانلارنىڭ رىغبەتلەندۈرۈش سىياسىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. «قۇتادغۇ بىلىك» تە ھۈنەرۋەنلەر ھەققىدە مۇنداق يېزىلغان:

بۇ دۇنيا زىننىتى بۇلاردىن بولۇر،
جاھاندا تاڭ ئىشلار بۇلاردىن كېلۇر.

شەھەر قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى ۋە شەھەر - بازارلار سانىنىڭ كۆپىيىشىمۇ قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ ئالامىتىدىن دېرەك بېرىدۇ. شەھەر كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى ئاساسلىقى سودا — سانائەت رايونلىرىنىڭ كېڭىيىشىدە ئىپادىلىنىدۇ، ئىقتىسادىي پائالىيەت شەھىرىستان (شەھەر ئىچىدىن) شەھەر سىرتىغا يۆتكەلگەن. نۇرغۇن يېڭىدىن گۈللەنگەن ئاقسۆڭەكلەر، باي سودىگەرلەر ۋە يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلارنىڭ ھەممىسى شەھەر سىرتىدا ئولتۇراقلاشقان. سەمەرقەنت، بۇخارالار ئەينى چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ شەھەرلەر ئىدى، يەر مەيدانى 600 گېكتاردىن ئارتۇق بولۇپ، نوپۇسىمۇ 100 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. نۇرغۇنلىغان سەلتەنەتلىك ۋە ھەشەمەتلىك

قۇرۇلۇشلارمۇ مۇشۇ مەزگىلدە سېلىنغان. شەھەر ئىچى قارىماققا ئۆيلەر زىچ سېلىنغاندەك، دەل ـ دەرەخلەر يوقتەك توپا چىراي كۆرۈنگەن بىلەن؛ لېكىن شەھەر سىرتى بولسا ئازادە، باغ ـ باراقسانلىق بولۇپ، قۇرۇلۇشلار رەتلىك سېلىنغانىدى.

قەشقەر، خوتەن، يەكەن ھەم بالاساغۇنلار شەھەر كۆلىمى جەھەتتە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى خانئۆي قەدىمكى شەھىرىنى يەرلىك ئاسار ـ ئەتىقىلەرنى قوغداش تارماقلىرىنىڭ خادىملىرى خاقانلارنىڭ يازلىق ئوردىسى بولسا كېرەك، دەپ قارايدۇ. بۇ قەدىمكى شەھەر چاقماق دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، تۆۋەن تەرىپى سازلىق يەر ئىدى. خارابىلىكنىڭ جەنۇب ـ شىمال ئۇزۇنلۇقى 1000 مېتىر كېلىدۇ، شەرق ـ غەرب ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىر ئەتراپىدا ئىدى، خان ئوردىسى خارابىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ چاسا شەكىلدە ئىدى. ھازىرمۇ شىمال تەرىپىدىكى بىر بۆلەك ئوردا تېمى ساقلىنىپ قالغان. خان ئوردىسىدا قالدۇق خىشلار، رەڭلىك ساپال قاچىلار ۋە ئەينەك بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى بار. خان ئوردىسىدىن سىرت شەھەر ئىچىدىكى ئاساسلىق قۇرۇلۇشلاردىن يەنە مەدرىسە، مەسچىت، كۇتۇپخانا، رەسەتخانا قاتارلىقلار بار، ئۇلار ئاساسەن خان ۋە خان ئوردىسىدىكىلەرنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن ياسالغانىدى.

شەھەر سانىنىڭ كۆپىيىشى، ئاساسلىقى ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىدا، يەتتە سۇ ۋادىلىرىدا كۆپلىگەن يېڭى شەھەرلەر ۋە ئاھالىلەر ئولتۇراق نۇقتىلىرىنىڭ پەيدا بولغانلىقىدىن بولغان. ئىلى رايونىدا مىلادىيە X — XII ئەسىرلەردە 56 شەھەر ـ بازار پەيدا بولغان، ئۇنىڭ ئىچىدە داڭلىقى ئالمىلىق شەھىرى ئىدى. ئۇ كېيىن چاغاتاي خانلىقىنىڭ پايتەختى بولۇپ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ سىياسىي مەركىزىگە ئايلانغان. ئالمىلىق شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا 8 — 9 يېزا ـ بازار بار ئىدى. بۇ يېڭى

شەھەر ـ بازارلارنىڭ پەيدا بولغانلىقى، كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ قاتنىشىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە شەھەرلەر ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئاۋۋال دۆلەتنىڭ ياكى رايوننىڭ سىياسىي مەركىزى ۋە دىنىي، مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى، بىراق، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھمىيىتى ئىلگىرىكى چاغلارغا قارىغاندا زور دەرىجىدە كۆچەيگەن. ھۆكۈمران سىنىپلار مەسىلەن، خان جەمەتىدىكىلەر، ھەر خىل ئەمەلدارلار، دىنىي زاتلار، سودىگەرلەر شۇنىڭدەك ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئارمىيە، مۇلازىم، چاكار قاتارلىقلاردىن سىرت، شەھەرنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولغان شەھەر پۇقرالىرى تەبىقىسىنىڭ سانى زور دەرىجىدە كۆپەيگەن، يەنە يېرىدىن مەھرۇم قالغان زور تۈركۈمدىكى دېھقانلارمۇ شەھەرگە ئېقىپ كىرىپ، يىللىقچى ياكى مەدىكارغا ئايلانغان. شەھەر ئاھالىسىنىڭ باي، كەمبەغەللىك پەرقى ناھايىتى چوڭ ئىدى.

شەھەر قۇرۇلۇشلىرىمۇ قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇ ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ھەم شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، ھۆكۈمرانلارنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى، ھەشەمەتخورلۇقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. نۇرغۇن خاقانلار تارىختا كاتتا قۇرۇلۇش ـ ئىمارەتلەرنى سېلىش بىلەن داڭق چىقارغان. مەسىلەن، مۇھەممەد ئارسلانخان (مىلادىيە 1102 — 1130 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ «ئىمارەت پادىشاھى» دېگەن نامى بار. مۇشۇ دەۋردە سېلىنغان بەزى قۇرۇلۇشلار ھازىرغىچە ساقلانغانىدى. بۇ دەۋردىكى ئىمارەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك خىش ئىشلىتىلگەن، بەزى كاتتا

ئىمارەتلەرنىڭ ئۈستىگە ئەرەبچە مۇنار قويۇلۇپ، ئالدى تەرەپتىن يوغان دەرۋازا ئېچىلغان، رەڭلىك كاھىش ۋە گۈللۈك خىشلار بىلەن بېزەلگەنىدى. شەھەردىكى ئاممىۋى قۇرۇلۇشلارنىڭ سۇ تۇرۇبىلىرى بار ئىدى. نۇرغۇن شەھەرلەردە تېخى ئاممىۋى مۇنچىلارمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، مەسچىتلەرنىڭ مۇنارلىرى تىك قەد كۆتۈرگەن بولۇپ، پۈتۈن شەھەرگە ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىش بىلەن بىرگە، شەھەر تېخىمۇ سىرلىق تۈس ئالغان. بۇ دەۋردىكى مەسچىتلەر ئاساسەن تۆۋرۈكلۈك، يۇملاق ئۆگزىلىك قىلىپ سېلىنغان. بۇ چاغدا ئىسلام قەبرە قۇرۇلۇشلىرى (گۇمبەزلەر) مۇ ناھايىتى كۆركەم سېلىنغان بولۇپ، بەزى قۇرۇلۇشلار تا ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغانىدى. ئالايلۇق، قەشقەردىكى ئەلى ئارسلانخان مازىرى، بۇ مازار گەرچە يەكەن خانلىقى دەۋرىدە قايتا ياسالغان بولسىمۇ، ئەمما ئاساسىي جەھەتتىن قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ساقلاپ قېلىنغان. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىگە تەئەللۇق بولغان قەشقەر قۇرۇلۇشلىرىدىن يەنە ئاتۇشقا جايلاشقان ساتۇق بۇغراخان مازىرى، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەبرىسى بار.

# تۆتىنچى باب قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت

## 1. مەدەنىيەت ۋە ئىلىم - پەننىڭ گۈللىنىشى

ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى تەبىئىي ھالدا مەدەنىيەت ئىلىم - پەن ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە مەدەنىيەت گۈللەنگەندى، شۇنداقلا قەدىمكى زاماندىكى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بەرپا قىلغان تۇنجى مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرى ئىدى. يەنە بىر مەدەنىيەت گۈللەنگەن دەۋر يەكەن خانلىقى (مىلادىيە XVI — XVII ئەسىرلەر) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنىڭ بىر ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقىدۇر. ئۇنى سۇلالىدىكى كۆپ مىللەت ئامىلى بەلگىلىگەن. سۇلالە تەۋەلىكىدە كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر بولۇپلا قالماي، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرمۇ بار ئىدى؛ تۈركىي تىللىق مىللەتلەر بولغاندىن باشقا، پارس تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرمۇ بار ئىدى؛ يەرلىك مىللەت بولۇش بىلەن بىرگە شەرقتىن، غەربتىن كۆچۈپ كەلگەن مىللەتلەرمۇ بار ئىدى. دىنىنى ئالساق، ئىسلام دىنى گەرچە ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇددا دىنى، زوروئاستېر دىنى، ئاتەشپەرەسلىك، مانى دىنى شۇنىڭدەك شامان دىنىنىڭ تەسىرى يەنىلا مەۋجۇت ئىدى.

مۇشۇنداق بىر خىل چوڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ئاستىدا، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيىتى رەڭگارەڭ بولۇش بىلەن بىرگە، ئۆزئارا بىرىكىشتەك ئالاھىدىلىكنى نامايان قىلغان. بۇ خىل ئالاھىدىلىك غەرب - شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىش - بىرىكىش جايى بولغان بولۇپ، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنىڭ كونكرېت ئەكس ئېتىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇقتا ئاۋال سۇلالە تەۋەلىكىدىكى تىل - يېزىقنىڭ كۆپ خىللىشىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلار ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىشقا باشلىدى؛ بۇنىڭ بىلەن ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقى شەكىللەندى. بۇ خىل ئۇيغۇر تىلى «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالدى. بۇ خىل تىل ئاساسەن سۇلالىنىڭ مەركىزىي رايونلىرىدا ئومۇملاشقان بولۇپ ھەم قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاساسلىق ھۆكۈمەت يېزىق - تىلى ھېسابلىنىتاتتى. ئەرەب تىلىمۇ خېلى دەۋر سۈرگەنىدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «تۈركىي تىلى ۋە ئەرەب تىلى خۇددى بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئارغىماقتەك تەڭ كېتىۋاتاتتى». بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، تىل - مەدەنىيەت جەھەتتە ھەم ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ مېغىزىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كۆپلىگەن خاقانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغان، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تەڭگە پۇللىرىنىڭ ئۈستىگە خاقانىنىڭ ئىسمى ئۇيغۇرچە ئويۇلغان، گەرچە ئۇ ئەرەبچە ئىسىم بولسىمۇ① ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى تۈركىي مىللەتلەر ساپ تۈركىي تىلنى

---

① ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، 113 - بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى.

قوللانغان، ئەمما ئۆزئارا يەنىلا بىر خىل يەرلىك شېۋىلەر مەۋجۇت ئىدى. خوتەنلىكلەرنىڭ ئايرىم تىل - يېزىقى بار ئىدى. ئۇلار مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار ۋە «چىنلىقلار» (قىتانلار) نىڭ يېزىقىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان يېزىق قوللانغان بولۇپ، رەسمىي خەت - چەك، هۆججەت - تالونلارنى مۇشۇ يېزىق بىلەن يازاتتى. بۇ خىل يېزىقنى ئادەتتىكى خەقلەر ئوقۇيالمايتتى، ئەمما شەهەردىكى قىتانلارنىڭ هەممىسى تۈركىي تىلنى بىلەتتى[1]

گەرچە سۇلالە تەۋەسىدىكى تىللار بىرلىككە كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما هەرخىل تىللاردا سۆزلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىلىشىشىگە توسقۇنلۇق بولمىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ خىل ئالاقە بۇ دەۋردىكى مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس بۇلىقى بولۇپ قالغان.

بۇ دەۋردىكى مەدەنىيەتنىڭ يەنە بىر ئالاهىدىلىكى شۇكى، ئۇ دىنىدىن خالىي ۋە ئېچىۋېتىلگەن خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. بۇ نۇقتىنى «قۇتادغۇ بىلىك» ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» شۇنىڭدەك باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ئاممىباب، دىنىدىن خالىي بولۇپ، ئىپادىلەش شەكلى، چەكلىمىلىككە ئۇچرىمىغانىدى. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىسى يوقىلىپ كەتمىگەن، بەلكى بۇ خىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئىسلام دىنىنىڭ تەركىبىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا يەنىمۇ راۋاجلانغانىدى. ئۇنداق بولمىغاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» قا ئوخشاش بۇنداق مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكى، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنىڭ

---

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 94 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى.

گۈللەنگەنلىكىنىڭ گەۋدىلىك بەلگىسى. بۇ دەۋردە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىنتايىن جانلىنىپ، كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى ئىدى. بۇ جەھەتتىكى قېزىش ۋە تەتقىقات تېخى دېگەندەك يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بىز بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت پائالىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلەشكە ئامالسىز قالىمىز. ھازىر بىلىشىمىزچە بۇ ئىككى مەشھۇر كلاسسىك ئەسەردىن باشقا، تۈركىي تىلدا ئىجاد قىلىنغان باشقا ئەسەرلەردىن: «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ، ئاپتورى ئەھمەد يۈكنەكى. بۇ كىتاب ۋە ئاپتورى توغرۇلۇق تەپسىلىي ئەھۋاللارنى بىز كېيىنكى مەزمۇندا تونۇشتۇرىمىز.

«دىۋانۇل پەندىيات» ، ئاپتورى ئەھمەد يەسەۋى. بۇ كىتاب مىلادىيە XII — XIII ئەسىرلەر ئارىلىقىدا تۈزۈلگەن. يەسەۋى سوپىستىك ئىلاھشۇناس بولۇپ، ئۇنىڭ تەلىماتى تۈركىي تىللىق مىللەتلەردىكى ئىسلام دىنىي قارشىنىڭ شەكىللىنىشىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ھەم تۈركىي تىلى بىلەن ئەسەر يازغان بۈيۈك شائىر. «پەندى - نەسىھەتلىك دىۋانۇل فەندىيات» ئۇنىڭ ئەدەبىي شەكىل ئارقىلىق ئۆز ئىدىيىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بايان قىلغان ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتاب پەلسەپۋى پىكىرگە باي بولۇپلا قالماي، ئامىباب ۋە چۈشىنىشلىك بولۇپ، خەلق ئارىسىدا زور تەسىرگە ئىگە. بۇ ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبىمۇ كېيىنكى خەلق شائىرلىرىنىڭ نەمۇنىسىگە ئايلانغان. بۇ ئەسەر تۈركىي تىللىق ھەر قايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىغان. بىز بۇ ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبىغا قاراپ باقايلى:

خاھى كىچىك، خاھى زور ئىش چوڭغا باق،
نۇر مۇستەھكەم قالغىنىدا تەقدىرگە باق.
ساھىبى بول ئۆز نەپسىڭنىڭ ھەر زامان،
ئاندىن بولۇر يۈزۈڭ يورۇق رەببىڭگە باق.

ئەگەر بولسا ئىبادەتتە شەيتان شېرىك،
ئويلىما سەن ئۆزۈڭنى زىنھار تىرىك.
كۆرمىگەچكە رەببىم سىماسىنى روشەن،
رەببىم نۇرى چۇشمەس ئاڭا پەقەت تىرىك.①

«قەشقەر تارىخى» نىڭ ئاپتورى ئالىمى، تولۇق ئىسمى ئابلا پوتوخ ئابدۇغاپپار بىن ھۇسەيىن ئالىمى. مىلادىيە XI ئەسىرلەردە قەشقەردە ياشىغان. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇنىڭ «قەشقەر تارىخى» ناملىق ئەسىرى يوقىلىپ كەتكەنىدى. لېكىن، بەزى پارچىلىرىنى مىلادىيە XIV ئەسىردە ئۇيغۇر تارىخچىسى جامال قارشى ئۆزىنىڭ «سۇرراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە» سىگە كىرگۈزگەنىكەن. جامال قارشىنىڭ ئېيتىشىچە، ئالىمىنىڭ دادىسى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن «ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىمام ۋە پۇتۇكچىكەن»② ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ دادىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئەدەبىيات، تىل، تارىخ، دىن جەھەتتە پۇختا ئاساسقا ئىگە بولغان. ئۇ «قەشقەر تارىخى» دىن باشقا، يەنە «سىھاھ لۇغىتى» نى يازغان؛ «قۇرئان كەرىم» گە تەپسىر ئىشلەش ۋە «ھەدىس» تەتقىقاتى جەھەتتىمۇ كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان، بىراق ھېچقايسىسى بۈگۈنگە يېتىپ

① ۋاشىدوف: «سوپىزم توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭ دىنىي تەتقىقات ماتېرىياللىرى، 16 ـ جىلد».

② خۇا تاۋ: «جامال قارشى ۋە ئۇنىڭ ‹سۇرراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە› ناملىق ئەسىرى»، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، يۈەن سۇلالىسى تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى تۈزگەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمال مىللەتلىرى تارىخىغا دائىر تەتقىقات ماقالىلىرىدىن توپلام» 10 ـ سان، 1986 ـ يىل.

كېلەلمىگەن. «قەشقەر تارىخى» دا ساقلىنىپ قالغان بەزى پارچىلار، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇش بىلەن بىرگە، قاراخانىيلار سۇلالىسى كىشىسىنىڭ ئۆز تارىخىنى ئۆزى يازغان ئەڭ دەسلەپكى ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇ بىر قەدەر يۇقىرى تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە دەپ قارىلىپ كەلمەكتە.

«تەزكىرەئى ساتۇق بۇغراخان»، ئاپتورىنىڭ ئىسمى نامەلۇم، ئۇ تەزكىرە خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەر بولۇپ، خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ھەمدە كۆپ خىل قول يازمىلىرى ساقلانغان. بۇنىڭدا ئاساسەن ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، خانلىق تەختىنى تارتىۋالغانلىقى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ مەجبۇرىي ئىسلام دىنىنى يولغا قويغانلىق ئىش - ئىزلىرى بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەر قويۇق دىنىي ئەپسانە تۈسىنى ئالغان بولۇپ، يىللار ۋە تارىخىي پاكىتلارمۇ ئېنىق ئەمەس، «غازات» ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكنى ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈپ تەسۋىرلىگەن. ئەمما ئۇلارنى چىقىرىۋەتكەندە، ئاساسىي تارىخىي ۋەقەلىكلەر مۇشۇ دەۋرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇئەييەن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

«تەپسىر قۇرئان». ئاپتورىنىڭ ئىسمى نامەلۇم. بۇ كىتاب تەخمىنەن مىلادىيە XII ئەسىردە تۈزۈلگەن. ئۇ «قۇرئان كەرىم» نى تۈركىي تىلى بىلەن چۈشەندۈرگەن تۇنجى ئەسەر بولۇپ، ئەينى چاغدا قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەلىكىدە مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە ئىدى. بۇ دەۋردە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنىي مۇقەددەس كىتابلىرىنى تەتقىق قىلىش سەۋىيىسىنىڭ مۇئەييەن سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى ھەمدە ئۆز مىللىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرى قاتارلىق مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى بۇ مەدرىسەدە بىلىم ئالغان. بۇ مەدرىسەنىڭ ئورنى قەشقەر شەھىرى ئىچىدە بولۇپ، ھازىر پەقەت قىسمەن ياتاق ئۆيلەرنىڭ خارابىسىلا ساقلىنىپ قالغان، ئۇ يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئىمارەتلەردۇر. قەشقەردە يەنە بىر مەدرىسەنىڭمۇ خېلى نامى بار، ئۇ بولسىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى — مەھمۇد قەشقەرى نامىدىكى «مەھمۇدىيە مەدرىسە» دۇر. ئاپتور ياشانغان ۋاقتىدا، بۇ مەدرىسەنىڭ خىزمەتلىرىگە ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلغان بولۇپ ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ مەدرىسە ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ھەمدە يېنىغا ئۇنىڭ مازىرى ياسالغانىدى.

ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەرەب، پارسلارنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىمۇ قاراخانىيلار سۇلالىسى چېگرىسى ئىچىگە تارقىلىشقا باشلىغان، بولۇپمۇ ماتېماتىكا، مېدىتسىنا، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە ئىلىملىرى كەڭ قوللىنىلغان. مەسىلەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مەخسۇس ئاسترونومىيە ئاتالغۇلىرى، كالېندار، جۇغراپىيە ئاتالغۇلىرى ۋە يەر ناملىرى بار ئىدى ھەمدە يەنە بىر پارچە يۇملاق خەرىتىمۇ سىزىلغان، «بۇ خەرىتە ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ بۇرۇنقى ھەم ئەڭ مۇكەممەل ئوتتۇرا ئاسىيا خەرىتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»[①] بۇ دەۋردە تېببىي دورىگەرلىك ساھەسىدىمۇ روشەن يۇكسىلىشلەر بارلىققا كەلگەن. تېۋىپلىق مەخسۇس كەسىپكە ئايلانغان. كېسەللىك، داۋالاش تېخنىكىسى، دورا ناملىرىمۇ مەخسۇس نام بىلەن ئاتالغان. ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، كۆز بۆلۈمى، تۇغۇت بۆلۈمى، شۇنىڭدەك مال دوختۇرلۇقىنىڭ

① جاڭ گۇاڭدا: «مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› ۋە بۇ كىتابتا كۆرسىتىلگەن يۇملاق خەرىتە توغرىسىدا»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1978 - يىللىق 2 - سان.

ھەممىسى بۆلۈملەرگە ئايرىلغان. ئەينى چاغدا تېۋىپلار بىر خىل ئۆسۈملۈك دورىسىنى ئوخشىتىلىش دورىسى ئورنىدا ئىشلىتىشنى، ئادەم گىياھ ئارقىلىق جىنسىي ئىقتىدار زەئىپلىشىشنى داۋالاشنى، ئاتنىڭ قۇيرۇقىدا توقۇلغان كۆز قاپچۇقى ئارقىلىق كۆز كېسەللىكىنى داۋالاش قاتارلىقلارنى بىلگەنىدى. مىلادىيە XVI ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب دۇنياسى بويىچە داڭق چىقارغان ئوتتۇرا ئاسىيالىق پەيلاسوپ، تېببىي ئالىم — ئىبىن سىنانىڭ تېببىي ئىلىملىرىمۇ قەشقەرگە يېتىپ كەلگەنىدى.

مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش جەھەتتە، «مەشرەپ» قاراخانىيلار سۇلالىسىدە ئومۇملاشقانىدى. يەنە بىر خىل «سۇغۇداش» دېيىلىدىغان بىر يۈرۈش كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىمۇ ناھايىتى مودا بولغان. ھېيت - بايراملاردىكى كۆڭۈل ئېچىشلاردا، جەم بولۇش سورۇنلىرى چىراغلار ۋە گۈللەر بىلەن بېزىلەتتى، كىشىلەر قانغۇچە ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتاتتى، ئۇنىڭدىن باشقا ئوۋ - ئوۋلاش، تەپكۈچ تېپىش قاتارلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىمۇ بار ئىدى.

## 2. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»

يۈسۈپ خاس ھاجىپ — قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ھايات - پائالىيىتى توغرۇلۇق تارىخىي ماتېرىياللار تولۇق بولمىسىمۇ، ئەمما تەتقىقاتچىلار بىز ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاساسىي ئىزناسىنى سىزىپ بەرگەن: ئۇ تەخمىنەن مىلادىيە 1018 - يىلى بالاساغۇندىكى بىر مۆتىۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ياش ۋاقتىدا ئوبدان تەربىيە كۆرگەن، ئۇ ئالىي پەزىلەتلىك، تەقۋادار مۇسۇلمان ۋە مول بىلىملىك، چوڭقۇر پىكىرلىك ئالىم ئىدى؛ ئۇ بارلىق تۈركىي تىللىرى شېۋىسىنى

پىششىق بىلىپلا قالماي، يەنە ئەرەب تىلى، پارس تىلىنىمۇ پىششىق بىلەتتى، «يەنە ئەينى چاغدا ئىرانىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا قوللىنىلغان سوغدى تىلىنى بىلىپلا قالماي، ھەتتا خەنزۇ تىلىنىمۇ بىلەتتى»[①]. پارس - ئەرەب ئەدەبىياتىنىمۇ پىششىق بىلەتتى. «قۇتادغۇ بىلىك» نى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن ئۇ يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ھەر قايسى جايلارغا ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ھەم ساياھەتكە بارغان. بۇ جەرياندا ئۇ كەڭ تۇردە خام ماتېرىيال توپلاپ، كېيىنكى ئىجادىيىتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس ياراتقان. بالاساغۇندىكى چاغلىرىدىن باشلاپلا ئۇ «قۇتادغۇ بىلىك» نى يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، «18 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ»، ھىجرىيە 462 - يىلى (مىلادىيە 1069 — 1070 - يىللىرى) ئاخىر يېزىپ تاماملىغان. ئاندىن كېيىن يۇسۇپ بۇ كاتتا ئەسەرنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەينى چاغدىكى مۇئاۋىن خاقانى، قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى «تابغاچ بۇغراخان» ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىن سۇلايمان» غا، (يەنى ھەسەن بۇغراخانغا) تەقدىم قىلغان. ھەسەن بۇغراخان ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭ بىلىم ۋە ئەقىل - پاراستىگە بارىكاللا ئېيتىپ، ئۇنىڭغا «خاس ھاجىپ» دېگەن نامنى ھەدىيە قىلغان ھەمدە ئۇنى ئۆزىگە ياردەمچى بولۇشقا تەكلىپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتى قەشقەر ئوردىسىدا ئۆتكەن، ۋاپات بولغان كونكرېت ۋاقتى ئانچە ئېنىق ئەمەس.

«قۇتادغۇ بىلىك» قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانىيە تىلىدا يېزىلغان. بۇ كىتاب مەيدانغا كەلگەندىن كېيىنلا كەڭ تارقالغاندى. قاراخانىيلار سۇلالىسى ۋە ئەتراپىدىكى ھەر قايسى ئەللەردە غايەت زور ئەكس تەسىر پەيدا قىلغان. باشقىلارنىڭ بۇ

---

① ئا. دىلاكار: «قۇتادغۇ بىلىك تەتقىقاتى»، (تۈركچە) 1972 - يىلى، ئەنقەرە نەشرى. ئا. ئۆتكۈرنىڭ «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردىكى ئۇلۇغ پەيلاسوپى، شائىر يۇسۇپ خاس ھاجىپ»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 - يىللىق، 3 - سان.

كىتابقا يازغان بىر پارچە كىرىش سۆزىدە مۇنداق دېيىلگەن: «چىن ۋە ماچىننىڭ پەيلاسوپلىرى، ئالىملىرى بىردەك شەرقنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، تۈركىستاندىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئىچىدە، ئەزەلدىن ھېچقانداق كىشى بۇغراخان تىلىدا، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ سۆزىدە بۇنىڭدىنمۇ ئوبدان كىتابنى يېزىپ قالدۇرغان ئەمەس، دەپ قارايدۇ. بۇ كىتاب ئەڭ تەڭداشسىز پاساھەتلىك بولغاچقا، مەيلى قايسى خاقان ـ پادىشاھنىڭ قولىغا تەگسۇن، مەيلى قايسى ئەلگە تارقالمىسۇن، شۇ يەرنىڭ پەيلاسوپلىرى ۋە ئالىملىرى ئۇ ئەسەرگە ئىنتايىن مەھلىيا بولغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئوخشاش بولمىغان نام ۋە ئىسىملارنى قويغان: چىنلىقلار ئۇنى «شاھلارنىڭ ئەدەب ـ قائىدىلىرى» دەپ ئاتىغان، ماچىنلىقلار ئۇنى «ئەلنى ئىدارە قىلىش كۆرسەتمىسى» دېگەن، شەرقلىقلەر ئۇنى «ئەمىرلەرنىڭ زىننىتى» دېسە، ئىرانلىقلار ئۇنى «شاھنامەئى تۈركىي» دېگەن، يەنە بەزىلەر ئۇنى «پادىشاھلارغا نەسىھەتنامە» دەپ ئاتىغان، تۈركىي خەلقلەر بولسا «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ ئاتىغاندى.

«قۇتادغۇ بىلىك» — 85 بابلىق داستان بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۈچ قوشۇمچە قىسمى ۋە ئۈچ كىرىش سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ۋەقەلىكى ئانچە مۇرەككەپ ئەمەس، ئاساسلىقى تۆت سىمۋول خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژ ئوبرازى ئوتتۇرىسىدىكى دىيالوگ ئارقىلىق ئاپتورنىڭ جەمئىيەت، قانۇن ـ تۈزۈم، پەلسەپە، دۆلەت باشقۇرۇش ئۇسۇلى، شۇنىڭدەك دىن، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئىپادە قىلىنغان. ئەسەردىكى تۆت پېرسوناژ ئوبرازىدىكى، پادىشاد — كۈنتۇغدى بولسا ئادالەت ۋە قانۇن ـ تۈزۈمگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ ۋەزىر — ئايتولدى بولسا بەخت ـ سائادەتكە سىمۋول قىلىنغان؛ ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ مۇجەسسەمى؛ دىنىي تەقۋادار — ئۇدغۇرمىش بولسا

«ئىنساپ» ۋە «باقىي ئالەم» گە سىمۋول قىلىنغان، دىئالوگلار بىر خىل پەلسەپىۋىلىككە باي ۋە ئىبرەتلىك خۇسۇسىيەت ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن جاۋابلار ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان.

ئاساسلىق ۋەقەلىكى مۇنداق:

پادىشاھ كۈنتۇغدى غەيرەتكە كېلىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ ۋە چىن دىلى بىلەن دانىشمەن ئىزدەيدۇ. ئايتولدى دۆلەتكە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىدۇ ھەمدە پادىشاھنىڭ چوڭقۇر ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، كۆپ يىل ۋەزىر بولىدۇ. ئايتولدى باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىش ئالدىدا، پادىشاھقا نارسىدە ئوغلى ئۆگدۈلمىشنى تاپشۇرىدۇ. ئۇ دانىشمەن پادىشاھنىڭ مەرھەمىتى بىلەن چوڭ بولىدۇ ھەمدە ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. دانىشمەننىڭ ئۇدغۇرمىش ئىسىملىك بىر دىندار تۇغقىنى بار بولۇپ، پەزىلەتلىك ئادەم ئىدى. پادىشاھ كۈنتۇغدى ئۇنى ئوردىغا چاقىرىپ، ئۆگدۈلمىش بىلەن ئۆزىگە ياردەمچى بولۇشقا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇدغۇرمىش تاغقا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، تەركىدۇنيالىقتىن ۋاز كەچكىلى ئۇنىمايدۇ، ئۆگدۈلمىش كۆپ قېتىم يالۋۇرسىمۇ، ئۇ نىيىتىدىن زادىلا يانمايدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۆگدۈلمىشتىمۇ تاغقا چىقىپ ئاللاغا سېغىنىپ تەركىدۇنيا بولۇش ئويى پەيدا بولىدۇ. ئۇدغۇرمىش بولسا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى توسۇپ، پادىشاھ كۈنتۇغدىغا جان ـ دىل بىلەن خىزمەت قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇدغۇرمىش كېسەل بولۇپ قېلىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدۇ، ئۆگدۈلمىش ئۇنى يوقلاپ بارىدۇ. ئۇدغۇرمىش ئۆلگەندىن كېيىن، پادىشاھ كۈنتۇغدى بىلەن ئۆگدۈلمىش چوڭقۇر مۇسىبەت ئىچىدە ئازابلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىدىن تەسىرلىنىدۇ، كېيىن ئۆگدۈلمىش تېخىمۇ جاسارەتكە كېلىپ دۆلەتنى ئادىل باشقۇرغانلىقتىن جاھان بارا ـ بارا تۈزىلىدۇ.

تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، بۇ ئاددىي ھېكايە ۋەقەلىكى تارىخ ياكى رىۋايەتلەردىن ئېلىنغان ئەمەس، ھېچقانداق ئاجايىپ - غارايىپ تۇس ئالغانمۇ ئەمەس، ئەسەردە ئىپادە قىلىنغان غايە ئاپتورنىڭ سەرگۈزەشتىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان. پادىشاھ كۈنتۇغدى دەل تابغاچ ھەسەن بۇغراخان بولۇپ، ئايتولدى يۇسۇپنىڭ ئۆزىدۇر. ئايتولدى نۇرغۇن يوللارنى كېزىپ، مىڭ بىر جەبىر - جاپالاردىن كېيىن كۈنتۇغدىنىڭ قېشىغا كېلىپ، پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولغانلىق كەچۈرمىشى، دەل يۇسۇپنىڭ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشىدۇر. بۇ ئوبرازنى ئاپتور پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلىگەن. ئۆگدۈلمىش بولسا يۇسۇپنىڭ ئوغلىنىڭ ئوبرازى بولۇشى مۇمكىن، ئەسەرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كۆرۈلگەن جاھاندىن بىزار بولۇش، تەركىدۇنيالىقنى تەرغىب قىلىشتەك ئالامەتلەر، ئەسەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى «1 - قوشۇمچىسى» دە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئاپتورنىڭ پاسسىپ ھەسرەتلىك ھېسسىياتى بىلەن ئىنتايىن ماس كېلىدۇ.

بۇ ئەسەرنى مەزمۇن قۇرۇلۇشى جەھەتتىن ئۈچ قاتلامغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى قاتلىمى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھالىتى، يەنى رېئال تۇرمۇشنى تەسۋىرلەش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈش. بۇ بۆلەك مەزمۇن ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، بولۇپمۇ ئۆدغۇرمىشنىڭ پادىشاھ كۈنتۇغدىغا نەسىھىتى ۋە ئاپتورنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا «2 - قوشۇمچىسى» دىكى بايانىدا، بىر قەدەر مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن. بۇ بۆلەك مەزمۇن ئارقىلىق بىز قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەرگە نىسبەتەن چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولالايمىز. مەسىلەن، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، جەمئىيەت قاتلىمى، شۇنىڭدەك ھەر قايسى

تەبىقىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى؛ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك ۋە باشقا رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى؛ دىنىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تەسىرى؛ ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادەتلەر، ئاياللارنىڭ ئورنى؛ بولۇپمۇ كىتابتا ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى دادىل پاش قىلىشقا خېلى كەڭ سەھىپە ئاجرىتىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن، بىزنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىككىنچى قاتلىمى، پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن تەبىئەت قارشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارشى، ياخشى - يامانلىق قارشى، ئىجتىمائىي ئاڭ ۋە تارىخىي ئاڭدۇر. ئاپتور ئەسەردە گەرچە زور دەرىجىدە ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى قارشى ۋە كىشىلىك ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇ قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارشى ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىسىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئۈچىنچى قاتلىمى، شۇنداقلا ئەڭ مۇرەككەپ، كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتىدىغان مەسىلە، «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئىپادىلەنگەن تارىخىي مەدەنىيەت چوڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدۇر، بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشنى تۆۋەندىكى بىر قانچە ئاساسىي ئالاھىدىلىككە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئېڭى ۋە ئەنئەنىسى، بۇ پۈتۈن ئەسەردىكى يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان مەدەنىيەت ئامىلى. مەسىلەن، ئاپتورنىڭ نۇرغۇنلىغان خەلق قوشاقلىرى، تەمسىللەر شۇنىڭدەك يايلاقلاردا ياشىغۇچى كۆچمەن چارۋىچى ئاقسۆڭەك زاتلىرىغا تەۋە ئەقلىيە سۆزلەرنى بىباھا تۈتىيا بىلىپ نەقىل كەلتۈرگەنلىكى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەسلىدىنلا بار بولغان مەدەنىيەت ئېڭى ۋە ئەنئەنىۋى قارىشىنى ئىنتايىن روشەن ھالدا

گەۋدىلەندۈرگەن. «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە ئۇنىڭغا زاماندىش بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تەتقىقاتچىلار مۇشۇ دەۋردىكى ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ خىرىس قىلىشىغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئۆز مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە چىڭ تۇرغان نەمۇنە دەپ قارىغان، بۇ خىل قاراش ئېنىقكى ئىنتايىن توغرىدۇر. «قۇتادغۇ بىلىك» تە تەخمىنەن 6000 دىن ئارتۇق سۆز يىلتىزى ۋە ياسالما سۆز بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغانلىرى ئاران 5000 ئەتراپىدا. ئەسەردىكى بەزى ئاسترونومىيە ئاتالغۇلىرى ۋە پەلسەپىۋى ئابستراكت ئاتالغۇلارنىڭ ھەممىسى تۈركىي تىللار سۆزلۈكى بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، «ئاۋا يۇلتۇز تۈركۈمى» ، «مىزان» دەپ ئاتالغان. ئەينى چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا رايونلىرى (مەسىلەن، ماۋرائۇننەھر رايونى) دىكى ئەرەب تىلى ئورتاق ئىلمىي تىل، پارس تىلى قېلىپلاشقان ئەدەبىي تىل بولۇشتەك ئەھۋاللارغا سېلىشتۇرغاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىسى روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ قالغان.

ئىككىنچى، «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئورگانىك بىرىكىشى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرى خېلى بۇرۇنلا: «قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ كىشىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمىدە، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ياشىغان»① دەپ قارىغانىدى. بەزى چەت ئەل ئالىملىرى يەنە تېخى «قۇتادغۇ بىلىك» تە جۇڭگو پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى بار دەپ قارىغان ھەمدە ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ قەدىمكى كۇڭزىچىلىق ئىدىيىسى بىلەن بولغان باغلىنىشى ھەققىدە ئىزدەنگەن. مەزكۇر كىتابنى ئەستايىدىل ئوقۇساق ھەمدە ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى ھەرخىل ئىدىيە

① ۋ. بارتولد: «بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 1 ـ كىتاب، «موڭغۇللار ئىستېلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» ، موسكۋا شەرق مەدەنىيىتى نەشرىياتى، 1963 ـ يىل نەشرى.

ئېقىملىرى بىلەن سىڭىشتۈرۈپ تەتقىق قىلساق، بۇ جەھەتتە تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇش ھاسىل قىلالايمىز. ۋەتەن مەدەنىيىتى بىلەن بۇ خىل بىردەكلىك يېقىن مۇناسىۋەت بۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىدا ئىنتايىن گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

ئۈچىنچى، «قۇتادغۇ بىلىك» سىڭدۈرگەن مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىل ئامىللىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى يەنىمۇ بېيىتقان ۋە مۇكەممەللەشتۈرگەن. بۇ يەردىكى سىڭدۈرگەن مەدەنىيەت دېگىنىمىز، ئاساسەن ئەرەب ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمدە دۇنيادىكى كۆپ خىل مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرىدىن ھاسىل بولغان ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەسەرنىڭ 4 ـ بابىدا ئاپتور بۇخىل مەدەنىيەت يىغىندىسى ھادىسىنى شەكىللەندۈرگەن تارىخىي ۋە جۇغراپىيىۋى شارائىتنى جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەنىدى:

قوڭغۇر رەڭ يىپەكتىن يېشىل تورقىنى،
تاۋغاچ رەختى يايدى قىتان كارۋىنى.

بازاردىن كېلۈچى ساما قۇشلىرى،
بىرى رايى ھىندى بىرى قەيسەرى.

بىرى شەرقتىن تۇتار مىڭ ئارمىغان،
بىرى غەربتىن تىكەر خىزمىتىگە جان[1]

دەل ئەينى چاغدىكى ئاشۇ خىل ئېچىۋېتىش ھالىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن تارىخىي ۋە جۇغراپىيە شارائىتىدا، ئەرەب

---

[1] ليۇ بىڭ: «قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات»، 32 — 29 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى.

مەدەنىيىتى دىن (ئىسلام دىنى)، تىل، ئەدەبىيات قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىدە، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن. ئەسەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن قىسمەن تارىخىي ۋە ئەپسانىۋى ھېكايىلەر، بەزى ئەدەبىي تەسۋىرلەش ماھارىتى ۋە ئۇسلۇبىنىڭ ھەممىسى بۇ خىل تەسىرنىڭ ئىپادىسى. ئەلۋەتتە، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب مەدەنىيىتىگە ئىسلام دىنىنىڭ تامغىسى مەھكەم بېسىلغانىدى. ئوخشاشلا، «قۇتادغۇ بىلىك» تىمۇ بۇ خىل تامغا بار، بۇ نۇقتا ئەسەردىكى ئاللاغا بولغان مەدھىيە، مۇسۇلمانلارغا قويۇلغان تەلەپ، شۇنىڭدەك ئاپتورنىڭ ئۆز ئېتىقادىغا بولغان تەلپۈنۈشى ۋە تونۇشى قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنى بىر پارچە دىنىي ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ، ئەكسىچە ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرىدۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» كلاسسىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ، بەدىئىي جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى، مىلادىيە XI ئەسىردە ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ئالLIبۇرۇن پىشىپ ۋايىغا يەتكەنلىكى ۋە ئاجايىپ يۇقىرى سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» تە قوللىنىلغان شېئىرىي ئۇسلۇب، دەل بۈگۈنكى كۈندە قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان قىيىنلىق دەرىجىسى ناھايىتى چوڭ بولغان كلاسسىك ۋەزىنلىرىدىكى ئارۇز ۋەزىنىنىڭ مۇتاقارىپ بەھرىدە مەنىۋى شەكلىدە يېزىلغان. بۇ خىل پۈتۈنلەي بىر خىل ۋەزىن بولۇشتەك تەلەپ، ئېنىقكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» قا ئوخشاش بۇنداق چوڭ ھەجىمدىكى ئەسەرنىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا غايەت زور قىيىنچىلىق تۇغدۇرغان. بىراق، پۈتۈن كىتابقا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇ خۇددى يېپقا تىزىلغان مارجاندەك،

ئىنتايىن نەپىس چىققان بولۇپ، بىز ئاپتورنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتىكى يۈكسەك ماھارىتىگە قايىل بولماي تۇرالمايمىز.

«قۇتادغۇ بىلىك» قا ئاپتور يەنە بەزى «رۇبائىي» (تۆت مىسرالىق شېئىرلار) نىمۇ كىرگۈزگەن. بۇ خىل شېئىرىي ئۇسلۇب پارس شېئىرىيىتىنىڭ بوۋىسى دەپ ئاتالغان روداكى (مىلادىيە 850 — 941 - يىللار) دىن كېيىن بىر قانچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئورتاق تىرىششى ئارقىسىدا، ئاندىن بارا - بارا قېلىپلاشقان. شۇڭا، «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى تۆت مىسرالىق شېئىرلارنى ئاپتور «رۇبائىي» دەپ پەرقلەندۈرمىگەن. ئەھۋالغا قارىغاندا، ئەسەردىكى تۆت مىسرالىق شېئىرلارنى «رۇبائىي» نىڭ دەسلەپكى نەمۇنىلىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇڭلاشقا، «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى «رۇبائىي» ئەنئەنىسىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس يارىتىپ بەرگەن.

مول ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت «قۇتادغۇ بىلىك» نى ئاجايىپ زور شۆھرەتكە ئېرىشتۈرگەن. ئۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىدە ئىنتايىن يۈكسەك باھاغا ئېرىشىپلا قالماي، ئاپتورنى «خاس ھاجىپ» لىق مەرتىۋىگە ئىگە قىلغان ھەمدە ئەينى چاغدىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەت ۋە رايونلارغا، شۇنىڭدەك كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەدەبىياتقىمۇ ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. مىلادىيە XIV ئەسىردىكى بىر پارچە پارس تارىخىي ھۆججىتىدە خاتىرىلىنىشىچە، چىڭگىزخاننىڭ بىر پارچە ھەق تەلەپ قانۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەندى - نەسىھەت توپلىمىمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ ئاتالغانىكەن. تەتقىقاتچىلار چىڭگىزخاننىڭ بۇ يارلىق مەكتۇپى دەل مىلادىيە XI ئەسىردە ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ كۆچۈرۈلمىسى، ھېچ بولمىغاندا كىتابنىڭ نامى جەھەتتە بولسىمۇ بۇ كىتابقا تەسىر كۆرسەتكەن،[1] دەپ قارىماقتا. مىلادىيە

---

① ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، 140 - بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى.

1909 - يىلى ئورال دەرياسى ئېغىزى رايونىغا جايلاشقان ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ خارابىلىكىدىكى سارايچىق كەنتىدە بىر ساپال كوزا تېپىلغان. ئۇنىڭدا «قۇتادغۇ بىلىك» تىن ئېلىنغان بىر پارچە شېئىر ئويۇلغانىدى. تەتقىقاتچىلار يەنە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى مىلادىيە XII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن، مىلادىيە XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىلدە ياشىغان ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرى — ئەھمەد يۈكنەكى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان پەلسەپىۋى داستان «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» مەزمۇن، ئۇسلۇب ۋە تىل جەھەتتە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان، دەپ قارايدۇ. مىلادىيە XIV ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرى ناسىر رابغۇزى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا» نىڭ بەزى بايان قىلىش ئۇسۇلىمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تەسىرىنى بىۋاسىتە گەۋدىلەندۇرگەنىدى. يەنە بەزى چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرى «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوشنا رايونلار (ھىندىستان، ئىران، مىسىر ۋە باشقا ئەرەب رايونلىرى) غا تونۇش بولغان «قەدىمكى ئۇسلۇب» گەۋدىلەندۈرۈلگەن، دەپ قارايدۇ. بۇ كىتاب دۇنياغا كېلىپ بەش ئەسىردىن كېيىن، ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ياۋروپاغا تەسىر كۆرسەتكەن. غەربلىكلەر بەس - بەس بىلەن ئۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەدەبىيات شەكلى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئىدىيىسى ۋە ئېتىكا قارىشىنى ئىپادىلىگەن. فرانسىيىلىكلەر ۋە ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ «پادىشاھ دەستۇرى»، گېرمانىيىلىكلەرنىڭ «شاھزادىنىڭ پەندى - نەسىھەتلىرى» ۋە سلاۋيانلارنىڭ «پەندى - نەسىھەتلەر توپلىمى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ خىل ئۇسلۇبقا ئوخشىپىراق كېتىدۇ. قەدىمكى سلاۋيانلارنىڭ ئارىسىدا «ناتىقلار» بار بولغان بولسا، رۇسلاردا «ناتىق»، «ئەقلىيە سۆزلەر» قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئۇلارمۇ

مۇشۇ خىلغا مەنسۇپ ئىدى. «قۇتادغۇ بىلىك» بىر دەۋر شېئىرنى ئۇسلۇبىنىڭ ئۆلگىسىنى ياراتتى، بۇگۈنگىچە داۋام ئەتكەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى پەندى - نەسىھەت، پەلسەپىۋى شېئىر شەكىللەندۇردى، دېيىش بىزنىڭچە زادىلا ئارتۇق ئەمەس ئىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەسلىي نۇسخىسى يوقىلىپ كەتكەن بولۇپ، ھازىر ئۈچ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىي ئەسەر يېزىلغان يىللاردىن كېيىن كۆچۈرۈلگەنىدى. بۇ ئۈچ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنىڭ بىرى ۋېنا نۇسخىسى، (يەنى ھېرات نۇسخىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بولۇپ، مىلادىيە 1439 - يىلى ھەسەن قارا شايىل شەمس تەرىپىدىن ھېرات شەھىرىدە ئۇيغۇر تىلىدا كۆچۈرۈلگەن. مىلادىيە 1974 - يىلى ئىستانبولدا بايقىلىپ، كېيىن ۋېنا دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانغان. مىلادىيە 1823 - يىلى فرانسىيىلىك ئالىم ژائۇبېرت تۇنجى بولۇپ «قۇتادغۇ بىلىك» توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئېلان قىلغان. 2 - كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى بولغان قاھىرە نۇسخىسى كەمتۈك نۇسخا بولۇپ، ئېھتىمال بىر قانچە ئادەم تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. 3 - نەمەنگان نۇسخىسى (فەرغانە نۇسخىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىيە XII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى مىلادىيە XIII ئەسىرنىڭ باشلىرى ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن. تەتقىقاتقا ئاساسلانغاندا، بۇ كۆچۈرۈلمە نۇسخا ئىكەن. مىلادىيە 1913 - يىلى فەرغانە رايونىنىڭ نەمەنگان شەھىرىدىكى بىر شەخسىي كىتاب ساتقۇچىنىڭ ئۆيىدە بايقالغان. مىلادىيە 1925 - يىلى تاشكەنتتە بۇ ھەقتە خەۋەر ئېلان قىلىنغان.

مىلادىيە 1942 — 1943 - يىللىرى تۈركىيە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بۇ ئۈچ كۆچۈرۈلمە نۇسخىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسىنى نەشر قىلغان. تۈركىيە ئالىمى رەشىد راخمەت ئارات كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن سېلىشتۇرۇپ

چىقىپ، كۆپ يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، مىلادىيە 1947 ـ يىلى ئەسلىي كىتابتىكى تولۇق تېكىستىنىڭ لاتىنچە ھەرپ بىلەن يېزىلغان ترانسكرىپسىيە نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇرغان؛ مىلادىيە 1959 ـ يىلى تۈرك تىلىدىكى نەسرىي تەرجىمىسى نەشر قىلىنغان. رەشىد رەخمەت ئارات ئېلان قىلغان نۇسخا رەسمىي تېكىست، ئۈچ پارچە قوشۇمچە، جەمئىي 6645 قوش مىسرالىق بېيىتتىن، ئىككى پارچە كىرىش سۆزدىن تەركىب تاپقان. پۈتۈن تېكىست 85 بابقا بۆلۈنگەن. بۇ سېلىشتۇرما نۇسخىسى بىر قەدەر تولۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل كۆرگەن، شۇڭا ئۇ «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇشتا ئاساسلىنىدىغان ئاساسلىق نۇسخا بولۇپ قالغان.

ھازىرغىچە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئىنگلىز، رۇس، نېمىس، فرانسۇز، تۈرك، قازاق، ئۆزبېك، ئەزەربەيجان قاتارلىق نۇرغۇنلىغان تىللاردىكى تەرجىمىسى نەشر قىلىنغان. مىلادىيە 1973 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئېلىمىز ئالىمى گېڭ شىمىن بىلەن ۋېي سۈييى رەشىد رەخمەت ئاراتنىڭ سېلىشتۇرما نۇسخىسىغا ئاساسەن تاماملىغان، خەنزۇ تىلىدىكى قىسقارتىلما نۇسخىسىنى نەشر قىلغان. مىلادىيە 1984 ـ يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى تاماملىغان «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ لاتىنچە ترانسكرىپسىيىسى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزم يەشمىسى توپلىمىنى نەشر قىلغان. مىلادىيە 1995 ـ يىلى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى يۇقىرىقى لاتىنچە ترانسكرىپسىيىسى ئاساسىدا، خەنزۇ تىلىدىكى تولۇق نۇسخىسىنى تەرجىمە قىلىپ چىققان ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

مىلادىيە XX ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن بۇيان، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ كۆپ خىل تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر بۇ كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى داڭلىق ئەسەرگە قارىتا بارغانسېرى ئېتىبار قىلىشقا باشلىدى ۋە بارغانسېرى يۇقىرى باھالارنى بەردى ھەمدە كۆپلىگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى بارلىققا كەلدى. خەلقئارا ئىلىم ساھەسى «قۇتادغۇ بىلىك» كە، شۇنىڭدەك ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە قارىتا مۇھاكىمىنى ئۈزلۈكسىز قانات يايدۇردى، بەزى چەت ئەل ئالىملىرى تەرىپىدىن «قۇتادغۇ بىلىكشۇناسلىق» دەپ مەخسۇس تەتقىقات ساھەسى شەكىللەندى.

ئېلىمىز ئازادلىقتىن كېيىن «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىغا قارىتا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەندى، ۋاپات بولۇپ كەتكەن مەشھۇر يازغۇچى لاۋ شې 50 ـ يىللاردىلا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەندى: «ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەتلىك مىراسى بولۇپلا قالماي، ئوخشاشلا ۋەتىنىمىز مەدەنىيەت تارىخىدىكى قىممەتلىك بايلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»①. ئۇيغۇر خەلقى جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللىي ئەدەبىياتى ئارقىلىق، جۇڭخۇا مىللىتى مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتتى، ۋەتىنىمىزنىڭ پارلاق كلاسسىك مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشتى.

## 3. مەھمۇد قەشقەرى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»

مەھمۇد قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىر دەۋرنىڭ

① لاۋشې: «جۇڭگو يازغۇچىلار كېڭىشى 2 ـ قېتىملىق كېڭەش ئەزالىرى كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا بېرىلگەن دوكلات»، (1956 ـ يىل).

كىشىلىرى بولۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، مۇتەخەسسىسلەر تەھلىل قىلىپ، ئۇنى تەخمىنەن مىلادىيە XI ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى تۇغۇلۇپ، 70 — 80 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ۋاپات بولغان بولۇشى مۇمكىن،① دەپ قارايدۇ. مۇئەللىپ قەشقەرلىك بولۇپ، تولۇق ئىسمى مۇھەممەد بىن ھۈسەيىن بىن مەھمۇد قەشقەرىدۇر. بۇ ئىسمدىن ئاپتورنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمىنىڭ ھۈسەيىن ئىكەنلىكىنى، بوۋىسىنىڭ مۇھەممەد ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئاپتور يەنە بىرگە ئۆزىنىڭ خانلىق جەمەتى تىلىنى قوللىنىدىغان بىر قەدىمكى قەبىلىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى، «ئىسىلزادە ئىكەنلىكىنى ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئەڭ ئۇستا نەيزىۋازلاردىن ئىكەنلىكىنى» ئېيتىدۇ؛ ئۇ «بارسخان» دېگەن يەر نامىنى چۈشەندۈرگەندە، ئاتىسىنىڭ مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلغانلىقىنى ئېيتقان. مۇشۇ ئەھۋاللاردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭ بوۋىسى ئېھتىمال مىلادىيە 1056 — 1057 ـ يىللىرى ئۆزىنىڭ ئاكىسى، شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى چوڭ خاقانى سۇلايماننى مەغلۇپ قىلىپ، چوڭ خاقانلىق تەختىنى تارتىۋالغان مۇھەممەد بۇغراخان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ دادىسى ھۈسەيىن بارسخاننىڭ ئەمىرى بولغانىدى. مۇھەممەد بۇغراخان بىر يىلدىن ئارتۇق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، تەختىنى ھۈسەيىنگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، ھۈسەيىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر قېتىملىق ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشىدە ئاغدۇرۇلغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇ خانلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈمىدىدا تۇرسۇن، ھەتتا پۈتۈن ئائىلە جەمەتى بويىچە قىرغىنىغا ئۇچرىغان. مەھمۇد قەشقەرى گەرچە ھايات قالغان بولسىمۇ، ئەمما ياقا يۇرتلاردا

① جاڭ گۇاڭدا: «مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› ۋە يۇمىلاق خەرىتە توغرىسىدا»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1978 ـ يىللىق 2 ـ سان.

سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن. ئۇ دەسلەپ غەربىي خانلىقتىكى بۇخاراغا كەلگەن، كېيىن بۇ جايدىن نىشاپۇر ئارقىلىق باغداتقا كەلگەن ۋە بۇ يەردە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىشقا باشلىغان.

بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن ئىلگىرى، مەھمۇد قەشقەردە تۇرغان ۋە ئوبدان تەربىيە كۆرگەن ھەمدە بۇ ئەسەرنى يېزىش تەييارلىقىنى قىلغانىدى. ئۇ يەتتەسۇ رايونى، ئىلى دەرياسى ۋادىسى ۋە سىر دەرياسى رايونىغا كېلىپ، كۆپلىگەن ئىنچىكە تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، مول بولغان خەلق ئارىسىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى توپلاپ، كېيىنكى ئىجادىيىتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس ھازىرلىغان، ئۇ كىتابىنىڭ «كىرىش سۆز» قىسمىدا مۇنداق دەيدۇ: «مەن تۈركىي خەلقلەر ئولتۇراقلاشقان بارلىق كەنتلەر ۋە يايلاقلارنى كېزىپ چىقتىم. تۈركلەر، تۈركمەنلەر، ئوغۇزلار، چىگىل، ياغما ۋە قىرغىزلارنىڭ تىللىرى قەلبىمگە چوڭقۇر ئورناشتى... ئۇزۇن يىللىق تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلەردىن كېيىن، مەن ئەڭ نەپىس شەكىل ۋە ئەڭ يارقىن تىل ئارقىلىق بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتىم»①. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مۇشۇ چوڭ تىپتىكى لۇغەت كىتابنى يېزىش ئۈچۈن، ئاپتور ئۇزۇن مەزگىل تەييارلىق كۆرگەن ھەمدە نۇرغۇن جاپالىق ئەمگەكلەرنى سىڭدۈرگەن.

باغداتتىكى مەزگىلدە مەھمۇد قەشقەرى بۇ ئەسەرنى تېخىمۇ مۇۋاپىق، تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىپ يېزىپ چىقىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە مول بىلىمىنى ئىشقا سېلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەسەر يېزىشقا كىرىشكەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىشنى يېنىكلىتىش ۋە ئەسىرىمنىڭ ئىخچام، چىقىشى ئۈچۈن ئىلگىرى ھېچكىم قوللانمىغان ۋە بۇرۇنقىلار

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە نۇسخىسى، 1 ـ توم 3 ـ بەت، 1981 ـ يىل نەشرى.

بىلمەيدىغان ئالاھىدە ئۇسۇلنى قوللاندىم. مەن مەزكۇر ئەسەرنى ھېكمەتلىك سۆزلەر، سەجئەلەر (قاپىيىلىك ئەسەر)، ماقال - تەمسىللەر، شېئىر - قوشاقلار، رەجەزلەر (قەھرىمانلىق داستانى) ۋە نەسرىي پارچىلار بىلەن بېزىدىم ھەمدە ھەرپلەرنىڭ رەت - تەرتىپى بويىچە مەخسۇس رەتلەپ چىقتىم». لۇغەت ئەرەبلەرنىڭ تۈركىي تىللارنى ئىگىلىشى ۋە ئۆگىنىشى ئۈچۈن تۈزۈلگەن بولغاچقا، ئۇ ھەربىر سۆزلۈكلەرگە ئىمكانقەدەر كونكرېت، جانلىق مىساللارنى قوشۇپ قويغان ھەمدە ئەرەب تىلى بىلەن تەپسىلىي ئىزاھلىغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئاپتور ئەرەب تىلىدا يېزىپ پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئەسەرنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتى بولسا مىلادىيە 1074 - يىللىرى ئىدى. كۆچۈرگۈچى كاتىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەھمۇد قەشقەرى ئۆز قولى بىلەن يازغان ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملىگىچە ئەينەن كۆچۈرۈپ يېزىپ تاماملىدىم: كىتابنى (ھىجرىيە كالېندارى بويىچە) 664 - يىلى 5 - ئاينىڭ بېشىدا يېزىشقا باشلىغان، ئورگىنال تۆت قېتىم ئۆزگەرتىلىپ، 666 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، (مىلادىيە 1074 - يىلى 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى) دۈشەنبە تاماملىغانىدى». ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ توپتوغرا ئىككى يىل ۋاقىت كەتكەن: «تۈركىي تىللار دىۋانى» پۈتۈپ 2 - يىلى (مىلادىيە 1075 - يىلى)، ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى ئوبۇل قاسىم ئابدۇللا مەقتەدى بى ئەمرۇللا (مىلادىيە 1075 — 1094 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان) سالجۇقىيلار سۇلتانىنىڭ قوللىشى بىلەن تەختكە چىققان. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى ھەسەن بۇغراخان يېڭى خەلىپىنىڭ تەختكە چىققانلىقىنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن، باغداتقا ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن، مەھمۇد قەشقەرى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى (ئېھتىمال ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئوغلى بولۇشى مۇمكىن) نىڭ تاغىسى

بولۇش سالاھىيتى بىلەن، بىرلىكتە خەلىپە بىلەن كۆرۈشۈپ، خەلىپىگە ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى تەقدىم قىلغان[1] ئاپتور كىرىش سۆزىدە: «مەن بۇ كىتابنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەددەس ئورنىدا ئولتۇرغان، ھاشىم ئۇرۇقىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ۋە ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى، بىزنىڭ خوجىمىز، بىزنىڭ شاھىمىز، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن خەلىپە بولغان مۇھەممەد ئوغلى ئەبۇل قاسىم. ئابدۇللا ئالىيلىرىغا ئارمىغان (تەقدىم) قىلدىم» دەپ يازغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» تىلشۇناسلىققا ئائىت ئەسەر بولۇپلا قالماي، بەلكى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جەمئىيىتىگە ئائىت قامۇستۇر. پۈتۈن كىتاب جەمئىي سەككىز بۆلۈمگە بۆلۈنىدۇ، ھەر قايسى بۆلۈم يەنە 1 ـ، 2 ـ قىسىم دەپ ئىككى بۆلۈمگە بۆلۈنگەن، ئىسىم، پېئىللار ئايرىم ـ ئايرىم رەتكە تىزىلغان. ھەربىر تومغا نۇرغۇن سۆز ـ ئىبارىلەر كىرگۈزۈلگەن. ئاپتور يەنە تارماق بۆلۈم ـ بابلارغا بۆلگەن. ھەر بابتىكى سۆز ـ ئىبارىلەرنى تاق سۆزلەرنىڭ سۆز يىلتىزىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بويىچە ئىككى يىلتىزلىق سۆزلەر، ئۈچ يىلتىزلىق سۆزلەر، تۆت يىلتىزلىق سۆزلەر دەپ تۈرلەرگە بۆلگەن. ھەربىر تۈردىكى سۆز يىلتىزىنى يەنە خەت شەكلى، تىل ئالاھىدىلىكى، سۆز ئاخىرى، سۆز يىلتىزى بويىچە رەتكە تىزغان. «پۈتۈن كىتابنى كۆرۈپ چىقمىغان بولساق، كىتابنىڭ قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، تەرتىپى ئېنىق، ھەقىقەتەنمۇ بىر پارچە ئەستايىدىل، پۇختا تۈزۈلگەن» كاتتا ئەسەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز»[2] پۈتۈن كىتابقا جەمئىي 7500

---

① جياڭ چىشياڭ: «مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›، «غەربىي شىمال يەر ـ جايلىرى» نىڭ 1985 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان.

② جاڭ گۇاڭدا: «مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› ۋە يۇمىلاق خەرىتىسى»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1976 ـ يىل 2 ـ سان.

سۆزلۈك (سۆز ۋە جۈملىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كىرگۈزۈلگەن. ھەرخىل مەمۇزندىكى رۇبائىيلاردىن 242 پارچە، ھېكمەتلىك سۆزلەر، ماقال - تەمسىللەردىن 200 پارچىسى كىرگۈزۈلگەندى. مەزمۇنى مىلادىيە XI ئەسىردىكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەتراپىدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى، تۇرمۇش ئادىتى، قەبىلىلەر نامى ۋە يەر - جاي نامى، ئۇرۇقداشلىق قەبىلىلەرگە بۆلۈنىشى، يېقىن تۇغقانلار ۋە قۇدا - باجىلىققا ئائىت ئاتالغۇلار، ھەرخىل مەنسەپلەرنىڭ نامى ۋە ئاتىلىشى، يېمەك - ئىچمەكلەرنىڭ نامى، ئۆي قۇشلىرى ۋە ئۆي ھايۋانلىرى، ياۋا قۇشلار ۋە ياۋايى ھايۋانلار نامى، چارۋىچىلىق ئاتالغۇلىرى، ئۆسۈملۈك ۋە دانلىق زىرائەتلەر نامى، ئاسترونومىيە ئاتالغۇلىرى، خەلق كالېندارلىرى، ئاي ۋە ھەپتە، كۈنلەرنىڭ نامى، جۇغراپىيە ئاتالغۇلىرى ۋە يەر ناملىرى كاتالوگى، شەھەر، كېسەللىك ۋە تېببىي دورىلارنىڭ نامى، ئوپېراتسىيە ئىلمى ئاتالغۇلىرى، مېتال ۋە كان بۇيۇملىرى، ھەربىي ئىشلار، تەنتەربىيە، مەمۇرىيەت ئاتالغۇلىرى، ھەرخىل تارىخىي شەخسلەر ۋە ئەپسانىۋى شەخسلەر ئىسمى، دىن ۋە مىللەت ھەققىدىكى ئاتالغۇلار، بالىلار ئويۇنى ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرى قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دېكى يۇمىلاق خەرىتىنى ئاپتور ئۆزى ئىگىلىگەن بىلىم ئاساسىدا، تۈركىي تىلنى قوللىنىدىغان 20 قەبىلە، شۇنىڭدەك باشقا قوشنا مىللەتلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىغا ئاساسەن سىزىپ چىققان. ئۇ «كىرىش سۆزى» دە مۇنداق دەپ يازغان: «مەن شەرقتە رۇم ئەتراپىدىن تارتىپ، كۈن چىقىش تەرەپكىچە بولغان شەرقتىكى ھەر قايسى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئولتۇراق جايىنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ ئۆتتۇم، ئولتۇراق جايى رۇم ئۆلكىسىگە ئەڭ يېقىن بولغان قەبىلە پەچەنەك قەبىلىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالسا قىپچاق، ئوغۇز،

يەمەك، باشقىرت، باسمىل، قاي ياباقۇ، تاتار، قىرغىز، قاتارلىق قەبىلىلەردۇر. قىرغىزلار چىنغا يېقىن ئولتۇراقلاشقان. بۇ قەبىلىلەر شەرقىي رىم ئەتراپىدىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان رايونلارغا جايلاشقان. ئاندىن كېيىن چىگىل، تۈركەش، ياغما، ئوغراق، چارۇق، چۇمۇل، ئۇيغۇر، تاڭغۇت، قىتان قاتارلىق قەبىلىلەر بار ئىدى. قىتان — چىندۇر. ئەڭ ئاخىردىكىسى تاۋغاچ ئىدى، يەنە ماچىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ قەبىلىلەر يۇقىرىقى رايونلارنىڭ جەنۇب - شىمال ئارىلىقىغا جايلاشقان. ھازىر ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان رايونلىرىنى بىر - بىرلەپ تۆۋەندىكى يۇملاق خەرىتىگە سىزىپ چىقماقچىمەن.» بۇ بىر ئابزاس سۆز ۋە يۇملاق خەرىتە، بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ جايلىشىش ۋەزىيىتىنى بىلىشىمىزدىكى ئىنتايىن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيالغا ئايلانغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ يەنە ئىنتايىن مۇھىم بىر تەرىپى بار، بەزى سۆز - ئىبارىلەر ئارىسىدا، ئاپتور نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ياكى باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى قوشاقلىرى، ھېكمەتلىك سۆزلىرى ۋە ماقال - تەمسىللىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىيات مىراسلىرىنى ساقلايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. ئۇ «مۇقەددىمە» قىسمىدا مۇنداق دەيدۇ: «مەن يەنە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىر ۋە قوشاقلىرى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ قايغۇرغان ياكى خۇشال بولغان چاغلىرىدا دەيدىغان مەنىسى چوڭقۇر ماقال - تەمسىللىرى ۋە ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈردۈم، ئۇنىڭدىن نەپ ئالغان كىشىلەر ئۇلارنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تارقاتقۇسى. ئۇنىڭدىن باشقا مەن يەنە نۇرغۇن ئىبارىلەرنى كىرگۈزدۈم. مەن بۇ كىتابنى يېڭى مەزمۇنغا ئىگە قىلىش

جەھەتتە مۇكەممەل دەرىجىگە يەتكۈزۈش، كىتابنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇش ھەمدە بەدىئىي جەھەتتە يۈكسەكلىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى چاغدىكى ئەدەبىياتىنىڭ ئىنتايىن تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ شېئىرلانىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ ئۇمىدۋار، جەسۇر، يېڭى ۋە تۇرمۇش پۇرىقىغا باي بولغانلىقى.

ئۇنىڭدىن باشقا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» يەنە مىلادىيە XI ئەسىردە ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىشىغا دائىر مۇھىم مەنبەدۇر. ئاپتور «ئۆسمى تارىم» (تارىم دەرياسى) سۆزىنى چۈشەندۈرگەندە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىسلام ئېلىدىن ئۇيغۇر خاقانلىقىغا قاراپ ئاقىدىغان بىر چوڭ دەريا. بۇ دەريادىكى سۇ شۇ يەردىكى قۇملۇققا كىرىپ كېتىدۇ.» . «تارىم» سۆزىنى چۈشەندۈرگەندە: «بۇ ئۇيغۇرلار چېگرىسىدىكى كۇچا ئەتراپىدىكى بىر جاينىڭ نامى. مۇشۇ جايدىن ئۆتىدىغان بىر دەريامۇ تارىم دەپ ئاتىلىدۇ» دەيدۇ. ئۇ يەنە كۇچا، چەرچەن، بۈگۈرنى ئۇيغۇر خاقانلىقى چېگرىسىغا جايلاشقان شەھەر قەلئەسىدۇر، دەپ كۆرسەتكەن. «ئۇيغۇر» سۆزى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تېخى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە باشقا غەيرىي مۇسۇلمان ئۇيغۇرلانى كۆرسىتىدۇ دېيىلگەن. ئاپتور ئۆزىنىڭ يۇملاق خەرىتىسىنى چۈشەندۈرگەندە، يەنە بۇ چاغدا نۇرغۇن تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر تېخى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغانىدى، دەپ چۈشەندۈرۈش بېرىدۇ. مۇشۇ ئەھۋاللاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مىلادىيە XI ئەسىرگە كەلگەندە، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭ رايونىدا تارقىلىشى شىمالدا ئاقسۇ بىلەن كۇچا ئارىلىقىدا، شەرقتە چەرچەنگىچە يېتىپ بارغانىدى. بۇ ھەم قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ چېگرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەسەرگە

كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارنىڭ بىر مۇنچىلىرىدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مۇسۇلمانلىرى بىلەن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بۇددىستلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئۇرۇشلارنى ئاپتور «غازات ئۇرۇشى» دەپ تەسۋىرلىگەن، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ باتۇرلۇقى ۋە ئەقىل - پاراسىتىگە مەدھىيە ئوقۇماي تۇرالمىغان.

ئاپتور ئىسلام دىنىنىڭ تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتىگە بولغان تەسىرى، شۇنىڭدەك ئۆز ئارا بىرىكىشى جەھەتلەردە بىزنى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتكەن. بۇ ئەسەرنىڭ ئۆزىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىغانىدى، بەزى شېئىرلار بولسا تۈركىي تىلىدا يېزىلغان ئىسلام دىنىغا ئائىت شېئىر ئىدى. ئۇ بىر پارچە خەلق قوشىقىدا مۇنداق دەپ يازغان: «(ئەرلەر) سەللە يۆگەپ، ئاياللار چۈمبەل تارتتى». مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ مازارلىرىمۇ ئوخشاش بولمىغان ناملار بىلەن پەرقلەندۈرۈلگەن. ئاپتور «تارقان»، «بالىق» قاتارلىق نۇرغۇن سۆزلۈكلەرنى چۈشەندۈرگەندە، دائىم «ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن بۇرۇن» دېگەندەك ئىبارىلەرنى ئىشلەتكەن.

ئۇ ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن بۇرۇن كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان تۈركىي خەلقلەر بىر يىلنى تۆت پەسىلگە ئايرىغان، ھەر ئۈچ ئاينى بىر نام بىلەن ئاتىغان. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، شەھەر ئاھالىلىرى ئاندىن ئەرەبچە ئاي نامىنى قوللانغان بولۇپ، ھەربىر ئاينىڭ مەخسۇس نامى پەيدا بولغان، دەيدۇ. «ھەپتە» دېگەن بۇ ئۇقۇم ۋە بىر ھەپتىنىڭ يەتتە كۈن ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدىغان مەخسۇسناممۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئاندىن پەيدا بولغانىدى. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئېتىقادى ۋە قارىشىدىن پۈتۈنلەي

ۋاز كېچىپ كەتمىگەن. مەسىلەن، كىشىلەر داۋاملىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ئەڭ ئالىي ئىلاھ ـ «تەڭرى» نامى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ نۇرغۇنلىغان مەخسۇس ئاتالغۇلىرىمۇ تۈرك تىلىدا ئىپادە قىلىنغان. مەسىلەن، «خەتنەتوي» سۆزى، تۈركىي تىللاردىكى «پاكلاش» سۆزى بىلەن ئىپادە قىلىنغان. ھەتتا ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بولغان «شەرىئەت» نىمۇ تۈركىي تىللاردىكى «نوم» سۆزى بىلەن ئىپادىلىگەن.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» غا يەنە نۇرغۇنلىغان غەيرىي ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئاتالغۇلىرى، شۇنىڭدەك شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان خەلق قوشاقلىرى، ھېكمەتلىك سۆزلەر قاتارلىقلار كىرگۈزۈلگەن، مەسىلەن، قام (تۈركىي تىللىق مىللەتلەر شامان پېرىخونلىرىنى مۇشۇنداق ئاتايدۇ)، قاغاش، رەمباللىق، تىل تۇمار، باقاق، (خرىستىئان دىنىنىڭ 40 كۈنلۈك روزىسى ياكى مانى دىنىنىڭ روزىسى)، ئۇماي (ئوچاق ئىلاھى)، راھىب قاتارلىقلار. «قۇتادغۇ بىلىك» نىمۇ پالچىلار، چۈشكە تەبىر بەرگۈچى قاملارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلار سۆزلەنگەن. بۇ مىلادىيە XI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈركىي مىللەتلەر ئارىسىدا، يەنىلا نۇرغۇن ئەسلىدىلا مەۋجۇت بولغان دىنىي قاراشلارنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ كونا قاراشلار ئاساسەن شامان دىنىنىڭ قالدۇقلىرىدۇر. شامان (قام) خەلق ئارىسىدا، بولۇپمۇ مۇسۇلمان كۆچمەن چارۋىچىلار ئارىسىدا ناھايىتى ئەۋج ئالغان. ياكى يېقىنقى دەۋرلەرگە كەلگۈچە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر ئىچىدە، جىن قوغلاپ كېسەل داۋالاشنى كەسىپ قىلغان قام، داخان، باخشى قاتارلىقلار يەنىلا خەلق ئارىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،

بۇددا دىنى، مانى دىنى قاتارلىق دىنلارمۇ مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە ئىدى. بىر ھېكمەتلىك سۆزدە مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى: «بىر راھىبنىڭ بېشى ئاغرىسا، ھەممە راھىبنىڭ بېشى ئاغرىشى ناتايىن» . كىشىلەر يەنىلا تۆۋەندىكى ئېتىقادىنى ساقلاپ قالغان، يەنى ئىككى قوشۇن ئۇرۇش قىلىشتىن ئاۋۋالقى ئاخشىمى، بۇ ئىككى قوشۇن تۇرۇشلۇق جايلاردىكى جىنلارمۇ ئۆزئارا جەڭ قىلىدۇ؛ جەڭچىلەر ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئاۋۋالقى ئاخشىمى جىنلارنىڭ تۈيۈقسىز ھۇجۇمىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزلىرىنىڭ چېدىرلىرىدىن قورقۇپ چىقالماپتۇ. كىشىلەر جىنلارنى قوغدىغۇچى، ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى ئىككى قوشۇننىڭ جەڭ نەتىجىسىنى بەلگىلەيدۇ، دەپ ھېسابلىغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ، «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن بىرگە كلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرى بولۇش بىلەن بىللە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر، بولۇپمۇ مىلادىيە XI ئەسىردە ئىسلام دىنىي ئاساسىدىكى ئەرەب مەدەنىيىتى بارغانسېرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئېدېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان چاغدا، مۇشۇنداق بىر تۈركىي تىللار مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرنىڭ ئىجاد قىلىنىشى، شۈبھىسىزكى بۇ خىل مەدەنىيەتكە قوشۇلغان زور تۆھپە ۋە ئۇنى يۈكسەلدۈرۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىر قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئۇ دەۋردىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەن.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ قولىيازمىسى ھازىرغا قەدەر تېپىلمىدى، ھازىر ساقلانغان بىردىنبىر كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى ئىرانلىق مۇھەممەد بىن ئىبىن بەكرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ھازىر تۈركىيىنىڭ ئىستانبول شەھىرىدىكى مىللەتلەر

كۆتۆپخانىسىدا ساقلانماقتا[1]. ئۇ مىلادىيە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈركىيىلىك بىر مەشھۇر كىتاب ساقلىغۇچىنىڭ كىتاب ئامبىرىدىن تېپىلغان. مىلادىيە 1915 — 1917 ـ يىللىرى ك، رىفئەت ئىستانبولدا ئۇنى ئۈچ توم قىلىپ باستۇرغان. مىلادىيە 1938 — 1957 ـ يىللىرى تۈرك تىلى ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇنى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، بەش توم قىلىپ نەشر قىلدۇرغان، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تومىنى فوتوغا ئېلىپ بېسىپ چىقارغانىدى. كېيىن نېمىسچە، ئۆزبېكچە نەشرى بارلىققا كەلگەن. مىلادىيە 1981 ـ يىلىدىن كېيىن ئېلىمىز ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىنىڭ ئۈچ تومىنى نەشر قىلدى.

## 4. ئەھمەد يۈكنەكى ۋە «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»

«ئەتەبەتۇل ھەقايىق» مۇ قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ئېلىمىز ئۇيغۇر كلاسسىك يازما ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق نامايەندىلىرىدىن بىرى بولۇپ، بەزى كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىغا «ھەقىقەتنىڭ سوۋغىسى» دەپ نام بېرىلگەن. كىتاب ئاپتورى ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ ھايات ـ پائالىيىتى ئېنىق ئەمەس، بىز پەقەت ئۇنىڭ دادىسىنىڭ مەھمۇد يۈكنەكى دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز، يۈكنەكى بولسا ئاپتورنىڭ يۇرتىدۇر، كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنىڭ خاتىمىسىدىن بىز يەنە ئاپتورنىڭ بىر ئەما كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق، ئېھتىمال تۇغۇلۇپلا ئەما بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن: «ئەدىبنىڭ كۆزى ئەزەلدىن يورۇقلۇقنى كۆرۈپ باققان ئەمەس»[2] ئاپتور بۇ كىتابنى

---

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 96 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل نەشرى.

② «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، ۋېي سۈيىي تەرجىمە قىلغان. لىيۇبىڭ تۈزگەن: «قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات»، 654 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل نەشرى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى بولمىش ئەمىر مۇھەممەدكە تەقدىم ئەتكەنمەن دېگەن. بۇ ئەمەلدار ھەققىدىمۇ ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان.

«ئەتەبەتۇل ھەقايىق» بىر پەندى - نەسىھەت خاراكتېرلىك داستان، يەنى شېئىرىي شەكىل ئارقىلىق يېزىلغان پەلسەپىۋى، ئېتىكىلىك ئەسەردۇر. پۈتۈن كىتاب جەمئىي 14 باب، 480 مىسرا بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا كۆچۈرگۈچى يازغان 28 مىسرا خاتىمە ئورنىدىكى شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» تا «قۇتادغۇ بىلىك» كە ئوخشاش باشلىنىش قىسمىدا ئاللا، پەيغەمبەر، ئەۋلىيا - ئەزەم، ئەمىرلەرگە مەدھىيە ئوقۇلغان ۋە بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مۇددىئا چۈشەندۈرۈلگەن. ئاندىن كېيىن بىلىم، كەم سۆزلۈك، دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشى، مەردلىك ۋە نامەردلىك، كەمتەرلىك ۋە ھاكاۋۇرلۇق، ئاچ كۆزلۈك، كەڭ قورساقلىق، شۈكۈر - قانائەت، سەبىر - تاقەت، ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ بارغانسېرى تۆۋەنلىشىشى قاتارلىقلارنى بايان قىلىشقا ئۆتكەن. ئەڭ ئاخىرقىسى بولسا ئاپتورنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى باياندۇر.

بۇ كىتاب ئەينى چاغدىكى قەشقەر تىلى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنىڭ خاتىمە قىسمىدا: «ھەربىر قەشقەر تىلىنى بىلىدىغان ئادەم ئەدىبنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنىڭ مەنىسىگە يېتىدۇ» دېيىلگەن. كىتابنىڭ نامى ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان.

ئەسەرنىڭ كىتاب بولۇپ تۈزۈلگەن ۋاقتى تەخمىنەن مىلادىيە XII ئەسىرنىڭ باشلىرى بولۇشى مۇمكىن، مىلادىيە XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تۈزۈلگەن دېگۈچىلەرمۇ بار. بۇ دەل قاراخانىيلار سۇلالىسى خارابلىشىشقا باشلىغان دەۋر بولۇپ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى مۇئەييەن دەرىجىدە بۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە جەمئىيەت داۋالغۇپ، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ، خانلىق قاراقىتانلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلانغانىدى. بالاساغۇنمۇ قىتانلارنىڭ خاقانى گۈرخاننىڭ پايتەختىگە ئايلانغانىدى. كۈچلۈك قىتانلارنىڭ خانلىق تەختىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، مۇستەبىت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ئېغىر بالايى ـ ئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن، كەڭ خەلق نامراتلىشىپ، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى بولۇشىچە تارتقان، ئىجتىمائىي كەيپىيات ۋە ئەخلاق كۈنسايىن چىرىكلەشكەن. بۇ خىل ئىجتىمائىي داۋالغۇش ۋەزىيىتى خەلقنى، بولۇپمۇ مۆمىن مۇسۇلمانلارنى خاتىرجەم مۇھىت ۋە باياشات ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا تەلپۈندۈرگەنىدى. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» دەل مۇشۇنداق دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىدە بارلىققا كەلگەن.

ئەينى يىللاردىكى كۆپلىگەن ئاۋات شەھەرلەر،
ھالا بۈگۈن ئاھالىسى ئازلاپ بوش قالدى

قانچىلىغان ئالىم ـ پەيلاسوپلار بار ئىدى،
قېنى بۈگۈن ئۇلارنىڭ مىڭدىن بىرى.

كىم ئىككى يۈزلىمىچى بولسا، شۇ ئېتىبارلىق بولۇۋاتىدۇ،
ئېتىبارلىق بولىمەن دېسەڭ، ماڭ ئىككى يۈزلىمىچى بول.
كىم يوللۇق بولسا، ئۇنىڭغا يول يوقتۇر،
كىم يولسىز بولسا، ئۇنىڭغا يول كەڭدۇر.

ئاپتور ئەسەردە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى پاش قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەمگەكچى خەلققە بولغان ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن،

قول ھۇنەرۋەنلەرنىڭ ئادالەتسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن.

بۇ ھۇنەرۋەنلەر بۇ دۇنيادا نېمە گۇناھ ئۆتكۈزدى؟
نېمىشقا بۇ دۇنيا ئۇلارنى ئۇزلۇكسىز قىينايدۇ؟
پەسلەرنى كۆتۈرۈپ، ئەزىزلەرنى يەرگە ئۇرىدۇ؟
ئەجەبا بۇ قەتئىسىز دۇنيا قېرىپ ھالىدىن كەتتىمۇ؟

ئاپتور تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى، ئەسەردە ئىسلام دىنىي ئېتىقادىنىڭ سۇسلىشىپ كېتىۋاتقان ھالىتىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن:

ئىسلام (ئەسلىي) غېرىب ئىدى، قايتىدىن ھەسسىلەپ غېرىب بولدى،
ئىبادەت ساختىلىقتا ئايلاندى، ئىبادەتچىلەر جالاشتى.
مەيخانا مۇھىتى ئاۋاتلىشىپ كەتتى،
مەسچىتلەر خاراب بولدى، ئادەملەر بىناماز بولدى.
ئالىملار ئۆز ئىدى، زاھىدلار تەقۋالىقىنى تاشلىدى،
بىلىملىكلەر ئويۇن چىقىرىپ خۇش ساماغا چۈشتى.
بىدئەتتىن ئۆزىنى تارتقان ئادەم قالمىدى،
شۇڭا بىدئەتچىلىك كۈنسېرى ئاشماقتا.

ئاپتور مەسئۇلىيەتچان، ئەستايىدىل پوزىتسىيە بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقتا بولغان خىلمۇ خىل نارازىلىقىنى ئىزھار قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۆزىنىڭ قارىشى ۋە تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ پەندى - نەسىھەتى ئارقىلىق كىشىلەرنى ئويغىتىپ، خاتىرجەم ئىجتىمائىي تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئۈمىد

قىلىغان. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىسلام شەرىئىتىگە ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ بۇزۇلۇشىنى ئېتىقادىنىڭ سۇسلىشىشىدىندۇر، دەپ قارىغان.

كالام ۋە مۇرىتلار قاياقلارغا يوقالدى؟
هارام ئىشنى بىلگەنلەر يەنە هارامغا يول ئالدى.

شۇڭا، ئۇ بۇ كىتابىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنى كامالەتكە يەتكۈزۈش، جاهاندارچىلىق قىلىش يولىنى ئۇقتىلىق بايان قىلغان.

بۇ كىتاب ئاپتور تەرىپىدىن هۆكۈمرانلارغا تەقدىم قىلىنغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەخلاقنىڭ ئۆلچىمى توغرۇلۇق بەزى بايانلىرى مۇئەييەن ئىجتىمائىي شارائىت ئاستىدا، هۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپنى قوغدىشىدىكى بىر خىل قورال بولالايتتى، بىراق بۇنىڭلىق بىلەن بۇ ئەسەردە بايان قىلىنغان ئەخلاق مەزمۇنىنى، پەقەتلا ئەينى چاغدىكى هۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئىجابىي تەرىپىدىن قارىغاندا، بۇ يەردىكى بىر قىسىم مەزمۇنلار قاراخانىيلار سۇلالىسى گۈللەنگەن مەزگىللەردە، خاقانلارنىڭ ئۆز هۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشىدىكى ئىجتىمائىي ـ ئاممىۋى تۇرمۇش ئۆلچەملىرى بولغانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى قىسمەنلىرى بولسا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشى بولۇپ هېسابلىناتتى. مەسىلەن، شائىر كىشىلەرنى بىلىم ئېلىشقا، تىرىشىپ ئۆگىنىشكە، سەمىمىي ـ سادىق، كەمتەر ـ ئېھتىياتچان بولۇشقا دەۋەت قىلغان؛ شائىر ئاچ كۆزلۈك، پىخسىقلىق، هاكاۋۇرلۇق، كاززاپلىق، هورۇنلۇق، راهەتپەرەستلىك قىلىشنى ئەيىبلىگەن؛ چوڭلارنى هۆرمەتلەپ،

كىچىكلەرنى ئىززەتلەشنى، كەمبەغەللەرنىڭ بېشىنى سىلاشنى، دوستىنى كۆپەيتىپ، دۈشمەننى ئازايتىشنى تەشەببۇس قىلغان. مەردلىك، كەڭ قورساقلىق، گۈزەل ئەدەب - قائىدىلەرنى مەدھىيىلىگەن. ئومۇمەن، ئاپتور بىر مۇسۇلماندا بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاق - پەزىلەتلەرنى بىر قەدەر ئەتراپلىق شەرھلىگەن. گەرچە بۇ ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىسلام دىنىي ھۆكۈمران سىنىپلىرىنىڭ ئېتىكا قارىشىدىن كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىچىدىكى يۇقىرىقىدەك بىر قىسىم مەزمۇنلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىن بۇيان توپلىغان مۇنەۋۋەر ئەخلاق نەتىجىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ياخشى ئىجتىمائىي تەرتىپنى قوغداشتىكى ئاممىۋى ئەخلاق بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇ قىممەتلىك نەتىجىلەر ۋارىسلىق قىلىنىش ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇلار ئەسەرنىڭ مەزمۇن جەھەتتە مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئەرزىيدىغان جەۋھەر قىسمى بولۇپلا قالماي، يەنە ئەسەردىكى بەزى ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ كەڭ تارقىلىشى ھەمدە ھازىرغا قەدەر ئاممىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بولۇشىدىكى سەۋەبتۇر.

ئەلۋەتتە ئاپتور ئىدېئالىزمچى بولغاچقا، ئىجتىمائىي رەزىللىكنىڭ پەيدا بولۇشى، ئادالەتسىزلىك ۋە خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبەت چېكىشىنىڭ سەۋەبىنى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمچىلىق قاراش بىلەن تەھلىل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئاپتور ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ئازاب - ئوقۇبەتلەر ۋە ئادالەتسىزلىكلەرنى دۇنيانىڭ تۇراقسىزلىقى ۋە تەقدىرگە ئاپىرىپ باغلىغان. بۇ خىل تەقدىرچىلىك قارشى پۈتۈن ئەسەرگە سىڭگەن ھەمدە كىشىلەرنى قارشىلىشىپ بولمايدىغان «خۇدانىڭ ئىرادىسى» گە بويسۇنۇشقا يېتەكلىگەن. بۇ ئاپتور ياشىغان دەۋرنىڭ تارىخىي چەكلىملىكى بولۇپ، بۇنداق قاراشلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى چۈشىنىشىمۇ قىيىن ئەمەس ئىدى. لېكىن بىر شائىر

بولۇش سۇپىتى بىلەن، جەمئىيەت داۋالغۇش ھالىتىدە تۇرغان، ئەخلاق دەپسەندە قىلىنغان ئەھۋال ئاستىدا، ئوتتۇرغا سەكرەپ چىقىپ رىيائىلىقنى قامچىلاشقا جۈرئەت قىلغانلىقىنىڭ ۋە نەپىس شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق گۈزەل ئىجتىمائىي ئەخلاقنى مەدھىيىلىگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا ناھايىتى قىممەتلىكتۇر.

بۇ ئەسەر شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان بولۇپ، تىلىنىڭ نەپىسلىكى، ئاپتورنىڭ تىل ئىشلىتىش ماھارىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن بۇ ئەسەرنى ئوقۇغان كىشى ھېچقانداق زېرىكىشلىك ھېس قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنى ھۇزۇرلىنىپ ئوقۇپ چىقىدۇ. پۈتۈن شېئىردا ئىشلىتىلگەن قاپىيىلەر بىر قەدەر پۇختا بولۇپ، ئاساسەن ئەرەب ـ پارس شېئىر شەكلىنىڭ ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان: ھەربىر مىسرا 11 بوغۇمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرى قىسقا، ئىككىسى ئۇزۇن بولغان ئۈچ بوغۇم بىر كىچىك بۆلەكنى ھاسىل قىلىپ، جەمئىي ئۈچ بۆلەكنى شەكىللەندۈرگەن، ئەڭ ئاخىرقى كىچىك بۆلىكى پەقەت بىرى قىسقا، بىرى ئۇزۇن بولغان ئىككى بوغۇمدىن تۈزۈلگەن. ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇ «فائىلاتۇن، فائىلاتۇن، فائىلاتۇن، فائىلا» قاپىيىسىدۇر. ئەسەردە قوش مىسرالىق شېئىرلار ۋە تۆت مىسرالىق شېئىر (رۇبائىي) لار بار، قوش مىسرالىق شېئىرلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇر تاشلاپ قاپىيىلىشىدۇ، تۆت مىسرالىق شېئىرلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ 1 ـ، — 2 ـ ۋە 4 ـ مىسرالىرى قاپىيىداش كېلىدۇ. شائىر يەنە تۈركىي تىللىق شائىرلار دائىم قوللىنىغان ئاھاڭداش، ئەمما مەنىسى باشقا سۆزلەرنى ماھىرلىق بىلەن ئىشلەتكەن. پۈتۈن شېئىرنىڭ ئاجايىپ ماھارەت بىلەن يېزىلغانلىقى، شائىرنىڭ كامالەتكە يەتكەن تىل ئۈستىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. پۈتۈن ئەسەردە بۇ دەۋردىكى ئەسەرلەردە دائىم قوللىنىدىغان ژانىر شەكلى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇ مۇقەددىمە ۋە تېكىستتىن

ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان. مۇقەددىمىسىدە ئاللا، پەيغەمبەرلەر، دانىشمەنلەر، ئەۋلىيالار ۋە ئاپتور ئەسەرنى تەقدىم قىلغان ئەمەلدار — ئەمىر مۇھەممەد مەدھىيىلەنگەن ھەمدە بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مەقسىتى چۈشەندۈرۈلگەن.
مۇقەددىمىسىدىن كېيىن تېكىست بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا ئاپتورنىڭ ئالاقىدار چۈشەندۈرۈشى بېرىلگەن. بۇ خىل يېزىقچىلىق شەكلى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇچراپلا قالماي، بەلكى كېيىنكى چاغاتاي تىلىدىكى ئەسەرلەردىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىدا ھەر قايسى بابلارنىڭ بېشى ۋە ئوتتۇرىسىغا ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن قۇرئان ئايەتلىرى ۋە سۈرىلەردىن پارچىلار كىرگۈزۈلگەن، ئەڭ ئاخىرىدا كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىغا قوشۇپ قويۇلغان بىر نەچچە پارچە شېئىرىي پارچىلەر بار.
«ئەتەبەتۇل ھەقايىق» نىڭ قىممىتى شۇ يەردىكى، كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنىڭ تىلى ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر يازما تىلىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەنىدى. بۇ دەۋرىدىكى يازما تىل مىلادىيە XI ئەسىردىكى «قۇتادغۇ بىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ يازما تىلىدىن پەرقلىنىدۇ. بۇ ئەسەردە تىل جەھەتتە يېڭى، كونا ئىككى خىل ھادىسىنىڭ تەڭلا مەۋجۇت بولۇش، تەڭلا قوللىنىلىش ئەھۋالى ناھايىتى گەۋدىلىك ئىدى. مەسىلەن، قەدىمكى بەزى تاۋۇشلار ۋە تەرەققىي قىلىپ ئۆزگەرگەن يېڭى تاۋۇشلار تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ، تەڭلا قوللىنىلغان؛ قەدىمكى بەزى گىرامماتىكىلىق سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ۋە ئۆزگەرگەن ئوخشاش مەنانى بىلدۈرىدىغان يېڭى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ، تەڭلا قوللىنىلغان؛ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەر ۋە ئوخشاش مەنانى بىلدۈرىدىغان ئەرەب تىلى، پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان يېڭى سۆزلەر تەڭلا قوللىنىلغان ۋەقاكازالار. ئۇنىڭدىن

باشقا كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىدىكى ئەرەب تىلى، پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر خېلىلا كۆپەيگەن، 500 مىسرادىن كۆپرەك شېئىردا 200 دىن ئارتۇق ئەرەب تىلى، پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئىشلىتىلگەن بولۇپ، «قۇتادغۇ بىلىك» كە قارىغاندا جىق كۆپىيىپ كەتكەنىدى. شۇڭا تىل نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» نىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تىل، دەل قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يازما تىلىنىڭ كېيىنكى چاغاتاي دەۋرى يازما تىلىغا ئۆتۈشكە باشلىغان دەۋردە تۇرغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى①. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ناملىق كىتابنىڭ تىل ۋە ئىجادىيەت ئۇسلۇبى جەھەتتە «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان يەرلىرىنىڭ بار بولغانلىقى، شائىرنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەسىرگە ئۇچرىغانلىقىنى روشەن ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چەت ئەللەردىكى تەتقىقاتچىلار: «ھەقىقەتنىڭ سوۋغىسى» ناملىق ئەسەرنىڭ تېپىلىشى، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ يەككە - يىگانە كىتاب ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇ تۈركىي تىللار ئەدەبىياتىدا «قەشقەر دەۋرى» نى شەكىللەندۈرگەن، دەپ قارىغان②.

ھازىر ساقلىنىۋاتقان «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» نىڭ بىر قەدەر تولۇق ئۈچ خىل كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى بار بولۇپ، ئۇلار سەمەرقەنت A نۇسخىسى، ئىستانبول B نۇسخىسى ۋە ئىستانبول C نۇسخىسى قاتارلىقلاردۇر. سەمەرقەنت A نۇسخىسى ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆچۈرۈلمە نۇسخا بولۇپ، مىلادىيە 1444 - يىلى سەمەرقەنت شەھىرىدە كۆچۈرۈلگەن، ھازىر ئىستانبول

① ۋېي سۈيىي تەرجىمە قىلغان: «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (تەرجىمانىڭ كىرىش سۆزى)
② لىيۇبىلىڭ تۈزگەن: «قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات»، 623 - بەت.
ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، (لوجىپىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان)، 141 - بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى.

شەھىرىنىڭ ئاياسوفىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئىستانبول B نۇسخىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىرىكمە كۆچۈرۈلمە نۇسخا بولۇپ، مىلادىيە 1480 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن، ھازىر ئىستانبول شەھىرىدىكى ئاياسوفىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئىستانبول C نۇسخىسى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، مەيدانغا كەلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، ھازىر ئىستانبول توپقاپى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئىككى خىل يېزىقتىكى قول يازمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياكى XV ئەسىرلەرگىچە تەڭلا قوللىنىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«ئەتەبەتۇل ھەقايىق» شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەتراپىدا كەڭ تارقىلىپ داڭق چىقارغان، كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى تېپىلغاندىن كېيىن تۈركىيە، رۇسىيە، شۇنىڭدەك ئېلىمىزنىڭ نۇرغۇن ئالىملىرى ئۇنىڭغا قارىتا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلغان. ئېلىمىزدە ئۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ۋېي سۈيىي خانىم تۈركىيە ئالىمى رەشىد رەخمەت ئاراتنىڭ بېكىتىپ چىققان نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلغان بولۇپ، مىلادىيە 1981 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. مىلادىيە 1995 ـ يىلى لىيۇبىڭ، جاڭ خۇڭچاۋ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى توپلىمى» نىڭ بىرى بولغان «قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن.

# شەرقىي چاغاتاي خانلىقى

(مىلادىيە 1347 — 1513 ـ يىلغىچە)

# بىرىنچى باب چاغاتاي خانلىقىدىن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغىچە

## 1. چاغاتاي خانلىقى ۋە ئۇنىڭ پارچىلىنىشى

مىلادىيە XIII ئەسىرنىڭ بېشىدا چىڭگىزخان ھەرقايسى موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شىمالغا قاراپ تېخىمۇ كېڭەيدى ھەم تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى بويسۇندۇرۇپ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇردى. مىلادىيە 1225 ـ يىلى چىڭگىزخان بويسۇندۇرۇلغان يەرلەرنى تۆت ئوغلىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. چوڭ ئوغلى جوجىغا قىپچاق يايلىقىنى سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ ئەۋلادى بۇ يەردە قىپچاق خانلىقى (ئالتۇن ئوردا خانلىقى) نى قۇردى. ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا غەربىي لياۋ زېمىنىنى سۇيۇرغال قىلىپ بەردى، شۇڭا بۇ جاي چاغاتاي خانلىقى دەپ ئاتالدى. ئۈچىنچى ئوغلى ئوگدايىنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنى ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي تەرەپ بەلۋېغىغىچە بولۇپ، ئوگداي خانلىقى دەپ ئاتالدى. تۆتىنچى ئوغلى تولى موڭغۇللارنىڭ «كەنجى ئوغۇل ئائىلە مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى» گە ئاساسەن، موڭغۇللارنىڭ ئەسلىي زېمىنىغا ئىگە بولدى.

چاغاتاينىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنى «شەرقتە ئۇيغۇرلار چېگرىسىدىن سەمەرقەنت ۋە بۇخاراغىچە سوزۇلىدۇ». بۇ زېمىن ئاساسەن ئىككى بۆلەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىن بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىغىچە بولغان

كەڭ كەتكەن كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونى ئىدى. يەنە بىرى، تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلار ۋە ماۋرائۇننەھر (سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى رايون) دىكى دېھقانچىلىق رايونلىرى ئىدى. بۇ دائىرىدە ئاساسلىق شەھەر ـ بازارلاردىن بېشبالىق (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ جىمسار ناھىيىسى تەۋەسىدە)، ئالمالىق (ھازىرقى قورغاس تەۋەسىدە)، قايالىق (بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدا)، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، سەمەرقەنت، بۇخارا، كابول قاتارلىقلار بار ئىدى.

چاغاتاي خانلىقى بولسا سۇيۇرغاللار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ سۇيۇرغال ئىدى. تەۋەسىدىكى مىللەتلەر ۋە قەبىلىلەرمۇ بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى، نېستۇرىئان دىنى، مانى دىنى، تويىن دىنى ۋە زوروئاستېر دىنى قاتارلىق دىنلار تارقالغانىدى. ئاساسلىق قەبىلىلەردىن موڭغۇللار، ئۇيغۇرلار، قارلۇقلار، قاڭقىللار، قىتانلار، خەنزۇلار ھەمدە ئۇنىڭدىن باشقا تۈرك تىلى ۋە ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەرمۇ بار ئىدى.

غەربىي لياۋ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، ھەرقايسى رايون ۋە ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى غەربىي لياۋ خانى گۆرخانغا ئولپان تاپشۇراتتى. غەربىي لياۋ خانلىقى «ساخانا» لارنى ئەۋەتىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ھەربىي ئىشلار ۋە ئالۋاڭ ـ ياساق ئەھۋاللىرىنى كۆزىتەتتى. غەربىي لياۋنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقى چېگرا رايوندىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئىلى دەرياسى ۋادىسىنى ئېچىش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. غەربىي لياۋ ھۆكۈمرانلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، لېكىن باشقا دىنلارنى چەتكە قاقمايتتى. ئۇلار دىنىي ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتقانىدى. شۇڭا، مۇسۇلمان يازغۇچىلار قىتان خانى گۆرخاننى «ئادىل پادىشاھ

بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىغا ھۆرمەت قىلاتتى» دەپ مەدھىيىلىگەن.

غەربىي لياۋنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا چىڭگىزخان تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، غەربىي لياۋ چېگرىسىغا قېچىپ كەلگەن نايمان قەبىلىسىنىڭ شاھزادىسى كۈچلۈك خانلىق ئورنىنى تارتىۋېلىپ، غەربىي لياۋ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىتتىپاقىنى بۇزۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ زىددىيىتىنى كۈچەيتىۋەتتى. دىندىن پايدىلىنىپ خەلق ئاممىسىنىڭ قارشىلىقىغا تاقابىل تۇردى ۋە ئۇلارنى باستۇردى. ئاساسلىق باستۇرۇش ئوبيېكتى بولسا قەشقەر ۋە خوتەندىكى مۇسۇلمانلار بولدى. كۈچلۈك خان ئەسلىدە نېستورىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. كېيىن ئۇ توقال خانىشىنىڭ تەسىرى بىلەن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئۇ مۇسۇلمانلارغا چوقۇم نېستورىئان ياكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش، بولمىسا قىتانلارنىڭ كىيىمىنى كىيىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرگەن، مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇشى چەكلەنگەن، مەسچىتلەر ۋە مەدرىسەلەر پېچەتلەنگەن. قەشقەردە ھەر يىلى يىغىم پەسلىدە قوشۇن ئەۋەتىپ قىرغىنچىلىق قىلىپ، ھوسۇللارنى بۇلاپ ـ تالىغان، خوتەندە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشنى رەت قىلغان ئىمام ئالائۇددىننى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. ئۇ يەنە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئالمالىق خانى غۇزار خاننى ئۆلتۈردى. بۇ خىل ئۇسۇل خەلقنىڭ نارازىلىقىنى تېخىمۇ قوزغىۋەتتى. چىڭگىزخان بۇ خىل ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، مىلادىيە 1218 ـ يىلى ئۇلۇغ سانغۇن جەبەنى كۈچلۈكنى يوقىتىش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەۋەتىپ يۈرۈش قىلغاندا، ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغداش ۋە «ھەربىر كىشىنىڭ ئۆز دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بولىدۇ»[①] دەپ چاقىرىق قىلىش بىلەن، قان تۆكمەيلا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە

---

① جۇۋەينى: «تارىخى جاھان كۇشاي»، (خې گاۋجى تەرجىمىسى) 1 ـ قىسمى، 74 ـ بەت، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى.

شىمالىنى ئىگىلىدى.

چاغاتاي خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ سىياسىي ۋەزىيىتى بىرقەدەر مۇقىملاشتى. چاغاتاي خانلىقىنىڭ پۈتۈن سۈيۈرغاللىق يېرىنىڭ پايتەختى ئالمالىقتا ئىدى. موڭغۇل خانلىقىنىڭ دۆلەت تۈزۈمى بويىچە خان يايلاقتا بارگاھ قۇرۇپ دېھقانچىلىق رايونىغا ۋە شەھەرلەرگە كىرمىدى. دېھقانچىلىق رايونى ۋە شەھەرلەر خان تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئىقتىدارلىق ئەمەلدارلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى. چاغاتاينىڭ ماۋرائۇننەھر ۋە قەشقەرگە ئەۋەتكەن باش ۋالىيسى ئۆرگەنچ سودىگىرى يالۋاچ ئىدى. ئۇنىڭ شەھەر ۋە دېھقانچىلىق رايونلارنى باشقۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك قابىلىيىتى بولغاچقا چىڭگىزخان، چاغاتاي ۋە موڭغۇل خانلىقىدا ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن ھەم ئۇزۇن مۇددەت ماۋرائۇننەھر ۋە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى مەمۇرىي ئىشلار ۋە باج ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى.

مىلادىيە 1238 - يىلى يالۋاچ بۇيرۇقتا بىنائەن بېيجىڭغا يۆتكەلدى. ئۇنىڭ ئوغلى مەسئۇد باشتىن - ئاخىر ئەتىۋارلانغان بولۇپ بۇيرۇقتا بىنائەن بېشبالىق، خوتەن، قەشقەر، ئالمالىق، قايالىق، سەمەرقەنت، بۇخارا ۋە پەرغانىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، كېيىن ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادا كەينى - كەينىدىن ۋەزىپىگە ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى كەنجى ئوغلى مىلادىيە 1303 - يىلى قەشقەرنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. يالۋاچنىڭ سەفارى ئىسىملىك قىز نەۋرىسى خوتەندە تۇغۇلغان بولۇپ، بۇ ئەھۋال بۇ جەمەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەت شىنجاڭدا تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يالۋاچ ئاتا - بالا ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئەينى ۋاقىتتىكى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ چەكلىمىسىز زوراۋانلىق

قىلىش ئۇسۇلىغا نىسبەتەن، يالۋاچ بىر جان بېجىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر خىل باج — «قوبچۇربېجى» نى يولغا قويدى. ئۇنىڭدا ھەربىر ئادەمنىڭ ھەر يىلدىكى باج تاپشۇرۇشى شۇ كىشىنىڭ بايلىقى ۋە تۆلەش ئىقتىدارىغا قاراپ بەلگىلىنەتتى. بەلگىلەنگەن باجنى تاپشۇرغاندىن كېيىن مەجبۇرىي بۆلاشقا بولمايتتى. بۇ خىل ئۇسۇلغا ئاساسەن بايلار ھەر يىلى ئون دىنار تاپشۇراتتى. بۇنداق نىسبەتلەشتۇرگەندە كەمبەغەللەرنىڭ بېجى بىر دىنار بولاتتى. كىرىم قىلىنىغان پۇل بولسا ئەسكەر ئېلىش، ئۆتەڭ ۋە چوڭ ـ ئەمەلدارلارنىڭ چىقىمىغا سەرپ قىلىناتتى[1]. بۇ خىل چارە ھۆكۈمەتنىڭ مۇقىم بولغان باج يىغىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇناسىپ ھالدا دېھقان ۋە سودىگەرلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىدى، كېيىن مۆڭكۆخان يارلىق چۈشۈرۈپ بۇ خىل ئۇسۇلنى چاغاتاي خانلىقىدىلا ئەمەس، پېرىسىيە قاتارلىق جايلاردىمۇ يۈرگۈزۈشنى بۇيرۇق قىلدى. مەسئۇد ماۋرائۇننەھر، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە، دېھقانچىلىق ۋە سودا ئىشلىرىنى ئاكتىپ ھالدا رىغبەتلەندۈرۈپ پۇقرالارنى ئەمىن تاپقۇزۇپ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈردى، مەدرىسەلەرنى يولغا قويۇپ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا زور تۆھپە قوشتى.

چاغاتاي خان 14 يىل تەختتە ئولتۇردى. چىڭگىزخان ئۇنى ئىمپېرىيىنىڭ جاساق ئىشلىرى (موڭغۇللارنىڭ قانۇنى) نى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەن . مىلادىيە 1219 ـ يىلى موڭغۇللارنىڭ قۇرۇلتىيىدا چىڭگىزخان تاتاتۇڭا (ئۇيغۇر) غا موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلدۇرۇپ بىر «جاساق قامۇسى» نى تۈزۈپ چىقتى. (يەنى «بۈيۈك جاساق») ھەمدە يارلىق چۈشۈرۈپ موڭغۇل

---

① جۇۋەينى: «تارىخى جاھان كۇشاي» (خې گاۋجى تەرجىمىسى)، 2 ـ قىسمى، 615 ـ بەت، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى.

ھۆكۈمرانلىقىدىكى بارلىق يەرلەرگە كېڭەيتتى، لېكىن جاساق تۈزۈمى موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ئاساسلانغان بولۇپ، نۇرغۇن مەزمۇنلىرى ئىسلام قانۇنى ۋە ئۆرپ - ئادىتى بىلەن ئوخشاشمايتتى. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى بۇنىڭ بىلەن ھېسابلاشمايلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى باشقا مىللەتكە تاڭدى. مەسىلەن، قۇربانلىق قىلىش توغرۇلۇق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە بولغاندا، چوقۇم ھايۋان بوغۇزلىنىپ، قان ئېقىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن يېيىشكە بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئايەت ئوقۇلاتتى (يەنى خۇدانىڭ نامى ئوقۇلاتتى). لېكىن جاساق ماددىسىدا: «ھايۋاننى يېگەن چاغدا، ئۇنىڭ تۆت پۇتىنى باغلاپ قورسىقىنى يېرىپ، ئۆلۈشتىن ئىلگىرى يۈرىكى سۇغۇرۇۋېلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ گۆشى يېيىلىدۇ. ئەگەر ئىسلام مۇرىتلىرىغا ئوخشاش ھايۋان ئۆلتۈرسە ئۇ ھالدا ئۇ كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ»[1] دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈپ ئۇلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. جۇۋەينى بۇ ھەقتە: «چاغاتاي بۇ خىل ئومۇملاشقان قوي سويۇش ئۇسۇلىنى چەكلەشنى بارلىق جايلارغا تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل ھېچقانداق ئادەم خۇراساندا ئىلگىرىكىدەك قوي ئۆلتۈرمىدى، مۇسۇلمانلار چىرىگەن گۆشنى يېيىشكە مەجبۇر بولدى»[2] دېگەن. بەزى مۇسۇلمان تارىخچىلار چاغاتاينى ئەيىبلەپ: «ئۇ بىر رەزىل ئادەم بولۇپ، قىلمىغان ۋەھشىيلىكى قالمىغان، مەخسۇس ئەسكى ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەم»[3] دېيىشكەن. لېكىن، چاغاتاي قانداقلا بولمىسۇن جاساق

---

① بىيلىجىن: «چىڭگىزخاننىڭ جاساق - تۈزۈملىرى»، «موڭغۇل تارىخىغا ئائىت تەتقىقات ماتېرىياللىرى» نىڭ 18 - جىلدىغا قاراڭ. ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى موڭغۇل تارىخ تەتقىقات ئىشخانىسى تۈزگەن، 1981 - يىل نەشرى.

② جۇۋەينى: «تارىخى جاھان كۇشاي» (خې گاۋجى تەرجىمىسى) 1 - قىسىم، 321 - بەت، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى.

③ مۇزانى: «ئاسىيا، ھىندىستان، مۇسۇلمان پادىشاھلىرىنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، (ئىنگلىزچە تەرجىمىسى)، 144 - بەت.

قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلغۇچىسى ئىدى.

چاغاتاي مىلادىيە 1241 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا نەۋرىسى قاراھىلاكو (چوڭ ئوغۇلى مۇتوغاننىڭ ئوغلى) ۋارىسلىق قىلغان، بۇ ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى چىڭگىزخان ھايات ۋاقتىدا بېكىتىلگەن ئادەم بولۇپ، ئوگداىخاننىڭ تەكىتلىشى ۋە يولغا قويۇشى بىلەن ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلدى. لېكىن، مىلادىيە 1246 ـ يىلى مۆڭكۈخان تەختكە ئولتۇرۇپ ئۇلۇغ خان بولغاندىن كېيىن، چاغاتاي خانلىقىدىكى خانلىق ئورنى ئوغلىغا قالماي، بەلكى نەۋرىسىگە قېلىشتەك خانلىق سۇرۇش ئۇسۇلىنى توغرا ئەمەس دەپ قارىدى. ئۇ قارا ھىلاكونىڭ ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، چاغاتاينىڭ 3 ـ ئوغلى يېسۈ مۆڭكۈنى تەختكە چىقاردى. يېسۇ مۆڭكۈ سىياسىي ئىشلار بىلەن كارى يوق، ھاراق ـ شارابقا بېرىلىپ كېتىدىغان ئويۇنپەرەس ئادەم بولۇپ، ئوردا ئىشلىرىنى خانىشى ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن باشقۇراتتى. مىلادىيە 1252 ـ يىلى مۆڭكۈ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان چاغدا، يېسۇ مۆڭكۈنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قاراھىلاكونى چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانلىقىغا تەيىنلىدى. ئوگداي خانلىق جەمەتىدىكىلەر خانلىقنىڭ تولى جەمەتىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە نىسبەتەن نارازى بولۇپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يېسۇمۆڭكۈ قاتارلىق چاغاتاي جەمەتىدىكىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، مۆڭكۈخاننىڭ سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىش ئاشكارا بولۇپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن مۆڭكۈ خان، يېسۇ مۆڭكۈ قاتارلىق بارلىق ئىسيانچىلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. قاراھىلاكو تەختنى تارتىۋېلىپ بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى. چاغاتاي خانلىقىغا ئۇنىڭ ئايالى ئۇرقىناخاتۇن مۇۋەققەت ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

مىلادىيە 1259 ـ يىلى مۆڭكۈخان ئالەمدىن ئۆتتى، قۇبلاي

بىلەن ئۇنىڭ ئىچكى ئىنىسى ئارىق بۇقا تەخت تالىشىش كۈرىشىنى باشلىدى. ئارىق بۇقا شىمالىي چۆللۈك رايونىنى ئىگىلەپ ھەربىي قىسمىنىڭ يېمەكلىكلىرىنى خەنزۇلارنىڭ يەرلىرىدىن توشۇپ ئەكېلەتتى. قۇبلاي يارلىق چۈشۈرۈپ ئاشلىق توشۇش يولىنى توسۇۋېلىپ، ئارىق بۇقىنى غەربىي شىمالدىكى يەرلەردىن ياردەم سوراشقا مەجبۇرلىدى. غەربىي شىمالىي تەرەپتە قىپچاق خانلىقىدىكى بېرىكېيخان ۋە غەربتىكى ئابباسىيلارنى بېسىۋالغان قاراھىلاكوخاننىڭ ھەممىسى قۇبلاي تەرەپتە تۇراتتى. ئۇلار قۇبلاينىڭ خانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئوگداي سىستېمىسى مۆڭكۇخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغان چاغدا زەربىگە ئۇچرىغان بولۇپ، يەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى قىپچاق خانلىقى تەۋەسىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. چاغاتاي خانلىقى مۇۋەققەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن خانىش سەۋەبىدىن ناھايىتى ئاجىزلاشتى. ئارىق بۇقا چاغاتاينىڭ نەۋرىسى ئارغۇننى چاغاتاي زېمىنىغا بېرىپ خانلىق ئورنىغا چىقىشقا ئەۋەتىپ، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا ئەسكەر، ئات ۋە ئاشلىق تولىلاپ بەردى، يەنە بىر تەرەپتىن بېركېي ۋە قۇبلاينىڭ بىرلىشىپ ئۆزىگە قارشى چىقىشىنى توستى. ئارغۇن ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن زور بايلىقلارنى بۇلاپ، ئات ـ ئۇلاغ ۋە ئەسكەرلەرنى ئىگىلەپ ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى كېڭەيتتى. ئارىق بۇقىنى چەتكە قېقىپ قۇبلايىنى يېنىغا تارتتى. ئارىق بۇقا دەرغەزەپ بولۇپ قاراقۇرۇمدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزى قوشۇن باشلاپ ئارغۇنغا جازا يۈرۈش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش تەگرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا يۆتكەلدى.

مىلادىيە 1263 ـ يىلى كۈزدە ئارغۇن بىلەن ئارىق بۇقىنىڭ قوشۇنلىرى پۇلى (بۇگۇنكى بورتالا) ئەتراپىدا جەڭ قىلدى. ئارغۇن غەلىبە قىلىپ قوشۇنى ئىلى دەرياسى بويىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تارقىتىۋېتىلىپ مۇداپىئەنى تاشلاپ قويدى. ئارىق بۇقا ئاسۇتەي بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئالمالىقتا تويۇقسىز

هۇجۇم قىلدى. ئارغۇن جەڭگە كىرەلمەي ئالدىراپ - تېنەپ خوتەن، قەشقەرگە قېچىپ كەتتى. ئارىق بۇقا ئاخىر ئالمالىقنى ئىگىلىدى ۋە يەرلىك ئارمىيە - خەلقنى ئۆلتۈرۈپ، كەڭ كۆلەمدە بۇلاڭچىلىق قىلدى. شۇ يىلى 4 - ئايدا ئىككى تەرەپ قوشۇنى خۇنباش (قۇمباش ئاقسۇدىن غەربىي شىمالغا 90 چاقىرىم) دا ئۇچرىشىپ، ئارغۇن مەغلۇپ بولۇپ سەمەرقەنتكە قايتىپ كەتتى①.

ئارىق بۇقا ئالمالىقنىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەرنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، نۇرغۇن ئارمىيە - خەلقنى ئۆلتۈرۈپ زورلۇق - زومبۇلۇقتا چېكىگە يەتتى، ئۇنىڭدىن ئۆز ئىچىدىكى ئادەملىرىنىڭ كۆڭلىمۇ سوۋۇپ ئارقا - ئارقىدىن يۇز ئۆرۈشكە باشلىدى. بۇ چاغدا چۆللۈكنىڭ شىمالىنى قۇبلاي ئىگىلىگەن بولۇپ، ئارىق بۇقىنىڭ قوشۇنىدا ئاشلىق كەمچىل ئىدى، يۇقىرى - تۆۋەندىكىلەرنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ تۇرغاندا، ئارغۇننىڭ هۇجۇم قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدى، ئاخىر هالاكەت گىردابىغا چۈشۈپ قېلىپ، مىلادىيە 1264 - يىلى قۇبلايغا ئەل بولدى.

ئارغۇن چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن، بېركىي بىلەن تۇتۇشۇپ ئۇنى ماۋرائۇننەھر رايونىدىن قوغلاپ چىقاردى. بېركىي ئارغۇننى ئىسكەنجىگە ئېلىش ئۈچۈن، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئوگداي جەمەتىنىڭ كېيىنكى خانى قايدوغا مەدەت بەردى ۋە ئارغۇن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، قايدونى چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى دەپ ئېتىراپ قىلدى. قايدو بولسا ئوگداينىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ئارىق بۇقىنىڭ قۇبلايغا قارشى تۇرۇشقا قاتناشقان ئىسيانچى ئىدى. بېركىينىڭ ئادەم كۈچى ۋە مالىيە كۈچىنىڭ ياردىمىگە

---

① دۇسان: «دۇسان موڭغۇل تارىخى» (فېڭ چېڭجۈن تەرجىمىسى) 1 - قىسمى، 291 - بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1962 - يىل نەشرى.

ئېرىشكەچكە قايدو ئىنتايىن تېزلا قۇدرەت تاپتى. چاغاتاي خانلىقىدا ئارغۇن ئۆلگەندىن كېيىن، قۇبلاي چاغاتاينىڭ كېيىنكى خانى مۇبارەكشاھ بىلەن باراقنى دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى. باراق كۈچىدىن پايدىلىنىپ مۇبارەكشاھنىڭ ئورنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خانلىق تەختىگە ئولتۇردى ۋە يۈەن سۇلالىسى بىلەن قارشىلاشتى. ئۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچىنى خوتەندىن قوغلاپ چىقىرىپ، بۇ يەردە چوڭ قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى ھەم نۇرغۇن بايلىقلارنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ ئىشلاردىن كېيىن، قايدۇ ئۈچ تەرەپ بىلەن ئالتۇن ئوردا ئاسىيادا كەڭ كۆلەمدە جەڭ قىلدى. باراق خوجەند دەرياسى ساھىلىدا بىر مەيدان جەڭ قىلىپ ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ، مارۋائۇننەھر رايونىغا چېكىندى. ئۇ قوشۇننى تولۇقلاش ئۈچۈن سەمەرقەنت ۋە بۇخارانى بۇلاپ ـ تالاپ ئۇرۇش تەييارلىقىنى ھازىرلىدى. شەھەردىكى ئاقسۆڭەكلەر، موپىسپىتلار ۋە ئاھالىلەرنىڭ يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشى بىلەن باراق يول قويۇشقا كۆندى. لېكىن، ھەربىر ئائىلە يېتەرلىك بولغان ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە بايلىقلارنى تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى. كاسىپلار كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك قورال ـ ياراغ ياساپ ئاتلىق ئەسكەرلەرنى يىغىپ، قايدۇ بىلەن يەنە بىر قېتىم كۈچ سىناشماقچى بولدى.

باراقنىڭ ماۋرائۇننەھردىكى بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە ھەربىي تەييارلىقى قايدۇنى خاتىرجەمسىزلەندۈرەتتى. ئەلچىلەردىن «كېلىشىمنامە» ئەۋەتىپ باراق بىلەن بىرگە چوڭ بىر قېتىملىق قۇرۇلتاي ئاچتى ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت دائىرىسىنى ئايرىدى. مىلادىيە 1269 ـ يىلى غەربىي شىمالدىكى ئۈچ بەگلىك تالاستا يىغىن ئاچتى، يىغىندا قايدۇ ئىتتىپاق ئاقساقىلى بولۇپ سايلاندى. يىغىندا باراقنىڭ شەھەر ۋە يېزا ـ قىشلاقلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان قىلمىشلىرىغا چەك قويۇلۇپ، ئۈچ تەرەپ كېلىشىمنامە ئىمزالاپ: بۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ تاغلىق رايوندا

ۋە يايلاقتا تۇرمىز، شەھەرگە كىرمەيمىز، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا چارۋا - مال بېقىشقا يول قويۇلمايدۇ. دېھقانلارغا يولسىز تەلەپلەرنى قويۇشقا بولمايدۇ[1]... دەپ بەلگىلەنگەن. بەگلەر تۆلەم ئورنىدا باراقخاننىڭ ئىككىنچى يىلى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئېلخانىيلار ئاباقانىڭ يېرىنى تارتىۋېلىشىغا قوشۇلدى. بۇ قېتىملىق چوڭ يىغىندا ئەمەلىيەتتە قايدۇنى مەركەز قىلغان ھالدا، غەربىي شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى ئاقسۆڭەكلەر ئىتتىپاقلىشىپ، يۈەن سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇشتەك ئىتتىپاق ھاسىل قىلىندى.

باراقنىڭ ئېلخانىيلار بىلەن بولغان ئۇرۇشى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى، ئۇزاق ئۆتمەي باراق كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلدى، قايدۇ باراقنىڭ ئوغلى دۇۋانى چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى قىلىپ تىكلىدى. دۇۋا بىلەن قايدۇ بىرلىشىپ يۈەن سۇلالىسىگە قارشى تۇردى.

قايدۇ، دۇۋا ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ تالاشقان يېرىنىڭ بىرى بولغان بېشبالىق، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا تەۋە بولۇپ، يۈەن سۇلالىسىگە قارام ئىدى. قايدۇ، دۇۋالارنىڭ ئۇزلۇكسىز ھۇجۇم قىلىشى بىلەن ئىدىقۇت، بېشبالىقتىن قاراقۇجۇغا يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولدى. مىلادىيە 1275 - يىلى دۇۋا 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قاراقۇجۇغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ شەھەرنى ئالتە ئاي قورشىۋالغاندىن كېيىن، ئىدىقۇت ئۆز قىزىنى سوۋغا قىلىپ قورشاۋنى چېكىندۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي دۇۋا يەنە قاراقۇجۇغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، ئىدىقۇت پايتەختىنى تاشلاپ گەنسۇ تەۋەسىدىكى يۇڭچاڭ رايونىغا كەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇرلار دۆلىتى چاغاتاي خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىگە ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قايدۇ، دۇۋالار كۆپ قېتىم تەگرىتېغىنىڭ

---

[1] ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، (لو جيىڭ تەرجىمىسى) 190 - بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى.

شىمالىي قىسمى ۋە چۆللۈكنىڭ شىمالىدا يۈەن سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن تاكى مىلادىيە 1302 ـ يىلى قايدۇ جەڭدە ئۆلگەنگە قەدەر جەڭ قىلدى. دۇۋا بىلەن قايدۇنىڭ ئوغلى جابار يۈەن قوشۇنىغا تەسلىم بولدى، 30 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان بۇ بىر مەيدان جىددىي توپىلاڭ ئاخىر تىنچىدى.

بۇلاڭ ـ تالاڭچىلىق ئۇرۇشى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنىڭ ئىقتىسادىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، ئېغىر تالاپەت ۋە ئومۇمىيۈزلۈك زاۋاللىققا يۈزلىنىشتەك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئارىق بۇقا ئىلىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، كەڭ كۆلەمدە قىرغىنچىلىق قىلدى، ھەتتا ئازراقمۇ ئادىمگەرچىلىك، خەيرخاھلىق قىلمىدى، نەتىجىدە 2 ـ يىلى (مىلادىيە 1264 ـ يىلى) باھاردا، ئالمالىقتا چوڭ قەھەتچىلىك يۈز بەردى. ئارىق بۇقىنىڭ ئەسكەرلىرى بۇغدايىنى يەم ـ خەشەك ئورنىدا ئاتقا بېرەتتى. ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاشلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى[①]. ئارغۇن، باراق ھەر ئىككىسى خوتەن، قەشقەرلەردە تۇرۇپ كىشىلەرنى بۇلاپ ـ تالاپ پاراكەندىچىلىك سالدى ۋە بۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىغا زور دەرىجىدە زىيان سېلىپ، نەچچە ئون يىل ئىچىدە ئەسلىگە كەلگۈسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. مىلادىيە XIII ئەسىردىكى ساياھەتچىلەرنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىگە قارىغاندا، خوتەندىن قەشقەرگە بارىدىغان يول بىر پارچە قاقاسلىققا ئايلانغان. ئەسلىدە بىر ھەپتىلىك يولنى ئۇلار ئالتە ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا ئاران بېسىپ بولغان، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئەسىر قىلىنىشقا تاس قالغان[②]. يەنە بىر مۇسۇلمان يازغۇچىمۇ ئىسپاتلاپ: «خوتەن ئەينى ۋاقىتتا ھەممىلا كىشى بىلىدىغان شەھەر ئىدى، ھازىر پەقەت كىچىككىنە بىر يەر يەنىلا

---

① راشىدىن: «جەمئۇل تەۋارىخ»، (يۇ داجۈن، جۇجيەنچى تەرجىمىسى)، 2 ـ قىسىم، 304 ـ بەت، شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى.

② «ماريا بالاخ»، II ۋە رابان ساۋۇمانىڭ تارىخى»، (رۇسچە تەرجىمىسى)، 67 ـ بەت.

بۇرۇنقى شانلىقلىقى بىلەن ساقلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ» دېگەن. ئۇ يەنە: «ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يەكەن گۈللەنگەن چوڭ شەھەر ئىدى. لېكىن كېيىن ئاستا - ئاستا زاۋاللىققا يۈزلەندى، ئەڭ ئاخىرىدا ياۋايى ھايۋانلارمۇ يوق بولۇپ كەتتى» دېگەن. شەھەردىكى بۇ خىل ھالەت بىلەن ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئالدىكى ماركوپولو كۆرگەن ئەھۋال روشەن سېلىشتۇرما ئىدى. تۇرپان رايونىمۇ ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنىڭ زىيىنىغا ئەڭ قاتتىق ئۇچرىغان رايوننىڭ بىرى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە: «قايدۇ... نىڭ توپىلىڭى ئۇيغۇرلارنى مالىمان قىلىپ تارقىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن يارلىق چۈشۈپ ئىدىقۇت خەلقىنى يىغىپ ھال سورىدى. كىشىلەر خان - ۋەزىرلەرنىڭ ھىمايىسىدە ئۆز ماكانىغا قايتىپ كېلىشتى»①.

موڭغۇل ھەربىي كۆچمەن چارۋىچى ئاقسۆڭەكلەر ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كەڭ كەتكەن ئېكىنزارلىقلارنى، مېۋىلىك باغ، كۆكتاتلىق، ھەتتا پۈتۈن شەھەرنى چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. رۇبرۇك ۋە جۇڭگو ساياھەتشۇناسى چاڭدې يەتتە سۇ بىلەن چۇ دەرياسىدىن ئۆتكەندە، نۇرغۇن شەھەر - بازارلارنىڭ خارابىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن. چارۋىچىلىق مەيدانى، ئاھالىلەر رايونى مال بېقىش ئورنىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن بۇ يەردىكىلەر قېچىپ كەتكەنىدى. ھەرقايسى خانلار توپىلاڭ مەزگىلىدە، موڭغۇل قوشۇنلىرى بارغانلىكى يېرىدە بىنەم يەرلەرنى ۋە باشقا يەرلەرنى چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. مىلادىيە XIV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان بىر ئاپتور ئەينى چاغدىكى زاۋاللىق مەنزىرىنى ئىنتايىن جانلىق قىلىپ تەسۋىرلىگەن. «بۇ توپىلاڭ تۈپەيلىدىن تۈركىستان قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئۇ يەردىكى ئاھالىلەر شامال ئۇچۇرۇپ تۇرغان خارابىلەردە ۋە تاملىرى

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 123 - جىلد.

بۇزۇلغان ئۆيلەردە تۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى، ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر يىراقتا بىر پارچە ياپيېشىل قىشلاقنى كۆرسە، ناھايىتى خۇشال بولۇشۇپ، ئۇ يەردە چوقۇم ئولتۇراق ئاھالىلەر بار، دەپ ئويلاپ قالاتتى. ئەمما، ئۇلار ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن كۆردىغىنى ئادىمىزاتسىز ئۆيلەر ۋە ئاندا - ساندا كۆرۈپ قالىدىغان كۆچمەنلەر بولاتتى. يىراقتا كۆرۈنگەن ئۇ يېشىللىق بولسا، ئوت - چۆپلەر ئۆسكەن جاي بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ بەرگەن ئىلتىپاتىغا ئوخشىشاتتى. چۈنكى، بۇ يەرگە ھېچكىم ئورۇق چاچمايتتى، ھېچكىممۇ ھەم پەرۋىش قىلمايتتى»[1] ھايات قالغان دېھقانلارمۇ مال بېقىشقا باشلىدى. ناھايىتى روشەنكى، ئېتىزلارنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئايلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ خىل كۆچمەن چارۋىچىلىق ئۆرپ - ئادىتىنىڭ، شەھەر - يېزا ئىقتىسادىغا ئېلىپ كەلگەن زىيىنى، ئۇرۇشتا زورلۇق بىلەن قىلىنغان بۇلاڭ - تالاڭچىلىقتىن تېخىمۇ ئۇزاق ۋە چوڭقۇر بولدى.

مالىمانچىلىق ۋە تەپرىقىچىلىق غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارىدىغان سودا يولىنى توسۇپ قويدى. ئىمپېرىيە بىرلىككە كەلگەن مەزگىلدە گۈللەنگەن ئۆتەڭ ۋە سودىگەرلەر، سودا ماللىرىنى قوغداش قاتارلىق تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى كۈچتىن قېلىپ زاۋاللىققا يۈزلەندۇردى. ئارىق بۇقا بىلەن قايدۇ، دۇۋالارنىڭ توپىلىڭى بولسا ئەڭ يۇقىرى ھوقۇق ۋە زېمىن تالىشىش ئۈچۈن ئىدى. شۇنداقلا يۇقىرى قاتلام موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەرقايسى خانلىقنىڭ مەدەنىيىتى سىڭىپ كىرگەندىن كېيىنكى ئىككى خىل پوزىتسىيىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. بىر خىلى، زوراۋان چوڭ خانلىق ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى مۇستەھكەم، ھوقۇق مەركەزلەشكەن دۆلەت نىشان

① ئۆمەرىي: «ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىرىم»، موڭغۇل تارىخى تەتقىقاتى پايدىلىنىش ماتېرىيالى، 33 -، 32 - توپلام، 100 - بەت، ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى موڭغۇل تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى تۈزگەن، 1984 - يىلى نەشرى.

قىلىنغان خاھىش ئىدى. شۇڭا يۇقىرى دەرىجىدىكى مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىشنى قوللاپ، كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق ۋە شەھەر مەدەنىيىتىنى قوغداپ، سودا ـ سانائەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەرنىڭ فېئوداللارنىڭ يۇقىرى قاتلام زىيالىلىرىنى ئۆزىگە قارىتىپ ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ، مۇقىم دېھقانچىلىق ۋە شەھەر خەلقىنىڭ ئالۋاڭ ـ ياسىقىنى ئارقىلىق، ھۆكۈمەتنىڭ مۇقىملىقىنى داۋاملاشتۇرۇشتەك باج ئىشلىرىغا كاپالەتلىك قىلدى، قوبلاي بىلەن ئىلخانىيلار ھۆكۈمرانلىرى بۇ خىل خاھىشنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى.

يەنە بىر خىلى بولسا مۇتتەسسىپ خاھىش بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، دېھقانلارنى ۋە شەھەر خەلقىنى چەكسىز ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى، بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەرگە ئېغىر ئالۋاڭ سېلىپ، ئۇلارنى تالان ـ تاراج قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، دېھقانچىلىقنىڭ ھالاكەتكە يۈزلىنىشى ۋە شەھەرنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدەك ئېغىر ئاقىۋەتنى نەزەرگە ئالمىدى. توپىلاڭدىكى موڭغۇل خان جەمەتى ئەزالىرى بۇ خىل خاھىشنىڭ ۋەكىلى ئىدى.

ئولتۇراقلىشىش ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق مەسىلىسى چۆردىگەن ھالدا، غەربىي شىمالدىكى موڭغۇل كۆچمەن چارۋىچى ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدە كۈرەش قانات يايدى. كۈرەشنىڭ ماھىيىتى بولسا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئاللىقاچان شەكىللەنگەن ئىسلام مەدەنىيىتى ئەنئەنىسىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ئىدى. كېيىنكى بىر خىل خاھىش بولسا، كۆچمەن چارۋىچى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلغان بولۇپ، ئولتۇراق تۇرمۇشقا بولغان ئۆچمەنلىك ئاستا ـ ئاستا ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە بولغان ئۆچمەنلىككە ئۆزگەردى. بۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى يىراقتا ئۆزىنى دالىدىغا ئالغان ئولتۇراق رايون بىلەن بۇ رايوندىكى

خەلقلەرنى رەھىمسىز بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغانلىقىدا ئىدى. ئالدىنقى خاھىشنى ھىمايە قىلغۇچىلار يېقىنلىشىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندىن كېيىن، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدى. بەزى موڭغۇل دىنىي ئۆلىمالار ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. روشەنكى، بۇ خىل خاھىش ئوتتۇرا ئاسىيادىكى موڭغۇللار بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى يەرلىك ئىسلام مەدەنىيەت دائىرىسى ماس كېلىدىغان تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئىسلام دىنىنى بىرىنچى بولۇپ قوبۇل قىلغان غەربىي شىمال موڭغۇل خانى قىپچاق خانلىقىدىكى بېركىي خان ئىدى. رۇبرۇكنىڭ ئېيتقىنىغا ئاساسلانغاندا، باتۇ — ھايات ۋاقتىدىلا (مىلادىيە 1253 ـ يىلى) بېركىي خان مۇسۇلمان بولغان. ئۇنىڭ ئوردىسى (ئوردا قورۇقى ئىچىدە) دا چوشقا گۆشى يېيىش مەنئى قىلىنغان، ئۇنىڭ ھەر ـ بىر ئايالى ۋە ئەمىرلەر (گېنىراللار) نىڭ ھەممىسىنىڭ بىردىن ئىمامى ۋە بىردىن مەزىنى بولاتتى ھەم بالىلار ئۇچۇن «قۇرئان» ئۆگىتىدىغان مەكتەپ بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلام دىنى بىلەن سىغىشالمايدىغان كونا ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ قالدۇقمۇ بار ئىدى①. بېركىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنتايىن ھۆرمەتلىشىگە ۋە ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى، يىغىلىش مۇراسىمى ۋە دىنىي بايراملاردا خۇتبە ئۇنىڭ نامىغا ئوقۇلاتتى. دەرۋەقە ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى ئوخشاش مىللەتلەر ئىچىدىكى دىنىي ئۆلىمالار ئىچىدە دۈشمەنلىك قاراش پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى سەرتەك (باتۇنىڭ ئوغلى) قىپچاق خانلىقىغا ئولتۇرغان مەزگىلدە، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلدى. سەۋەبى دىنىي ئېتىقادى ئوخشاشمايتتى. سەرتەك بولسا خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى.

چاغاتاينىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ

① دوسېن تۈزگەن: «موڭغۇللارغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.

ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان كىشى مۇبارەكشاھ بولۇپ، پارسچە مەنىسى «شەرەپ قۇچقان پادىشاھ» دېگەنلىك ئىدى. مۇسۇلمان ئاپتورلار ئۇنى: «ئاق كۆڭۈل مۇسۇلمان پادىشاھ بولۇپ، ئىنتايىن مېھرىبان ۋە غەيرەتلىك، كەسكىن ئادەم ئىدى. ئۇ دائىم موڭغۇللارنىڭ بولمىغۇر ئىشلىرى ۋە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلمىشلىرىنى چەكلەپ تۇراتتى» دەپ تەرىپلىشەتتى. مۇبارەكشاھنىڭ تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى ئاساسلىق مەدەنىيەت رايونىنىڭ بىرى بولغان ئانگرتىنى تاللىشى، چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى خانلىرىنىڭ ئىچىدە هۆكۈمرانلىق مەركىزىنى دېهقانچىلىق رايونىغا يۆتكەشتەك ئارزۇنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

باراقمۇ مۇسۇلمان ئىدى، بىراق ئۇ ئىلخانلار دۆلىتىگە تاجاۋۇز قىلىشتا مەغلۇپ بولۇپ، بۇخاراغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئېغىر پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، قوشۇنىمۇ كەينى - كەينىدىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ كەتتى. ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئىسلام دىنىغا كىردى. مىلادىيە 1270 - يىلىنىڭ ئاخىرى تاشكەنتتە دىنغا كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ھەم سۇلتان غىياسىدىن دېگەن دىنىي نامنى قوبۇل قىلدى ۋە شۇ يىلى ۋاپات بولدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ شەھەر - قىشلاقلارنىڭ ئىقتىسادىدا يارىتىلغان زور بايلىق موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، ئەنئەنىنى ئۆزگەرتىش ئېڭىنى ئىلگىرى سۈردى. بىركېي، مۇبارەكشاھلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى، ئۇلارنىڭ ئادەملىرى ئارىسىدا چوڭ تەسىر پەيدا قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى موڭغۇللارنىڭ ئاستا - ئاستا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىدىمۇ تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن كېيىن دۇۋا ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىدى. يەنە سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىق ئورنىنى

ئېتىراپ قىلدى. چاغاتاي خانلىقىمۇ قايتىدىن قۇدرەت تاپتى. بۇ ۋاقىتتا خانلىقتا سىياسىي جەھەتتە مۇقىملىق ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى نىسپىي ئەسلىگە كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر قىسىم موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەر ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا تېخىمۇ قىزىقتى. بۇ دەرۋەقە ئەنئەنىۋى كونىلىقنى قوغدىغۇچى كۈچ بىلەن ئۆزئارا توقۇنۇش پەيدا قىلدى. بۇ ئاخىر چاغاتاي خانلىقىنىڭ مەڭگۈلۈك بۆلۈنۈپ ئىككى دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولدى. غەربىي ئۇلۇس (زېمىنى ماۋرائۇننەھرنى ئاساس قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا شەكىللەنگەن بىر مۇستەقىل ھاكىمىيەت بولدى. شەرقىي تەرىپى ئالمالىقنى مەركەز قىلغان ھالدا شەكىللەنگەن بىر ھاكىمىيەت ئىدى. غەربتە دېھقانچىلىق ئىقتىسادىنى ئاساس قىلسا، شەرقتە بولسا چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلاتتى. بۇ بۆلۈنۈشكە سەۋەب بولغان ئىقتىسادىي ئاساس غەربتىكى چاغاتاي موڭغۇللىرى مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا ئۆزگىرىپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. شەرق تەرەپ مۇتەئەسسىپ كۆچمەن چارۋىچى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ گۈلىستانىغا ئايلىنىپ، يايلاق ۋە تاغلىق رايوندا كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇردى. بۇ ھەل قىلغۇچ باسقۇچ كېبەكخان تەختتىكى چاغدا يۈز بەردى.

كېبەك بولسا دۇۋانىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ مىلادىيە 1309 ـ يىلى دۇۋانى ئۆلتۈرۈپ خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانى تالىكۇنىڭ ئورنىنى ئالدى. خانلىقنى بولسا ئۇنىڭ ئىنىسى ئېسەن بۇقىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ بىر يىل يۈەن سۇلالىسى قوشۇنى قاراقوجۇدىن چاغاتاي زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئېسەن بۇقا بىلەن كېبەك ئايرىم ـ ئايرىم قەشقەر ۋە ئالمالىقتىن يولغا چىقىپ قايتۇرمان زەربە بەردى. ئېسەن بۇقا يول بويى ھەممىنى ۋەيران قىلدى، بۇنداق بولغاندا مەغلۇپ بولغان ھالەتتىمۇ دۈشمەن ھېچ

نەرسىگە ئېرىشەلمەيتتى. كىبەك ئەكسىچە كۆچمنى خوراتماي، بېسىپ ئۆتكەن رايونلارنى ۋەيران قىلمىدى. بۇنىڭدا ئۇ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ ئادالەت چاقىرىقى ئاستىدا، ئوڭايلا ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. ئەگەر ئۇ مەغلۇپ بولغان ھالەتتىمۇ، ئۆزىنىڭ قوشۇنى بىلەن چېكىنىپ چىقىپ كېتەلەيتتى. ئېسەن بۇقا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقتىن كىبەكمۇ ئامالسىز چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. قايتىش يولىدا ئېسەن بۇقىنىڭ قوشۇنى ئاچ - يالىڭاچ قالدى. ھەتتا ئۇلار ئامالسىزلىقتىن ئۆزلىرىنىڭ ئېتىنى سويۇپ يېيىشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن، كىبەكنىڭ قوشۇنى بارغانلىسكى يېرىدە كېرەكلىك نەرسىلەرگە ئېرىشتى. كىبەك ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يۇقىرى قاتلام موڭغۇللىرى ۋە خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، مىلادىيە 1318 - يىلى ماۋرائۇننەھردە خانلىق ئورنىغا چىقتى. ئېسەن بۇقا شەرقتىكى كۆچمەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، شەرقتىكى يايلاقتا كېلىپ خان بولۇشقا تەكلىپ قىلىندى. كىبەك ئىسلام مۇرىتى بولمىسىمۇ، لېكىن مۇسۇلمانلار ئۇنى قوللاپ: «قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلغۇچى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ھال - ئەھۋالىغا يېتىدۇ، غەمخورلۇق قىلىدۇ، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنى ھۆرمەت قىلىدۇ»[1] دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتىدا قوللانغان بىر مۇھىم تەدبىر — ئوردىنى ماۋرائۇننەھرنىڭ قاشقا دەرياسى جىلغىسىغا يۆتكەپ كەلگەنلىكى ئىدى. ئۇ ناخشاپ يېنىغا موڭغۇللارنىڭ تۇنجى ئوردىسى — قاشقا شەھرىنى قۇرغان[2]. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە يېزا - ئىگىلىك تەرەققىياتىغا

① «ئىبنى باتۇتەنىڭ ساياھەت خاتىرىسى»، (ما جىنپىڭ تەرجىمىسى) 301 - بەت، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1905 - يىلى بېسىپ تارقاتقان.

② ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، (لو جىيىڭ تەرجىمىسى)، 207 - بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1884 - يىلى بېسىپ تارقاتقان.

ئىلھام بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە پېرسىيىنىڭ تۈزۈمىگە ئاساسلىنىپ كىچىك مەمۇرىي ۋە باج ئورگانلىرىنى قۇرغان. پۇل (ئاقچا) تۈزۈمىنى يولغا قويغان. بۇ ئالامەتلەر كېبەكنىڭ بۇ يەردە ئولتۇراقلاشماقچى بولغانلىقى ھەمدە ماۋارائۇننەھر رايونىنىڭ دېھقانچىلىق مۇھىتىغا ماسلىشىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

كېبەك مىلادىيە 1327 - يىلى ئۆلگەن. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن پەنجتەيجى بىلەن مالىك تۆمۈر ماۋارائۇننەھر رايونىغا ۋاقىتلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. مىلادىيە 1331 - يىلى كېبەكنىڭ ئىنىسى تارماشىرى تەختكە ۋارىسلىق قىلىدۇ. تارماشىرى ئىسلام دىنىغا ئىخلاسمەن موڭغۇل خانى ئىدى. ئۇنى كۆرگەن ئەرەب ساياھەتچىسى ئىبنى باتۇتەنىڭ ئېيتىشىچە: خان قەھرىتان قىش كۈنلىرىدىمۇ شەخسەن ئۆزى كوللېكتىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان كېچىلىك ئىبادەتلەرگە قاتنىشىپ، ھەتتا يېرىم كېچىلەردىمۇ توختىتىپ قويمىغان، مۇسۇلمانلارغا مەدرانىلىك ۋە خۇشاللىق بىلەن ياردەم بەرگەن، ئۇ تەۋرەنمەستىن موڭغۇللار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى تارقاتقان ۋە كېڭەيتكەن. مۇسۇلمان ئاپتور ئەبۇل غازى: «بۇ خان مۇسۇلمانغا ئايلاندى، پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھردىكى ئۇلۇسلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. بىز يۇقىرىدا باراق خاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى، لېكىن ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يېنىۋېلىپ، ئەسلىدىكى ئېتىقادىنى يولغا قويغانلىقىنى ئېيتقانىدۇق، ئەمما تارماشىرى بىلەن بىللە ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەر باشتىن - ئاخىر قەتئىي تەۋرەنمەي، ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادىدا چىڭ تۇردى.»① دەپ يازغان.

---

① «ئەبۇل غازى: باھادىرخاننىڭ «موڭغۇللار ۋە تاتارلار تارىخى»، (دەي ساڭمېينىڭ فرانسۇزچە تەرجىمىسى)، 2 - توم، 159 - بەت.

تارماشىرىنىڭ دىنىي ئىسمى «رەھىم قۇلاق» ئىدى. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتىدا، موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، چىڭگىزخاننىڭ قائىدىلىرىگە قايتا ئەمەل قىلىپ يۈرمىدى. ئۇ ھەرقايسى خان ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ نازارەت قىلىش ھوقۇقى ۋە قائىدىسىگە ئاساسەن، خاقان شەرقىي چارۋىچىلىق رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى بىكار قىلىپ، ئىسلام قانۇنى بويىچە دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئەرەب، پارس قاتارلىق ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، سودا - ئالاقە قىلىشقا ئىلھام بەرگەن. شۇڭا ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ماۋرائۇننەھر بىلەن باشقا ئىسلام دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ۋە بېرىش - كېلىش مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان. بۇ ئۇسۇللار ماۋرائۇننەھردىكى دىنىي زاتلار ۋە شەرقىي ئاقسۆڭەك چارۋىچىلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغىدى. شۇڭا مىلادىيە 1334 - يىلى دىنىي زاتلار كونا ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بىرلىشىپ تۇيۇقسىز سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، تارماشىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئەمدىلا ۋەزىيىتى مۇقىملاشقان ماۋرائۇننەھر يەنە قالايمىقانلىشىپ، ئىچكى مالىمانچىلىق ئون يىل داۋاملاشقان.

## 2. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

مىلادىيە XIV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، چاغاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى خانلىرى ئىچكى ھوقۇق، مەنسەپ تالىشىش كۈرىشىدە ھوقۇقى ۋە ئورنى كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاشتى. يەرلىك بەگلەر بولسا ئەينى ۋاقىتتا چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ، ئۇرۇش جەريانىدا ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي بەلۋېغىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە تۈرۈك تىلىدا

سۆزلىشىدىغان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئىدى. مەسىلەن، شىنجاڭدىكى دوغلات قەبىلىسى، دوغتاي قەبىلىسى، چوراس قەبىلىسى قاتارلىقلار. ماۋرائۇننەھردىكى بارلاس قەبىلىسى، جالايىر قەبىلىسى قەبىلىلىدۇر. ئۇ قەبىلىلەر باشقا قەبىلىلەرگە قارىغاندا بالدۇراق ئولتۇراقلاشقان ھەمدە شۇ يەردىكى خەلقلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئاستا ـ ئاستا تۈركلەشكەن ۋە ئىسلاملاشقان. خانلىق ھوقۇقى ئاجىزلاشقان مەزگىللەردە بۇ قەبىلىلەرنىڭ سەردارى — ئەمىر بارغانسېرى چوڭ ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان ھەمدە ئاللىبۇرۇن پارچىلىنىپ كەتكەن زېمىنىدا بىر كۆچلۈك كۈچ تەشكىللەپ، چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى پادىشاھلىرى بىلەن قارشىلاشقان. مىلادىيە 1346 ـ يىلى بارلاس قەبىلىسىدىكى ئەمىر قازانخان چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى خانى سۇلتان غازاتخاننى يېڭىپ، ماۋرائۇننەھرنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى كونترول قىلىۋالغان. شۇنىڭدىن كېيىن چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى خانلىرى قورچاق پادىشاھ قىلىنىپ تەختكە چىقىرىلغان ھەم بىر ـ بىرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. باشقا قەبىلىلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن چاغاتاي خانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئۆز گۇماشتىلىرىنى تاللاپ، ئۆز رايونىنى كونترول قىلغان. بۇنىڭ بىلەن «قەبىلىلەر پادىشاھلىقى» نىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھاكىمىيەت سۈرۈش دەۋرى شەكىللەنگەن. بۇ چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى خانلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاللىقاچان بەربات بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

سۇلتان غازانخان چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئومۇم ئېتىراپ قىلغان خاقانى ئىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن غەرب، يەنى ماۋرائۇننەھردىكى چاغاتاي خان ھاكىمىيىتى بارلاس قەبىلىسىنىڭ مەشھۇر بويسۇندۇرغۇچىسى تۆمۈر تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ تۆمۈر ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان. بۇ ۋاقىتتا چاغاتاينىڭ ئەۋلادىدىن بىرسى شەرقىي ئۇلۇستا ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەن. چۈنكى،

بۇ ھاكىمىيەت موڭغۇللارنىڭ قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئەنئەنىسىنى كۆپرەك ساقلىغاچقا ھەم يېڭىباشتىن چىڭگىزخاننىڭ «خان جەمەتى» نىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى يولغا قويغاچقا، چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىي ئۇلۇستىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ داۋاملىشىشى دەپ قارىلىپ — «شەرقىي چاغاتاي خانلىقى» دەپ ئاتالغان.

شەرقى چاغاتاي خانلىقى تۆۋەندىكى ئۈچ رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1. تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىن باشلىنىپ ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىغىچە، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ھەمدە جەنۇبىدىكى ئىلى دەرياسى، چۇ دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى ۋە ئىسسىقكۆل ۋادىلىرى ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقى قاتارلىق بىپايان تاغلىق ۋە يايلاق رايونلىرىدۇر. مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ خاتىرىلىرىدە بۇ كەڭ رايونلار «موغۇلىستان» دەپمۇ ئاتالغان (كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بەزىدە چاغاتاي موڭغۇللىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان باشقا رايونلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان). يەنە بەزى ماتېرىياللاردا «چاغاتاي» دەپ ئاتالغان. موغۇلىستان بولسا پۈتكۈل شەرقىي ئۇلۇسنىڭ ئاساسلىق قىسمى، يەنى تېررىتورىيە ۋە ھاكىمىيەتنىڭ مەركىزى بولۇپ، خاننىڭ تۇرار جايى ئالمالىقتا ئىدى.

2. ئۇيغۇرلار رايونى، يەنى ئەسلىدىكى قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە يەرلەر بولۇپ، تۇرپان ئويمانلىقى ۋە كىنگىت (قاراشەھەر)، كۇچا رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3. تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلار، يەنى مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئېيتىلغان «ئالتە شەھەر» رايونىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ شەھەرلەر بولسا قەشقەر، خوتەن، يەكەن، يېڭىسار، ئۈچتۇرپان، ئاقسۇدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەگەر مارالبېشىنى قوشساق «يەتتە شەھەر»

شەكىللىنىدۇ. ئالتە شەھەر ۋە پەرغانە رايونىنى قوشۇلۇپ «ماۋەرائۇننەھر» (مەنىسى كۆلنىڭ جايى، كۆل چۆشىدىغان ئورۇن دېگەنلىك بولىدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ.

چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى خانلىرى ۋە باشقا موڭغۇل قەبىلىلەر ئاساسلىقى موغۇلىستاندا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئاۋۋالقىدەكلا موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە تاغلىق رايونلاردىكى يايلاقلاردا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە شەھەرلەرگە كىرمىگەن. پەقەت بۇ رايونلاردىن باج ئېلىش بىلەنلا چەكلەنگەن. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئەمەلىيەتتە دوغلات قاتارلىق موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى مەشھۇر تۇغلۇق تۆمۈر خاندۇر. ئۇ چىڭگىزخاننىڭ يەتتىنچى ئەۋلادى دۇۋاخاننىڭ نەۋرىسى ئىدى. ھىجرىيە 730 - يىلى (1328 — 1330 - يىللىرى) تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى توغرۇلۇق ئېنىق مەلۇمات يوق. ئوتتۇرا ئاسىيا موڭغۇل تارىخى «تارىخى رەشىدى» نىڭ يازغۇچىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر، ئۇنىڭ دادىسى ئېسەن بۇقا دەيدۇ، لېكىن ئېسەن بۇقا مىلادىيە 1328 - يىلىدىن بۇرۇن ۋاپات بولغان بولغاچقا، بۇ كۆز قاراشنى ئاپتور قەبىلىلەر رىۋايىتىگە ئاساسەن ئويدۇرۇپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بولسا كېرەك. باشقا مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا مەسىلەن، شەرىپىدىن يەزدىنىڭ «زەپەرنامە»، ئەبۇل غازىنىڭ «شەجەرىئى تۈرك»، قۇرامىنىڭ «تۈركىستان ۋە ماۋەرائۇننەھر موڭغۇللار تارىخى» قاتارلىقلاردا، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ دادىسى، دۇۋاخاننىڭ يەنە بىر ئوغلى چىمى خوجا[①] دەپ كۆرسىتىلگەن.

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موڭغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى»، 1 - قىسىم، 153 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1893 - يىل نەشرى.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ يېزىشىچە، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئۆز ئانىسى مەڭلىك توقال ئىدى. چوڭ خانىش بولسا ساتىلمىش ئىدى. ئۇ تۇغماس بولغاچقا، يولدىشى جەڭگە يۈرۈش قىلغان يۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھامىلدار بولغان مەڭلىكنى شەخسەن ئۆزى دوختاي قەبىلىسىدىكى ئەمىر دوختاي شىراۋۇلغا چاي ئىچكۈزۈپ قويغان. بۇ ئۇسۇل موڭغۇللارنىڭ ئادىتىگە ئاساسەن، چوڭ خانىشنىڭ ئۆزى ياقتۇرمايدىغان باشقا توقاللارنى بىر تەرەپ قىلىشىدۇر. شۇڭا، تۇغلۇق تۆمۈر ئەمەلىيەتتە ئەمىر ئائىلىسىدە چوڭ بولغان.

ماۋرائۇننەھردىكى كۆپ ساندىكى قەبىلىلەر بەس - بەس بىلەن چاغاتاينىڭ ئەۋلادلىرىنى تاللاپ قورچاق خانلىق تىكلىگەن ۋاقىتلاردا، ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق دوغلات قەبىلىسىدىكى ئەمىر بۇلاچى ئاكتىپلىق بىلەن شەرقىي رايوندا مۇۋاپىق ئادەم ئىزدىگەن. ئۇ تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىلگەچكە، ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ ھەرقايسى جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ (ئىرتىش دەرياسىنىڭ شىمالىدىن) تۇرۇشلۇق جايدىن ئۇنى ئاقسۇغا ياندۇرۇپ كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتا تۇغلۇق تۆمۈر ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ ئاقسۇدىكى ۋاقىتتا ئىسلام مۇرىتلىرىنىڭ تەشۋىقاتىنى قوبۇل قىلىپ، يوشۇرۇن ئىسلام دىنىغا كىرگەن. ئىككى يىلدىن كېيىن (1347 - يىلى) ئۇ 18 ياشقا كىرگەن يىلى تەختكە چىقىپ ئالمالىقنى پايتەخت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلانغان.

دوغلات قەبىلىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ كۈچلۈك موڭغۇل جەمەتى ئىدى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ يېزىشىچە، دوغلات قەبىلىسى موڭغۇللارنىڭ قانداشلىقىدىكى ئېسىل جەمەت بولۇپ، چاغاتاينىڭ قول ئاستىدىكى بىر كىچىك قەبىلە ئىدى. چاغاتايخان جان ئۈزۈش ئالدىدا «ماڭلايسۆيەر» نى بۇ جەمەتنىڭ سەردارى — بۇرتوپقا ئىنئانە قىلىپ، ئۇنىڭ جەمەتىنى پۈتكۈل

رايونىنىڭ ۋارىس سەردارى بولۇشقا بۇيرۇغان. ئاپتور يەنە چىڭگىزخان دەۋرىدە چىڭگىزخان بورتوپىغا يەتتە خىل ئىمتىياز ئىلتىپات قىلغان دەيدۇ: ① دۇمباق ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ② بايراق ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ③ ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھى داۋاملىق ئۇنىڭغا شاھانە كۆنلۈك تۇتىدۇ. ④ ئۇ خاننىڭ قۇرۇلتايلىرىدا ئوقدان ئېسىپ يۈرسە بولىدۇ. ⑤ خان بىلەن شىكارغا چىققاندىكى بەزى ھوقۇقلار. ⑥ ئۇ بارلىق موڭغۇل ئەمىرلىرىگە قوماندانلىق قىلىش، بۇيرۇقلاردا ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا «موڭغۇل ئۇلۇس سەردارى» دېگەن نام يېزىلىدۇ. ⑦ خان ئالدىدا باشقا ئەمىرلەرنىڭ ئورنى ئۇنىڭ ئورنىغا قارىغاندا بىر ئوق يېتىم يىراقراق بولىدۇ.

بۇلاجى دەۋرىگە كەلگەندە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ تەختكە چىقىرىلىشىدا تۆھپىسى بولغاچقا، بۇ جەمەتكە يەنە ئىككى تۈرلۈك ئىمتىياز ھەدىيە قىلغان. بىرىنچى، خاننىڭ ئىجازىتىسىزلا ئەمىرلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ئېلىۋېتىش ھوقۇقى؛ ئىككىنچى، بولاجى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى توققۇز قېتىم گۇناھ ئۆتكۈزسە گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، ئون قېتىم گۇناھ ئۆتكۈزسە موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى قائىدە ـ تۈزۈمىگە ئاساسەن سوراق قىلىنىپ جازاغا تارتىلىدۇ[1] . كېيىنكى ئالاھىدە ئىككى تۈرلۈك ھوقۇق دوغلات قەبىلىسىنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا تۇتقان سىياسىي ئورنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە دوغلات قەبىلىسى بارغانسېرى رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرغان، ئەمەلىيەتتە ئۇلار تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى كونترول قىلغان. ئاقسۇنىڭ بۇلاجىدىن باشقا قەشقەرنىڭ ئەمىرى تۇلۇق، خوتەننىڭ ئەمىرى

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى»، 1 ـ قىسىم، 228 ـ، 230 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.

شەمسىدىن ئىدى. تۇلۇق بۇلاجىنىڭ ئاكىسى بولۇپ، بۇلاجىدىن بۇرۇن ئۇ ئەمىرلەرنىڭ سەردارى ئىدى. شۇنداقلا بۇ جەمەت ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان كىشى ئىدى. خانلىقنىڭ كېيىنكى سىياسىي تەقدىرى، ھەتتا ئىسلام دىنىنىڭ بۇ رايوندا كەڭ تارقىلىشى، دوغلات جەمەتىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسى ئىدى. قايدۇ، دوۋالار ئىسيانىدىن چاغاتاي خانلىقى يىمىرىلگەنگە قەدەر بولغان يۈز يىل، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتى داۋالغۇپ تۇرغان دەۋردۇر. بۇ مەزگىلدە يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى ئاستا ـ ئاستا زاۋالىققا يۈز تۇتقان، ئاخىرىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان ۋە جۇيۈەنجاڭ مىلادىيە 1368 ـ يىلى مىڭ سۇلالىسىنى قۇرغان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كونا ـ يېڭى سۇلالىلەرنىڭ ئالمىشىشى بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەت چېگرا رايونلارغا بولغان كونتروللۇقىنى ۋاقىتلىق يوقاتتى؛ بۇ جايلارغا ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ھەرقايسى بۆلۈنمە بەگلىكلەرنىڭ كۈچى زورىيىشقا باشلىدى. ئۇزاق مەزگىللىك قالايمىقانچىلىق ۋە ئۇرۇش بۇ رايوندا بىر نەچچە كۈچلۈك ھەربىي ھاكىمىيەتنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ نىسبەتەن مۇقىم، فېئوداللىق تۈزۈمدىكى دۆلەتلەر قۇرۇلدى. تۆمۈر ئىمپېرىيىسى ۋە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، دەل تارىخىي يۈزلىنىشنىڭ ئىنكاسى ئىدى. مەركىزىي ھۆكۈمەت چېگرا رايونلارغا بولغان كونتروللۇقىنى يوقاتقاچقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەتتى ئاجىزلىشىشقا يۈزلەندى. ئەكسىچە ئوتتۇرا ئاسىيا پېرسىيە، ھىندىستان قاتارلىق جايلارنىڭ تەسىرى كۈچەيدى. بۇ خىل تەسىرنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسى شۇكى، ئىسلام دىنى ۋە باشقا مەدەنىيەتلەر شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

# ئىككىنچى باب چاغاتاي خانلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە زەئىپلىشىشى

## 1. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ غەربنى بويسۇندۇرۇشى

شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بەزى جۇڭگو ۋە چەت ئەل تارىخىي ماتېرىياللىرىدا «موغۇلىستان» ياكى «چاغاتاي خانلىقى» دەپمۇ خاتىرىلەنگەن. ئېلىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسى تارىخىي ماتېرىياللىرىدا «بېشبالىق» كېيىن «ئىلىبالىق» دەپ خاتىرىلەنگەن. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا: «بېشبالىق — غەربىي يۇرتتىكى چوڭ دۆلەت، جەنۇبى خوتەنگىچە يېتىپ بارىدۇ. شىمالى ئويراتلارغا تۇتىشىدۇ. غەربى سەمەرقەنتكىچە، شەرقى قۇجۇغىچە بارىدۇ، شەرقىي جەنۇبى جيايۇگۇەندىن 3700 چاقىرىم كېلىدۇ»① ، دەپ خاتىرىلەنگەن.

شەرقىي چاغاتاي خانلىقى مىلادىيە 1347 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈر تەختكە چىققاندىن باشلىنىپ، مىلادىيە 1514 ـ يىلى سۇلتان سەئىدخان يەكەن خانلىقىنى قۇرغۇچە داۋاملىشىپ، جەمئىي 167 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، ئىلگىرى ـ كېيىن 13 نەپەر چاغاتاي ئەۋلادى تەختكە ۋارىسلىق قىلغان.

شەرق، غەرب دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن چاغاتاي موڭغۇللىرى غەربىي قىسمىنى ماۋرائۇننەھر رايونىنى ئاساس قىلغان ھالدا

① «مىڭ سۇلالىسى تارىخى». بېشبالىق تەزكىرىسى»، 333 ـ بەت.

«چاغاتايلىقلار» دەپ ئاتايدۇ. شەرقىي قىسمىنى موڭغۇللار ئۆزلىرى «موغۇللار» دەپ ئاتايدۇ. چارۋىچىلىق رايونىنى «موغۇلىستان» دەپ ئاتايدۇ. چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى موڭغۇللارنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولۇپ، خانلىق ئورۇنغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. خانلىق ئورۇندىكى ئەڭ ئالىي ھۆكۈمراننى «موغۇل خانى» دەپ ئاتايدۇ. موغۇللار شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمران قەبىلىلىرىدۇر.

شەرقىي چاغاتاي خانلىقى كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاكىمىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان. خان ئەڭ ئالىي ھوقۇقنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ھەممىدىن بەكرەك سىمۋول خاراكتېرىگە ئىگە بولغىنى، ئەمەلىيەتتە ھەرقايسى فېئوداللىق بۆلۈنمە ھاكىمىيەت، يەنى «جايلار» نىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى ئىدى. بۇ يەرلەر تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىغىچە تارقالغان بولۇپ، فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ كۆپچىلىكى موڭغۇل ھۆكۈمران دەۋرىدىكى قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ چاغاتاينىڭ كېيىنكى ئۇرۇق - ئەۋلادى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار بولۇپ، سىياسىي جەھەتتە خانغا بېقىناتتى، ئىقتىسادىي جەھەتتە خان ھاكىمىيىتىگە باج - سېلىق يىغىش قاتارلىق مەسئۇلىيىتىنى ۋە ھەر قانداق زۆرۈر ۋاقىتتا ھەربىي يۈرۈشكە قاتنىشىش مەسئۇلىيىتى بار ئىدى. خانلىق ھاكىمىيەت بىلەن فېئودال ھۆكۈمران ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىرخىل ئۆزئارا بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتۇر. بۇ خىل تۈزۈلمە شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇقىم ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىر تەرەپتىن خان ئوردىسىدىكىلەر خانلىق تەختكە كۆز تىكىپ، ھەرخىل سىياسىي ئۆزگىرىش ۋە تەخت تالىشىش كۈرەشلىرىنى پەيدا قىلدى، بۇ خىل كۈرەشتە خاننىڭ ھوقۇقى

ئۈزلۈكسىز ئاجىزلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ھەرقايسى فېئودال ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدا، فېئودال ھۆكۈمرانلار بىلەن موڭغۇل خانى ئوتتۇرىسىدا پايدا ـ مەنپەئەت توقۇنۇشى مەۋجۇت ئىدى. ھەرخىل زىددىيەتلەر بىرلىشىپ دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇزاق مۇددەتلىك داۋالغۇش، پارچىلىنىش ۋەزىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

شەرقىي چاغاتاي خانلىقى غەربتە تۆمۈر ئىمپېرىيىسىنىڭ كۈچلۈك تەھدىتىگە ئۇچراپ، موڭغۇللار ھەممىشە دېگۈدەك مەغلۇپ بولدى. شىمالدا يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن يەنە بىر موڭغۇل جەمەتتىن بولغان ئويرات قەبىلىسى قالماقلار دەپ ئاتالدى. خانلىق خارابلاشقاندىن كېيىن ئويرات قەبىلىسىنىڭ كۈچى ئاستا ـ ئاستا كۈچىيىپ، ئالتاي تېغىدىن ئۆتۈپ، غەربىي جەنۇبقا كېڭىيىپ موغۇلىستانغا تۇتاشقان. مىلادىيە X V ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئويرات قەبىلىسى غەربىي شىمالدىكى كۈچلۈك قەبىلىگە ئايلىنىپ، موڭغۇللار بىلەن ئويراتلار دائىم توقۇنۇشۇپ تۇرغان، خانلىقنىڭ شەرقىي مىڭ سۇلالىسى بولۇپ، موڭغۇل خان ئاتاقتا مىڭ سۇلالىسىنىڭ خوجايىنلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلغان، ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ۋاقىتتا قىپچاق بايلىقىدىن ئاستا ـ ئاستا جەنۇبقا سۈرۈلۈۋاتقان ئۆزبېكلەر مىلادىيە XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شەكىللەنگەن قازاق قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ، موڭغۇللارنىڭ كۈچلۈك دۈشمىنىگە ئايلانغان. كېيىن بۇ سىرتقى كۈچلەرنىڭ ھۇجۇمى ۋە يەكلىشى بىلەن موڭغۇللارنىڭ كۈچى بىراقلا ئاجىزلاپ، نوپۇسى تېز سۈرئەتتە ئازىيىپ، موغۇلىستان رايونى ئاساسىي جەھەتتىن زاۋالىققا يۈزلىنىدۇ.

خانلىقنىڭ سىياسىي مەركىزى باشتىن ـ ئاخىر تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي قىسمىدا بولۇپ، بىر نەچچە قېتىملىق ئۆزگىرىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن. تۆمۈرنىڭ

موغۇلىستانغا قىلغان بىر نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمىدا ئاخىر ئالمالىق شەھىرى تاشلىنىپ قېلىپ، خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغان. خىزىر خوجىخان بېشبالىق شەھىرىدە ئوردا قۇرغان. ئۇۋەيىسخان تەختتە ئولتۇرغان ۋاقىتتا، ئويرات قەبىلىسىنىڭ يەكلىشىگە ئۇچرىغانلىقتىن، پايتەختىنى ئىلىبالىققا (ھازىرقى غۇلجا تەۋەسىدە) كۆچۈرۈپ كەتكەن، خانلىقنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە تۇرپان، بېشبالىق، تاشكەنت قاتارلىق رايونلار موڭغۇل خانىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بولۇپ قالغان.

تۇغلۇق تۆمۈر دوغلات جەمەتى تەرىپىدىن خانلىق تەختكە چىققاندىن كېيىن، نامدا خان بولغان، ئەمەلىي ھوقۇقنى بولاجى ئۆزى تۇتقان. لېكىن تۇغلۇق تۆمۈرخان ياش، قابىل، تالانتلىق، جاسارەتلىك، باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا قاراپ تۇرمايدىغان خان ئىدى. ئۇ تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە دوغلات جەمەتىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، بولاجى باشلىق قابىلىيەتلىك كىشىلەرگە ئېغىر ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇپ، بولاجىنى ئۇلۇس بېگى (ئەمىرۇل - ئەمىر) ۋە باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىگەن، يەنە بۇ كىشىگە نۇرغۇنلىغان ئالاھىدە ئىمتىيازنى بەرگەن، شۇنداقلا ئۇلارغا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى تۇتقۇزغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى ئاشكارا تەشۋىق قىلىپ، خانلىق ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ قول ئاستىدىكى بەگ - تۆرىلەر ۋە موڭغۇل لەشكەرلىرىنى مۇشۇ دىنغا كىرىشكە مەجبۇرلىغان. (بۇ مەسىلە كېيىنكى بابتا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلىدۇ). مۇشۇ ۋەقە ئارقىلىق ئۆزىگە قارشى كۈچلەرنى تازىلاپ، قول ئاستىدىكىلەرنى يېڭى خانغا سادىق بولۇشقا قەسەم ئىچكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئابرويىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن. بولاجى ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلگەندىن كېيىن تۇغلۇق تۆمۈرخان پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەمىر جامالىددىننىڭ داۋاملىق ئۇلۇس بېگى بولۇش قەستىنى تار - مار

قىلىپ، شۇنداقلا بولاجىنىڭ يەتتە ياشلىق كەنجى ئوغلى خۇدايداتنى دادىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدۇرۇپ، دوغلات جەمەتىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغان.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن ئىچكى قىسمىنى رەتلىگەن، ھەربىي قىسمىنى تەرتىپكە سالغان. ماۋرائۇننەھر رايونىنى بويسۇندۇرۇپ، چاغاتاي ئۇلۇسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە بەل باغلىغان. شۇنداق قىلىپ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋارىسلىق قانۇنىغا ئاساسەن، تۇغلۇق تۆمۈر پۈتكۈل چاغاتاي ئۇلۇسىغا خان بولغان. بۇ ۋاقىتتا ماۋرائۇننەھر ھاكىمىيىتىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان بارلاس قەبىلىسىنىڭ ئەمىرلىرى ئالدى ـ كەينى بولۇپ، سەككىز چاغاتاي ئەۋلادىنى خان قىلىپ تىكلىگەچكە، باشقا قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان. سالدوس، جالايىد قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ سەردارلىرى بارلاس قەبىلىسىنىڭ بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن بىرلىشىپ ھاكىمىيەتنى قولدا تۇتقانلارغا زەربە بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ھەممە يەر قالايمىقانلىشىپ، ماۋرائۇننەھر رايونىدا يەنە «پارچىلىنىش، قالايمىقانلىشىش»[1] ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن. ھىجرىيە 761 ـ يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيى (مىلادىيە 1360 ـ يىلى 3 ـ ئاي) دا تۇغلۇق تۆمۈرخان قوشۇنىنى باشلاپ ئالمالىقتىن يولغا چىقىپ، ماۋرائۇننەھرگە تۇنجى قېتىم جازا يۈرۈشى قىلغان. جازا يۈرۈش قىلىش قوشۇنى سىر دەرياسى ئەتراپىغا كەلگەندە، جالايىر قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى بايباجى قەبىلىسىنى باشلاپ كېلىپ ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان بولۇپ، ئىككى قوشۇن بىرلىشىپ كېشقا قاراپ ئىلگىرىلىگەن. بارلاس قەبىلىسىدىن ئەمىر ھاجى قوشۇنىنى توپلاپ كېشتىن يولغا چىقىپ كېلىۋاتقان دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلغان. ئىككى قوشۇن

① شەرىپىدىن ئەلى: «زەپەرنامە»، يەنى «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى»، 1 ـ قىسىم، 166 ـ بەت.

تۇتۇشۇشتىن ئىلگىرى ئەمىر ھاجى دۇشمەنلەرنىڭ كۆپلۇكىنى كۆرۇپ خۇراسانغا چېكىنگەن. ماۋرائۇننەھردىكى كۆپ سانلىق ئەمىرلەر جەڭ قىلماي چېكىنگەن. تۇغلۇق تۆمۇر ناھايىتى تېزلىكتە پۇتكۇل ماۋرائۇننەھرنى ئىگىلەپ بولغان. بۇ ۋاقىتتا تۆمۇرمۇ جازا يۇرۇش قوشۇنغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىتائەتمەنلىكىنى بىلدۇرگەن. تۆمۇر بارلاس ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، كېش رايونىنىڭ سەردارلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان ۋاقىتتا 25 ياشتا بولۇپ، تەۋەككۇلچىلىك روھىغا ئىگە ئىدى. كېيىن ئۇ شىستانغا بولغان بىر قېتىملىق ھەربىي ھەرىكەتتە ئوڭ پۇتي ئېغىر يارىلىنىپ ئاقسايدىغان بولۇپ قالغاچقا، ئۇنىڭغا «تۆمۇرلەڭ» (ئاقساق تۆمۇر) لەقەم بولۇپ قالغان.

تۇغلۇق تۆمۇرخان تۆمۇرنى كېش ۋە شۇنىڭغا تەۋە ئورۇنلارنىڭ دورغاچىلىقىغا تەيىنلىگەن. بويسۇندۇرۇلغان ھەرقايسى ئورۇنلارغا مەمۇرىي ئەمەلدار ۋە نازارەتچى ئەمەلدارلارنى تەيىنلىگەن. بۇ ۋاقىتتا ئالمالىقتا ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدا مالىمانچىلىق يۇز بەرگەچكە، تۇغلۇق تۆمۇرخان پايتەختنى شەرققە يۆتكەپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ماۋرائۇننەھر يەنە بارلاس قەبىلىسى ئەمىرلىرىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتكەن.

ئىككىنچى يىلى 4 - ئايدا تۇغلۇق تۆمۇرخان ئىككىنچى قېتىملىق غەربكە جازا يۇرۇشىنى باشلىغان، خوجەندكە كەلگەندە جالايىر، سالدوسىنىڭ سەردارلىرى قايتىدىن تەسلىم بولۇپ بويسۇندىغانلىقىنى بىلدۇرگەن. بارلاس ئەمىرى ھاجى ئالدى بىلەن تەسلىم بولغان. ماۋرائۇننەھردىكى ھەرقايسى قەبىلىلەر جازا يۇرۇشىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، ھەممىسى تەسلىم بولغان. تۇغلۇق تۆمۇرخان ئاسانلا ئۆزىگە قارشى كۇچلەرنى يېڭىپ غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ قۇندۇزدىن ھىندىقۇش تېغىغىچە بارغان. ئۇ يەردە ئەتىياز بىلەن ياز پەسلىنى ئۆتكۇزۇۋېلىپ

قوشۇننى سەمەرقەنتكە ياندۇرۇپ كەلگەن. بۇ ۋاقىتتا پۈتكۈل چاغاتاي خانلىقى باشتىن ـ ئاخىر ئۇنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتكەن. «ئۇ بارلىق بويسۇندۇرغان ئورۇنلارنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ئوغلى ئىلياس خوجىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ھەمدە چاغاتاي قوشۇنى (موغۇللاردىن) دىن بىر تۈركۈم ئەمىر ـ لەشكەرلەرنــــى ئايرىپ، شەخسەن بېجىكنى قوماندانلىقا تەيىنلىگەن، كېيىن ماۋرائۇننەھرنى باشقۇرۇشنى ئەمىر تۆمۈرگە ھاۋالە قىلىــــپ، ئۇنىڭ بالا پادىشاھ سالاھىيىتى بويىچە ھوقۇقنى يۈرگۈزۈشكە پەرمان بەرگەن، ئارقىدىنلا تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەمىرتۆمۈرنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا، تالانتلىقىنى ھېس قىلــــىپ، پۈتكۈل ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى پايتەختكە قايتىپ كەلگەن.»[1]

ئىككىنچى قېتىملىــــق جازا يۈرۈش شەرقىــــي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئورنىنى ۋە شەرقىــي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئابرۇيىنى يېڭىباشتىن تىكلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ماۋرائۇننەھردىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، تۆمۈرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرلىككە كەلگەن ھاكىمــــيەت تىكلىشى ئۈچۈن داغدام يول ئاچتى.

مىلادىيە 1362 — 1363 ـ يىلــى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالمالىقتا 34 يېشىدا كېسەل سەۋەبــدىن ئالەمدىن ئۆتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كىچىك خانىش بىدپارى خاتۇن ئىراق ۋە سەمەرقەنتتىن ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۈچۈن بىر ھەشەمەتلىك قەبرە ياساتقان بولۇپ، بۇ ھىجرىيىنىڭ 766 ـ يىلى (مىلادىيە 1365 ـ يىلى) غا توغرا كېلىدۇ. قەبرە ئالمالىق قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بولۇپ، ھازىرقى ئىلىدىكى قورغاس ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 15

---

① شەرىپىدىن ئەلى: «زەپەرنامە»، يەنى «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى»، 1 ـ قىسىم، 177 ـ بەت.

كىلومېتىر كېلىدىغان «مازار يېزىسى» غا جايلاشقان. بۇ ئەرەب ئۇسلۇبىدا ياسالغان قەبرە بولۇپ، بىنەپشە، ئاق، كۆك رەڭدار كاھىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن. ئېگىزلىكى 14 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر. مەقبەرە ئىچىدە چوڭ ـ كىچىك ئىككى قەبرە بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا كىچىكى كىچىك خانىش بىدپارىسنىڭ قەبرىسى ئىكەن. مازارنىڭ ئالدى تېمىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئەرەب تىلىدا خەت ئويۇلغان بولۇپ، ئوڭ تەرىپىگە: «بۇ ئۇلۇغ خاقان، ئۇلۇغلۇق ۋە شەپقەتنىڭ دېڭىزى، ئىسلام دىنىنىڭ قورغانى، زەپەرقۇچقان ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ شانلىق ئىپتىخارى، تۈت چوڭ خەلىپىگە ئەگەشكۈچى، ھۆرمەتكە سازاۋەر، قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان مۇھەممەت تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قەبرىسى» دەپ ئويۇلغان. سول تەرىپىگە: «خانغا تەقدىم… گۇناھكار كىشىلەرنى مەغپىرەت قىلغۇچى دەۋرىمىزنىڭ خانىشى بىزنىڭ بېلقاشىمىز[1] زېرەك، پەزىلەتلىك دۇنيادىكى تەڭداشسىز ئايال، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئاياللىرىدىن بىرى بولغان بىدپارس خاتۇن مەڭگۈ ھايات، ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى تىلەيمىز. دۇنيانىڭ شەرقى بىلەن غەربىدە پەزىلەتلىك بۇ ئايال مەڭگۈ ھايات! » دەپ ئويۇلغان. ئۇستىگە يەنە «بۇ مەقبەرىنى ـ شەرباف ياسىغان»[2] دېگەن خەتلەر ئويۇلغان. بۇ قەبرە بۈگۈنگىچە 600 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە بولۇپ، گەرچە نۇرغۇنلىغان بوران ـ چاپقۇن، ئۇپراشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى ۋە تاشقى قىياپىتى بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلانغان. ساياھەت قىلىدىغانلار، تاۋاپ قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى يىل بويى ئۈزۈلمەيدۇ. بۇ شىنجاڭدىكى بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلانغان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇشىدۇر.

---

① رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىلكىس ئەرەبلىك، سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئايالى.
② شەمى دامولللا: «… تۈركىستان تارىخى» (قول يازما) شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى يىغىپ ساقلىغان بىرىنچى توپلام. يەنى «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى» گە قاراڭ، 2 ـ قىسىم، 301 ـ بەت: شۇ سۆز : «غەربىي يۇرتتىكى دەريا ـ ئېقىنلار خاتىرىسى»، 4 ـ توپلام.

## 2. جامالىددىننىڭ ئاسىيلىق قىلىشى ۋە تۆمۈرنىڭ جازا يۈرۈشى

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئىلىياس خوجا تەختكە ۋارىسلىق قىلىدۇ. لېكىن غەرب ۋە شەرقتىكى قەبىلىلەرنىڭ ئەمىرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئاسىيلىق قىلدى. تۆمۈر ئالدى بىلەن ماۋرائۇننەھردە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئوغلى ئىلىياس خوجىغا قارشى تۇرىدۇ. ئىككى تەرەپ جەيھۇن دەرياسى (سىر دەرياسى) قىرغىقىدا چوڭ جەڭ قىلىدۇ. تارىختا بۇ جەڭ «سازلىق جېڭى»[①] دەپ ئاتىلىدۇ. ئىلىياس خوجىخان زور غەلىبىگە ئېرىشىپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سەمەرقەنتكە قوشۇن تارتىدۇ. بىراق قوشۇن ئىچىدە يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ قوشۇن ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، ئىلىياس خوجىخان ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىپ ئالمالىققا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. تۆمۈر كىشنى ئىگىلىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، قايتىدىن كۆچىيىپ ھەرقايسى قەبىلىلەر بىلەن بىرىكىپ، ماۋرائۇننەھر رايونىنىڭ ھەققىي خوجىسىغا ئايلىنىدۇ. مىلادىيە 1370 ـ يىلى ئۇ چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى ئەۋلادىنىڭ خانلىق ئورنىنى بىكار قىلىپ، سەمەرقەنتنى ئاساس قىلىپ ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتاپ، تارىختىكى مەشھۇر تۆمۈرلەر سۇلالىسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ.

شەرقتە تۇغلۇق تۆمۈر بولاجى ئۆلگەندىن كېيىن، بولاجىنىڭ ئوغلى خۇدايداتنى ئۇلۇس بېگىگە تەيىنلەپ، بولاجىنىڭ قېرىندىشى جامالىددىننىڭ ئۇلۇس بېگى بولۇش

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى»، 1 ـ قىسىم، 191 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى.

تەلپىگە پىسەنت قىلمىغانىدى، بۇنىڭغا جامالىدىن ئىچىدە قاتتىق
نارازى بولدى.

جامالىدىننىڭ مىجەزى قوپال، تەرسا ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئاشكارا ھالدا ئىسيان كۆتۈردى. بۇ چاغدا ئىلياس خوجىخان ئالمالىقتا تۇرۇۋاتقانىدى. جامالىدىن كەنجى خاننىڭ چۈشلۈك ئويقۇدا ياتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئارقىدىنلا تۇغلۇق تۆمۈر خاننىڭ ئوردىسىنى ۋەيران قىلىپ، بىر كۈن ئىچىدە خاننىڭ 18 ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى①. شۇ ۋاقىتتىكى مالىمانچىلىقتا يۆگەكتىكى بالا خۇدايداتنىڭ ئانىسى تەرىپىدىن يوشۇرۇپ قويۇلدى ۋە قەشقەر بىلەن بەدەخشان ئارىلىقىدىكى تاغلىق رايونغا يوشۇرۇپ قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن جامالىدىننىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئامان قالدى. بۇ بالا دەل كېيىنكى خانلىقنىڭ تەخت ۋارىسى خىزىر خوجىدۇر.

جامالىدىن سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ ئالىي ھوقۇقنى تارتىۋالدى ھەمدە ئۆزىنى خان دەپ ئاتىۋالدى. ئەمما ئۇ نەسەب جەھەتتە خان جەمەتىدىن بولمىغاچقا، باشقىلار ئۇنى «ساختا خان» دەپ تونۇدى. شەرقىي ئۇلۇستىكى كۆپلىگەن تۆرىلەرمۇ ئۇنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىماي، لەشكىرىي كۈچ بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. تۆمۈرمۇ ئۇنى «چاغاتاينىڭ قارا نىيەت ئاتامانى»② دەپ ئاتىدى ھەمدە شۇنى باھانە قىلىپ 1370 — 1377 - يىللار ئارىلىقىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، جامالىدىنغا قارشى قوشۇن تارتتى ھەمدە تىغ ئۇچىنى پۈتكۈل موغۇلىستان ۋە چالىش، كۇچا، ئۇچتۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا قاراتتى. جامالىدىن ھەر قېتىملىق جەڭدە مەغلۇپ بولسىمۇ، يەنىلا تەلىيى ئوڭ كېلىپ ئامان قالدى. ئۈچىنچى قېتىملىق يۈرۈشتە تۆمۈر قوشۇنى

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى»، 1 - قىسىم.
② برناشدىر: «جۇڭگودىكى ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام دىنى»، (ئېنگلىزچە) 1012 - بەتتىكى ئىزاھقا قاراڭ.

قەشقەرگە يېقىن جايغىچە قوغلاپ باردى ھەمدە يول بويىدىكى شەھەر - قەلئەلەرنى ۋەيران قىلىپ، جامالىدىننىڭ بىر قىسىم ئادەملىرىنى ۋە خوتۇن - باللىرىنى ئەسىر ئالدى. شۇنداقلا جامالىدىننىڭ ئەسىرگە چۈشكەن قىزلىرىنى ئۆز ھەرەمخانىسىغا ئالدۇردى. تۆتىنچى قېتىملىق يۈرۈشتە تۆمۈر ئات بېشى (ھازىرقى ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبىدا) دېگەن جايدا جامالىدىننىڭ پىستىرمىسىغا چۈشۈپ قالدى. شۇ ۋاقىتتا تۆمۈرنىڭ يېنىدا بار - يوقى 200 ئادەم بولۇپ، جامالىدىننىڭ 4000 دەك قوشۇنى بار ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق جامالىدىن تۆمۈرنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇيالماي، ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى. تۆمۈر قايتىدىن قوشۇن توپلاپ جامالىدىن بىلەن سوقۇشتى ھەمدە ئۇنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن غەلىبىسىرى قوغلاپ زەربە بەردى. جامالىدىننىڭ مىنگەن ئېتىغا ئوق تېگىپ يىقىلغانلىقتىن، نەچچە يېرىدىن يارىلانغان جامالىدىن پىيادە قېچىپ كەتتى. ئاخىرقى ھەربىي يۈرۈشتە تۆمۈر ئىسسىقكۆلگە يېقىن جايدا جامالىدىننى يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلىپ، شەخسەن ئۆزى قوشۇن تارتىپ قوغلاپ زەربە بەردى. ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتكەن جامالىدىن جېنىنىڭ بارىچە قاچتى. ئاخىر ئىششىق كېسىلى بولۇپ قېلىپ بەكلا ئاجىزلاپ كەتتى. ئاتقا مىنىپ ئولتۇرغۇچىلىكمۇ ھالى قالمىغان جامالىدىننى قول ئاستىدىكىلەر ئېرتىش دەرياسىغا يېقىن جايدىكى بۆك - باراقسانلىق ئورمانلىقتا يوشۇرۇپ قويدى. ئۇزۇن ئۆتمەي جامالىدىن شۇ جايدا ئۆلدى. تۆمۈرمۇ بۇ خەۋەردىن كېيىن موغۇلىستانغا قارىتىلغان لەشكىري پاراكەندىچىلىكلەرنى توختاتتى.

تۆمۈر قوشۇنلىرىنىڭ ھەر قېتىمقى جازا يۈرۈشى مەزگىلىدە، يول بويىدىكى ئۇلار ئۆتىدىغان شەھەر - بازارلار رەھىمسىزلىك بىلەن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىپ، قاتتىق

ۋەيرانچىلىققا ئۇچرايتتى. بولۇپمۇ ئۇچتۇرپان، چالىش ۋە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى شەھەر - بازارلار خارابىلىققا ئايلىنىپ، بۇ جايلارنىڭ چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. موغۇلىستاننىڭ ھەربىي كۈچىمۇ كۆپ خوراپ كەتتى. شەرقىي ئۇلۇسنىكى ھەر قايسى ئەمىرلەر تۆمۈر قوشۇنىنىڭ لەشكىرىي قۇدرىتىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا باش ئېگىشكە مەجبۇر بولدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان زامانىسىدا روياپقا چىققان قۇدرەتلىك خانلىق ھاكىمىيەت ۋە گۈللىنىش ۋەزىيىتى ئەمدىلىكتە مەۋجۇت بولۇشتىن قېلىپ قالدى. خانلىق باش - ئاخىرى چىقماس تەپرىقىچىلىك ۋەزىيىتىگە گىرىپتار بولۇپ بەكلا ئاجىزلاپ كەتتى.

## 3. خىزىر خوجىنىڭ پايتەختنى بېشبالىققا كۆچۈرۈشى

جامالىدىن تۆمۈرلەڭنىڭ 1377 - يىلىدىكى بەشىنچى قېتىملىق جازا يۈرۈشىدە ئۆلگۈچە، جەمئىي 13 يىل «ساختا خان» بولۇپ ئۆتتى. مۇشۇ جەرياندا ئۇ توختىماستىن ئادەم ئەۋەتىپ خىزىر خوجىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلدى. خۇدايدات ۋە ئۇنىڭ ئانىسى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ بۇ يېگانە تەخت ۋارىسىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇنى ئۇ يەر - بۇ يەردە يوشۇرۇپ يۈردى. دەسلەپتە قەشقەردىن خوتەندىكى تاغلىق رايونلارغا يۆتكەپ كەتتى، كېيىنچە خوتەننىڭ شەرقىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ كەتتى. 1383 - يىلى (بەزىلەر 1388 - يىلى دەيدۇ) خۇدايدات خىزىر خوجىنى لوپنۇر كۆلى بويىدىن ئالمالىققا ئېلىپ كېلىپ خانلىق تەختىگە چىقاردى ۋە چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ شەرقىي ئۇلۇسقا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

خىزىر خوجا تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، تۆمۈرلەڭ ئۆزى بىۋاستە زور قوشۇننى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. كەسكىن جەڭدىن كېيىن خىزىر خوجا ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، ۋەتىنىنى تاشلاپ سەرگەردان بولۇپ كەتتى. تۆمۈرنىڭ قوشۇنلىرى ھەرقايسى جايلارنى ۋەيران قىلىپ سانسىزلىغان ئات - قوي، تۆگە ۋە ئاھالىلەرنى ئولجا ئېلىپ سەمەرقەنتكە قايتىپ كەتتى. تۆمۈر بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشتە ئالمالىق شەھىرىنى ئۇزۇل - كېسىل ۋەيران قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم سىياسىي مەركەز بولغان بۇ شەھەرنى خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋەتتى. خىزىر خوجىخان ئالمالىق شەھىرىدىن ۋاز كېچىپ، تۇرپانغا يېقىن بېشبالىقنى خانلىقنىڭ يېڭى پايتەختى قىلىپ تاللىدى. بېشبالىق — بەش شەھەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ شەھەر ئۇيغۇر ئېلىگە تەۋە ئىدى، شۇنداقلا غەربىي يۇرتتىكى مۇھىم ئىستىراتېگىيىلىك ئورۇن ھېسابلىناتتى. موڭكۇ خان مىلادىيە 1251 - يىلى بۇ شەھەردە بېشبالىق دىۋان مەھكىمىسى تەسىس قىلغان. مىلادىيە 1283 - يىلى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مەزكۇر ئورۇندا تىنچلاندۇرۇش مەھكىمىسى تەسىس قىلغان. مىلادىيە 1295 - يىلى باش سانغۇن مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، بېشبالىق ئارقىلىق غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزىدۇ. خىزىر خوجىنىڭ بېشبالىقنى پايتەخت قىلىشى ئاساسلىقى، تۆمۈرنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئۇرۇش بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي خىزىر خوجا قىزىنى تۆمۈرگە ياتلىق قىلىپ، تۆمۈر بىلەن تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەت ئورناتتى. مىلادىيە 1397 - يىلى، يەنى ئۆزىنىڭ قىزىنى تۆمۈرگە تارتۇق قىلىپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سۈسقىنە تىنچلىقنى ساقلاش توغرۇلۇق شەرتنامە ئىمزالىدى. بۇ ئەھۋال شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تۆمۈرلەڭنىڭ قۇدرەتلىك ھاكىمىيىتىگە

بويسۇنۇشقا باشلىغانلىقىنىڭ نامايان بولۇشى ئىدى.

خىزىر خوجا تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئولپان تاپشۇردى. ئۇ تەختتە ئولتۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي مىڭ بېگى قەمەردىن بىلەن يۈز بېگى ئولۇچنى پايتەختكە ئەلچىلىككە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار خوڭ ۋۇنىڭ 24 - يىلى (مىلادىيە 1391 - يىلى) پايتەختكە بېرىپ، مىڭ تەيزۇ جۇ يۈەنجاڭنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. مىڭ تەيزۇ خىزىر خوجىخانغا رەڭلىك ئاقچا قاتارلىق ئىنئاملارنى تەقدىم قىلدى①. كېيىن جۇ يۈەنجاڭ كۈەنجى قاتارلىق ئۈچ ئادەمنى غەربىي يۇرتقا زىيارەتكە ئەۋەتتى. خىزىر خوجا ئەلچىلەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىنىڭ ئازلىقىدىن گۇمانلىنىپ، كۈەنجىنى تۇتۇپ قېلىپ، باشقا ئىككىسىنى قايتۇرۇۋەتتى. تەيزۇ يەنە ئەلچى ئارقىلىق خەت ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى كۆز - كۆز قىلغاندىن كېيىن خىزىر خوجا كۈەنجىنى قويۇپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەلچىلىرى بېرىش - كېلىش قىلىپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى.

قىسقا ۋاقىتلىق سىرتقا قارىتىلغان تاجاۋۇزچىلىق ۋە ئىچكى مالىمانچىلىق بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، شەرقىي چاغاتاي ھۆكۈمرانلىقى مۇقىم بولۇپ، ئاستا - ئاستا گۈللىنىشكە قاراپ يۈزلەندى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ يېزىشىچە، خىزىر خوجا تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە، «جامالىددىننىڭ ئالىي ھوقۇقنى تارتىۋېلىشى تۆمۈرلەڭنىڭ بارغانچە قىستاپ كېلىشى سەۋەبلىك، پادىشاھلىقى خارابلاشقان بۇ مەزگىلگە كەلگەندە بولسا قايتىدىن روناق تېپىپ، ئاللابۇرۇن تاشلىۋېتىلگەن تۈزۈملەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. خانلىق ھاكىمىيىتى ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ

① «مىڭ تەيزۇ دەۋرىدىكى جۇڭگۇ خاتىرىلىرى»، 210 - جىلد.

مەنپەئەتىنى يېڭىباشتىن ئاساسىي ئورۇنغا قويدى. خۇدايداتنىڭ ھىمايىسىگە رەھمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن، خىزىر خوجا ئىلگىرى دوغلات قەبىلىسىگە ئىنئام قىلغان (تۆرلۈك ئىمتىيازدىن سىرت يەنە خۇدايداتقا ئۈچ تۆرلۈك ئالاھىدە ھوقۇق بەردى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بىر تارمىقى، «خانلىقنىڭ ھەرقانداق يارلىقىغا خۇدايداتنىڭ مۆھرى بېسىلىدۇ. بىراق، خاننىڭ تامغىسى خۇدايداتنىڭ تامغىسىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ»، ① دېگەن مەزمۇن ئىدى. بۇ ئالاھىدە ھوقۇق خۇيداتنى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمرانىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. موغۇل خانلىقى ئۇنىڭ ماقۇللۇقىسىز (تەستىقىسىز) بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايتتى. خىزىر خوجىنىڭ بۇ مەزگىلدە قىلغان مۇھىم ئىشى «غازات» قىلىش باھانىسى بىلەن تۇرپاننى يۇتۇۋېلىشى ھەم بۇ رايوندا ئىسلام دىنىنىڭ كۆچىنى كېڭەيتىش بولدى. بۇلارنى بىز تۆۋەندىكى مەزمۇندا بايان قىلىمىز. خىزىر خوجا مىلادىيە 1399 ـ يىلى مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى قۇمۇل رايونىغا ھۇجۇم قىلغاندا، مىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئورنىغا ئوغلى شەمئى جاھانخان تەختكە ئولتۇردى.

بۇ چاغدا تۆمۈر غەربىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ بولۇپ، تەسىر كۈچىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ جۇڭگونى بويسۇندۇرۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگونى ئىسلاملاشتۇرماقچى بولدى②. ھىجرىيە 807 ـ يىلى (مىلادىيە 1404 ـ يىلى) تۆمۈر 800 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يەتتە يىلغا يەتكۈدەك ئاشلىق تەييارلاپ، موغۇلىستاندىن شەرققە مىڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلدى. شەرققە ھۇجۇم قىلغۇچى قوشۇن قىشنى ئامۇ دەرياسى بويىدا ئۆتكۈزدى، تۆمۈر موغۇل خانلىقىغا

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى»، 1 ـ قىسىم، 228 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1883 ـ يىل نەشرى.

② بوۋا «تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسى» (فىڭ چىڭجۈن تەرجىمىسى)، 57 ـ بەت، شاڭۋۇ باسمىسى، 1934 ـ يىل نەشرى.

ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ قېتىمقى بويسۇندۇرۇش ھەرىكىتىدە قوشۇننى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى بۇيرۇدى. بۇ خەۋەر يېتىپ كېلىش بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى قورقۇنچ باستى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ چاغدا خان خۇدايدات قىمىز ئىچىپ ئولتۇرغان بولۇپ، خەۋەر بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، قورققىنىدىن خاننىڭ قولىدىكى قىمىز قويۇلغان ئاياغ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن. تۆمۈرنىڭ بۇ «قەدىمى» شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا ئاپەت خاراكتېرلىك بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. قەھرىتان قىش پەسلى ئاخىرلاشمايلا تۆمۈرنىڭ ئوترادا تۇيۇقسىز ئۆلگەنلىك خەۋىرى تارقالدى. تۆمۈر 807 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى (مىلادىيە 140 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى) ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ 71 يىل ياشاپ، 30 يىل تەختتە ئولتۇرغانىدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بۇ قېتىمقى زور بالايىئاپەتتىن ساقلىنىپ قالدى. مىڭ سۇلالىسى تارىخىدا بۇ قېتىمقى ۋەقە توغرۇلۇق «يۇڭلىڭنىڭ 3 ـ يىلى فۇئەن قاتارلىقلار تېخىچە قايتىپ كەلمىدى. سۇلالىمىزنىڭ خەۋەر تېپىشىچە، تۆمۈر بېشبالىق ئارقىلىق شەرققە قوشۇن تارتىۋېتىپتۇ. گەنسۇنىڭ باشبۇغى سۇڭ شىڭنىڭ بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇشى توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈرۇلدى.»[①] دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مىڭ سۇلالىسى بۇ ۋەقەگە نىسبەتەن تەييارلىق ھالىتىدە بولغان.

تۆمۈر ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بالىلىرى تەخت تالىشىپ ماۋرائۇننەھر مالىمانچىلىققا پېتىپ قالدى. شەمئىي جاھان يۇڭلىنىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 1407 ـ يىلى) مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، سوۋغا تەقدىم قىلىش بىلەن مەكتۇپ ئەۋەتىپ «سەمەرقەنت ئەسلىدە بىزنىڭ ماكانىمىز ئىدى. سىز قوشۇن ئەۋەتىپ قايتۇرۇپ بەرسىڭىز» دېگەن. بۇنىڭدا چاغاتاي

① «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 332 ـ جىلد

خانلىقىنىڭ كېيىنكى خانى مىڭ سۇلالىسىنىڭ كۆچىدىن پايدىلىنىپ، شەرقىي چاغاتاينىڭ كېيىنكى خانلىقىنىڭ ماۋرائۇننەھر رايونىغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى. پادىشاھ جۇدى بۇنىڭغا قوشۇلماي ئىچكى ئەمەلدار باتەي، لى دا، خۇڭ لۇەنشى، چىڭ ليۇ باش ھۆدەيچى ليۇ تۆمۈر قاتارلىقلارنى خەت بىلەن يولغا سالدى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن خېتىدە: «بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا يېنىكلىك قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ ئەسكەرتكەن. كېيىنكى يىلى شەمئى جاھان ئۆلدى، خانلىق تەختكە ئىنىسى مۇھەممەد ئولتۇردى.

مەھمۇدخان ئۈزلۈكسىز تۇردە مىڭ سۇلالىسىنىڭ ھامىيلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. يۇڭلى خان مىلادىيە 1413 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، گەنسۇنىڭ باشبۇغى لى لىنگە «بېشبالىقنىڭ ۋاڭى مۇھەممەد خانلىقىمىزغا بەيئەت قىلىپ، ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى، شۇڭا بىز ئۇلارنى ياخشى كۈتۈۋېلىشىمىز، شەھەردىكىلەر بىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزغا بويسۇنۇشى لازىم»①. مىلادىيە 1412 ـ يىلى مىڭ سۇلالىسى لى دا، مەنسەپ پىرقىسى شىغاۋۋلى چېن چىڭ قاتارلىقلارنى غەربىي رايونغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. چېن چىڭ «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى» قاتارلىق كىتابلاردا، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەردىكى يەرلەرنى ۋە ئاھالىنى تەسۋىرلەپ، «بېشبالىق يەرنامىسى، قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، ھازىر مۇھەممەدخاننىڭ بالىسى تەختكە ئولتۇرىدۇ، مۇھەممەدخان يۇەن خانلىقى جەمەتىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بولۇپ، ياش ۋاقتىدا بۇ يەردە تارتۇقلانغان. مۇقىم ئوردا — سارايلىرى يوق، مۇقىم ئاھالىلىرىمۇ يوق، ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ. ئات ـ كالا باقىدۇ» دەپ خاتىرىلىگەن. مۇھەممەدخان بولسا ئاتاقلىق موغۇل خانى، شۇنداقلا موغۇللار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى تەشۋىق

① «مىڭ تەيزۇ يۇڭلى خاتىرىلىرى»، 89 ـ جىلد.

قىلغۇچى، ئۇ ھىجرىيە 818 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمرانلىق تەختىدە ئولتۇرغان (مىلادىيە 1416 — 1417 ـ يىلىغىچە توغرا كېلىدۇ)، كېيىن شەمئى جاھاننىڭ بالىسى نەقشى جاھان خانلىق تەختكە ئولتۇردى. مىڭ سۇلالىسى تارىخىدا خاتىرىلىنىشىچە، يۇڭلىڭنىڭ 40 ـ يىلى (مىلادىيە 1416 ـ يىلى) بېشبالىقنىڭ ۋاڭى مۇھەممەدنىڭ جىيەنى نەقشى جاھان خان قاتارلىقلارنى ئات ۋە سوۋغات بۇيۇملار بىلەن ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، مۇھەممەدنىڭ قازا خەۋىرىنى، تەختكە ۋارىسلىق قىلغۇدەك بالىسىنىڭ يوقلۇقىنى يەتكۈزدى. ئەمەلدار لى جىيا، فۇئەن قاتارلىقلار مەھمۇدقا تەزىيە بىلدۈردى ھەمدە مۆھۈر بېسىپ نەقشى جاھاننى خان قىلىپ بېكىتتى. ئالتۇندىن توقۇلغان چىرايلىق يوپۇق، دۇبۇلغا ۋە ساۋۇت ئوقيا، پىچاق ھەمدە راگدار ئاقچا سوۋغا قىلدى[1]. نەقشى جاھان تەختتە ئولتۇرۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

## 4. ئۇيىراتلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئۇۋەيسخاننىڭ ئىلىبالىققا كۆچۈشى

نەقشى جاھان ئۆلگەندىن كېيىن شىر مۇھەممەد بىلەن ئۇۋەيسخان خانلىق ئورنىنى تالىشىپ ئۇرۇش قىلدى. شىر مۇھەممەد بولسا خىزىر خوجىنىڭ 4 ـ ئوغلى شاھ جاھاننىڭ بالىسى، ئۇۋەيىس بولسا ئۈچىنچى ئوغلى شىر ئەلىخاننىڭ ئوغلى ئىدى. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە، (يۇڭلىڭنىڭ 16 ـ يىلى 2 ـ ئايدا) بېشبالىق سەردارلىرىدىن سۇگې، كېلامەنلا قاتارلىقلار خانلىقىمىزغا كېلىپ سوۋغات تەقدىم قىلدى، ئۇلارنىڭ خانى نەقشى جاھان ئىنىسى

[1] «مىڭ تەيزۇ يۇڭلى خاتىرىلىرى»، 100 ـ جىلد.

ئۇۋەيسخاننى ئۆلتۈرۈپ، خانلىق تەختتە ئولتۇرۇپ، دۆلىتىنى غەربكە كۆچۈرۈپ، دۆلەت نامىنى ئىلىبالىق دەپ ئاتىدى». ①

ئۇۋەيسخان چوڭ ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان خۇدايداتنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمىدى. شىر مۇھەممەدخاننى يېڭىپ خانلىق تەختنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى. ئۇۋەيسخان ئۇرۇشتا غەلىبە قىلالماي مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ئەگەشكۈچىلىرىنى يىغىپ، شەھىرى كېتىكى قۇملۇق بويلىرىغا بېرىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. كېيىن ئۇ سەمەرقەنت ھۆكۈمرانى ئۇلۇغبەگدىن پاناھلىق تىلىدى. (ئۇلۇغبەگنىڭ تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى، داڭلىق ئاسترونوم) ئۇلۇغبەگ مىلادىيە 1425 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە موغۇلىستانغا ھۇجۇم قىلىشى بىلەن، شىر مۇھەممەدخان يېڭىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلدى، شۇنىڭ بىلەن ھاكىمىيەتنى ئۇۋەيسخان چاڭگىلىغا ئالدى.

ئۇۋەيسخاننىڭ دۆلەتنى غەربتىكى ئىلىبالىق (ھازىرقى غۇلجا شەھەر ئەتراپىدا) قا يۆتكىشىنىڭ سەۋەبى، ئويراتلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇش ئىدى. ئويراتلار موڭغۇللارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، تارىختا ئوخشاشمىغان مەزگىلدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەسلەن، يۈەن دەۋرىدە «ئويرات»، مىڭ دەۋرىدە «ۋالات» دەپ ئاتالغان. چىڭ دەۋرىدە ئويرات ياكى ئىلۇن دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى موڭغۇل تىلىدىكى ئويرات Oyirad نىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى. ئويرات قەبىلىسىنىڭ ئاساسىي ھەرىكەت دائىرىسى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي رايونلىرى بولۇپ، غەرب موڭغۇللىرى دەپ ئاتالغان. مىلادىيە XIII ئەسىردىن ئىلگىرى ئويراتلار «بايقال كۆلىدىن غەربتە سايان تېغى ئورمانلىق رايونىدا ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان قەبىلە ئىدى. «ئويرات» دېگەنلىك، ئورمانلىقتىكى ئادەملەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەينى دەۋردە جۇجى «ئورمانلىقتىكى

---

① «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 332 - جىلد.

ئادەملەر» نى بويسۇندۇرغان چاغدا، ئويراتلارنىڭ قەبىلە باشلىقى ئەل بولۇپ چىڭگىزخاننىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشتى، قەبىلىدىكى ئاقسۆڭەكلەر ئۇدا بىر قانچە يىل مەنسەپكە ئېرىشىپ مۇھىم خىزمەتلەرگە قويۇلدى ھەمدە خان جەمەتى بىلەن قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. يۈەن دەۋرىدە ئويراتلار موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا روناق تاپقان ئۇرۇق - قەبىلە بولۇپ، ئاللىبۇرۇن دەسلەپكى فېئوداللىق تۈزۈم دەۋرىگە كىرىپ بولغانىدى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى گۇمران بولغاندىن كېيىن، موڭغۇل خاقانىنىڭ شىمالىي چۆللۈكتىكى تەسىرى كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتى. شۇنىڭ بىلەن فېئودال تۆرىلەر بارا - بارا كۈچەيدى. مىلادىيە 1399 - يىلى ئويراتلارنىڭ مۆڭكە تۆمۈرخانى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئەۋلادى بولغان ئېلبەگ خاننى تۇيۇقسىز ئۆلتۈرۈۋەتتى. موڭغۇللارنىڭ زور كۆپ قىسمى ئۇنىڭغا بويسۇندى. ئويراتلار غەربىي شىمالدا ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا ئويراتلارنىڭ زېمىنى غەربتە ئالتاي تاغلىرىدىن ھالقىپ ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغىچە كېڭەيگەنىدى. غەربىي جەنۇبتا موغۇلىستان، تۇرپان، قۇمۇللار بىلەن تۇتاشقان، شەرقىي جەنۇبتا زاب دەرياسى ئارقىلىق تاتارلار بىلەن تۇتىشاتتى. شۇنداق قىلىپ ئويراتلار بىۋاستە شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىي ھاكىمىيىتى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى، كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، بۇ دەۋرگە مۇناسىۋەتلىك تۈرك يېزىقى ۋە باشقا چەت ئەل يېزىقىدىكى يازما ھۆججەتلەردە، ئۇلار «ئويرات» دېگەن قەبىلە نامى بىلەن ئاتالماي، ئەكسىچە «قالماق» دەپ ئاتالغان. قالماق دېگەن نام تۈركچە سۆز بولۇپ، موڭغۇل تىلى ئەمەس. ئۇدۇل مەنىسى بولسا «قېلىپ قالماق» . بىراق، مىللەت نامىغا قارىتا تارىختا نۇرغۇن چۈشەندۈرۈشلەر بار: بىرىنچى خىل چۈشەندۈرۈش

بولسا، «ئارقىسىدا قالغان موڭغۇللار»، ئىككىنچى خىل چۈشەندۈرۈش بولسا، «ئالغا قاراپ مېڭىشتىن قالغان موڭغۇللار»؛ يەنە بىر خىل چۈشەندۈرۈش بولسا، «دىنغا ئاسىيلىق قىلغۇچىلار». تۈركلەر بىلەن موڭغۇللار ئەسلىدە ئورتاق دىنىي ئېتىقادقا (شامان دىنى) ئىگە بولۇپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان موڭغۇللار دىنىغا ئاسىيلىق قىلغۇچىلار بولاتتى. ئېتىقادىنى ئۆزگەرتمىگەنلەر «قالماق» دەپ ئاتالمايتتى.

ئاتاقلىق شەرقشۇناس ۋىلىيام بارتولد بۇ سۆزگە مۇنداق دەپ ھەقىقىي توغرا ئىزاھات بېرىدۇ: «قالماق بولسا موڭغۇل مىللىتىنىڭ بىر تارماق قەبىلىسىنىڭ تۈركچە ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئويراتلار دەپ ئاتايدۇ. بۇ سۆز ‹قالماق› (قېلىپ قېلىش) دېگەن پېئىلدىن كەلگەن بولۇپ، قېلىپ قالغان ئويرات دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار يەنىلا كۆپ خۇدالىق مۇرىتلار بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۇغقانلاردىن پەرقلىنىدۇ.»

شۇنداق مۇقەررەرلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، «قالماق» بولسا مىلادىيە XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XVI ئەسىرگىچە شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇر (موغۇللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە قازاق قاتارلىق تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ شىمال تەرەپتىكى غەيرىي دىندىكى موڭغۇللارنى ئاتاش ئىدى. بۇ خىل ئاتاش بىر تۈرلۈك دۈشمەنلىك مەنىسىنى ئالغان. بۇ خىل لەقەملەر ئۇيغۇر مىللىتى بۇددا دىنىدىن ئىسلام دىنىغا ئۆتۈش جەريانىدىمۇ مەيدانغا كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتا بۇددا دىنىي ئېتىقادىنى كونا پېتى ساقلاپ قالغان ئۇيغۇرلار «قالغانلار» (قالماقلار دېگەن سۆز بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ)، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇرلار «يانغانلار»، يەنى ھەقىقەت يولىغا قايتقانلار دەپ ئاتىلاتتى.

ئويراتلارنىڭ قالماق دېگەن نامغا ئىگە بولۇشىدىن

چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇكى، بۇ قەبىلە شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن ـ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىدىغان شەرقىي چاغاتاي خان دۆلىتى ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن ئۆزلىرىنىڭ دۈشمىنى دەپ قارىلىپ، ئىككى تەرەپ ئۇزۇن مەزگىل كۈرەش قىلغان. بۇ كۈرەشلەر يەر ـ زېمىن ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى تالىشىشتىن سىرت، يەنە بىر سەۋەب دىنىي ئاداۋەت تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان.

مىلادىيە XV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئويرات قەبىلىسىنىڭ توغان تاش ۋە ئىسەن تاش ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، سىرتنى بويسۇندۇرۇش تىغ ئۇچىنى ئۇدۇل ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قاراتتى. مىلادىيە 1449 ـ يىلى ئويرات قوشۇنلىرى تۆت يولغا بۆلۈنۈپ، مىڭ سۇلالىسى چېگرىسىغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى. ئىسەن تاشنىڭ ئاساسىي كۈچى تېمۇباۋدا مىڭ سۇلالىسىنىڭ 500 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى جۇ چىجېننى تىرىك ئەسىرگە ئالدى ھەمدە بېيجىڭغىچە قىستاپ بېرىپ، تارىختىكى مەشھۇر تۇمۇباۋ ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى، بىراق بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئويرات قەبىلىسى غەربىي شىمالىي رايونلاردا ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، شىمالدا قىرغىزلارنى، غەربتە ئۆزبېك بەگلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، سىر دەرياسى بويىدا ئوبۇلخەيرىخاننى مەغلۇپ قىلغانىدى. جەنۇبتا قۇمۇلغىچە كىرىپ، ئىتائەتمەن ۋاڭنى بۇلاپ ـ تالاپ تەسىر كۈچى موغۇلىستان چېگرىسىغىچە كېڭەيگەنىدى. مۇھەممەدخان تەختتىكى ۋاقتىدا ئويراتلارنىڭ تەھدىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، مىڭ سۇلالىسىگە ئويراتلارغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييار تۇرۇشقا تەكلىپ بەرگەن. لېكىن، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇنى رەت قىلغانىدى. ئۇۋەيسخان دەۋرىدە ئويراتلار جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ شىمالىنى ئىگىلەپ بىۋاستە بېشبالىققا تەھدىت

سىلىپ، ئۇۋەيسخاننى بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئويرات قەبىلىسى بىلەن شەرقىي چاغاتاي دۆلىتى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇرۇشلىرى قاتتىق بولۇۋاتاتتى.

ئۇۋەيسخان بىلەن ئويراتلار جەمئىي 61 قېتىم ئۇرۇش قىلغان بولۇپ، ئۇۋەيسخان ھەر قېتىم مەغلۇپ بولۇپ پەقەت بىر قېتىملا غەلىبە قىلغان ھەمدە ئىككى قېتىم تىرىك ئەسىرگە چۈشكەن، بىراق دىنىي قىزغىنلىقى بىلەن ئۇ موغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلارغا تاجاۋۇز قىلىشىنى چەكلىگەن. «موغۇل تارىخى — تارىخىي رەشىدى» نىڭ ئاپتورى: «ئۇۋەيسخان دىنغا ناھايىتى ئىشتىياق باغلىغان ھەمدە ئەلەمدە كامالەتكە يەتكەن. ئۇ موغۇللارنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشىنى چەكلىگەنلىكتىن، ئەسكىرىي كۈچى ئارقىلىق قالماقلارغا جازا يۈرۈش قىلغان. گەرچە، ئۇ ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق باشتىن - ئاخىر قارشىلىشىپ، ھەرگىزمۇ ئۇرۇشتىن ۋاز كەچمىگەن»① دەيدۇ. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە: «سىلەر مۇسۇلمان تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىسىلەر؟ ئۇرۇشماقچى بولساڭلار بېرىپ كاپىر قالماقلار بىلەن ئۇرۇشمامسىلەر»② دەيتتى. ئۇۋەيسخان بىرىنچى قېتىم ئەسىرگە چۈشكەندە، ئىسەن تاش چېڭگىزخاننىڭ بۇ ئەۋلادىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۇنى قويۇۋەتكەن. 2 - قېتىم تۇرپانغا يېقىن جايدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن بولۇپ، ئىسەن تاش ئۇنىڭ سىڭلىسىنى تارتۇق قىلىسىلا جېنى ئامان قالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇۋەيسخان ئامالسىز

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى» 1 - قىسىم، 246 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

② شامى داموللا: «...... تۈركىستان تارىخى»، قوليازما، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى ساقلىغان».

سىڭلىسى مەخدۇم خانىمنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئىسەن تاش مەخدۇم خانىمنى ئۆزىنىڭ ئوغلى ئارسلان تاشقا ياتلىق قىلدۇ. ئۇۋەيسخان مۇشۇ توي ئارقىلىق كۆيئوغلىنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. تويمۇ ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ، كېيىن مەخدۇم خانىم ئېرى ئارسلان تاشقا ئىككى ئوغۇل تۇغۇپ بېرىپ، چوڭ ئوغلىغا ئىبراھىم ئوڭ، كىچىك ئوغلىغا ئىلىياس ئوڭ دەپ ئىسىم قويىدۇ. («ئوڭ» موڭغۇل تىلىدا «خانزادە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) ئىككى شاھزادە چوڭ بولغاندىن كېيىن بىرلىشىپ ئامازانچ تاشنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۆرەش قىلىپ، ھىجرىيە 873 ـ يىلى (مىلادىيە 1469 — 1469 ـ يىللار) ئامازانچ تاشنى ئويرات قەبىلىلىرىنى باشلاپ موغۇلىستانغا بېرىشقا قىستايدۇ. بۇ ئىككى شاھزادىمۇ ئىسلام دىنىغا كىرىشنى رەت قىلغان قىسمەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، 1504 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە 10 مىڭ كىشىلىك قەبىلە ئەزالىرىنى باشلاپ تۇرپاندىن گەنسۇغا چېكىنىپ كېتىدۇ[①] كېيىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئويراتلار بارا ـ بارا گەنسۇ، چىڭخەيدىكى خۇيزۇلار ئارىسىغا بېرىپ ئۇلارغا سىڭىشىپ كېتىدۇ. يەنە بىر قىسمى ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادتىن ۋاز كېچىپ ئويراتلارنىڭ ئەسلىي قەبىلىسىگە قايتىپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئۇۋەيسخان مىلادىيە 1428 ـ يىلى ماۋرائۇننەھردە ئولۇغبەگنىڭ قوشۇنى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا، قول ئاستىدىكى ئەسكەرنىڭ ئوقىدا ئۇقۇشماسلىق تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. خاتىرىلىنىشىچە، ئۇۋەيسخان تۇرمۇشتا ناھايىتى ئاددىي ـ ساددا ئىكەن. ئۇ تۇرپاندا بىر قانچە كارىز كولاپ ئېتىز ـ ئېرىقلارنى

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى»، 1 ـ قىسىم، 289 — 290 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.

سۇغارغان ھەمدە ئۆزى يەر تېرىپ زىرائەتلەرنى سۇغىرىپ ئۆز - ئۆزىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇ كىيىدىغان كىيىملەرنىمۇ ئۆزى ئوۋ ئوۋلاش ئارقىلىق ئېرىشكەن ياۋا تۆگىلەرنىڭ يۇڭىدىن ئانىسى توقۇپ بەرگەنىكەن. ئۇ تەختتىكى ۋاقتىدا دائىم مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلىپ تۇرغانىكەن.

## 5. خانلىقنىڭ يوقىلىشى

ئۇۋەيسخاننىڭ ئۆلۈمى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن قايتا بىرلىككىمۇ كەلمىدى. موغۇللار ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى يۇنۇسخاننى يۆلەپ ئىلىبالىقنىڭ غەربىدىكى رايونلارنى ئىگىلىدى. يەنە بىر قىسمى ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىسەن بۇقىنى ھىمايە قىلدى. ئىسەن بۇقا كۆچمەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئىسەن بۇقىنىڭ زەربە بېرىشى بىلەن يۇنۇسخان موغۇلىستاندا تۇرۇپ قېلىشقا ئامالسىز قېلىپ، سەمەرقەنتكە قېچىپ بېرىپ ئۇلۇغبەگكە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇلۇغبەگ ئۇنى تۈرمىگە قاماپ كېيىن خالىي دېگەن يەرگە دادىسى شاھرۇھنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن يۇنۇسخان ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا رايونلىرىدا ئۇزاق مەزگىل سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزدى. بۇ ۋاقىتتا ئىسەن بۇقا ئۇزلۇكسىز ئەسكەر ئەۋەتىپ پەرغانە، تاشكەنتنىڭ كۆپ قىسىم يەرلىرىگە پاراكەندىچىلىك سالدى. تەختكە ۋارىسلىق قىلغان تۆمۈر ئەۋلادلىرىدىن بۇسايىن قاتتىق ھالسىراپ، مىلادىيە 1456 - يىلى يۇنۇسنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا قوشۇن باشلاپ، موغۇلىستاننىڭ غەربىي قىسمىدا ئىسەن بۇقىغا تاقابىل

تۇرۇشقا بۇيرۇدى. مىلادىيە 1462 ـ يىلى ئىسەن بۇقا قازا قىلىپ ئوغلى دوست مۇھەممەد تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ كەيپ ـ ساپا ئەيش ـ ئىشرەتكە خۇمار بولغان، ئىسلام دىنىي قائىدىلىرىگە پىسەنت قىلمايدىغان خان بولۇپ، تەختتە ئالتە يىل تۇرغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ گۆدەك ئوغلى كېپەك خانلىق تەختكە ۋارسلىق قىلدى. بۇ ۋاقىتتا موغۇل قەبىلىسى ئارقا ـ ئارقىدىن يۇنۇس خاننىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشقا باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي كېپەك تۇرپاندا قەتل قىلىنىپ، يۇنۇس ھاكىمىيەتنى كونترول قىلىپ، ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان خان بولدى.

بىراق، يۇنۇس ياش ۋاقتىدا ئۇزۇن مەزگىل ئوتتۇرا ئاسىيا، پېرسىيە قاتارلىق جايلاردا تۇرمۇش كەچۈرگەن بولۇپ، شەھەر تۇمۇشىغا كۆنۈپ قېلىپ، يايلاقلاردا تۇرۇشنى خالىمايتتى. كېيىن ئۇ قەبىلىلەرنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، سايرامدا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ قېلىپ، قەبىلە كىشىلىرىنىڭ بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇلار يايلاقلارغا قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەدنى موغۇل خانى قىلىپ تىكلىدى. يۇنۇسخان ئەمەلىيەتتە پەقەت تاشكەنت، سايرامدىن ئىبارەت كىچىككىنە بىر دائىرىدىكى زېمىننى كونترول قىلىپ تۇردى. ئەھمەدخان موغۇلىستاننىڭ پادىشاھى بولدى.

بۇ مەزگىللەردە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بىرىنچىدىن، قازاق، قىرغىزلار شۇنداقلا ئويرات كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرى موغۇلىستانغا قوشۇلۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ جايلارنى ئىگىلىدى. ئويراتلار جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىن تارتىپ ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان رايونلارنى ئىگىلىۋالغان، قازاقلار چۇ دەرياسىدىن تارتىپ ئىلى دەرياسىغىچە بولغان رايونلارنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، بۇ بەلۋاغلاردا چارۋىچىلىق بىلەن

شۇغۇللىنىش ئۈچۈن ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى. قىرغىزلارمۇ تەڭرىتاغ رايونىغا كىرىپ بولغان بولۇپ، موغۇلىستان خانلىقى ئەمەلىي كونترول قىلىپ تۇرغان رايونلار بارغانسېرى كىچىكلەپ كەتكەنىدى. ئىككىنچىدىن، «ماڭلاي سۆيەر» گە هۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دوغلات قەبىلىسى ئەسكىرىي كۈچكە تايىنىپ، مۇستەقىل بولۇپ، خانلىق هاكىمىيىتى بىلەن قارشىلاشتى.

خۇدايدات ئۆزۈن مەزگىل شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ هاكىمىيىتىنى كونترول قىلغان هوقۇقدار كىشى ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ خىزىر خوجىدىن شىر مۇهەممەدكىچە ئالتە كىشىنى خانلىققا يۆلەپ تۇرغۇزغان بولۇپ، خانلىقتا ئۇنىڭ بىلەن هېچكىم هوقۇقتا بەسلىشەلمەيتتى. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا ئېيتىلىشىچە، «بېشبالىقنىڭ پاسبانى خۇدايداننىڭ تۆت خىل ئىش بېجىرىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئاۋام ھەقىقەتەنمۇ قايىل ئىكەن. نەقشى جاهانمۇ قاشتېشى تامغىلىق مەكتۇپ ۋە رەڭدار پۇل ئارقىلىق ئۇنى مۇكاپاتلاپتۇ»[①] . پادىشاھ يۇڭلى ياڭ جۇڭ قاتارلىقلارنى ئۇۋەيسخانغا ئوتتۇغات بېرىشكە ئەۋەتكەندە، «پاسبان خۇدايدات قاتارلىق 70 نەچچە كىشىگە ئىنئام بېرىشنىمۇ تىلغا ئالغان»[②] . سەمەرقەنت پادىشاھى شاهرۇهنىڭ مىڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئالايتەن كېلىپ خۇدايداتنى تاۋاپ قىلىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ چوڭلۇقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ، كېيىن ئۇ ئۇۋەيسخان بىلەن ئازارلىشىپ قېلىپ، ماۋرائۇننەهردىكى شاهزادە تۆمۈرنى قوللاشقا ئۆتكەن. ئۇلۇغبەگ مىلادىيە 1425 ـ يىلى موغۇلىستانغا هۇجۇم قىلغاندا، ئۇ ئۇلۇغبەگ بىلەن بىرلىشىپ ئۆزىنىڭ خانىغا زەربە بەرگەن، كېيىن ئۆزىنىڭ ئاسىيلارچە قىلمىشىنى دىنىي سەۋەب بىلەن چۈشەندۈرۈپ، «مۇنداق قىلمىشىدىكى سەۋەب مەككىگە بېرىپ

---

① «مىڭ تەيزۇ يۇڭجى خاتىرىلىرى»، 1 ـ جىلد.
② «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 332 ـ جىلد.

ھەج قىلىش ئۈچۈن بولغان، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا موغۇلىستان خانى مىنىڭ ھەج قىلىشىمغا قوشۇلمىغان» دەپ چۈشەندۈرگەنىدى. كېيىن ئۇ مەككىدە قازا قىلغان. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر خۇدايداتنى «97 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 70 يىل ھوقۇق تۇتقان» دەيدۇ. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن خانلىق كۈچلۈك بىر تايانچىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇنىڭ نەۋرىلىرى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۆزلىرى كونترول قىلغان زېمىندا مۇستەقىل بولۇۋالدى. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقىتتا قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى نەۋرىسى سەئىد ئەلىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سەئىد ئەلى بۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 24 يىل ئىچىدە قەشقەر زېمىنى ناھايىتى گۈللەنگەن. ئۇ مىلادىيە 1457 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ( «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورىنىڭ بوۋىسى بىلەن ئىسىمداش) ۋە مىرزا سانىس ئايرىم ـ ئايرىم قەشقەر بىلەن يەكەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. مىلادىيە 1480 ـ يىلى مىرزا سانىسنىڭ ئوغلى ئابابەكرى ھوقۇقنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتىدى ھەمدە مۇستەقىل بولغانلىقىنى ئاشكارا ئېلان قىلدى. XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا بارغاندا شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ئەمەلىيەتتە بىر نەچچىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا؛ «غەربىي دىيار بىر نەچچىگە بۆلۈنۈپ كەتتى، بىر ـ بىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنمايتتى. زېمىنى چوڭلىرى دۆلەت، كىچىكلىرى ئەل دەپ ئاتىلاتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

يۇنۇسخان تەختكە چىققاندا ئامازانچ تاش ئويرات قوشۇنىنى باشلاپ ئىلى دەرياسى ساھىلىدا بىر مەيدان قاتتىق جەڭ قىلدى. بۇ جەڭدە تالاپەت ئىنتايىن ئېغىر بولدى، نۇرغۇن موغۇل ئەمىرلىرى قازا قىلدى ھەمدە نۇرغۇنلىغان موغۇل قەبىلىرى تۈركىستاننىڭ سىر دەرياسى ۋادىلىرىغا يۆتكىلىپ، چارۋىچىلىق


قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئويراتلار قوشۇنى ئىلى رايونىنى ئىگىلەپ تۆت يىلدىن كېيىن يەنە جۇڭغارىيىگە قايتىپ كەتتى.

مىلادىيە 1456 - يىلى ئەسەن تاش ئۆلگەندىن كېيىن، ئويراتلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا شەرقىي موغۇللارنىڭ قىستاپ زەربە بېرىشى بىلەن بىراقلا زەئىپلىشىپ، ئۇزۇن بىر مەزگىل جىمىپلا كەتتى. XVII ئەسىرگە بارغاندىن كېيىنلا، «جۇڭغار قەبىلىسى نامى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا قەد كۆتۈردى. بۇ مەزگىلدە ئويراتلار بىلەن موغۇل بەگلىرىنىڭ جەڭلىرى پەسىيىشكە باشلىدى. ئەھمەدخان «جىهاد ئۇرۇشى» نامى بىلەن ئويراتلارغا ھۇجۇم قىلدى. جەڭدە قايتا - قايتا غەلىبە قىلىپ نۇرغۇن ئويراتلارنى ئەسىر ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ ئويراتلارغا بولغان زەربىسى ئىنتايىن ئېغىر بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئويراتلار ئۇنىڭدىن ئىنتايىن قورقۇپ «ئالاچ خان» (جاللات خان)① دەپ ئاتىدى. كېيىن مەنسۇرخان ئويراتلارغا يەنە بىر نەچچە رەت ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئويراتلار ئۇزۇن بىر ۋاقىتقىچە تۇرپان رايونىغا يىقىنلىك بىلەن ھۇجۇم قىلمايدىغان بولدى. مىلادىيە 1487 - يىلى يۇنۇسخان ئۆلدى، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مەھمۇد خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئۆزىنى «چوڭ خان»، ئەھمەدنى «كىچىك خان» دەپ ئاتاپ تۇرپانغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. مىلادىيە 1504 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە شامال تېگىپ (شامالدىرىپ) ئۆلۈپ كەتتى. مەھمۇدخان 1508 - يىلى ئۆزبېكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ۋاقىتتا موغۇللار تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ خاقانسىز قالدى. زېمىنلىرى بۆلۈۋېلىندى، پەقەت ئەھمەدخاننىڭ چوڭ ئوغلى مەنسۇر تۇرپاننىڭ بىر بۆلىكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇتلۇقىدىن قالدى.

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى» 1 - قىسىم، 338 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

# شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى



# ئۈچىنچى باب شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتى

## 1. خانلىق تەۋەسىدىكى دىنىي ئېتىقاد ئەھۋالى

شەرقىي چاغاتاي خانلىقى تەۋەسىدە كۆپ خىل دىن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولۇپ، دىنى ئېتىقاد ئەھۋالى بىر قەدەر مۇرەككەپ ئىدى، دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن — بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى، خرىستىئان دىنى ھەر قايسى جايلارغا تارقالغان بولۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي قىسمى بولسا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسىدە ئىدى، شەرقىي قىسمى بولسا بۇددا دىنىي رايونى ئىدى، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى بولسا نېستۇرىئان دىنى (خرىستىئان دىنىنىڭ نېستۇرى مەزھىپى) ۋە شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان چارۋىچى قەبىلىلەر رايونى ئىدى.

ئىسلام دىنى قاراخانىيلار دەۋرىدىن بېرى ئىزچىل تەرەققىي قىلىپ كېلىۋاتاتتى. قەشقەر ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزى بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئىككى قىرغىقىنى بويلاپ، شەرقىي جەنۇبتا يېڭىسار، قاغىلىق، يەكەن، خوتەن ۋە چەرچەن ئەتراپلىرىغا تارقالغانىدى، شەرقىي شىمالدا ئاتۇش، مارالبېشى ۋە ئاقسۇ ئەتراپلىرىغا تارقالغانىدى.

بۇددا دىنى بولسا قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا تارقالغان ئاساسلىق دىن ئىدى. مىلادىيە XIII ئەسىردىن كېيىن قۇجۇدا بۇددا دىنى كۈنسېرى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان بولسىمۇ، بىراق تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ جەنۇب، شىمال ئىككى قاسنىقىدا يەنىلا

تەسىر كۆچىنى ساقلاپ قالغانىدى. قوجو ۋە كۇچا يەنىلا بۇ رايوندىكى بۇددا دىنىي مەركىزى ئىدى. بۇ ئىككى شەھەر قەدىمكى غەربىي يۇرتنىڭ داڭلىق بۇددا دىنى ماكانى بولۇپ، ئۇزاق ھەم پارلاق بۇددا دىنىي مەدەنىيىتىگە ئىگە ئىدى. كۇچا ئەسلىي قوجو ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە ئىدى، قوجو ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى كۇچا بىلەن ئاقسۇ ئارىسىدىكى قارايۇلغۇندا ئىدى. بۇ چېگرا سىزىقى يەنە ئىسلام دىنىي تەسىر كۆچى بىلەن بۇددا دىنىي تەسىر كۆچىنىڭ ئايرىلىدىغان جايى ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن بۇيان، كۇچا ئۇزۇندىن بېرى بۇددا دىنىنىڭ، ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشىنى توسىدىغان قورغىنى بولۇپ قالغان بولۇپ، ئىسلام دىنى ئۇزۇنغىچە كۇچادىن ئۆتەلمىگەنىدى.

نېستورىئان دىنى غەربىي شىمالدىكى تۈركىي تىللىق كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئارىسىدا بۇرۇنلا تارقالغانىدى. مىلادىيە X ئەسىردىن كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىشى بىلەن، نېستورىئان دىنى شەرققە قاراپ تەرەققىي قىلدى. بۇ ۋاقىتتا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر قىسىم رايونلاردا، نېستورىئان دىنىنىڭ گۈللىنىشىدەك مەنزىرە بارلىققا كەلدى. نايمان ، كېرەي ۋە ئونغۇت قەبىلىلىرىدە نۇرغۇنلىغان نېستورىئان دىنىي مۇرىتلىرى بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەينى ۋاقىتتا ياۋروپادىكى خرىستىئان دىنىدىكى «ئابىھايات» توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەر، ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ھەر قايسى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئارىسىغا تارقىلىپ، يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان قەبىلىلەردىكى نېستورىئان دىنىغا ئىشىنىدىغانلارنى كۆپەيتىۋەتكەنىدى[1]. بۇنىڭدىن باشقا

---

[1] داۋسىن: «موڭغۇللىمىگە ئەلچىلىككە چىقىش خاتىرىسى» (بىر بۇ تەرجىمە قىلغان، جۇ لياڭيۇ ئىزاھ بەرگەن) 40 ـ ۋە 245 ـ بەتلەردىكى ئىزاھلار، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.

دۇنخۇاڭدىن بايقالغان نېستورىيان دىنىنىڭ دەستۇرى «مەرتىۋىنامە» ۋە بۇ دىنغا مۇناسىۋەتلىك تام رەسىملىرى، يەتتە سۇ ۋە ئىلى رايونىدىن تېپىلغان زور مىقداردىكى نېستورىيان دىنىي مۇرىتلىرىنىڭ قەبرىسى قاتارلىق ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارمۇ نېستورىيان دىنىنىڭ بۇ رايونلاردا تارقىلىپ گۈللەنگەنلىك ئەھۋالىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئۈچ خىل دىن ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن مۇددەت ئۆزئارا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھالەت مەۋجۇت ئىدى، بولۇپمۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش بولماسلىق سەۋەبىدىن، ئۆزئارا قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى رايون شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ مىللەتنىڭ ئالاقىسى ۋە تەرەققىياتى، بىرلىككە كېلىشىگە پايدىسىز ئىدى. مىلادىيە XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، چىڭگىزخان ۋە موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى دىنغا نىسبەتەن يول قويۇش، دىنىي ئېتىقادى ۋە مەيدانىغا دەخلى - تەرۇز قىلماسلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، بۇ خىل ۋەزىيەتنى بۇزۇپ تاشلىدى. ھەرخىل دىنلار چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان ھالدا ئەركىن تارقالدى ھەم ھۆكۈمرانلارنىڭ قوغدىشىغا ئىگە بولدى. شۇڭلاشقا بۇ دەۋردە ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى، نېستورىيان دىنى قاتارلىق دىنلار شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە بەسلىشىپ تارقىلىپ، كۆپ خىل دىن ئورتاق گۈللىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

بۇ خىل ئەھۋاللار ئەينى دەۋردىكى شەرق، غەرب سودا يولىدا قاتناشقان جۇڭگو ۋە چەت ئەل ساياھەتچىلىرىنىڭ ساياھەتناملىرى ۋە مەكتۇپلىرىدا ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. ئىتالىيىلىك داڭلىق ساياھەتچى ماركوپولو مىلادىيە 1271 ـ يىلى «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىنى بويلاپ شەرققە سەپەر قىلغاندا، قەشقەر ۋە قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىن ئۆتكەن ھەم بۇ جايلاردا

كۆپ خىل دىنىنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ۋە مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان:

«قەشقەر ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ... مۇسۇلمانلاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم نېستۇرى مەزھىپىنىڭ خرىستىئان مۇرىتلىرى بار، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي قائىدىسىگە ئاساسەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدا ئىبادەت قىلىدۇ».

«يەكەن (زەرەپشان) ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، بىر قىسمى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ».

«يەكەن ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلمانلار، ئاز بىر قىسمى خرىستىئان مۇرىتلىرى، چوڭ خانغا ئۇلپان تاپشۇرىدۇ».

خوتەن «... چوڭ خاننىڭ تەۋەسىدىكى خەلق، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ».

قۇمۇل «تاڭغىت ئۆلكىسىگە جايلاشقان بولۇپ، چوڭ خاننىڭ زېمىن دائىرىسىدە... ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى بۇددا دىنىي مۇرىتلىرى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك شېۋىسىدە سۆزلىشىدۇ».

لوپ بازىرى «شەرقىي شىمالىي تەرەپكە جايلاشقان بولۇپ، لوپ قۇملۇقىغا كىرىش ئېغىزىدا، ئۇ چوڭ خاننىڭ زېمىنىغا تەۋە بولۇپ، ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ».

چىنچى تالاس (بۇگۇنكى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تەۋەلىكىدىكى شەھەر) «ئاھالىسى ئۈچ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئاز بىر قىسىم ئاھالىسى نېستۇرى مەزھىپىدىكى خرىستىئان مۇرىتلىرى، ئىككىنچى خىلى بولسا ئىسلام دىنىي مۇرىتلىرى، ئۈچىنچى خىلى بولسا بۇددا دىنىي مۇرىتلىرى»①.

مىلادىيە 1253 — 1255 - يىللىرى، فرانسىيە كاتولىك

① ماركوپولو: «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى»، (چېن كەيلىڭ قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان)، 33 - بابتىن 42 - بابقىچە، فۇجيەن پەن - تېخنىكا نەشرىياتى، 1981 - يىلى نەشرى.

دىنىي راھىبى ۋىلىيام رۇبرۇك تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن موڭغۇل خانلىقى ئوردىسى قاراقۇرۇمغىچە ئايلىنىپ چىقىپ، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەھۋالى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە نېستۇرى مۇرىتلىرى ۋە سالاسىنلار بار؛ نېستۇرىئانلار پارسلارغا يېقىن جايلاردىكى سالاسىنلارنىڭ شەھەرلىرىگە جايلاشقان. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قايالىق شەھىرىدە ئۈچ ئىبادەتخانا بار».

ئۇ نېستۇرىئان دىنىي مۇرىتلىرى بىلەن ئىسلام دىنىي مۇرىتلىرىنىڭ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ دائىم دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسىدە مۇنازىرە ئۆتكۈزۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن.

رۇبرۇك يەنە بۇ يەردىكى نېستۇرىئان دىنىي مۇرىتلىرىنىڭ كرېست ۋە خرىستوسنىڭ ئازابلىنىۋاتقان ھەيكىلىنى ئېلىپ يۈرمىگەنلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، ئۇلار مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، تەلتۆكۈس تۈگىشىپتۇ، دېگەن قاراشقا كېلىپ قالغان. ئۇلار جازانىخور ۋە ھاراقكەش ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسىم تاتارلار بىلەن بىللە تۇرىدىغانلىرىنىڭ تاتارلارغا ئوخشاش بىر نەچچە خوتۇنى بار ئىدى. ئۇلار بىرەر چېركاۋغا كىرگەندە، سالاسىنلارغا ئوخشاش بەدىنىنىڭ ئاستىنقى يېرىمىنى يۇيىدىكەن. ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنى گۆش يەيدىكەن ھەم سالاسىنلارنىڭ قائىدىسى بويىچە بۇ كۈنى بەزمە ئۆتكۈزىدىكەن»[①] بىراق بۇ ئىشلار خرىستىئان دىنى شەرققە تارقالغاندىن كېيىن، دىنىي قائىدە - مۇراسىملاردا ئۆزگىرىش بولۇش بىلەن بىرگە، شەرق مىللەتلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە ئېتىقادىغا ماسلاشقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى شۇكى، كۆپ خىل دىننىڭ

---

① داۋسىن: «موڭغۇلىيىگە ئەلچىلىككە چىقىش خاتىرىسى»، (لۈيۈ تەرجىمە قىلغان، جۇ لياڭجۇ ئىزاھ يازغان)، 155 —، 160 - بەتلەر، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى.

بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى يەنە كۆپلىگەن شەھەر ـ بازارلاردا مەسچىت، چېركاۋ ۋە بۇتخانىلارنىڭ بىللە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىدەك قىزىقارلىق مەنزىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ماركوپولو ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە چاغاتاينىڭ يەكەندە نېستورىيان دىنىغا يان بېسىپ بىر مەسچىتنى چېركاۋغا ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىدەك بىر ھېكايىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ. ھېكايىدە چاغاتايخان نېستورىيان دىنىغا ئىشەنگەن دېيىلىدۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە چاغاتاي ئەزەلدىن نېستورىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ ئائىلىق ھالدا نېستورىيان دىنىي كۈچلىرىنى يۆلەپ، ئىسلام دىنىي كۈچلىرىگە زەربە بېرىپ چەكلىگەنلىكى ئىشەنچلىكرەك.

قەشقەر يەنىلا ئىسلام دىنى، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەتنىڭ مەركىزى ئىدى. 1255 ـ يىلى ئەتراپىدا، ماۋرائۇننەھرنىڭ نائىبى مەسئۇد قەشقەردە ئۆزىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئىسلام دىنىنىڭ ئالىي بىلىمى يۇرتى بىر مەدرىسە — «مەسئۇدىيە مەدرىسە» سىنى قۇرغان بۇ مەدرىسە «ساجىيە مەدرىسە» سىنىڭ خارابىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، يەنە ئۇنىڭ يېنىغا بىر كۇتۇپخانىمۇ قۇرۇلغانىدى. مىلادىيە 1255 — 1289 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، بۇ بىلىم يۇرتىغا مەسئۇد ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇنىڭ كاتىپى مەشھۇر ئالىم جامال قارشى (مىلادىيە 1230 ـ يىلى ئالمالىقتا تۇغۇلغان، كېيىن قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىپ داڭلىق «سۇراخ لۇغىتىگە ئىلاۋە» نى يېزىپ چىققان) بۇ مەكتەپتە نوپۇزلۇق مۇدەررىس بولغان. ئۇ «سەپەرنامە» دېگەن بىر كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «… ھەر يىلى نەچچە مىڭ تالىپ ھەر قايسى جايلاردىن بۇ مەكتەپكە كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ. بۇ يەردە دىنىي ئىلىمنى تەتقىق قىلىپلا قالماي، يەنە ئارستوتېل، سوقرات، فارابى، ئىبىن سىنا قاتارلىقلارنىڭ پەلسەپەسىنىمۇ تەتقىق قىلىدۇ، ئەرەب تىلى، پارس تىلى ۋە

ئوردو تىلى ئۆتۈلىدۇ.» بۇ مەكتەپتە ئىلمىي ئۇنۋان تۈزۈمى ۋە ئىمتىھان تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىلىمنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە ئاساسەن، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئەللامە (دوكتور)، مۇدەررىس (پروفېسسور)، موللا ياكى خەلپەت (ئوقۇتقۇچى) قاتارلىق ئۈچ خىل ئۇنۋان بېرىلىدۇ. بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئاز بولمىغان زىيالىيلار چاغاتاي خانلىقى ئوردىسى ياكى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. مىلادىيە XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەسئۇدنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئوردىسىنى قەشقەرگە كۆچۈرگەندىن كېيىن مۇشۇ مەكتەپتە تۇرغان. مەسئۇد يەنە بۇخارادىمۇ يەنە بىر ئوخشاش كۆلەمدىكى ئۆزىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان مەدرىسە قۇرۇپ چىققان بولۇپ، مىلادىيە 1289 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. بۇ دىرىسە مىلادىيە 1273 - يىلى پېرسىيەدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىپ، كېيىن يەنە رېمونت قىلىنغان. بۇ ئىككى مەدرىسەنىڭ نامى ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا مەشھۇر ئىدى. ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى يەنە موڭگۇخان ۋە ئۇنىڭ نېستورىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئانىسى سۇلۇخۇتىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنىدى.

چاغاتاي خانلىقىدا قەشقەر قاتارلىق جايلاردا دىنىي تۇرمۇش نىسبەتەن ئازادە، ئىسلام دىنىي قائىدىلىرىنى يۈرگۈزۈش بىر قەدەر جانلىق، ئاياللار نىسبەتەن كۆپ ئەركىنلىككە ئىگە بولۇپ، ئاشكارا ھالدا ئىبادەتخانىلارغا بېرىپ ئىبادەت قىلالايتتى. بۇددا دىنىي، نېستورىئان دىنىي مۇرىتلىرىمۇ ئوخشاشلا ئاشكارا ھالدا ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، ھېچقانداق بېسىمغا ئۇچرىمايتتى. دىن تارقىتىش ئادەتتە تىنچلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. بەزى ۋاقىتلاردا ھەرقايسى دىنلار ئوتتۇرىسىدا ماجىرا يۈز بەرسە، ھۆكۈمرانلار كەڭ قوللۇق پوزىتسىيە تۇتاتتى. پەقەت

بۇ دىنىي تالاش ـ تارتىشلار ھۆكۈمرانلارنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى قىلىنغاندىلا ئاندىن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئارىلىشاتتى.

مۆڭكۈخان دەۋرىدە بېشبالىقتا ئۇيغۇر بۇددا دىنىي ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۆز تەۋەلىكىدىكى مۇسۇلمانلارنى قىرغىن قىلىشنى قەستلەش ۋەقەسى يۈز بەردى. بۇ ۋەقە ئەينى ۋاقىتتىكى ھەر خىل دىنلار ئارىسىدىكى زىددىيەت ۋە سىياسىي كۈرەشنىڭ مۇرەككەپ مۇناسىۋىتىنى بىر قەدەر مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

مىلادىيە 1252 — 1253 ـ يىللىرى، ئۇيغۇر ئىدىقۇتى سالۇن تېكىن بىلەن ئاقسۆڭەك بالا بىدۇچ ۋە بىلگە قۇت قاتارلىق كىشىلەر جۈمە كۈنى مۇسۇلمانلار شەھەر ئىچىدىكى چوڭ مەسچىتكە يىغىلىپ ناماز ئۆتەۋاتقاندا، قوشۇن باشلاپ بېرىپ تۆت ئەتراپتىن قورشاپ بىراقلا قىرىپ تاشلاشنى مەسلىھەتلىشىدۇ. بىراق ئۇلار مەخپىي سۆھبەتلىشىۋاتقاندا، بىر مالاي ئاڭلاپ قېلىپ ئاشكارىلاپ قويىدۇ. جۈمە كۈنىگە ئۈچ كۈن قالغاندا، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مۇسۇلمانلار جىددىي ھالدا بېشبالىقتىكى موڭغۇل نازارەتچىسى (دارۇغاچ) سەيپىدىنگە مەلۇم قىلىدۇ. سەيپىدىن ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ، تېزلىكتە بۇ ئىشنى ئوردىغا مەلۇم قىلىدۇ. مۆڭكۈخان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، شەخسەن ئۆزى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلدى. دەھشەتلىك قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ سوراق قىلىش ئارقىلىق، سالۇن تېكىن ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى ئاخىر ئىقرار قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى قىرغىن قىلىشنى پىلانلاشتەك جىنايىتىنى بويىنىغا ئالدى. مۆڭكۈخان يارلىق چۈشۈرۈپ ئىدىقۇت سالۇن تېكىننى بېشبالىققا يالاپ ئاپىرىپ جازالىدى، ئۇنىڭ شېرىكلىرىمۇ قاتتىق جازالاندى[1].

---

① جۇۋەينى: «تارىخى جاھان كۇشاي» (خې گاۋجى تەرجىمە قىلغان)، 1 ـ قىسىم، 55 — 59 ـ بەتلەر، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى.

بۇ ۋەقە ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتكە بولغان چوڭقۇر ئەھمىيەت بېرىشىنى قوزغىغانىدى، چۈنكى بۇ ئىش بىر تەرەپتىن موڭغۇللارنىڭ مۇناسىۋەتلىك دىنىي ئېتىقاد بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن موڭغۇل ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىر مەيدان ھاكىمىيەت تالىشىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. كۆيۈكخان ئۆلگەندىن كېيىن خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىپ ئوگداي جەمەتى بىلەن تولى جەمەتى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭگە ـ جېدەل بولدى. مۆڭكۈ بولسا جۇجىنىڭ ئوغلى باتۇنىڭ قوللىشى ئاستىدا چوڭ خانلىق ئورنىغا چىققانىدى. مۆڭكۈ تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئوگداي جەمەتىدىن بولغان ناۋخۇ، سىرىمۇن قاتارلىقلار چاغاتاي جەمەتىدىكى ھەرقايسى بەگلەر بىلەن مەخپىي ئالاقىلىشىپ، ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشى قوزغاشنى پىلانلىغانىدى. كېيىن بۇ ئىش مەغلۇپ بولۇپ، مۆڭكۈخان دەرھال ئوگداي ۋە چاغاتاي جەمەتىدىكى ھەر قايسى بەگلەرگە قارىتا باستۇرۇش ۋە تازىلاش ئېلىپ باردى، نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭغا چېتىلىپ قالدى. سالۇن تېكىن ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى ئەمەلىيەتتە بۇ بىر مەيدان كۈرەشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قۇربانلىقلىرى ئىدى. سالۇن تېكىن ئەسلىي كۆيۈكخاننىڭ ئايالى خايمىش تەرىپىدىن ئىدىقۇتلۇققا تەيىنلەنگەن بولۇپ، تەبىئىي ھالدا ئوگداي جەمەتى تەرەپتە تۇراتتى. «تارىخى جاھان كۇشاي» دا خاتىرىلىنىشىچە، بالا بىدۇچ ئوگداي جەمەتى چوڭ بېگىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقىلىشىشكە بارغان بولۇپ، «ئۇ نۇرغۇنلىغان ۋەدە ۋە ساناقسىز يەمچۈكلەر بىلەن ئىدىقۇتنى قۇترىتىپ، ئۇيغۇرلارنى بېشبالىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلارنى قىرىشقا، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە خوتۇن ـ قىزلىرىنى بۇلاشقا ھەمدە بەش تۈمەن كىشىلىك قوشۇن توپلاپ،

ۋاقتى كەلگەندە ئىشلىتىشكە تەييارلاپ قويۇشقا كۈشكۈرتتى»①. بۇ ئەمەلىيەتتە ئوگداي جەمەتىنىڭ مۆڭكۈخانغا قارشى سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشنى پىلانلاپ، قوراللىق كۈچ ھازىرلاۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ئىدى.

بېشبالىق ۋەقەسى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدىكى بۇددىست ھۆكۈمرانلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام دىنىنىڭ بۇ رايوندا نىسبەتەن تېز تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇددا دىنىي كۈچلىرىنىڭ خاتىرجەمسىزلىككە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىراق تارىخىي ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىشتىن قارىغاندا، ئىسلام دىنىنىڭ بۇ رايوندىكى تەرەققىياتىنىڭ يەنىلا مەلۇم دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ ئاساسىي قىسمىنىڭ تۆۋەن قاتلامدىكى ئادەتتىكى خەلق ئاممىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدىلا بۇددا دىنىنىڭ بۇ مەركىزىي رايوندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇددا دىنىنىڭ يەنىلا بۇ رايوندىكى مۇھىم دىن ئىكەنلىكىنى ھەم ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ ۋەقە قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا بۇددا دىنىنىڭ گۈللىنىشتىن زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مىلادىيە XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئالمالىقتا ئىسلام دىنىدىكى بىر كىچىك خانلىق بارلىققا كەلدى. ئالمالىق خانى ئوزار ۋە قايالىق خانى ئارسلانخان ئوخشاشلا ئەڭ بۇرۇن چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغان مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلىرى بولۇپ، چىڭگىزخاننىڭ ئالاھىدە ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەنلىكتىن «سارتاغ»

---

① جۇۋەينى: «تارىخى جاھان كۇشاي» (خې گاۋجى تەرجىمە قىلغان)، 1 ـ قىسىم، 55 ـ بەت، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى.

دەپ ئاتالغاندى. بۇ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە ئىسلام دىنىنىڭ ۋەكىلى دېگەن مەنىدە ئىدى①. بۇ كىچىك ئىسلام خانلىقلىرى توغرۇلۇق كۆپ مەلۇمات يوق. «تارىخى جاھان كۇشاي» دا ئۇزارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى خاتىرىلىگەندە، ئۇنى ئات ئوغرىلاپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان قاراقچى، دەپ ئاتىغان ھەمدە «گەرچە مىجەزى قوپال، باتۇر ئەمما دىتسىز بولسىمۇ، لېكىن تەقۋادار بولۇپ، دەرۋىش، راھىبلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى» دەپ تەرىپلىگەن. ئۇزار كۈچلۈك تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، چىڭگىزخانىنىڭ يارلىقى بويىچە ئۇنىڭ ئوغلى سىغناق تېكىن ئالمالىقنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى، ئۇ چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ خارەزم ئۇرۇشىغا قاتناشتى. «ئەۋلىيا چيۇ چۇجىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىسى» دە خاتىرلىنىشىچە، چيۇ چۇجى غەربكە سەپەر قىلىپ ئالمالىققا كەلگەندە، «پۇسۇمان پادىشاھ موڭغۇللاردىن تالىخۇ قەبىلىسىنى باشلاپ كېلىپ قارشى ئالغان»②. بۇ «پۇسۇمان (مۇسۇلمان) پادىشاھ» دەل سىغناق تېكىن ئىدى.

ئالمالىق ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمدىن كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مۇھىم رايون ئىدى. تۈرك تىلىدا «ئالمالىق» «ئالما شەھىرى» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ يەرنىڭ سۈيى ۋە ئوت - چۆپى مول، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا مۇۋاپىق بولۇپ، باغۋەنچىلىك ئىنتايىن تەرەققىي قىلغانىدى. ياللۇغ چۇساي بۇ يەرنى «باغ - ۋارانلىق، ئۈزۈم، نەشپۈت ۋە جۇڭگودىكىدەك ئۈرۈق چېچىپ

---

① ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىغا ئائىت 12 لېكسىيە»، (لوجيېنىڭ تەرجىمە قىلغان). 133 - بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى. «سارت» (Sart) موڭغۇللار تۈرك تىلىدىن قوبۇل قىلغان سودىگەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، «تەي» (Tai) مىللەتنى بىلدۈرىدۇ؛ «萨尔塔台» بولسا موڭغۇللارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئىران مىللەتلىرىنى ئاتىشى.

② لى جىچاڭ: «ئەۋلىيا چيۇ چۇجىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى».

تېرىيدىغان بەش خىل زىرائەتنىڭ ھەممىسى بار».[1] چاڭ دېمۇ: «شەھەردە سۇلار ئېقىپ تۇرىدۇ، ھەرخىل مېۋىلەردىن قوغۇن، ئۈزۈم، ئانار قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئۇيغۇر ۋە خەنزۇلار بىللە ئولتۇراقلاشقان، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن»[2] دەيدۇ. ئالمالىق چاغاتاي خانلىقىنىڭ پايتەختى بولۇپ، پۈتكۈل رايوننىڭ سىياسىي مەركىزىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئىقتىسادىي ئورنىمۇ كۈنسېرى ئېشىپ زور تۈركۈمدىكى خەنزۇ ئۇستىلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرى، سەنئەتكارلىرى ئولتۇراقلاشقان چوڭ شەھەر ئىدى. خەنزۇلار تويىن دىنىنى بۇ شەھەرگە ئېلىپ كەلدى. ئالمالىقتا تۇرۇپ قالغان خەنزۇ ھۈنەرۋەن جاڭ گۇڭ چيۇ چۇجىغا مۇنداق دەيدۇ: «كەمىنىلىرى تۇرۇۋاتقان يىگىسەن بارگاھىدا تۆت يۈزچە كىشى بار. ئۇلار ھەر كۈنى سەھەردە ئىبادەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشقا ھۇرۇنلۇق قىلغىنىنى زادىلا كۆرمىدىم»[3] ئالمالىقتىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى پۇللاردىن قارىغاندا، چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ھىجرىيە 640 — 678 ـ يىلىغىچە (مىلادىيە 1242 — 1280 ـ يىللار)، ئالمالىقتا زور مىقداردا پۇل ياسالغان. بۇ پۇللارنىڭ ئۈستىگە «لائىلاھە ئىللەللاھۇ، مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا» دېگەن سۆزلەر ئويۇلغان بولۇپ، پادىشاھنىڭ ئىسمى ۋە قويۇلغان ۋاقىت، ئورنىمۇ بار ئىدى. بۇلار ئالمالىقنىڭ بىر پۇل مۇئامىلە مەركىزى ئىكەنلىكىنى، مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ بۇ يەردىكى سودا پائالىيىتىنىڭ ئىنتايىن جانلىنىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىسلام دىنىدىن باشقا بۇ يەردە يەنە بۇددا دىنى، نېستورىئان دىنى، تويىن دىنى ۋە كاتولىك دىنى قاتارلىقلار تارقالغانىدى. نېستورىئان دىنى ۋە شامان دىنى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىدى. مىلادىيە XIII

---

① ياللۇغ چۇساي: «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى».
② چاڭدې: «غەربكە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى».
③ لى جىچاڭ: «ئەۋلىيا چيۇ چۇجىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى».

ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ھەر قايسى خانلارنىڭ توپىلىڭى دەۋرىدە، ئالمالىق كۆپ قېتىم ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىغا ئۇچراپ، ئاخىرقى ھېسابتا خارابىلىككە ئايلىنىپ، سودا، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، باغۋەنچىلىك قاتارلىقلارنى كەسىپ قىلغان مۇسۇلمانلار يىراقلاردىكى يۇرتلىرىغا كېتىپ قالغانىدى.

مىلادىيە XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئالمالىق يەنە تەدرىجىي گۈللەندى. بۇ ۋاقىتتا ياۋروپا كاتولىك دىنىي جەمئىيىتى ئۈزلۈكسىز مىسسىئونېرلارنى ئەۋەتىپ ئالمالىقتا دىن تارقاتتى ھەمدە دىنىي جەمئىيەتلەرنى قۇردى. مىلادىيە 1338 - يىلى ئىسپانىيە مىسسىئونېرى پاسكىرنىڭ ئالمالىقتىن ۋىكتورىيە شەھىرىدىكى دوستىغا يازغان خېتىگە ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتا ئالمالىقتىكى خرىستىئان دىنى (كاتولىك دىنى) «قىتان باش باستىرىنىڭ باشقۇرۇش رايونى تەۋەسى»① رايونىدىكى ئېپىسكوپ رىچارد فرانسىيلىك، ئۇ مىلادىيە 1338 - يىلى پاپا بانادىد XII تەرىپىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنىدى. كاتولىك دىنىي مۇرىتلىرى ئالمالىق شەھىرىدە ئىنتايىن ھەشەمەتلىك بىر چېركاۋ قۇرۇپ چىققانىدى②. ئەينى ۋاقىتتىكى ئالمالىق ھۆكۈمرانى ئىسەن تۆمۈر خرىستىئان دىنىي مۇرىتلىرىغا ئىنتايىن غەمخورلۇق قىلغان بولۇپ، «دىندارلار ئالاھىدە ئىمتىيازلاردىن ۋە سۆيۈرغاللىق يەرلەردىن بەھرىمەن ئىدى، يەنە دۆلەت ئىچىدە ئەركىن دىن تارقىتىپ، يەتتە ياشلىق باللارغا چوقۇنۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، يوھان دەپ ئىسىم قويۇپتتى». ئۇزۇن ئۆتمەي ئوگداي جەمەتىنىڭ كېيىنكى خانى ئەلى سۇلتان سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، ئىسەن تۆمۈرنىڭ شىكارغا چىققىنىدىن

---

① باتلىم: «ئەۋلىيالار تەرجىمىھالى»، جاڭ شىڭلاڭ تۈزگەن: «جۇڭگو ۋە غەرب قاتناش تارىخىي ماتېرىياللىرى مەجمۇئەسى»، 1 - قىسىم، 281 - بەت، خۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1977 - يىل نەشرى.

② ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىغا ئائىت 12 لېكسىيە»، (لوجېيىلاڭ تەرجىمە قىلغان)، 210 - بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى.

پايدىلىنىپ زەھەرلەپ ئۆلتۈردى ھەم ئۇنىڭ تۆت ئوغلىنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، خانلىق تەختىنىمۇ تارتىۋالدى. ئەلى سۇلتان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇ دۆلەت ئىچىدىكى چوقۇنۇش مۇراسىمى ئارقىلىق كاتولىك دىنىغا كىرگەنلەرنى دىنىي ئېتىقا دىنى ئىسلام دىنىغا ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلاپ، پەرمانغا خىلاپلىق قىلغانلارنى ئايىماي قىرىپ تاشلىدى. كاتولىك دىنىي مىسسىئونېرلىرى قەتئىي باش ئەگمىگەچكە، باغلاپ كوچىدا سازايى قىلىنىپ، ئاخىرىدا كاللىسى ئېلىندى. بۇلار ئېپىسكوپ رىچارد، ئالېكساندېر راۋالىس، ئىتالىيىلىك پېتىر ۋە ھىندىستانلىق يوھانلار ئىدى. خرىستىئان دىنىي ھۆججەتلىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، بۇ پاجىئەلىك ۋەقە مىلادىيە 1340 ـ يىلى يۈز بەرگەن دېيىلگەن، بەزى ھۆججەتلەرگە 1342 ـ يىلى بولغان دەپ خاتىرىلەنگەن①.

ئەلى سۇلتان تەختتە ئۇزۇن ئولتۇرماي، چاغاتاي جەمەتىنىڭ كېيىنكى خانى خازانخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئوردىسى كۆيدۈرۈۋېتىلدى. خازانخان خرىستىئان دىنىي مۇرىتلىرىغا قارىتا ئىنتايىن دوستانە مۇئامىلە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن خرىستىئان دىنىنىڭ ئالمالىقتىكى ئورنى ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە كەلدى.

## 2. موغۇللارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا ئىسلام دىنى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ، مىلادىيە X ئەسىردىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن بۇيانقى ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى يەنە بىر قېتىملىق يۇقىرى دولقۇندا تارقىلىشى بارلىققا كەلدى.

---

① باتلىم: «ئەۋلىيالار تەزكىرىسى»، جاڭ شىڭلاڭ تۈزگەن: «جۇڭگو ۋە غەرب قاتناش تارىخىي ماتېرىياللىرى مەجمۇئەسى»، 1 ـ قىسىم، 281 ـ بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1977 ـ يىل نەشرى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان بولسا شىنجاڭ رايونىدىكى ئەڭ بالدۇر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان موڭغۇل خاقانى ئىدى. ئۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، خانلىق ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئىسلام دىنىغا تۇرتكە بولۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى نۇرغۇنلىغان موڭغۇللارنى بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇزدى؛ يەنە ئىسلام دىنىغا قارىتا نۇرغۇنلىغان يار ـ يۆلەك بولۇش تەدبىرىنى قوللىنىپ، ئىسلام دىنىنى شىنجاڭنىڭ شەرقىگە كېڭەيتتى. ئۇنىڭ ئۇسۇلىنى ۋارىسلىرى قوللىنىپ، داۋاملىق ھالدا چىن قەلبىدىن ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىپ ۋە كېڭەيتىپ، شىنجاڭ رايونىدا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىنىڭ قىزغىنلىقىنى بارلىققا كەلتۈردى.

تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ئىش ـ ئىزلىرى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخىي ماتېرىياللىرىدىمۇ خاتىرىلەنگەن، بىراق رىۋايەت ۋە ئەپسانە تۇسىنى ئالغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. تۇغلۇق تۆمۈر خاننىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى سوپىزمنىڭ پېشۋاسى جالالىدىن خوجىنىڭ دەۋەت قىلىشىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئېيتىلىشىچە، تۇغلۇق تۆمۈرخان تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرى بىر قېتىم ئاقسۇنىڭ ئاياق (ئايبۇلاق) ئەتراپىدا شىكار قىلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز بۇ يەردە دىن تارقىتىۋاتقان جالالىدىن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ تەلىمىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىسلام دىنىغا كىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن تۇغلۇق تۆمۈرخان خان بولىدۇ، بىراق بۇ چاغدا جالالىدىن ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئەرشىدىن خوجا ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاسەسەن، ئالمالىقتىكى خان ئوردىسىغا قاراپ يولغا چىقىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇشكۇلاتلارنى يېڭىپ، ئاخىر تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئاقسۇدا بەرگەن ۋەدىسىنى ئېسىگە سالىدۇ.

خان ئىنتايىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئەرشىدىن خوجا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن ھىدامەت داموللىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە دىنغا كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، مۇسۇلمان ھۆكۈمران بولۇپ قالىدۇ. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ دىنىي ئىسمى ئەبۇبەكرى مۇھەممەد بولىدۇ. كېيىن تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەرشىدىن خوجا قاتارلىقلار بىلەن «ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن، ئۇلار چوقۇم بىر ـ بىرلەپ بەگ ـ خوجىلار بىلەن كۆرۈشۈش، ئەگەر ئۇلار بۇ خىل ئېتىقادنى قوبۇل قىلسا كېرەك يوق، ئەگەر ئۇلار قارشىلىق قىلسا، غەيرىي دىن مۇرتىلىرى ۋە غەيرىي ئېتىقادتىكىلەر قاتارىدا ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىش»[1] نى مەسلىھەتلىشىدۇ. تۇنجى كۆرۈشۈشنى قوبۇل قىلغىنى قەشقەردىكى دوغلات قەبىلىسىنىڭ باشلىقى تۇرېك (ئەمىر بولاجىنىڭ ئاكىسى، ئولۇسبەگ) بولۇپ، خان ئۇنىڭدىن ئىسلام دىنىغا كىرىدىغان ـ كىرمەيدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ «ئۈچ يىل ئىلگىرى قەشقەردىكى ۋاقتىمدا، بىر ئەۋلىيانىڭ تەۋسىيىسى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكى، بىراق پادىشاھتىن قورققاچقا، ئاشكارا قىلالمىغانلىقىنى» بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن خان ۋە ئەرشىدىن خوجا ئۇنىڭ ئۈچۈن دىنغا كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. كېيىن ئۇلار بىر ـ بىرلەپ باشقا بەگ ـ خوجىلار بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇلارمۇ ئىسلام دىنىغا كىرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. نۆۋەت ئەمىر جالاس (چۇراس) قا كەلگەندە، ئۇ قەتئىي ئۇنىمىدى. بۇ ۋاقىتتا بىر قىسىم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ئۇنىمايۋاتقان كىشىلەر ئۇنى ئوتتۇرىسىغا ئېلىۋېلىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئېتىقادىدىن ۋاز كەچمەسلىككە دەۋەت قىلدى. بىراق خاننىڭ قورال‌لىق تەھدىتى ئاستىدا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ئۇنىمايۋاتقان ھېلقى بەگ يەنىلا مەجبۇرىي

[1] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى»، 1 ـ قىسىم، 164 — 165 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.

قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر يۇقىرى ئاۋازدا تەنتەنە قىلدى، شۇ كۈنى 160 مىڭ موڭغۇل كوللېكتىپ ھالدا ئىسلام دىنىغا كىردى. بۇ ۋەقە ھىجرىيە 754 - يىلى (مىلادىيە 1353 — 1354 - يىللىرى) يۈز بەرگەن بولۇپ، «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى» دە: «شۇنىڭ بىلەن، ئىسلام دىنى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقالدى»① دەپ ئاتالدى. «160 مىڭ موڭغۇل» ئالمالىقنى مەركەز قىلغان موغۇلىستاندا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەرقايسى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر بولۇپ، ئۇلار «موغۇللار» دەپ ئاتالغانىدى. موغۇللار يايلاق تۇرمۇشىنى داۋاملىق ساقلاپ قالغان بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشايتتى. ئوت - چۆپ، سۇ قوغلىشىپ ئولتۇراقلاشقانىدى، ئادىتى ئەركىن بولۇپ، چېچىلاڭغۇ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. تۇغلۇق تۆمۈرخان باشچىلىقىدا كوللېكتىپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن بولسىمۇ، بىراق ئىسلام دىنى ئېتىقادى، دىنىي قائىدە - قانۇنلىرى موغۇللارنى چەكلىيەلمىدى. خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە موغۇللارنىڭ مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پېرسىيىدىكى ھەر قايسى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىدى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ئەينى ۋاقىتتىكى موغۇللارنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «يۇنۇسخان تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىللەردە، موغۇللارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ئادىتىنى داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، موغۇلىستاندا ئولتۇراقلاشقانىدى، ئۇلار بىر قاتار شەھەر - بازار ۋە كەنتلەردىن ئۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى. چۈنكى، ئۇلار ئۇنىڭدىن بىزار ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى پەقەت نامدىلا ئىدى. ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئاچچىقلى

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى» 1 - قىسىم، 165 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

بولمايتتى. چۈنكى، ئۇلار ئەتراپتىكى ھەرقايسى جايلارغا ئالداپ ئاپىرىلىپ سېتىلىپ، باشقا يات دىن مۇرىتلىرىغا ئوخشاش قۇل سودىسىنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالاتتى.»①

بىر تەرەپتىن موغۇللار شەھەردە ياشاشقا ۋە مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە قارشى تۇرۇش بىلەن بىرگە، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنى كۆزگە ئىلمايتتى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە شەھەر ـ يېزىلاردا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر پەقەت باج تاپشۇرىدىغان ۋە كۆچمەن چارۋىچىلار ئۈچۈن پۇل چىقىرىپ مەجبۇريي ئەمگەك قىلىدىغان تۆۋەن قاتلام سىنىپ ئىدى؛ شۇڭلاشقا ئۇلار نامدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، بىراق مۇقىم ئولتۇراقلاشقان مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن بۇ خىل كەمسىتىش پوزىتسىيىسىنى قىلچە ئۆزگەرتمىگەنىدى، موغۇللارمۇ ئوخشاشلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمان پۇقرالارنى مەجبۇريي قۇل قىلىۋالاتتى②.

يەنە بىر تەرەپتىن موغۇللارنىڭ تۇرمۇش پرىنسىپى يەنىلا بۇرۇنقى ئەنئەنىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، ئىسلام دىنىي قائىدىلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، موڭغۇللارنىڭ قانۇنى بولغان «جاساق» يەنىلا يېتەكچى ئورۇندا ئىدى. ۋ. بارتولد مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام قانۇنى (شەرىئەت) موڭغۇللارنىڭ دۆلەت ۋە مىللەت ئەنئەنىسى بىلەن زادىلا سىغىشالمايتتى، ھەتتا ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، موڭغۇل خان جەمەتىمۇ كۆپ قېتىم ئىسلام قانۇنلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغانىدى. ئىسلام

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى»، 2 ـ قىسىم، 11 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.

② مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى»، 1 ـ قىسىم، 251 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.

قانۇنلىرىنى قورال قىلىپ، موڭغۇللارغا قارشى تۇرۇش دائىم ئۇچرايتتى. پېرسىيە ۋە ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ موڭغۇل هۆكۈمرانلىرىغا ئوخشاش، چاغاتايلار ۋە موغۇللارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىي مۇرىتلىرى ئىدى، بىراق كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ دۆلەت ۋە مىللىي تۇرمۇشىدا دىنىي پرىنسىپلار ئانچە مۇھىم ئورۇندا تۇرمايتتى»①.

ئەنئەنىنىڭ چوڭقۇر تەسىرى موغۇللارنىڭ بىر كېچىدىلا مۇسۇلمانغا ئايلىنالىشىنىڭ مۇمكىن بولماسلىقىنى بەلگىلىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولماستىن، بەلكى قارىغۇلارچە زورلاش خاراكتېرىنى ئالغانىدى. بۇ خىل يۇقىرىدىن - تۆۋەنگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ئۇسۇل بىر ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە قايتا - قايتا ئېلىپ بېرىلغان جەريان ئىدى. موغۇللار شىنجاڭدىكى بىر قەدىمىي مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن كېيىنچە ئاستا - ئاستا ئۇيغۇرلارغا سىڭىشىپ كېتىپ، نامىمۇ تارىخ سەھنىسىدىن غايىب بولدى. بۇ بىر مۇرەككەپ مىللىي ئاسمىلياتسىيە جەريانى ئىدى. بۇ جەرياندا ئىسلام دىنى موغۇللارنىڭ ئەنئەنىسى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىدە ۋاستىلىك رول ئوينىغان بولۇپ، سەل قارىغىلى بولمايتتى.

تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن كېيىن موغۇللارنىڭ ھەرقايسى خانلىرى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشتە بىرسى - بىرسىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ خانلار تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇپلا قالماستىن، يەنە دىنىنى تەشۋىق قىلىشتا ئىنتايىن قىزغىن ئىدى. خەلقنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلار نۇرغۇنلىغان چارە - تەدبىر قوللاندى. ئۇۋەيسخان كۆپ قېتىم ئويرات (قالماق) لاردىن ئەسكەر ئېلىپ «غازات» بايرىقىنى

---

① ۋ. بارتولد: «تۈركىستان تارىخى»، گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى» نىڭ 59 - بېتىگە قاراڭ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى.

كۆتۈرۈۋېلىپ، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ دىنىي قىزغىنلىقىنى قوزغىتىشقا ئۇرۇندى. يۇنۇسخاننىڭ نەزىرىدە شەھەرلەردىكى ئىسلام مەدەنىيىتى موغۇللارنىڭ كونا ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ناھايىتى پايدىلىق بولۇپ، ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن قول ئاستىدىكىلەرنى شەھەرلەردە مۇقىم ئولتۇراقلىششقا دەۋەت قىلدى. ئەمما بۇ جەھەتتە ئەڭ داڭلىقى مۇھەممەد خان بولۇپ، ئۇ دىنغا ئىشەنمەيدىغان ياكى دىنىي قائىدىلەرگە ئەمەل قىلمايدىغان موغۇللارغا نىسبەتەن قاتتىق جازالاش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر مۇنداق دەيدۇ: «موغۇللار ئەگەر بېشىغا سەللە (Daztar) ئورىمىسا، ئۇ بۇنداقلارنىڭ بېشىغا ئاتنىڭ تاقىسىنى قاقاتتى، بۇ خىل ئۇسۇل بارا - بارا كۆزگە سىڭىپ قالدى»①. شۇڭا، مۇھەممەد خان تەختتىكى مەزگىلدە كۆپلىگەن موغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادى كۈچەيتىلدى. بېشىغا سەللە ئوراش ئەسلىي ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى ئەمەس ئىدى، «قۇرئان» دىمۇ بۇنداق بەلگىلىمە يوق ئىدى. ئوتقا چوقۇنغۇچىلاردا ۋە قەدىمكى ھىندىستانلىقلاردا بېشىغا لاتا ئورايدىغان ئادەت بار بولۇپ، كېيىن سەللە ئوراش ئىسلام ئۆلىمالىرى ياكى نوپۇزلۇق كىشىلەر ئارىسىدا قائىدە بولۇپ شەكىللەندى. مۇھەممەد خاننىڭ موغۇللارنى بىردەك «سەللە» ئوراشقا مەجبۇرلىشى ھەم ئىسلام دىنىي قائىدىلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشنى چۈشىنىش قىيىن ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى بەلكىم، موغۇللارنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچنى داۋاملىق قويۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، سەللە ئورىۋالسا ئۆرۈمە چېچىنى يېپىۋالاتتى. بۇ ئىش موغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ گەدەنكەش چارۋىچىلارنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلغانلىقىنى

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى»، 1 - قىسىم، 233 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ دىنىي قائىدە ـ تۈزۈم جەھەتتە بىلىمىنىڭ يۈزە ئىكەنلىكىنى، دىنىي قىزغىنلىقىنىڭ بولسا ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كېيىنكى بىر قاتار مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى مۇھەممەدخاننىڭ بۇنداق قىلىشىنى ئىسلام دىنىي قائىدە ـ قانۇنلىرىغا بولغان ھۆرمەتسىزلىك دەپ ئەيىبلەشتى.

موغۇللارنىڭ ھەرقايسى خانلىرى ئىسلام دىنىنى قىزغىنلىق بىلەن تەرغىب قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەخسەن ئۆزلىرى ئىسلام دىنى بىلەن سىغىشالمايدىغان نۇرغۇنلىغان كونا ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلارنى ساقلاپ قالدى. مەسىلەن، ئىسلام دىنىي قانۇنى تەرىپىدىن قاتتىق چەكلەنگەن «ئاناچىسى (دادىسىنىڭ كىچىك خوتۇنى) غا ئۆيلىنىش» تەك نىكاھ مۇناسىۋىتى موغۇللار ئىچىدە يەنىلا ئېقىپ يۈرەتتى. بەزى خانلار ھەتتا ئىسلام دىنىي قازىلىرىنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىغا قەستەن يول قويغۇزغانىدى. دوست مۇھەممەدخان ئىسەن بۇقىخاننىڭ بىر توقال خانىشىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، نىكاھ ئوقۇشنى قەتئىي رەت قىلغان يەتتە نەپەر قازىنى ئۆلتۈردى①. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئىسلام ىنىي كىشىلىرىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كىتابىدا ئىسەن بۇقاخاننىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ جەمەتىمىز مۇسۇلمان بولغىلى ئاللىقاچان يۈز يىلدىن ئاشتى، سەن يەنە قايتىدىن كاپىر بولماقچىمۇ. ؟».

موغۇللار يايلاقتا تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكتىن، ئىبادەتخانا، مەدرىسە، دىنىي شەرىئەت ۋە دىنىي تۇرمۇشنى نازارەت قىلىدىغان ئورگان كەمچىل بولۇپ، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان مۇسۇلمانلارغا ئوخشاشمايتتى ھەم «بەش ۋاق ناماز»، غۇسلى قىلىش، تەرەت

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخىي رەشىدى»، 1 ـ جىلد، 286 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.

ئېلىش، روزا تۇتۇش پەرز قىلىش ۋە باشقا چەكلىمىلەرگە ئۇچرىمايتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شامان دىنىنىڭ تەسىرى ۋە ئۇرۇقداشلىق قائىدىلىرى قەبىلە ئىچىدە يەنىلا مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. شۇڭلاشقا، تۇرمۇشتا ئىسلام دىنىي قانۇن - قائىدىلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئىنتايىن ئاز ئۇچرايتتى.

يۇنۇسخان دەۋرىدە موغۇللارنىڭ ئىچكى قىسمىدا مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىقنى چۆرىدىگەن هالدا بىر مەيدان كۈرەش قانات يېيىپ كەتتى. يۇنۇسخاننىڭ قارىشىچە، موغۇللار يېزا - كەنتلەردە ياكى شەهەر - بازارلاردا ئولتۇراقلاشمىسا، مەڭگۈ هەقىقىي مۇسۇلمان بولالمايتتى، شۇنداقلا باشقا مۇسۇلمان ئەللەرنىڭ قۇل قىلىۋېلىش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. شۇڭلاشقا، ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇلارنى ئولتۇراقلاشتۇردى. ئەڭ دەسلەپتە يۇنۇسخان قاچقۇنلۇق تۇرمۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ موغۇلىستانغا قايتىپ كەلگەندە، ئاقسۇدا ئوردا بىنا قىلىشنى نىيەت قىلغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئاقسۇ بىر كىچىك بازار بولۇپ، يايلاق بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىر شەهەرگە ئوخشىشاتتى. بىراق، يەنىلا قول ئاستىدىكىلەرنىڭ نارازىلىقى ۋە غۇلغۇلىسى كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. يۇنۇسخان قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ پىلانىدىن ۋاز كەچتى. كېيىن ئۇ تاشكەنت شەهىرىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن يەنە شەهەر تۇرمۇشىغا بېرىلىپ كېتىپ، ئۆزۈنىڭچە يايلاققا قايتمىدى. بۇ ۋاقىتتا بىر قىسىم ئەمىرلەر ئاشكارا يۈز ئۆرۈپ ئۇنى قاماپ قويدى. ئەمىرلەرنىڭ يۈز ئۆرۈشىدىكى ئاساسىي سەۋەب بولسا، «ئۇ باشتىن - ئاخىر ئۇلارنى شەهەرلەردە ۋە دېهقانچىلىق رايونلىرىدا مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا مەجبۇرلاپ كەلگەنىدى، بىراق ئۇلار ئۇ يەرلەردىن ئىنتايىن بىزار ئىدى[1] يۇنۇسخان يول قويمىسا

---

① مىرزا مۇهەممەد هەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى» ، 1 - قىسىم، 295 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

بولمايتتى، ئۇ: «بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم شەھەر ـ بازارلاردا ۋە يېزىلاردا ئولتۇراقلىشىش خىيالىدا بولمىسۇن» دېدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يۇنۇسخان قارشىلىقلارغا قارىماي، ئۇلۇغ خانلىق ھوقۇقىنى چۆرۈپ تاشلاپ، بىر قىسىم كىشىلەرنى باشلاپ سايرام، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالدى. قارشى چىققۇچىلار بولسا موغۇلىستاننىڭ شەرقىي قىسمىدا ئەھمەدخاننى خان قىلىپ تىكلىدى.

يۇنۇسخاننىڭ شەھەر تۇرمۇشىغا قەدەم قويۇشىنى ئۇنىڭ ئىلگىرى بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى. ئۇ 16 يېشىدا سەمەرقەنتكە قېچىپ كېتىپ، 41 ياشقا كىرگەندە موغۇلىستانغا قايتىپ كەلدى. بۇ ئارىلىقتا ئۇ دامولla شەرىپىدىن ئەلىنىڭ قولىدا 12 يىل ئىلىم تەھسىل قىلدى. شەرىپىدىن ئەلى «زەپەرنامە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى بولۇپ، تارىخ، ئەدەبىيات ۋە دىن قاتارلىق جەھەتلەردە مول بىلىمگە ئىگە ئىدى. شەرىپىدىن ئەلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن (مىلادىيە 1454 ـ يىلى)، ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىراق، ئەرەبىستان، پېرسىيە قاتارلىق جايلاردا ساياھەتتە بولدى ۋە ئىلىم تەھسىل قىلدى ھەم بۇ جايلاردا ئالىملار بىلەن كەڭ ئالاقە باغلاپ ھۈنەر ئۆگەندى ۋە تەتقىق قىلدى. يۇقىرىقى ئەھۋاللار يۇنۇسخاننى ئەرەب، پېرسىيە قاتارلىق ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىپ، بىلىملىك بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدى ھەم نۇرغۇنلىغان بىلىم ۋە ھۈنەرلەرنى ئىگىلىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «قۇرئان» نى راۋان ئوقۇيالايدىغان، خەتتاتلىق، رەسساملىق، مۇزىكا، ئوقيا ئېتىش قاتارلىقلارغا ئۇستا، گەپ ـ سۆزلىرى تەسىرلىك، ناھايىتى بىلىملىك بولغاچقا، كىشىلەر تەرىپىدىن «يۇنۇس ئۇستا» (Ustad) دەپ ئاتالغاندى. ئۇنى كۆرگەن مۇھەممەد قازى ئىسمىلىك بىر دامولla ھەيرانلىق بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «مەن

ئىلگىرى يۇنۇسخاننى موغۇل دەپ ئاڭلاپ، ئۇنى بىر كوسا، تۇرمۇش ئۇسۇلى مۇشۇ قۇملۇقتىكى تۈركلەرگە ئوخشىشىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلغانىدىم. بىراق، ئۇنى كۆرگەن چېغىمدا، ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى سىپايە، يۈزلىرى ئەرەبلەرنىڭكىدەك ساقاللىق ئىكەنلىكىنى بايقىدىم، ئۇنىڭدەك گەپ - سۆزلىرى جايىدا كىشىلەر ئەرەبلەر ئارىسىدىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ»①.

موغۇللاردىن مۇنداق بىر ئىستداتلىق مۇسۇلمان ھۆكۈمدارنىڭ چىقىشى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. يۇنۇسخان موغۇللارنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ دىنىي ئالىم — خوجا نەسىردىن ئەبەيدۇللا (مەشھۇر خوجا ئەھرار، ) نى زىيارەت قىلغىلى بارىدۇ. بۇ خوجا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى سۇلتانلارغا يۇنۇسخاننى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇرۇنلا يۇنۇسخان ۋە موغۇللارنى كۆرگەن، بۇ بىر خۇدادىن قورقىدىغان مەنسەپدار، كىشىلەرنى يامان يولغا باشلىمايدۇ، ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقتۇر». ئۇ يەنە ھەرقايسى مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلارغا خەت يېزىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر قەبىلىنىڭ يولباشچىسى مۇشۇنداق ياخشى مۇسۇلمان تۇرسا، بىز يەنە ئۇلارنى بوزەك قىلىۋاتىمىز، بۇ ئىسلام ئەھكاملىرى بىلەن سىغىشالمايدۇ». «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە: شۇنىڭدىن باشلاپ ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراساندا موغۇللارنى يەنە قۇل قىلىپ ساتىدىغان ئىشلار يوقالغان. موغۇللارنىڭ مۇسۇلمانلىق قانۇنىي ئورنى ئاخىر ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەن. بۇ ئۇلارنىڭ ئىسلاملىشىش مۇساپىسىدىكى بىر مۇھىم بۇرۇلۇش ئىدى.

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى» 1 - قىسىم، 295 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

موغۇللارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىدىن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغىچە بىر ئەسىر ۋاقىت ئۆتتى.

## 3. ئىسلام دىنىنىڭ كۇچا رايونىغا تارقىلىشى

كۇچا — قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى بىر مۇھىم بازار بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي گىرۋىكىگە جايلاشقان. بۇ بوستانلىقنىڭ تەبىئىي شەرت - شارائىتى بىر قەدەر ياخشى، يېزا ئىگىلىك ئاساسىمۇ نىسبەتەن مۇستەھكەم، قاتناشمۇ ئىنتايىن قولايلىق ئىدى. بۇ جاي شەرقتە تۇرپانغا تۇتىشاتتى، غەربتە ئاقسۇ ئارقىلىق قەشقەرگە، شىمالدا تەڭرىتېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولغان ئالمالىققا بارغىلى بولاتتى. كۇچا قەدىمدە «كۇسەن» دەپ ئاتالغان بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھەرقايسى شەھەر دۆلەتلىرى ئىچىدە چوڭ دۆلەت بولۇپ، تۆمۈر قوراللارنى ئىشلەپچىقىرىشتا داڭلىق ئىدى؛ تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا ئەنشىدىكى تۆت قورغاننى تەسىس قىلغاندا، كۇسەن بۇ تۆت قورغاننىڭ بىرى بولغان ھەم غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولغانىدى. بۇ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئۇنىڭ غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىدىكى مۇھىم ئورنىنى بەلگىلىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ يۇرت يەنە «يىپەك يولى» نىڭ شىمالىي يولىدىكى بىر مەشھۇر مەدەنىيەت شەھىرى ئىدى. ئۇزۇندىن بۇيان كۇچا ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ چېگرىلىنىدىغان جايى بولغانلىقتىن، بۇددا دىنى زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان، ئىسلام دىنى بولسا ئاستا - ئاستا تارقىلىپ كىرىۋاتقانىدى.

بۇددا دىنى كۇسەنگە مىلادىيە III ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە تارقىلىپ كىرگەن بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن مۇددەتكىچە گۈللىنىپ، غەربىي يۇرتتىكى كۇسەن بۇددا دىنىي

مەدەنىيىتىنىڭ نەمۇنىلىك ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۇرگەندى.

كۇسەن بۇددا مەدەنىيىتى گۈللەنگەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولسا ئۈزلۈكسىز تۈردە مۆتىۋەر راھىب ـ ئۇلۇغ پەزىلەت ئىگىلىرىدىن بوھىلىمدورۇ، （达磨跋陀法贤） دارماپاترا (فاشيەن)، سىپلوسوما، كومراجىۋا قاتارلىق كىشىلەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كومراجىۋانىڭ بۇددا دىنىي نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش، رەتلەش جەھەتلەردە قوشقان تۆھپىسى ناھايىتى زور بولۇپ، بۇددا دىنىي ساھەسىدە داڭق چىقارغانىدى. شۇ سەۋەبتىن كۇسەن ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرىشتىن ئىلگىرىلا بىر قەدەر يۇقىرى قاتلاملىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۇرگەندى.

ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام دىنى تەدرىجىي ھالدا قەشقەر، خوتەن، چەرچەن ۋە ئاقسۇنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇزۇنغىچە ئاقسۇ بىلەن كۇچا ئارىلىقىدا توختاپ قېلىپ، شەرققە تارقىلىشى بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغانىدى. ۋ. بارتولد قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دىنىي ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ: «ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشى نىسبەتەن قىيىن بولۇپ، ئۇ يەردىكى مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇرلار خۇددى بىر سېپىلدەك بۇ دىنىنىڭ تارقىلىشىنى توسۇپ تۇراتتى»[1] دەپ كۆرسىتىدۇ. مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇرلار بولسا، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئاھالىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا كۇسەن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيىسى ئىچىدە ئىدى. مىلادىيە XIII ئەسىردىن ئىلگىرى قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن قوچۇ، كۇسەننى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر خانلىقى گەرچە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بىر تىل، ئوخشاش بىر مىللەتكە تەۋە بولسىمۇ، بىراق دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش

---

① ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىغا ئائىت 12 لېكسىيە»، گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى»، 132 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى.

بولمىغانلىقتىن، ئۆزئارا قارىمۇقارشى بولغان ئىككى ھاكىمىيەت بولۇپ شەكىللەندى.

مىلادىيە X ئەسىردىن كېيىن كۇسەندە بۇددا دىنى زاۋاللىققا يۈزلىنىشكە باشلىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى بولسا بۇددا دىنىي ئىبادەتخانىلىرىنىڭ سانى، كۆلىمى ۋە راھىبلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ كېتىپ، ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. شۇەنزاڭ خاتىرىلىگەن «بۇتخانىلار يۈزدىن ئاشىدۇ، راھىبلىرى بەش مىڭدىن» ۋە خۇيچاۋ خاتىرىلىگەن «بۇتخانا ۋە راھىبلار ئېشىپ ـ تېشىپ تۇراتتى» دېگەن خاتىرىلەر بۇ خىل ئەھۋاللارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. راھىبلار قاتلىمى ئىشلەپچىقىرىشتىن خالىي بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مول بولغان تۇرمۇش تەمىناتىغا ئىگە ئىدى. خاتىرىلەنگەن ئەھۋاللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇددا دىنىي پائالىيەتلىرى بولۇپ قالسا، بۇتخانىلار ئىنتايىن ھەشەمەتچىلىك قىلاتتى، ھەر خىل چىقىملار ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. كۇسەن رايونىغا ئوخشاش بۇنداق كىچىككىنە بوستانلىقنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە نىسبەتەن، ئۇزۇن مۇددەتكىچە ئىبادەتخانا ۋە راھىبلار قاتلىمىنىڭ غايەت زور چىقىمىنى ئۈستىگە ئېلىشى ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ھەم مۇشۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى چەكلەۋاتقان ئامىللارنىڭ بىرى ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇددا دىنى گۇللىنىشتىن زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەندى.

يەنە بىر تەرەپتىن كۇسەن ئۇزۇن مۇددەت قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ جۇمىغا ئۇچرايدۇ، ئۇرۇشنىڭ ئۇزلۇكسىز داۋاملىشىشى، بۇ رايونغا غايەت زور بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كەلگەنىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ كۇسەنگە ھۇجۇم قىلىشتىكى مەقسىتى، بۇددا دىنىي كۈچلىرىگە زەربە بېرىپ، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ

ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، كۇسەندىن خىزىربېك ئىسىملىك بىر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باتۇر ئەزىمەت چىقىپ، قۇجۇ ئۇيغۇر خانىنى مەغلۇپ قىلدى. قەشقەر خانى ئۇنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى كۈرىشىنى قوللاش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا خان دېگەن ئاتاقنى بەردى[1] بىراق، بۇ ناھايىتى بىر ئىسلام دىنىنىڭ كۇسەندە ئېرىشكەن ۋاقىتلىق غەلىبىسى ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئۆزىمۇ چاڭ ـ چېكىدىن پارچىلىنىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، يەنە داۋاملىق شەرققە كېڭىيىشكە مادارى يەتمەيتتى.

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا، كۇسەن يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن «كۇچا» (يەنى 曲先 ، 苦先一苦叉 كۇشيەن، كۇچا، چۇشيەن دەپمۇ تەرجىمە قىلىنغان) دەپ ئاتالغان. بۇ يېڭى يەر نامىنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرۇلۇق بىر خىل قاراشتىكىلەر، كۇچا (Kuqar ياكى Kucha) نىڭ مەنىسى تەقۋادار بۇددىستلار ئولتۇراقلاشقان شەھەر (Kuqk نىڭ مەنىسى «تەقۋادار بۇددىستلار» ) دېگەنلىك بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ گەپنى ۋاقىتتىكى قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كۇسەنلىكلەرنى ئاتىشى ئىدى. بۇ خىل ئاتاش بۇرۇندىن كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە بارا ـ بارا كونا نامىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. بۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن يۇەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان نىسبەتەن ئۇزۇن بولغان مەزگىلدە، بۇددا دىنىنىڭ كۇچا رايونىدىكى يەنىلا مۇھىم بىر دىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇ جايدىكى خەلق ئارىسىغا تارقالغان رىۋايەتكە

---

[1] ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىغا ئائىت 12 لېكسىيە»، (لۇ جىيېلاڭ تەرجىمە قىلغان)، 136 ـ بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى.

ئاساسلانغاندا، تەخمىنەن ھىجرىيە 66 ـ يىلى (مىلادىيە 1267 ـ يىلى) نىڭ ئالدى ـ كەينىدە، شەيخ نىزامىددىن دېھلىۋى ئىسىملىك ھىندىستانلىق بىر سوپىزم مۇرىتى كۇچاغا كېلىپ ئىسلام دىنىنى تارقاتقان. ئۇ كۇچانىڭ ئىشخىلا دېگەن جايىدا تۇنجى خانىقا (زاۋىيە) نى قۇرۇپ چىقىپ، بىر تۈركۈم مۇرىت تەرەققىي قىلدۇرغان. شەيخ نىزامىددىن دېھلىۋى دىن تارقاتقان دەۋر موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى بولۇپ، دىن تارقىتىش بىر قەدەر ئەركىن، ئەينى دەۋردىكى ۋەزىيەتنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنىدى، شۇڭلاشقا كۇچادىن ئىبارەت بۇ جايدا يىلتىز تارتالايتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى دىن تارقىتىشنىڭ كۆلىمى كىچىك، ئېتىقاد قىلغان كىشىلەرمۇ ئاز بولغانلىقتىن، باشقا جايلارغا تارقىلىشى چەكلىنىپ، بۇ جايدىكى بۇددا دىنىنىڭ ئورنىغا تەسىر كۆرسىتەلمىگەنىدى. بىراق، بۇددا دىنى زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان ۋەزىيەتتە ئىسلام دىنى ئاللىقاچان تارقالغانىدى.

كۇچا رايونىدا ئىسلام دىنىنىڭ بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىشى، تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىدە يۈز بەردى، ئورۇنداشنى ئەرشىددىن خوجا تاماملىدى.

ئەرشىددىن خوجا تۇغلۇق تۆمۈر خاننى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلغاندىن كېيىن، ئالمالىقتا بىر يىل تۇرۇپ قالدى، كېيىن خاندىن كۇچادا تۇرۇپ ئىسلام دىنىنى تارقىتىشقا رۇخسەت قىلىشنى ئۆتۈندى. كۇچاغا بېرىپ دىن تارقىتىشنىڭ مۇنداق ئىككى خىل مەقسىتى بار ئىدى: بىرى، كۇچا رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى دىنىي ۋەزىيەت، ئىسلام دىنىنى تارقىتىشقا ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى؛ چۈنكى ئەرشىددىن خوجا بىر دىن تارقاتقۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەينى ۋاقىتتا ئاللىقاچان ھۆكۈمرانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكتىن، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مۇمكىنچىلىكى ئىنتايىن زور ئىدى. ئىككىنچىدىن، ئەرشىددىن خوجا مۇقىم

ئولتۇراق دېھقانچىلىق رايوندا ئۆز ئائىلىسىنى مەركەز قىلغان دىنىي تەشكىلات ۋە يەر - مۈلۈك بەرپا قىلماقچىدى. ئالمالىق كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ پائالىيەت مەركىزى بولغانلىقتىن، بۇ خىل دىنىي تەشكىلات ۋە يەر - مۈلۈك قۇرۇشقا پايدىسىز ئىدى. چۈنكى، كۆچمەن چارۋىچىلار ئارىسىدا مەسچىت قۇرۇش ئۆرپ - ئادىتى ۋە شارائىتى يوق ئىدى، شۇنداقلا مەسچىتكە زۆرۈر بولغان مەسچىت قائىدە - تۈزۈملىرى يوق بولۇپ، مۇخلىسلارنى كونترول قىلىش ۋە ئۆزىگە تارتىش ۋە مۇستەھكەم ئالاقە ئورنىتىش ئاسان ئەمەس ئىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ كاپالەتكە ئىگە ئەمەس بولۇپ، مەسچىتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى بولغان ۋەخپىنى شۇئانلا قۇرغىلى بولمايتتى. ئەرشىدىن خوجا بولسا كۇچانى بۇ خىل غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان جاي دەپ ھېسابلايتتى.

ئەرشىدىن خوجىنىڭ پىلانى تۇغلۇق تۆمۈر خاننىڭ قوللىشىغا ئىگە بولدى. خان شەخسەن ئۆزى يارلىق چىقىرىپ، دۆلەتتىكى كاپىر ئاممىنى بىردەك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا چاقىردى. ئۇ يەنە ئەرشىدىن خوجىنىڭ 50 نەچچە كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر دىنىي تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللىشىنى قوللاپ كۇچاغا يولغا سالدى. بۇنىڭ ئەزالىرى شەيخ، مۇفتى، قازى، ئىمام، مەزىن، ھاپىز، مۇدەررىس قاتارلىق ھەر خىل دىنىي سالاھىيەتكە ئىگە كىشىلەردىن تەركىب تاپقانىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تەكلىپ قىلىنغان بولۇپ، دىنىي تەشۋىقات تەشكىلىنىڭ نامى كۇچانىڭ يەر نامىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ، «كۇچا ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى ئۆمىكى» دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى تەشۋىقات، ئەدلىيە، مائارىپ، مەسچىت قۇرۇلۇشى قاتارلىق تارماقلار تەسىس قىلىندى. «كۇچا ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى ئۆمىكى» دىنىي مەزھەپ تەشكىلاتى بولماستىن،

بەلكى ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان، خانلىق ھاكىمىيەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ دىنى تەشۋىقات تەشكىلاتىغا ئوخشاش ئىدى. خاننىڭ تەستىقى ئارقىلىق بۇ تەشكىلات ھەر يىلى دۆلەت خەزىنىسىدىن مەلۇم مىقداردىكى مەخسۇس خىراجەت، كالا - قوي قاتارلىقلارنى ئېلىپ دىنىي تەشۋىقات خىراجىتى قىلاتتى.

بۇ ئەترەت كۇچاغا كىرگەندىن كېيىن كەڭ كۆلەملىك دىنىي تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇۋەتتى. ئۇلار مەسچىتلەرنى ياساپ چىقتى، قازىخانىلارنى قۇرۇپ چىقتى، مەدرىسەلەرنى تەسىس قىلدى (ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەرشىدىن خوجا كۇچادا بىر «ۋەلىيە مەدرىسە» سى تەسىس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ كۆلىمى زور، مۇدەررىسلەرنىڭ ساپاسى نىسبەتەن يۇقىرى بولغانلىقتىن، ئەينى ۋاقىتتا جەنۇبىي شىنجاڭ ئەتراپلىرىدا ئىنتايىن داڭلىق ئىدى). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە خەلق ئارىسىغا «قۇرئان كەرىم»، «سەھىھۇل بۇخارى» ۋە «رىزۋانى شىرىپ» قاتارلىق سوپىزم تەشۋىق قىلىنغان كىتابچىلارنى تارقاتتى. ھۆكۈمرانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، دىن تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ ھەرىكىتى غەم - ئەندىشىدىن خالىي بولۇپ، خۇددى تەلۋىلەردەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار «ئۇچرىغانلىكى ئادەمنى ئايەت ئوقۇشقا مەجبۇرلايتتى، كوچىلارنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە ھەممە جايدا كىشىلەرنىڭ تەلۋىلەرچە دىننى تەشۋىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى». ①

ئېتىقا دىنى ئىسلام دىنىغا ئۆزگەرتكەنلەر ئېتىبارغا، غەمخورلۇققا ئېرىشىپ، ئەينى يىللاردىكى باج - سېلىقتىن كەچۈرۈم قىلىنغان؛ ئەكسىچە ئېتىقا دىنى ئۆزگەرتمىگەنلەر خىلمۇخىل قانۇنسىز چەتكە قېقىشلارغا ۋە ئۇرۇپ - سوقۇشلارغا

---

① يۈسۈپبېك: «ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى» (شافگراف نۇسخىسى)، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنىدا يىغىپ ساقلانغان.

ئۆچۈرگەن.

ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «كۇچا ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى ئۆمىكى» دىكىلەر يەنە ھەرقايسى جايلاردىكى بۇددا دىنىي ئىبادەتخانىلىرىنى چېقىپ تاشلاپ ياكى ئۇلارنى مەسچىتكە ئۆزگەرتىپ، بۇتلارنى ۋە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ۋەيران قىلىپ، بۇددا نوملىرى ۋە قەدىمكى ۋەسىقىلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. ئىسلام دىنىي شەرىئىتى «يوقىلاڭ» بەتنام بىلەن بۇددا دىنىي راھىبلىرىنى جازالاپ، سەل ـ پەل قارشىلىق كۆرسەتسە ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلدى، ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشنى خالىمىغان نۇرغۇنلىغان راھىبلار تۇرپانغا قېچىپ كەتتى.

دىنىي تەشۋىق قىلىش ھەرىكىتىدە، «كۇچا ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى ئۆمىكى» نىڭ كۈچى تەرەققىي قىلدى ۋە زورايدى. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، «كۇچا ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى ئۆمىكى» يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنى ئاقسۇ، شايار، قاراشەھەر ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلارغا ئالدىن بېرىپ تۇرۇشقا ئەۋەتىپ، دىن تارقىتىش ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈردى.

بۇ ئارىلىقتا ئالمالىقتا يۈز بەرگەن ئىسلام دىنىغا قارشى ھەرىكەت ناھايىتى تېزلىكتە كۇچاغا تارقالدى ۋە يېتىپ كەلدى. كۇچا، شايار قاتارلىق جايلاردىكى 10 مىڭدىن كۆپرەك بۇددىستلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۇلارنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىغانلىقىغا قارشى تۇردى. توپىلاڭ كۆتۈرگەن بۇددا دىنىي مۇرىتلىرى بىلەن «كۇچا ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى ئۆمىكى» جىددىي كۈرەشلەرنى قانات يايدۇرۇۋەتتى. بىراق توپىلاڭچىلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن رەھبەرلىكى ۋە تەشكىلى بولمىغانلىقتىن، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا جەڭ قىلىپ ھەم قورال ـ يارىقى ناھايىتى ناچار بولغانلىقتىن، ئۇزۇن ئۆتمەي

تۆغلۇق تۆمۈرخان ئەۋەتكەن قوشۇن تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلدى. توپىلاڭغا قاتناشقان بۇددا دىنىي مۇرىتلىرىنىڭ ھەممىسى باشقا جايلارغا ھەيدىۋېتىلدى. تەخمىنەن 4000 ئادەم خوتەن ئارقىلىق ئافغانىستاننىڭ شىمالىي چېگرىسىغا كۆچۈپ كەتتى، يەنە بىر يولدا تەخمىنەن 6000 ئادەم شەرققە قوغلىنىپ، دۇنخۇاڭ ئارقىلىق گەنسۇنىڭ جيۇچۈەن ئەتراپلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن كۇچادىكى بۇددا دىنىي كۈچلىرى ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىلىپ، يەرلىك خەلقنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. 1000 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە بولغان كۇسەن بۇددا دىنىي مەدەنىيىتى ئاخىر ئۈزۈل - كېسىل ۋەيران قىلىۋېتىلدى.

ئارخېئولوگلارنىڭ كۆزقارىشىغا ئاساسلانغاندا، كۇچا رايونىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرى، تاش ئۆڭكۈر قاتارلىقلار ئاساسەن دېگۈدەك يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن تەدرىجىي تاشلىنىپ قالغان بولۇپ، ئەتراپتىكى كىشىلەر تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، كۇسەن بۇددا دىنىي مەدەنىيىتى خارابىسىگە مەنسۇپ بولغان باي ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قىزىل مىڭئۆي مۇتەخەسسىلەرنىڭ قارىشىچە، ياسالغان يىل دەۋرى «شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى، ۋەيران بولغان ۋاقىت ئىسلام دىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردۇر». تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى تاش ئۆڭكۈرلەرنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن دەۋرىمۇ تەخمىنەن «يۈەن، مىڭ سۇلالىسى ئارىلىقىدۇر (تەخمىنەن مىلادىيە XIV ئەسىر)» دۇر[1]. بۇ خۇلاسە كۇچا رايونىدىكى بۇددا دىنىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىپ،

---

[1] يەن ۋېنرۇ: «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە»، «تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تاش ئۆڭكۈرلەر»، «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، 569 — 581 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشىدەك ئوبىيېكتىپ تارىخىي جەريانىغا ماس كېلىدۇ.

ئۆتكەندىن باشقا ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارغا ئاساسلانغاندا، بىر قاتار بۇددا دىنىي خارابىلىرىدە ساناقسىز قەدىمكى ۋەسىقىلەر يىرتىپ پارە - پارە قىلىۋېتىلگەن، قىرغىن قىلىنغان بۇددا دىنىي راھىبلىرىنىڭ قېنىغا مىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بىر نەچچە يۈز يىل ئۆتۈپ ئاللىقاچان تاشتەك قاتتىق نەرسىگە ئايلىنىپ، يېپىندىكى جەسەت سۆڭەكلىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. نۇرغۇنلىغان بۇددا دىنىي ۋەسىقىلىرى پۇچۇلۇنۇپ كەتكەن بولۇپ، كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى ئېنىق بىلگىلى بولىدۇ، ئۆي ۋە تاملار ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلىكتىن بۇ ۋەسىقىلەر كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنىپ قالغانىدى[1]. بۇ ئەمەلىيەتمۇ ئىسلام دىنىنىڭ كۇچاغا تارقىلىش جەريانى ئوخشاشلا قانلىق كۈرەشلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ چاغدا بۇددا راھىبلىرى ۋە مۇرىتلىرىلا بوزغۇنچىلىققا ئۇچراپ قالماي، يەنە بۇددا دىنىي ئىمارەتلىرى، نوملىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارلىقلارمۇ بۇ ۋەيرانچىلىقلاردىن ساقلىنىپ قالالمىغانىدى.

كۇچا رايونىدا بۇددا دىنىنىڭ يوقىلىپ ئىسلام دىنىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى، شىنجاڭنىڭ دىن تارىخىدىكى بىر چوڭ ئىش ئىدى. كۇچا ئىسلام دىنىي رايونى بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر بۇددا دىنىي مەركىزى — تۇرپان رايونىنىڭ توسۇقى يوقالغانىدى.

---

① گېبلىڭ شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە يازما يادىكارلىقلىرى توغرۇلۇق ئومۇمىي بايان»، 49 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.

## 4 . ئىسلام دىنىنىڭ تۇرپان رايونىغا تارقىلىشى

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا خىزىر خوجىخان ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، تۇرپان رايونىغا ئۇرۇش قوزغاپ، قورال كۈچى بىلەن بۇ يەرنى بېسىۋېلىپ، ئاھالىلەرگە ئىسلام دىنىنى مەجبۇرىي قوبۇل قىلدۇردى. «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى» دە بۇ ئىش خاتىرىلىنىپ مۇنداق دېيىلىدۇ: «خىزىر خوجىخان تەختتىكى ۋاقتىدا، غازات ئۇرۇشى (جىھاد) ئېلىپ بېرىپ، قىتانلار (مىلىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولغان تۇرپان قاتارلىق رايونلارنى كۆرسىتىدۇ) غا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇ شەخسەن ئۆزى قىتانلارنىڭ ئىككى مۇھىم بازىرى قارا (قارا قوجۇ) ۋە تۇرپاننى ئىشغال قىلىپ، يەرلىك ئاھالىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلىدى، شۇڭلاشقا بۇ ئىككى جاي ھازىر «دار ئەل ئىسلام (Dar al IsLam) دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر قايسى موغۇل خانلىرىنىڭ تۇرۇشلۇق جايىغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ رايوننىڭ مۇھىملىقى قەشقەردىن قېلىشمايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا، بۇ رايونلار مۇقەددەس ئىسلام دىنىي ئەھكاملىرىنىڭ قائىدىلىرىگە ئاساسەن بۆلۈپ بېرىلگەن بولۇپ، خاننىڭ قولىدا قالغىنى بىر پارچە گۈللۈك دۇردۇن ۋە بىر كۆل رەڭ كالا بولغان. خاننىڭ مۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئىسلام دىنىي دۆلىتىنىڭ شۆھرىتى ئۈچۈن ئىدى.»① ئادەتتە مۇشۇ قېتىملىق ئىشتىن كېيىن «بۇ رايون ئىسلام دىنىي خەرىتىسى

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى» ، 1 ـ قىسىم، 225 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.

ئىچىگە كىرگۈزۈلدى»[1] دەپ قارىلىدۇ. قاراخوجا ئەسلىي قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى، تۇرپان بولسا بۇگۈنكى تۇرپان بولۇپ، ھەممىسى بۇگۈنكى تۇرپان ناھىيىسى تەۋەسىدە، ئىككى شەھەرنىڭ ئارىلىقى 40 كىلومېتىر كېلىدۇ. «دار ئەل ئىسلام» ئەرەبچە ئاھاڭ تەرجىمە بولۇپ، مەنىسى «مۇسۇلمانلار ئولتۇراق رايونى» دېگەنلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن «دار ئەل خاراب» (مۇسۇلمانلاردىن خالىي رايون) ئۆزئارا قارىمۇقارشى بولۇپ، بۇ يەردە «غازات» ئېلىپ بېرىلىپ ئىسلام دىنىي ھاكىمىيىتى قۇرۇلغانلىقى، يەرلىك ئاھالىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغان ئاھالىلەرنىڭ چوقۇم ئىسلام دىنىي ھۆكۈمرانلىقىغا خىزمەت قىلىشى كېرەككى، ئۇلارنىڭ پۈتۈنلەي ھوقۇقى يوق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يېزىقچە ماتېرىيالدىكى «گۇللۇك دۇردۇن»، «كۇل رەڭ كالا» نىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس، بەزىلەر مەلۇم بىر خىل ھوقۇقنىڭ سىمۋولى دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر ئىسلام دىنىي ئەھكاملىرىغا ئاساسەن، «غازات» تىن كېيىن ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل تەقسىمات، دەپ قارايدۇ.

ئىسلام دىنى تۇرپاننى ئىگىلىگەندىن كېيىن، بۇددا دىنىي كۈچلىرىگە قارىتا قاتتىق زەربە بېرىلدى. بىراق بۇددا دىنى ناھايىتى تېزلىكتە يوقالماستىن، بەلكى يەنە نەچچە ئون يىلدەك ئىسلام دىنى بىلەن بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ، پەقەت XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئاندىن بۇ رايوندىن پۈتۈنلەي يوقالدى.

تۇرپان رايونى — شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنى ئەڭ كېيىن قوبۇل قىلغان، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مۇھىم

---

[1] «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» (1934 ـ يىل ئېنگلىزچە نەشرى)، 4 ـ جىلد، 894 ـ بەت.

رايونلارنىڭ بىرى. ئىسلام دىنى مىلادىيە X ئەسىردە قەشقەرگە تارقىلىپ كىرگەندىن تارتىپ، تۇرپان ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانغا قەدەر، تەخمىنەن 500 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى. ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئىككى مۇھىم رايوندا تارقىلىپ، ئاخىر ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى.

تۇرپان رايونى دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە تارىختا ئاز بولمىغان ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى، يەرلىك ئاھالىلەر ئاتەشپەرەسلىك دىنى (ئوتقا چوقۇنۇش دىنى)، بۇددا دىنى ۋە تويىن دىنى قاتارلىقلارغا ئېتىقاد قىلاتتى. بۇددا دىنى مىلادىيە Ⅳ ئەسىردە تارقالغان بولۇپ، «ۋېينامە. قوچۇ تەزكىرىسى» دە: ئاھالىسىنىڭ «ئۆرپ-ئادىتى ئاتەشپەرەسلىك، ئەمەل قىلىدىغىنى بۇددا ئەھكاملىرى» دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ شىياۋۋۇدى تەييۈەن يىللىرى (مىلادىيە 376 — 396-يىلغىچە) دا، ئالدىنقى قۇس دۆلىتى ھۆكۈمرانلىرى بۇددا دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىپ، ماخايانا مەزھىپىنى تەرەققىي قىلدۇرغانىدى. كېيىنكى ھۆكۈمرانلارمۇ قىزغىنلىق بىلەن تېخىمۇ كېڭەيتكەن. قوچۇ دۆلىتى دەۋرى (مىلادىيە Ⅵ — Ⅶ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى) دە، بۇددا دىنى يەنە خان جەمەتىنىڭ ھىمايىسى ۋە ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ گۈللەپ ياشناشقا باشلىدى. بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمرانلار يەنە ئىچكىرىدىكى خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا ئىنتايىن دىققەت قىلىپ دائىم ئەلچى ئەۋەتىپ، بەش دەستۇر ۋە كۇڭزى تەلىماتلىرىنى مۇتائىلە قىلىپ، ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلغان ئىدىيىلەرنى بۇددا دىنىي ئېتىقادىغا بىرلەشتۈرۈپ، قوچۇ بۇددا دىنىي مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. قوچۇ بۇددا دىنى، خوتەن بۇددا دىنى ۋە كۇسەن بۇددا دىنى قوشۇلۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئۈچ چوڭ بۇددا دىنىنىڭ نۇسرەتلىك جايى دەپ ئاتالدى.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار يەنە مانى دىنىنى

تۇرپان رايونىغا ئېلىپ كىرىپ، بۇددا دىنى، مانى دىنى، ئاتەشپەرەسلىك دىنى ۋە تويىن دىنى قاتارلىقلار بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئۇيغۇرلارنىڭ قاراقويۇق ھەممىنى قوبۇل قىلىشى نەتىجىسىدە، ھەرخىل دىنلار ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىپ، ئۆزئارا ئارىلىشىپ كېتىپ، بىر خىل «ئارىلاشما بىر پۈتۈن گەۋدە بولغان مەدەنىيەت»[1] پەيدا بولدى. ئۇيغۇرلار مانى دىنىنى بۇددا دىنىغا ئۆزگەرتىش جەريانىدا مانى دىنىنىڭ مەلۇم ئىدىيىلىرىنى بۇددا دىنىي ئېتىقادى ئىچىگە ئېلىپ كىردى.

بۇددا ئىلاھلىرىنىڭ نامى ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ئازرۇئا»، «كخورمۇزتا» دەپ ئاتىلىپ، «بۇت بىلەن ئىلاھ ئارىلىشىپ كەتكەن» ئىدېئولوگىيە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. كېيىن بۇ خىل ناملار يەنە موڭغۇللارنىڭ بۇددا دىنىدا ئىشلىتىلدى. مەسىلەن، يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ مانى مۇرتلىرى ئىشلىتىدىغان بىر خىل ئاسترونومىيە كالېندارىدىن سوغدى، خەنزۇ، تۈرك مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەن ئىزنالىرىنى ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا گەرچە ھەرخىل دىنلار تارقىلىپ يۈرسىمۇ، بىراق بۇددا دىنى يەنىلا ھۆكۈمران ئورۇندىكى دىن بولۇپ، خوددى تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنغاندەك، «بۇ دۆلەتنىڭ ئادىتىدە ئەزەلدىن بۇددا ئىشلىرى مۇھىم ئىدى». شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى تەيپىڭ شىڭگونىڭ 7 - يىلى (مىلادىيە 982 - يىلى) ۋاڭ يەندې قوچوغا ئەلچىلىككە بارغاندا، ئەينى ۋاقىتتا «بۇتخانىلار 50 تىن ئارتۇق بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەنىدى. بۇتخانىلاردا ئۇلۇغ ئاغلىق نوملار، سۆزلەر جەۋھىرى، تاڭ ئاھاڭلىرى، سۇترا مۇۋادا قاتارلىقلار ساقلانغانىدى ... يەنە مانى دىنىي

---

① خانىدا تورۇ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، (گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان) ، 88 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

ئىبادەتخانىلىرى ۋە پارس راھىبلىرى (ئاتەشپەرەسلەرنى كۆرسىتىدۇ) مۇ بار بولۇپ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئەھكاملىرى بولغاچقا، بۇددا دىنىنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىمايتتى»①. 50 تىن كۆپرەك ئىبادەتخانا ئاھالىسى ئانچە كۆپ بولمىغان قۇجۇغا نىسبەتەن ئېيتقاندا كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بۇ جايدا دىنىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھەتتا مىلادىيە XIV ئەسىردىن كېيىنمۇ بۇ جايدا بۇددا دىنى مەۋجۇت ئىدى. قۇجۇلۇق راھىب باخاش (مىلادىيە 1332 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ تەرجىمىھالىدا: «ئاچارى ئۇستاز قۇجۇلۇق، بۇ جاي بېشبالىققا قارايدۇ. بېشبالىقتا بۇددا ئومۇملاشقان بولغاچقا، مۇرىتلار بەكلا كۆپ» دېيىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقالغانلىقىغا ئاللىقاچان تۆت ئەسىر بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بىراق قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىغا ئانچە كۆپ تەسىر كۆرسىتەلمىگەن.

موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، شىنزاڭ بىلەن بولغان قاتناشنىڭ راۋانلىشىشىغا ئەگىشىپ، لاما دىنى (زاڭزۇ بۇددا دىنى) مۇ تۇرپان رايونىغا تارقىلىپ، قۇجۇ بۇددا دىنىغا بىر قاتار تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.

قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىدا بۇددا دىنىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى موڭغۇللارنىڭ چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە باشلانغان. مىلادىيە XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، تۇرپان غەربىي شىمالدىكى ھەرقايسى خانلارنىڭ تالىشىدىغان جايىغا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، كۆپ قېتىم ئۇرۇش ئاپىتىگە ئۇچرىغانىدى. جېيۈەننىڭ 12 - يىلى (مىلادىيە 1275 - يىلى) دۇۋا 120 - مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قاراخوجىغا ھۇجۇم قىلىپ، شەھەرنى ئالتە ئاي مۇھاسىرىگە ئېلىۋېلىپ، ئاخىر شەھەر ئىچىدىكى ئاھالىلەر ئۈزۈق - تۈلۈكى تۈگەپ شەھەردىن چىقىپ تەسلىم بولغانىدى.

① «سۈڭنامە»، 490 - جىلد، «قۇجۇ تەزكىرىسى».

ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى ۋە بېشەملىك بىلەن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش بۇ يەرنىڭ ئىگىلىكىگە ئىنتايىن زور بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كەلگەنىدى. ئاھالىلەر سەرگەردان بولۇپ، تېرىلغۇ يەرلەر ئاق تاشلىنىپ قالغان، يەر - زېمىنلار سېتىۋېتىلىپ، قۇل سودىسى باش كۆتۈرگەن، باي - كەمبەغەللىك پەرقى كۈچەيگەن بولۇپ، خەلق قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرگەنىدى.

بۇ خىل ئەھۋاللار يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرپانغا ئائىت نۇرغۇنلىغان ۋەسىقىلەر، توختامنامىلەردىكى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ رايون كۆپ قېتىم ئاپەتكە ئۇچرىغاندا ياردەم بەرگەنلىكى، سەرگەردانلاردىن ھال سورىغانلىقى قاتارلىقلاردا مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. تۇرپان رايونىنىڭ ئىگىلىكى خارابىلىشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ئۈزۈن مۇددەتكىچە ئەسلىگە كەلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە تايىنىدىغان بۇددا دىنى راۋاج تاپالماي زاۋاللىققا يۈزلەندى. يەنە بۇددا دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سەۋەبلەرمۇ بار.

تۇرپان رايونىمۇ ئوخشاشلا كۆپلىگەن بۇتخانا ۋە راھىبلار قاتلىمىغا ئىگە ئىدى. راھىبلار ئەمگەك قىلماي خەلق تەمىنلىگەن يېمەك - ئىچمەككە ئىگە بولاتتى، دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا تايىنىپ، باياشاتچىلىقتا ياشايتتى.

بەزى راھىبلار سېپى ئۆزىدىن فېئودال پومېشچىك ۋە قورۇق ئىگىسى بولۇپ، زور مىقداردىكى يەر، ئۈزۈملۈك، باغ - ۋاران، سۇ تۈگمىنى، ئېرىق - ئۆستەڭ قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، بۇنىڭغا نۇرغۇن يانچى ۋە چاكارلارنى ئىشقا سالاتتى. ۋەيران بولغان دېھقانلار بۇتخانا ۋە ئاقسۆڭەك قورۇق ئىگىلىرىگە تايىنىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىپ، راھىبلار بىلەن فېئودال پومېشچىكلارنىڭ ئېزىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا ئۇچرايتتى. بۇلار سىنىپىي مۇناسىۋەتلەردىكى قارشىلىشىشنىڭ كۈچەيگەنلىكى ۋە ناھايىتى

چوڭقۇرلاشقانلىقى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نامرات خەلق ئارىسىدا بۇددا دىنىغا نىسبەتەن گۇمانلىنىش ۋە ئۈمىدسىزلىنىش پەيدا بولغانلىقى ئىدى. ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرگەن ئەينى ۋاقىتتا، ئۇلار ئەنئەنىۋى ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشكە رازى بولۇپ، بۇ خىل يېڭى دىندىن روھىي تەسەللىي ئىزدىدى. ئىسلام دىنى نامرات تۆۋەن قاتلام ئاممىسى ئارىسىدا ئاۋۋال ئېتىقاد قىلىشقا ئېرىشتى. بۇددا دىنى كۈندىن - كۈنگە زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان ۋەزىيەتتە، خىزىر خوجىخاننىڭ تۇرپان رايونىغا ھۇجۇم قىلىشى، شەك - شۈبھىسىزكى بۇ يەردىكى بۇددا دىنىغا قاتتىق زەربە بولدى.

خىزىر خوجىخاننىڭ تۇرپان رايونىغا ھۇجۇم قىلغانلىقىغا ئائىت ئەھۋاللارنىڭ تەپسىلىي خاتىرىسى كەمچىل، بىراق خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ قېتىمقى «غازات» بىلەن ئەرشىدىن خوجا جەمەتىنىڭ پائالىيىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەرشىدىن خوجا ئالدىنئالا ئادەم ئەۋەتىپ تۇرپان رايونىدا دىن تارقىتىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا، يەرلىك خەلقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەرشىدىن خوجىنىڭ ئوغلى غوپۇر پەخىردىن خاننىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، خىزىر خوجىخان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قوشۇن ئەۋەتىپ تۇرپانغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى. خىزىر خوجىخان لەشكەر باشلاپ قاراقۇجۇغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئەرشىدىن خوجىنىڭ يەنە بىر ئوغلى ئەبۇ نەسىردىننىڭ ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىشى بىلەن شەھەر ئېلىنىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، قاراقۇجۇ شەھىرى ئۈچ قات قورشىۋېلىنغان بولسىمۇ، بۇ شەھەردىكى لەشكەر ۋە پۇقرالارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا دۇچ كەلگەن، بىراق ئاخىرىدا يەنىلا مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ قالالمىغان. كېيىن خىزىر خوجىخان يەنە لەشكەر باشلاپ تۇرپانغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ شەھەردىكى لەشكەر ۋە پۇقرالار قارشىلىشىشتىن ۋاز كېچىپ،

ئۇرۇشماي تەسلىم بولدى[1]. بۇ بېشىدا بېرىلگەن «بۇ جاي ئىسلام ئەھكاملىرى بويىچە ئاجرىتىۋېتىلىنغان» دېگەن قۇرلارنىڭ شەرھىسى بولۇشى مۇمكىن. ئۇرۇش ئارقىلىق بويسۇندۇرۇلغان جايلار ئېغىر باج ئېلىنىدىغان رايون بولۇپ، غەيرىي دىن مۇرىتلىرى قاتتىق جازاغا ئۇچرايتتى؛ ئەكسىچە قارشىلىق كۆرسەتمىگەن ۋاز كەچكەن جايلار ئەمىنلىك رايونلىرى بولۇپ، يەرلىك ئاھالىلەر «جازادىن كەچۈرۈم قىلىنغان» ئىدى. قاراقۇجۇ ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. راھىبلار ئۆلتۈرۈلۈپ ۋە سۈرگۈن قىلىنىپ، بۇتخانا، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، نوم قاتارلىقلار ۋەيران قىلىۋېتىلدى. تۇرپان شەھىرى ئەسلىدىكى قىياپىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ساقلاپ قالغان بولۇپ، ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇشى ئانچە كۆپ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىدى. ئىسلام دىنىي ھۆكۈمرانلىرى بۇ ئىككى جايغا نىسبەتەن «ئايرىپ» ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ تەقدىرىمۇ تۈپتىن ئوخشاشمايدىغان ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. قاراقۇجۇ ئەسلىدە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزى بولۇپ، «مىڭ ـ مىڭ ئادەملەر ۋاژىلداپ تۇرىدىغان، راھىبلار بولسا پۇتكۈل ئاھالىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغان» رايون ئىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن شەھەر ۋەيران، ئاھالىسى سەرسان بولۇپ، ناھايىتى تېزلا خارابىلىشىپ كەتتى. تۇرپان بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماي، بۇددا دىنى يەنە بىر مەزگىلگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، كېيىن يەنە بۇ رايونلار ئىسلام دىنىي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولۇپ، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا گۈللىنىشكە باشلىدى.

خىزىر خوجىخان تۇرپاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، يەنە قوشۇن باشلاپ قۇمۇل، بارىكۆل قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم

① «ئەرشىدىن خوجىنىڭ تەرجىمىھالى» (چاغاتايچە قولىيازما)، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن يىغىپ ساقلانغان.

قىلدى. مىڭ سۇلالىسى بۇ جايلاردا مۇداپىئەچى قوشۇن تۇرغۇزغانىدى. «ئەرشىدىن خوجىنىڭ تەرجىمىھالى»دا قەيت قىلىنىشىچە: «ئۇرۇش ناھايىتى كەسكىن بولۇپ، 28 كۈن ئېلىپ بېرىلغان»، ئەڭ ئاخىرىدا خىزىر خوجىخان ۋە ئەبۇ نەسىردىن خوجا مىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، مۇسۇلمانلار قوشۇنى تۇرپانغا چېكىنىپ كەتكەن. مىڭ سۇلالىسى قوشۇنى يەنە 1000 دىن ئارتۇق مۇسۇلمان جەڭچىسىنى ئەسىرگە ئېلىپ، ئۇلارنى بىر ئايماق قىلىپ تەشكىللەپ① گەنسۇ چېگرىسى ئىچىگە چىقىرىۋەتتى، ئۇلار كېيىن خۇيزۇلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى.

خىزىر خوجىخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن تۇرپاننىڭ ياموش (خەنزۇچە نامى يەنزې) دېگەن يېرىگە دەپنە قىلىنىدى، يەرلىك كىشىلەر ئۇنىڭ قەبرىسىنى «دەرۋىش مازىرى» دەپ ئاتىدى. چېن چېڭ «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى» دىمۇ: «يەنزې يارغول شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا...، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورمان بىلەن ئورالغان ئىككى گەز قەبرە بار بولۇپ، ئەتراپىغا تام قوپۇرۇلغان، ئۇنىڭ بىرى پادىشاھ خىزىر خوجىنىڭ ئايالىنىڭ قەبرىسى، يەنە بىر كىچىك قەبرە بولۇپ، ئۇنىڭ يېقىن ۋەزىرلىرىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغانىدى»②، دەپ يازغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كىچىك قەبرە ئەبۇ نەسىردىن خوجىنىڭ قەبرىسىمىش. بۇ خارابە ئىزلىرى خىزىر خوجىخاننىڭ تۇرپان، قۇمۇللارغا ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

تۇرپان ئىسلام دىنى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنى بىر مەزگىل بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئەڭ ئاخىرىدا ئىسلام دىنى بۇددا دىنىنىڭ بۇ رايوندىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىقاد قىلىدىغان دىنلىق ئورنىنى

---

① ئايماق بولسا موڭغۇل تىلىدا «ئۇرۇق»، «قەبىلە»، «يەر - مۈلۈك» قاتارلىق مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، يەنە بىر خىل ئىقتىسادىي ۋە مەمۇرىي بىرلىكتۇر.

② چېن چېڭ، لى شيەن: «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى».

باستى.

«مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، يۇڭلى يىللىرى بىلەن چېڭخۇا يىللىرى (مىلادىيە 1403 — 1487 ـ يىللىرى) دا، تۇرپان رايونىدىن مىڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئارىسىدا «مۇسۇلمانلار» مۇ، راھىبلارمۇ بار ئىدى. تارىخىي خاتىرىلەردىكى ئەھۋاللارغا قارىغاندا، دەسلەپكى مەزگىللەردە قاراقوجۇ ئەلچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى «مۇسۇلمانلار»، تۇرپان ئەلچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بولسا راھىبلار ئىدى. مەسىلەن، يۇڭلېنىڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 1408 ـ يىلى)، «قوجۇلۇق مۇسۇلمان غۇلامىدىن قاتارلىقلار ئات ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تارتۇق قىلدى»، (6 ـ ئايدا) «تۇرپانلىق راھىب ماراشىر قاتارلىقلار ئات ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تارتۇق قىلدى» قاتارلىق خاتىرىلەر بار. كېيىن (مىلادىيە 1420 ـ يىلىدىن كېيىن) قاراقوجۇ ئەلچى ئەۋەتمىگەن. بەلكىم بۇ شەھەرنىڭ ۋەيران بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. تۇرپانلىق ئەلچىلەر ئارىسىدا «مۇسۇلمانلار» تەدرىجىي كۆپەيگەن، راھىبلار بولسا ئازايغان. مىلادىيە XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، تۇرپان ئەلچىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلاردىن بولغان. مىلادىيە XV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، مىڭ سۇلالىسى تۇرپاندا يەنە راھىبلار مەھكىمىسى، دۆلەت ئۇستازى قاتارلىق بۇ رايوننىڭ بۇددا دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئورگانلارنى تەسىس قىلدى. مەسىلەن، يۇڭلېنىڭ 6 ـ يىلى «چىڭلەيگە مەزكۇر رايوننىڭ دۆلەت ئۇستازى بولۇش، قاچۇەنگە تۇرپاننىڭ بۇددا مەھكىمىسى مەمۇرىي بولۇش يارلىقى چۈشۈرۈلدى». شۇەندې 5 ـ يىلى (مىلادىيە 1430 ـ يىلى) «تۇرپان بۇددىلار پېشۋاسى مەرھۇم ئاتىسىنىڭ ئورنىغا بۇددا ئەمىرى بولۇپ تەيىنلەندى»، جېڭتۇڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 1437 ـ يىلى) «تۇرپان ھۆكۈمرانى بالا ماداش ئارغىماق ۋە يەرلىك مەھسۇلات

سوۋغات قىلغان» .

مىڭ سۇلالىسى ئەلچىسى چېن چېڭ قاتارلىقلار مىلادىيە 1414 - يىلى تۇرپانغا ئەلچىلىككە بارغاندا، ھەر قايسى جايلارنىڭ دىنىي ئەھۋالى توغرۇلۇق خاتىرە قالدۇرغان، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ :

«تۇرپان شەھىرى قوجو شەھىرىنىڭ غەربىدىن 100 چاقىرىم يىراقلىقتا... شەھەر ئەتراپىدا ئادەم ۋە ئۆي - ئىمارەتلەر ناھايىتى كۆپ. بۇدداغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ناھايىتى كۆپ» .

«يارغول شەھىرى تۇرپاننىڭ غەربىدىن 20 چاقىرىم يىراقلىقتا، ... كەڭلىكى ئىككى چاقىرىمغا يەتمەيدۇ، ... 100 ئائىلىلىك ئاھالىسى بار، كونا بۇتخانىلاردا تاش ئويما ساقلانغان . »

لۈكچۈن شەھىرى... ئىسلام تۈزۈلۈشىدە بولۇپ، ئەرلىرى چېچىنى چۈشۈرۈپ بېشىغا كىچىك كانايىسمان بۆك كىيىدىكەن، ئاياللىرى ئاق رەخت بىلەن بېشىنى ئورىۋالىدىكەن. ئۇيغۇرچە ياسىنىدىغانلار بولۇپ، ئەرلەر چېچىنى ئۈچلۈق ئېگىز قىلىپ تۈرۈۋالىدىكەن. ئاياللار يۈزىنى ياغلىق بىلەن ئورىۋېلىپ پېشانىسىگە ئالتۇن بېزەك ئېسىۋالىدىكەن. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ھەر خىل ئىكەن. ئۇيغۇر تىلىنىڭ يەرلىك شېۋىسىدە سۆزلىشىدىكەن. قوجو، تۇرپان، لۈكچۈن قاتارلىق ئۈچ جايدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ئاساسەن ئوخشاش ئىكەن. بۇ يەردە دېيىلگەن «ئۇيغۇرچە ياسىنىۋالغانلار» بولسا، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان يەرلىك ئاھالىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

قوجو لۈكچۈن شەھىرىنىڭ غەربىگە 70 چاقىرىم يىراقلىقتا ... شەھەر چاسا بولۇپ، ھەر تەرەپكە 10 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۆزى كۆرۈمسىز ئىكەن. ئىلگىرى ئادەم ناھايىتى

كۆپ، ئىبادەتخانا، بۇتخانىلارمۇ ناھايىتى كۆپ بولغانىكەن، ھازىر چۆلدەرەپ قاپتۇ. شەرق تەرەپتە بىر شەھەر خارابىسى بار بولۇپ، ئىلگىرى قۇجۇ دۆلىتى ئىدارە قىلغان.

مىلادىيە 1420 - يىلى تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شاھرۇھنىڭ مىڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى يول ئۈستىدە تۇرپاندىن ئۆتكەن. ئۇلار بۇ شەھەردىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ يەنىلا بۇددا دىنىي مۇرىتلىرى ئىكەنلىكىنى، «بۇ يەردە بىر غايەت زور ئىبادەتخانا بىلەن ئۇلۇغ ساكىيامۇنىنىڭ ھەيكىلى ھەمدە ئۇنىڭ ئورغۇنلىغان بۇتلىرى بارلىقى، بۇ بۇتلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ كونا، بەزىلىرىنىڭ يېڭىدىن ياسالغانلىقى»①نى كۆرگەن.

بۇ خاتىرىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ رايوننىڭ ئاللىقاچان ئىسلاملىشىپ بولغانلىقىنى، بىراق بۇددا دىنىنىڭ يەنىلا تەسىرى بارلىقىنى، پەقەت زاۋاللىققا يۈزلىنىشىنىڭ ئىنتايىن روشەن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى خانلىرى ئوردىنى بېشبالىقتىن تۇرپان شەھىرىگە كۆچۈردى، تۇرپان شەھىرى ئىسلام دىنىنىڭ «ماكانى» غا ئايلىنىپ ھەرقايسى خان (سۇلتان) لاردىن ئەلى، ئەھمەد، مەنسۇر قاتارلىقلار بۇ شەھەردە تۇردى ھەمدە بۇ يەردە ناھايىتى زور دىنىي مۇراسىم ۋە تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزدى. شۈجىن «ۋاسساللارنى تىنچىتىشنىڭ باش - ئاخىرى» دا خاتىرىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «شۈئەنجىنىڭ 8 - يىلى (مىلادىيە 1495 - يىلى) ئەھمەدخان قۇجۇغا كېلىپ بىر نەچچە كۈن تۇردى، 8 - ئايدا تۇرپانغا بېرىپ قۇربان ھېيت ئۆتكۈزدى»② تەخمىنەن مۇشۇ چاغلاردا تۇرپان رايونىدىكى ئاھالىلەر مەجبۇرىي ياكى ئىختىيارلىق بىلەن

① «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» (1934 - يىل ئېنگلىزچە نەشرى) 4 - توم، 894 - بەت.

② شۈجىن: «ۋاسساللارنى تىنچىتىشنىڭ باش - ئاخىرى»، 2 - جىلد.

ھەممىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. مىلادىيە XVI ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە مىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارىدىن بىرسىنىڭ مەلۇماتنامىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئوغرىلىق قىلغانلار بىرىنچى قېتىم جەرىمانە تۆلىگەن، ئىككىنچى قېتىمدا بىر قولىنىڭ بارمىقى كېسىۋېتىلگەن، ئۈچىنچى قېتىمدا ئۆلتۈرۈلگەن... جېدەل قىلغان ھەم باسقۇنچىلىق قىلغانلار موللام تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنغان... ئوغۇل ـ قىزلار ئون بىر، ئون ئىككى ياشتا موللامدىن كىتاب ئوقۇش ۋە خەت يېزىشنى ئۆگەنگەن، پەقەت خۇداغىلا چوقۇنغىلى قويغان، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغىلى قويمىغان»①.

تۇرپان رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ چاغدا قۇمۇلدىن باشقا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ھەربىر رايوندا كۆپ خىل دىنىنىڭ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە دىنىي ئېتىقادنىڭ ئوخشاشماسلىقى پەيدا قىلغان ئۆز ئارا قارشىلىشىش ھەم مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت، يېزىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرقلەر ئەمدى مەۋجۇت بولماي قالدى. ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلاردا ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىدى، تۇرپان ئويمانلىقى ئەتراپىدا ياشايدىغان ئاھالىلەر بىلەن تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا ياشايدىغان ئاھالىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى بىردەكلىشىپ، تەدرىجىي بىر خىل ئىسلام دىنىي تامغىسى بېسىلغان ئورتاق مەدەنىيەت، ئورتاق ئۆرپ ـ ئادەت، ئورتاق پىسخىك ساپاسى شەكىللەندى. تىل ـ يېزىق جەھەتتە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاستا ـ ئاستا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئۇيغۇرلار ئورتاق ئىشلىتىدىغان يېزىققا ئايلاندى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى

---

① چېن زىلوڭ قاتارلىقلار: «مىڭ سۇلالىسى خانلىرى دەۋرىدە تۈزۈلگەن مەكتۇپلار توپلىمى»، 181 ـ جىلد.

«ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» دىكى تۇرپان ۋە قۇمۇلنىڭ يېزىق ئىشلىرىغا دائىر ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، XV — XVI ئەسىرلەردە، تۇرپاندا يەنىلا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلىۋاتقانلىقى، مىلادىيە XVI ئەسىردە مۇسۇلمان يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر (ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان ئۇيغۇر تىلى) بىلەن «番文» (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەتلەر) نىڭ بىللە ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى پۈتۈنلەي يوقالدى.

## 5. ئىسلام دىنىنىڭ قۇمۇل رايونىغا تارقىلىشى

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ئىسلام دىنىي كۈچلىرىنىڭ تۇرپاننى كونترول قىلىشىغا ئەگىشىپ، قۇمۇل شەھىرى تۇرپان ئىسلام دىنىي كۈچلىرى بىلەن مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆزئارا تالىشىدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

قۇمۇل تۇرپاننىڭ شەرقىگە، دۇنخۇاڭنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن خېشى كارىدورىغا كىرىش ـ چىقىش ئېغىزى، شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرىدىغان قاتناش تۈگۈنى ئىدى. ئېلىمىز تارىخىدىكى فېئودال سۇلالىلەرنىڭ ھەممىسى قۇمۇلنى غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشتىكى مۇھىم ئۆتكەل قىلغان بولۇپ، بۇ يەردە ھەربىي ـ مەمۇرىي ئاپپاراتلار تەسىس قىلىپ، قوشۇن تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەنىدى. ئىچكىرى بىلەن شىنجاڭ ئارىلىقىدا بېرىپ ـ كېلىدىغانلار، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئولپان ئەلچىلىرى، ئەلچىلەر، سودا كارۋانلىرى ۋە خەت ـ ئالاقە، ئېلىپ ـ ساتارلار،

سودا ئالاقە قاتارلىقلار چوقۇم قۇمۇلدىن ئۆتەتتى ھەم بۇ يەردە مەدەنىيەت ئالماشتۇراتتى. يۈەن سۇلالىسى يوقالغاندىن كېيىنمۇ، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلار ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇقلۇق يولى بىلەن بولىدىغان سودا ياكى ئولپانلىرى مۇشۇ يولغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار سېتىۋالغان شايى - ئەتلەسلەر، فار فور قاچا - قۇچىلار، چاي، تۆمۈر قوراللار، دېڭىزىيا، ئەنبەر قاتارلىقلار مۇشۇ يول ئارقىلىق ئۆتەتتى. بەيئەت قىلغان ھەرقايسى جايلارنىڭ ئولپانلىرىغا ئاساسەن، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇناسىپ ھالدا تاۋار - دۇردۇن، شايى - ئەتلەس، پۇل - پۇچەك قاتارلىقلارنى «جاۋابەن ئىنئام» سۈپىتىدە يوللاپ تۇراتتى. شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى ھۆكۈمرانلار بۇ «ئولپان يولى» نى «ئالتۇن يول» دەپ قاراپ كەلگەنىدى. شۇڭا، قۇمۇلنى ئۆز ئالىقىنىدا تۇتۇپ تۇرغاندا بۇ «ئالتۇن يول» نىڭ جان تومۇرىنى تىزگىنلەپ، غايەت زور ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشكىلى بولاتتى. قۇمۇلنىڭ ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئەنە شۇنداق مۇھىم بولغاچقا، تۇرپان ھۆكۈمرانلىرى ۋە قالماق سەردارلىرى ئوخشاشلا مىڭ سۇلالىسىنىڭ قولىدىن بۇ جاينى تارتىۋېلىشقا جان - جەھلى بىلەن ئۇرۇنۇۋاتقانىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، مەركىزىي ھۆكۈمەت قۇمۇلغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، يۇڭلى 2 - يىلى (مىلادىيە 1404 - يىلى) يۈەن سۇلالىسى خان ئەۋلادلىرىدىن ئەنقا تۆمۈرنى قۇمۇل بەگلىكىگە تەيىنلىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن قۇمۇل ياساۋۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ يەرلىك سەردارلار تۇتۇق، مىڭبېگى، يۈز بېگى قاتارلىق مەنسەپلەرگە تەيىنلەندى ھەمدە مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن خىزمەتلەرگە ياردەملىشىشكە مەخسۇس خادىملار ئەۋەتىلدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭتوڭ 8 - يىلى (مىلادىيە 1443 - يىلى) ئويراتلارنىڭ سەردارى ئېسەن تاشىن قورال كۈچى ئارقىلىق تەھدىت سېلىش ۋە قۇدىلىشىش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، قۇمۇل بېگى بۇتاشىرنى قورقۇتۇپ، قۇمۇلنى تىزگىنلەشكە باشلىدى. بۇتاشىر توغان تاشىنىڭ قىزى نۇۋان داشىرغا ئۆيلەندى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېسەن تاشىن بىلەن تاغا - جىيەن بولۇپ قالدى. ئېسەن تاشىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئويراتلارنىڭ ئاساسىي كۈچى غەربكە كۆچۈپ، نۇۋان داشىرنىڭ ئوغلى بۇرىنگ مىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن قۇمۇل بېگى قىلىپ تەيىنلەندى. مىلادىيە 1460 - يىل بۇرىنگ ئۆلگەندىن كېيىن نۇۋان داشىر خان ئانىلىق سالاھىيىتى بىلەن 23 - يىل نائىب ھۆكۈمران بولدى. بۇ مەزگىللەردە قۇمۇل ھاكىمىيىتى لىڭشىپ قېلىۋاتقان بولۇپ، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەلھال بۇ مەزگىللەردە تۇرپان قۇدرەت تېپىپ، پادىشاھسىز قالغان قۇمۇل دىيارى زۇلمەتكە يۈز تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەلى ئۇنى يۇتۇۋالماقچى بولدى. چېڭخۇا 9 - يىلى (مىلادىيە 1473 - يىلى) ئەتىيازدا (ئەلى) قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ خان ئانىنى ئەسىر ئالدى ۋە ئالتۇن مۆھۈرىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، شەھەرنى ساقلاشقا بىر قىسىم لەشكەرلەرنى ئاجرىتىپ، ئۆزى قايتىپ كەتتى. ئوردا لى ۋېن قاتارلىق مەنسەپدارلارنى ئۇ جايىنى ئىدارە قىلىشقا ماڭدۇرغان بولسىمۇ، ئۇلار ھېچ ئىشنى ئاقتۇرالماي يېنىپ كېلىشتى. ئەلى يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئولپان تاپشۇرۇپ تۇردى»[①] بەزىلەر «ئەلى» — يۇنۇسخان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. يۇنۇسخان مۇشۇ مەزگىللەردە تەختتە ئولتۇرغان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى بولۇپ، بىر مەھەل قوشۇن باشلاپ تۇرپان ئەتراپلىرىغا ھۇجۇم قىلغانىدى. يۇنۇسخان قۇمۇلنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، تۇتۇق

① «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 329 - جىلد، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

خانىس ئۆزى ئەسكەر باشلاپ كېلىپ گەنسۇنىڭ غەربىدىكى تاغلىق رايونلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي يۇنۇسخان ئوردا سەردارى ئامازانچ تاشىن تەرىپىدىن يېڭىلىپ، سەيخۇن دەرياسى بويىغا چېكىندى. شۇنىڭ بىلەن خانىس 1482 - يىلى چېكىن، خاندۇن قاتارلىق كىشىنى باشلاپ كېچىدە قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلدى ھەمدە ئارقا - ئارقىدىن سەككىز شەھەرنى ئىگىلەپ قۇمۇلنى قايتۇرۇۋالدى. مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى خۇڭجى 1 - يىلى (مىلادىيە 1488 - يىلى) خانىس رەسمىي تۈردە قۇمۇل بېگى قىلىپ تەيىنلەندى.

شۇ يىلى 11 - ئايدا يېڭىباشتىن قۇمۇلنى تارتىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشكەن ئەھمەدخان خانىسنىڭ خان جەمەتىدىن ئەمەسلىكىنى باھانە قىلىپ قوشۇن باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇ دەسلەپتە خانىس بىلەن قۇدىلاشماقچى بولغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، قاتتىق قەستمياد قىلىشتى ۋە ئۇنى ئالداپ شەھەر سىرتىغا ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، قەست قىلىپ بىرلا ھۇجۇم بىلەن قۇمۇلنى ئالدى. مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا قارىتا ئولپاننى قەتئىي رەت قىلىش، ئىنئامنى ئازايتىش، ئولپان ئېلىپ كەلگەن ئەلچىلەرنى تۇتۇپ قېلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئەھمەدخانغا بېسىم ئىشلەتتى. ئارقىدىنلا بەگ ئەۋلادىدىن بولغان شابانى قۇمۇل بەگلىكىگە تەيىنلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەھمەدخان مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ 11 - شەھىرىنى، 500 چە پۇقراسىنى ۋە ئالتۇن تامغىسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

خۇڭجى 6 - يىلى (مىلادىيە 1493 - يىل) ئەتىيازدا ئەھمەدخان يەنە بىر قېتىم قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، شابانى تۇتۇپ كەتتى. مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى گەنسۇ باش مۇپەتتىشى شۇجىنگە قوشۇن تارتىپ قۇمۇلنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى، جايلاردىن كەلگەن 172 نەپەر مۇسۇلمان ئەلچىنى

تۇتۇپ قېلىپ چېگرا قوۋۇقىنى تاقىۋەتتى.
ئەھمەدخاننىڭ ھەدېسە مالىمانچىلىق قىلىشى نەتىجىسىدە، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىقتىسادى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى، ئۇلپان ۋاقتىدا توشۇلماي، ئوردىنىڭ ئىنئاملىرى يېتىپ كېلەلمىدى، سودا ئىشلىرى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ھەرقايسى مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ ئەھمەدخانغا بولغان نەپرىتى ھەسسىلەپ ئاشتى. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «شۇنىڭ بىلەن ئوردا قوۋۇقىنى تاقاپ، ئۇلپانچىلارنىڭ كىرىشىنى مەنئى قىلدى. نەتىجىدە كىشىلەرنىڭ ئەھمەدخانغا بولغان رەنجىشى كۈچەيدى. ئەھمەدخان پۇشايمان قىلىپ شابانى ۋە قۇمۇل خەلقىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، بۇرۇنقىدەك ئۇلپان تاپشۇرۇشقا ئىجازەت بېرىلىشىنى ئۆتۈندى»① مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شۇنىڭدىن كېيىن قوۋۇقىنى ئېچىپ شابانى قۇمۇل بېگى قىلىپ تەيىنلەپ، قۇمۇلدا قايتىدىن ئەمىنلىك ئورناتتى.
مەنسۇرخان تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە، مىڭ سۇلالىسى ئىنچىل تۇردە قۇمۇلنى تالاشتى. خوڭجى 18 ـ يىل (مىلادىيە 1505 ـ يىل) شابا ئۆلۈپ، ئوغلى باياز — قۇمۇل بېگى بولۇپ تەيىنلەندى. جېڭدې 8 ـ يىلى (مىلادىيە 1513 ـ يىلى) باياز مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى چىقىپ، شەھەرنى تاشلاپ تۇرپانغا قاچتى. مەنسۇرخان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قوشۇن تارتىپ قۇمۇلنى ئىگىلىدى. مەنسۇرخان خوجا تاجىددىننى شەھەرنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بايازىدنىڭ ئەلنى تۇتۇپ تۇرالمىغانلىقى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن شەھەرنى ئىدارە قىلىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق نامە يوللىدى.
شۇنىڭدىن كېيىن مەنسۇرخان ئۆز ۋۇنغىچە قۇمۇلنى بېسىپ

① «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 329 ـ جىلد، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

ياتتى ھەمدە پات ـ پات قوشۇن ئەۋەتىپ چېگرىدىكى خەلقلەرگە پاراكەندىچىلىك سالدى. جىياچىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 1524 ـ يىلى) كۆزدە مەنسۇرخان قۇمۇلنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، ئىككى تۈمەن كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن گەنجۇ، سۇجۇ قاتارلىق جايلارغا بېسىپ كىرىپ، ئېغىر بۇلاڭ ـ تالاڭ يۈرگۈزدى. چېگرىدىكى پۈتۈن قوشۇن ئاران دېگەندە مەنسۇرخاننىڭ قوشۇنىنى چېكىندۈردى. مەنسۇرخان زادىلا قانائەت قىلماي، يەنىلا توختاۋسىز ھالدا چېگرىغا پاراكەندىچىلىك سېلىپ، خېشى رايونىدىكى خەلقنى قاڭغىر قاقشاتتى، مىڭ سۇلالىسىمۇ بۇ ئىشلارغا قول تىققۇدەك ماجالى قالمىغانلىقتىن، جىياچىڭ 8 ـ يىلى (مىلادىيە 1529 ـ يىلى) لەشكەر ۋە خەلقنى ئارام ئالدۇرۇش، قوۋۇقنى مەڭگۈلۈككە تاقىۋېتىپ، ئۆلپان قوبۇل قىلماسلىق، قۇمۇلنىڭ ئىشلىرىغا ئەمدى باش قاتۇرماسلىق قارارىغا كەلدى.

مىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ قۇمۇلدىن چېكىنىپ چىقىشىدا بىر قانچە سەۋەب بار ئىدى: بىر تەرەپتىن يۆگلى خانىدانلىقىدىن كېيىن فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپى بەكلا مۇتەئەسسىپلىشىپ، بېكىنمە ھالەتكە چۈشۈپ قالدى ۋە غەربي يۇرتنى ئىدارە قىلىشتەك ئۇلۇغ ئارزۇ ـ ئىستەكلەرنى بىر ياققا چۆرۈۋەتتى، ئوردا مالىيىسىمۇ ئۇ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك ماددىي ئىقتىدارغا ئىگە ئەمەس ئىدى؛ ئوردا ئىچىدىمۇ ئۇزۇندىن بېرى قۇمۇل مەسىلىسى ھەققىدە تالاش ـ تارتىش توختىمىغان بولۇپ، ھۇجۇم قىلىش ۋە تاشلىۋېتىش تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تۈگىمەس مۇنازىرىدە تاشلىۋېتىش تەرەپدارلىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئۈستۈنلۈك قازانغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۇرپان ۋە قۇمۇلدىكى ئىسلام مۆتىۋەرلىرى ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ، بەزىدە بەيئەت قىلسا،

بەزىدە ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئوردىغا ئاز بولمىغان ئاۋارىچىلىكلەرنى ئېلىپ كەلگەنىدى، بۇمۇ ئاشۇنداق ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم ئامىللاردىن ھېسابلىناتتى.

مىلادىيە XIV ئەسىردە قۇمۇلدا ئىسلام دىنى تارقالغانىدى. خۇڭۋۇنىڭ 14 - يىلى «مىلادىيە 1381 - يىلى) ئالاۋۇدىن ئىسىملىك قۇمۇللۇق مۇسۇلمان ئوردىغا ئولپان ئاتلارنى تاپشۇرغىلى كەلگەنىدى①. XV ئەسىرنىڭ دەسلىپىگە كەلگەندە ئىسلام كۈچلىرى خېلىلا تېز تەرەققىي قىلدى. تارىخىي ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە قۇمۇل ئاھالىسى ئاساسەن ئۈچ خىل كىشىلەر بولغانىكەن: «بىرى، مۇسۇلمان دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ سەردارلىرى بىر - بىرىگە بويسۇنمايدىغان بولۇپ، قۇمۇل بېگىمۇ ئۇلارنى تىزگىنلەشكە ئاجىز ئىدى. ئاۋام كۆڭلى بەكلا پاراكەندە بولۇپ، ئەلدە زاۋاللىق ۋەزىيىتى روشەنلىشىپ قالغانىدى»② «ئۇيغۇر» دېگىنى يەرلىك ئاھالىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇددىست ئىدى. «قاراغۇي» دېگەنلەر قۇمۇلدا ماكانلىشىپ قالغان ئويراتلارنى كۆرسىتەتتى؛ «مۇسۇلمانلار» دېگىنى بولسا، تۇرپان ۋە باشقا جايلاردىن كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان مۇسۇلمانلارنى ۋە ئىسلامغا كىرگەن يەرلىك ئاھالىنى كۆرسىتەتتى. «مىڭ سۇلالىسى تارىخىدا» يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئوخشاشمىغان بۇ ئۈچ تائىپىلار بىر شەھەردە ياشايدۇ، ئېپسىل نەسەبتىن ئەمەس، شۇنداقتىمۇ يەنىلا موڭغۇللارنى چوڭ بىلىدۇ». شۇڭا، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يۈەن سۇلالىسى خان ئەۋلادلىرىدىن ھەيۋىدارخان ناخۇلىنىڭ ئەۋلادلىرىنى قۇمۇل بەگلىكىگە تەيىنلەپ، بۇ ئۈچ قوۋمنى ئىدارە قىلغانىدى. بۇ قوۋملارنىڭ ئاقساقاللىرى (يەنى تۇتۇقلار)

---

① «مىڭ تەيزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 137 - بەت.
② «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 329 - جىلد، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

ھەمىشە ئۆز قوۋمىدىن بولاتتى.

ئەينى ۋاقىتتا بۇددا دىنى قۇمۇلدىكى ئاساسلىق دىن ئىدى. مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قۇمۇلدىمۇ «راھىبلار مەھكىمىسى» تەسىس قىلغان بولۇپ، بۇددىست ئاقسۆڭەكلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى، شۇڭا ئۇلار ھەمىشە ئەتراپىدىكى مۇسۇلمان ئاممىسىنى بوزەك قىلىۋاتاتتى. «مۇسۇلمانلار» بىلەن «ئۇيغۇرلار» دىنىي مەسىلە ھەققىدە بىر - بىرىگە مۇتلەق قارىمۇقارشى ئىدى. شۇڭا، تۇرپان ھۆكۈمرانلىرى مىڭ سۇلالىسى بىلەن قۇمۇلنى تالاشقاندا، قۇمۇلدىكى «ئىسلام كۈچلىرى» تەبىئىيلا تۇرپان تەرەپكە ئېغىپ كېتىپ سەردارلارنىڭ تىل بىرىكتۈرۈۋېلىشى، يوشۇرۇن ئاخبارات يەتكۈزۈشى، ئوردىنى قايمۇقتۇرۇش، شەھەرنى تەقدىم قىلىپ ئوردىغا ئاسىيلىق قىلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۈرىكىگە قادالغان مىخ بولۇپ قالغانىدى. لەشكىري پىرقە دىۋانبېگى ما ۋېنشېڭ بۇ ھەقتە: «ئەھمەدخاننىڭ ئاشۇنداق ئۆكتەملىك قىلالىشى، قۇمۇلدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بولغانلىقىدۇر»[①] دەپ مەلۇمات يوللىغانىدى. شۇنىڭ ئورنىغا لەشكىري پىرقە دىۋانبېگى بولغان خۇ شىنىڭ «ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن مۇقەددەم ئۈچ نۆۋەت قۇمۇلنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشى، قۇمۇلدىكى ئاسىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى قىسىمدىن ماسلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى»[②] ، دەپ مەلۇمات سۇنغانىدى. گۇي ئې مۇنداق يازغان: «ئۈچ تائىپ ئىچىدە مۇسۇلمانلار بىز بىلەن ھەمنەپەس ئەمەس، ئۇيغۇر ۋە قاراغۇيلار ئاجىزراق بولۇپ، ئۇلارغا ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ...» مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قۇمۇلدىكى ئىسلام مۆتىۋەرلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇش ئۈچۈن، «قۇمۇلدىكى ئۆزۈڭدىن بىرى ئەھمەدخان بىلەن

---

① «ماۋېنشېڭ: «قۇمۇلنى گۈللەندۈرۈش خاتىرىسى».
② خۇشىنىڭ: «خۇدۇۋەنىڭ بەگىنىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپى»

دوست تارتىشىپ يۈرگەن 20 نەچچە مۇسۇلماننى تۇتقۇن قىلدى. ھەرقايسى تائىپىلەر بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈشۈپ كەتتى. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بەزى ئىسلام مۆتىۋەرلىرى قۇمۇل مەسىلىسىدە سەلبىي روللارنى ئوينىغان كەلگەنىدى. بۇلاردىن خوجا تاجىدىن ۋە شەيخ ھۇسەيىن ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىدى.

خوجا تاجىدىن ئەرشىدىن خوجىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، تۇرپان، كۇچا رايونىنىڭ شەيخۇلئىسلاملىقىنى ئۆتەيتتى. ئۇ ئەھمەدخان ۋە مەنسۇرخان ئاتا ـ بالىغا 50 يىلدىن ئارتۇق دىنىي ئۇستاز بولغان بولغاچقا، تۇرپان ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئارىسىدا يۇكسەك ئورۇنغا ئىگە ئىدى. ئۇ «سودا ۋە دېھقانچىلىق» بىلەن شۇغۇللىنىش، مەسىلىلەرنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئېلىش يولى بىلەن غايەت زور بايلىق توپلىدى. ئاندىن ئانچە ـ مۇنچە «سەدىقە» تارقىتىش يولى بىلەن مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋالدى. تۇرپان ھاكىمىيىتى غايەت زور دەرىجىدە ئۇنىڭ قوللىشىغا موھتاج ئىدى، ھۆكۈمرانلارنىڭ كۆپلىگەن تەدبىرلىرىنىمۇ شۇ بېكىتىپ بېرەتتى، ھەتتا «دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلارنىڭ ھەر قاندىقى ئۇنىڭ ئىجازىتىسىز بولمايتتى». خوجا تاجىدىن «غازات» شوئارى ئارقىلىق خەلقنى قوترىتىپ، ئەھمەدخان ۋە مەنسۇرخانغا تەدبىر كۆرسىتەتتى. ئەھمەدخاننىڭ ئىككى قېتىم قۇمۇلنى تارتىۋېلىشى يەنىلا شۇنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولغان ئىش ئىدى. مىڭ سۇلالىسى ھۆججەتلىرىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «مەنسۇرخان بايازىمنى ئازدۇرۇپ، مىڭ سۇلالىسىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈش ۋە غەربكە قېچىشقا كۇشكۇرتكەندىن كېيىن، خوجا تاجىدىننى بۇ جايىنى ساقلاشقا قويىدى. بۇ مەرتىۋىنى ئۇ كىشى 40 يىلدىن ئارتۇق تۇتۇپ تۇردى. خوجا تاجىدىن پات ـ پاتلا ئىنئام تەلەپ قىلىپ، بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى». ①

① «مىڭ ۋۇزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 112 ـ جىلد.

خوجاتاجىدىن بىلەن قۇمۇلدىكى ئىسلام مۆتىۋىرى شەيخ ھۆسەيىن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈۋالغانىدى. ئۇ شەيخ ھۆسەيىن بىلەن مەنسۇرخان ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينىدى ھەمدە شەيخ ھۆسەيىن ئارقىلىق قۇمۇلنىڭ ئىچكى ئىشلىرىدىن ۋاقىپ بولۇپ تۇردى. يەنە شەيخ ھۆسەيىن ئۈچۈن مەنسۇرخاننىڭ ئالدىغا ئەلچىلىككە بېرىپ، ئۇنى سىڭلىسىنى شەيخ ھۆسەيىنگە ياتلىق قىلىشقا كۆندۈردى. كېيىنكى كۈنلۈكتە شەيخ ھۆسەيىن مەنسۇرخاننىڭ ئالدىدا گۇناھ قىلىپ، مەنسۇرخان ئۇنى چېپىۋەتمەكچى بولغانىدىمۇ، خوجا تاجىدىن سالا قىلىپ يۈرۈپ ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرغانىدى. شەيخ ھۆسەيىن ئۇنىڭ بۇ شاپائىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، قۇمۇل ۋە ئالتۇن تامغىنى خوجا تاجىدىننىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى. جېگدې 10 - يىلى (مىلادىيە 1515 - يىلى) شەيخ ھۆسەيىن خوجا تاجىدىنغا گەنجۇ، سۇجۇنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئەھۋالىدىن يوشۇرۇن مەلۇمات يوللاپ، مەنسۇرخاننى قوشۇن تارتىپ سۇجۇدىكى ۋاڭزىجۇاڭ، كۇگۇ، چىجىن قاتارلىق جايلارنى تالان - تاراج قىلىشقا كۆندۈردى. گەنجۇ چېگرا ياساۋۇلى تاجىدىن خوجىنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىنىسى خوجا ساجىرنى تۇتۇپ قالدى. «تاجىدىن ئىنىسىنىڭ قاماقتا ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە يېڭىباشتىن قۇمۇل شەھىرىنى تارتىۋېلىپ، مەنسۇرنى شۇ يەرگە كۆچۈشكە تەۋسىيە قىلدى[1]. ئوردا ئۇنىڭغا قۇمۇل شەھىرىنى ۋە ئالتۇن تامغىنى قايتۇرۇش ھەققىدە قايتا - قايتا يارلىق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ تاپشۇرۇش تۈگۈل، ئەكسىچە گۆردىكى ئىنىسىغا خالىغانچە باھا قويۇپ تۆلەم تۆلەتۇزمەكچى بولدى. جىياجىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 1524 - يىلى) خوجا تاجىدىن سۇجۇغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە قوماندانلىق

① «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 329 - جىلد، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى ( I )»

قىلىۋاتقاندا، مىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئوقىدا ئۆلدى[1].

شەيخ ھۇسەيىن ئەسلىدە قۇمۇلدىكى ئۇپا ـ ئەڭلىك سودىگىرى بولۇپ، كېيىنچە مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ تۇتۇقلۇقىغا ئۆستۈرۈلگەنىدى. ئوردا ئۇنىڭغا موللا ھەسەن، ئۇيغۇر تۇتۇقى يەنكى بۇراق، شىبىن يەنتا قاتارلىقلار ھەمدەملىشىپ، ئەلنى ساداقەتمەنلىك بىلەن قوغداشنى يارلىق قىلغانىدى. شەيخ ھۇسەيىنىنىڭ بۇرۇندىنلا خانلىق ئورۇننى قولغا كىرگۈزۈش نىيىتى بار ئىدى. ئەھمەدخان، مەنسۇرخان ۋە خوجا تاجىدىن قاتارلىقلار بىلەن بىر قازاندا قايناۋاتقان بۇ كىشى، ھەر قېتىملىق قۇمۇلنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشىدا ئىزچىل ئىچكى قىسىمدىن ماسلاشقۇچى بولۇپ كەلدى. ئەھمەدخان قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلغاندا شەيخ ھۇسەيىن پىلان كۆرسىتىپ قۇدىلىشىشنى باھانە قىلىپ ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى؛ كېيىن يەنە ئەھمەدخان بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ساداقەتمەن بەگ شابانى تەقىپ ئاستىدا تۇرپانغا ئېلىپ كەتتى ۋە مەنسۇرخاننىڭ تاغىسى (ئانىسىنىڭ ئىنىسى) چىن تۆمۈرنى قۇمۇل بېگى قىلىپ تىكلىمەكچى بولدى. مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى بايازىدنى قۇمۇلغا بەگ قىلىپ تىكلىگەندە، شەيخ ھۇسەيىن دەرھاللا مەككارلارچە بايازىدنىنى قورقۇتۇپ: «سۇلتان مەنسۇرخاننىڭ خانزادىلىرى سىزنى ئادالەتسىزلىكتە ئەيىبلەپ قەتل قىلماقچى، بۇنىڭدىن ساقلىنىپ ئامان قېلىشنىڭ چارىسى دەرھال ئالدىنئالا ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتۇر» دېدى. قورقۇپ كەتكەن بايازىد ئىلاجسىز مۆھۈرنى ئېلىپ مەنسۇرخاننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. شەيخ ھۇسەيىن يەنە يەنكى بۇراق قاتارلىق ئاقساقاللارنى سۇجۇغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇرلاپ، شۇ ئارقىلىق قۇمۇلنى ئۇزۇن مەزگىل تىزگىنلەپ تۇرۇش مەقسىتىگە يەتتى. ئۇ مەنسۇرخانغا ياخشىچاق بولۇش

① يىن سوڭجيەن: «ياقا يۇرت خاتىرىلىرى» 13 ـ جىلد، «تۇرپان».

ئۇچۇن، ئۇنى «سۇجۇ ۋە گەنجۇنىڭ يېرى ئوبدان، ئۇ جايلارنى قولنى بىرلا شىلتىپ تارتىۋالغىلى بولىدۇ» دەپ قىزىقتۇردى. ئۇ يەنە «سۇلتان مەنسۇر كەلمەكچى بولغاندا ئاۋۋال قۇمۇلنى ئىگىلىشى كېرەك. شۇندىلا ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغلارنىڭ تەييارلىقىنى پۇختا ئىشلەپ، سۇجۇ بويلىرىغا بارماق ئوڭاي چۇشىدۇ. ئاۋامنى بۇلىغاندا، ھەر دائىم شەھەرلەرگە ئوت قويۇپ ماڭىمەن. سۇجۇنى تارتىۋالساق گەنجۇنىڭ قولغا كەلمەسلىكىدىن نېمە غەم» دېدى. ئۇ رازىمەنلىك بىلەن تۇرپان تەرەپتىكى ئايغاقچى بولۇپ بەردى، شۇنداقلا مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارىتا كۆز بويامچىلىق قىلىپ، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ قۇمۇل مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتمۇقات توسقۇنلۇقلارنى پەيدا قىلدى.

ئۇنىڭ تۇرلۇك - تۇمەن شۇملۇقلىرىدىن غەزەپلەنگەن مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى، جېڭدې 11 - يىلى (مىلادىيە 1516 - يىلى) ئۇنى تۇتۇپ ئەدلىيىگە تاپشۇردى. جېڭدې 16 - يىلى (مىلادىيە 1521 - يىلى) ئۇنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ، خوتۇنلىرى ۋە بالا - چاقىلىرى قۇل قىلىۋېتىلدى، مال - مۇلكى ئوردا ھېسابىغا ئۆتكۇزۇلدى①.

مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بىپەرۋالىق بىلەن كونترول قىلىشى نەتىجىسىدە، قۇمۇلنى ئىسلام كۈچلىرى ئىگىلەپ، بۇ جاينى يېڭى ئىسلامىيەت رايونىغا ئايلاندۇردى. قۇمۇل بەگلىرى ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىسلام دىنىغا كىردى، بايازىد بەگ بولغاندىن كېيىن تېزلا «سۇلتان» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «قاراغۇي، ئۇيغۇر قاتارلىق ئىككى قوۋم سۇجۇغا قېچىپ بېرىپ»② قايتىپ كېلىشنى خالىمىدى ھەممە شۇ يەرگە

---

① «شەيخ ھۇسەيىنگە تەزىيە»، «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل - تۇرپانغا ئائىت ماتېرىياللار»، 444 — 450 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى.

② «مىڭ شىزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 86 - جىلد.

ماكانلىشىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ ئىسلام دىنى شىنجاڭنىڭ ئەڭ شەرقىگىچە كېڭىيىپ باردى. جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىكى ئويراتلار لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا قازاق، قىرغىزلارمۇ ئۇزۇنغا قالماي ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. ئىسلام دىنى ئەنە شۇ يوسۇندا شىنجاڭ رايونىدىكى ئاساسلىق دىنلاردىن بولۇپ قالدى.

## 6. ئەرشىدىن خوجا جەمەتى

ئالدىنقى پاراگرافلاردىكى تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە موڭغۇللارنىڭ ئىسلامغا بەيئەت قىلىشىدىن تاكى كۇچا، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىشىغىچە بولغان جەريانىدا، ئەرشىدىن خوجا جەمەتىنىڭ پائالىيەتلىرى روشەن دەرىجىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ ھال مەزكۇر جەمەتنىڭ مۇشۇ مەزگىللەردە، ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىشىدا پەۋقۇلئاددە مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەرشىدىن خوجا جەمەتىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇخارا ۋادىسىدىكى سوپىلارنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ، «خوجا مەزھىپىگە تەۋە» «خوجىلاردىن ئىدى»[1] ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ جەمەت ئەڭ دەسلەپ «خوجا» دېگەن نامدا ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى ئىسلام مۆتىۋەرلىرى ئارىسىغا كىرىپ كەلگەنىدى. ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىدىلا ئەمەس، يەنە سوپىلار مەزھىپىدىكى مىستىكىزم (تىلسىماتچىلىق) ئىدىيىسىنىڭ تارقىلىشىدىمۇ مۇھىم روللارنى ئوينىدى.

«خوجا» («khwaja») — پارسچە سۆز بولۇپ، «ئىگە، خوجايىن» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، كېيىنچە سۆز مەنىسى

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدى» 1 - قىسىم، 159 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى

كېڭىيىپ «جاناب»، «تۆرەم» «ئالىيلىرى»، «چوڭام» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرگەن. بۇ سۆزنىڭ پېرسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ مىقياستا ئىشلىتىلىشى بىلەن تەدرىجىي كاتتىلار ۋە نامدارلارنى بىلدۈرىدىغان ھۆرمەت مەنىسىدىكى ئاتاق بولۇپ قالغان. ئىراق، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلامىيەت ئاتالغۇلىرى ئىچىدە بۇ ئىبارە «پەيغەمبەرلەر ئەۋلادى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئەرەبچىدىكى «سەئىد»[1]. بۇ پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى خاس مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە تۆت خەلىپىنىڭ ئەۋلادلىرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ، دەيدىغان پىكىرمۇ مەۋجۇت. شىنجاڭ خوجىلىرى ھەمىشە ئۆزلىرىنى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ قىزى فاتىمە بىلەن ئەلىنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ ئاتايدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەترابلىرىدا سانى خېلىلا كۆپ خوجىلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ سالاھىيىتى ئىشەنچلىك ئەمەس ئىدى. «خوجا نامىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭغا كىرگەن بەزى مۇسۇلمان زاتلارنىڭ قان سىستېمىسى ۋە سالاھىيىتى بولسا، تېخىمۇ بەكرەك گەپ توغرا كەلمەيدىغان مەسىلە ئىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ قوللىرىدا ھەمىشە بىردىن «شەجەرىنامە» ياكى «پەيغەمبەرلەرنىڭ شەجەرىسى» دېگەندەك يازمىلار بولۇپ، بۇ يازمىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ياسىۋېلىنغان نەرسە ئىكەنلىكى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى. ھالبۇكى، ئەينى ۋاقىتتا ھېچكىممۇ بۇ خىل قانداشلىق ۋە سالاھىيەتنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايتتى. ئەكسىچە ئاۋامنىڭ ئىبتىراپ قىلىشىغا ئېرىشۋالغاندىن كېيىنلا، بۇ كىشىلەر مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، دىنىي ئاقسۆڭەكلەردىن بولۇپ قالاتتى ۋە كىشىلەرنىڭ چوقۇنۇش

---

① بىلىن مەنداش ئىدى«جۇڭگو ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 212 ـ بەت؛ سىچۇەن لۇغەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىل نەشرى.

ئوبيېكتى بولۇپ قالاتتى. خوجىلار يەنە تەدرىجىي سوپىلار مەزھىپىنىڭ سەردارلىرىدىن بولۇۋېلىپ، بۇ ھالنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ ئەنئەنىۋى تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇۋالدى. تۆمۈرلەر سۇلالىسىدىن كېيىن خوجىلارنىڭ ئورنى بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولغۇچى دىنىي فېئوداللار گۇرۇھى بولۇپ شەكىللەندى.

خوجىلارنىڭ سوپىزىم مۇرىتلىرىنى شۇ قەدەر ئۆزىگە جەلپ قىلالىشى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى تەشۋىق قىلغىنىدەك «پەيغەمبەر ئەۋلادى» غا خاس قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە تايىنىپ، «بىۋاسىتە ئاللانىڭ ۋەھىيلىرىنى قوبۇل قىلالايدىغانلىقى» ، شۇ ئارقىلىق پانىي دۇنيا كىشىلىرىگە تەبىئەت كۈچلىرىدىن ھالقىغان «كارامەت» لەرنى كۆرسىتەلەيدىغانلىقى ئىدى. خوجىلارنىڭ تىزگىنلىشىدىكى سوپىزىم تەرەپدارلىرى خوجىلار جەمەتىدەك دىنىي يادروغا تايىنىپ، مۇرىتلارنىڭ قارىغۇلارچە چوقۇنۇشىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا يەنە خېلىلا مۇكەممەل تەشكىلىي سىستېما بولۇپ، ئىسلام دىنىدىكى نىسبەتەن جانلىق دىنىي مەزھەپ بولۇپ قالغانىدى. ئىسلام ھۆكۈمرانلىرى بۇ دىنىي كۈچلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداشقا ئېھتىياجلىق بولغاچقا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خوجىلارنىڭ تەسىر كۈچى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ، تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈردى.

شىنجاڭ ئىسلام ۋەسىقىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەرشىدىن خوجىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى بۇخارادىن بولۇپ، ئۇلۇغ بوۋىسى شۇجاۋۇدىن مەھمۇد دېگەن كىشى بۇخارادىكى سوپىلارنىڭ نامدار ئاقساقىلى ئىكەن. چىڭگىزخان بۇخارانى ئىشغال قىلغاندا، شۇجاۋۇدىن مەھمۇد شىنجاڭنىڭ قاراقۇم رايونىغا سۈرگۈن

قىلىنغان بولۇپ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تۇرپان بىلەن خوتەن ئارىلىقىدىكى لوپ، كېتىك شەھىرىگەبېرىپ قالغان. بۇ جاي ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «بۇ جاي سودا كارۋانلىرى ئۆتىدىغان جاي بولۇپ، كارۋانلار بۇ جايدا دەم ئالغاچ كەم - كۈتىلىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە كېيىنكى چۆل - جەزىرە سەپىرىگە تەييارلىق قىلىدۇ» . ماركوپولو يەنە يەرلىك كىشىلەرنى «ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ»① ، دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئەرشىدىنىڭ دادىسى جالالىدىن مۇشۇ شەھەردە سوپىزم تەرىقىتىنى تارقاتقان بولسىمۇ، يەرلىك ئاھالىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئاران 15 مۇرىتى بولغانىكەن. كېيىن بىر قېتىملىق دەھشەتلىك قۇم كۆچۈشتە لوپ، كېتىك شەھىرى قۇم ئاستىدا قېلىپ، جالالىدىن مۇرىتلىرىنى باشلاپ ئاقسۇغا قاچقان ۋە مۇشۇ جايدا تۇغلۇق تۆمۈر بىلەن ئۇچراشقانىكەن. بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش قويۇق دراماتىك تۈسكە ئىگە بولغانىدى: ئەينى ۋاقىتتا تۇغلۇق تۆمۈر قورشاۋ ئوۋ قىلىۋاتقان بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ قانۇنى بويىچە خان جەمەتىدىكىلەر قورشاۋ ئوۋ قىلغاندا، ھەر قانداق كىشى ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشى كېرەك ئىدى. خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئۆلۈمگە بۇيرۇلاتتى. بىراق، جالالىدىن يوشۇرۇنۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەچكە تۇتۇلۇپ قالىدۇ. خان ئۇنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنى قەستەن ھاقارەتلەيدۇ. جالالىدىن دانالىق بىلەن دىنىي پەلسەپىلەرگە باي ئىبارىلەر بىلەن ئۆز غورۇرىنى قوغداپ، تۇغلۇق تۆمۈرنى قايىل قىلىدۇ. خان ئۇنى خىلۋەت جايغا تارتىپ ئۇنىڭدىن ئىسلام ئەھكاملىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرىيىتى توغرۇلۇق تەپسىلىي مەلۇماتلارنى سورايدۇ. خان بۇنىڭدىن قاتتىق خۇرسەن بولۇپ: «ناۋادا مەن

① ماركوپولو: «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» ، 47 - بەت، فۇجيەن پەن - تېخنىكا نەشرىياتى، 1981 - يىلى نەشرى.

خان بولۇپ ئەڭ ئالىي ھوقۇقنى ئىگىلىسەم، جەزمەن يېنىمغا كېلىڭ، مەن شۇ ۋاقىتتا چوقۇم مۇسۇلمان بولىمەن»، [1] دەيدۇ. شۇ قېتىملىق يوشۇرۇن سۆھبەت بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا جالالىدىن كېسەل تۈپەيلىدىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئەرشىدىنگە: «ئىككىسى پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلاپ قېلىۋاتىدۇ. سىزگە بىر ئىشنى ھاۋالە قىلىمەن، ناۋادا شۇ كىشى خان بولۇپ قالسا، ئۇنى ۋەدىسىنى ئورۇنداپ مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلىڭ»، دەپ ۋەسىيەت قىلىندۇ. كېيىن ئەرشىدىن ئوردىغا كەلگەن بولسىمۇ، مۇھاپىزەت ئىشلىرىنىڭ قاتتىقلىقى تۈپەيلىدىن، خان بىلەن كۆرۈشۈشكە ئامالسىز قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەركۈنى سەھەردە خان ئوردىسىغا يېقىن جايدا يۇقىرى ئاۋازدا ئەزان توۋلاپ، ئاخىر خاننىڭ دىققىتىنى تارتىپ، ئوردىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئەرشىدىن خوجا خانغا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ خاننىڭ ۋەدىسىنى تىلغا ئالىدۇ. خان تولىمۇ خۇشال بولۇپ، شۇ كۈنىلا دىنغا كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. كېيىنچە بولسا موڭغۇللارنى ئىسلامغا كىرىشكە دەۋەت قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ.

ئەنە شۇ تۆھپىلىرى تۈپەيلىدىن ئەرشىدىن خوجا ئۆز جەمەتىنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى دىنىي ئورنىغا ئاساس سالالىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنى ئۆزىنىڭ خاس ئۇستازى ۋە ئەقىلدارلىققا تەيىنلەپ، پۈتكۈل ئەلنىڭ شەيخۇلئىسلاملىقىغا قويدى، شۇنداقلا بۇ مەرتىۋە ـ ئىمتىيازلارنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس قېلىشىغا ئىجازەت بەردى. كۇچا بىلەن ئاقسۇ ئەرشىدىن خوجا جەمەتىنىڭ دىنىي ۋەخپىسى قىلىپ بېكىتىلدى. شۇنداق قىلىپ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا كۇچانى مەركەز قىلغان ئىسلام كۈچلىرى بارلىققا كەلدى.

---

[1] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى» 1 ـ قىسىم، 163 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.

ئەرشىدىن خوجا ئالمالىقتا تۇرغان بىر يىلدا ئۇستازلىق سالاھىيەت بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ئىسلام ئەھكاملىرى، ناماز قائىدىلىرى، روزا ۋە سوپىزم تەلىماتلىرىنى ئۆگەتتى. ئۇ كۇچادا قۇرغان «ۋەلىيە مەدرىسە» سىنى قۇرغاندىمۇ تۇغلۇق تۆمۈرخان زور كۈچ بىلەن ماددىي ياردەم بەرگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى خان جەمەتى ئەزالىرى ۋە بەگ - تۆرىلەر ئاساسەن مۇشۇ مەدرىسەدە دىنىي تەربىيە ئالاتتى. بۇ مەدرىسە ئەرشىدىن خوجا جەمەتى ۋە سوپىستلارنىڭ تەربىيە مەركىزى بولۇپ؛ كۆپلىگەن سوپىستلار تەربىيىلەنگەنىدى. بۇ مۇرىتلار ئاقسۇ، تۇرپان، چالىش ۋە قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن قاتارلىق جايلارغا تەقسىملەنگەندىن كېيىن، ئەرشىدىن خوجا جەمەتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سوپىزمنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشىغا شارائىت ھازىرلىدى.

ئەرشىدىن خوجا ئۆلگەندىن كېيىن چوڭ ئوغلى غوپۇر فاتىمىدىن شەيخۇلئىسلاملىقتا ۋارىسلىق قىلدى، ئىككىنچى ئوغلى ئەبۇ نەسىردىن تۇرپانغا دىن تارقىتىشقا ئەۋەتىلدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئەبۇ نەسىردىن خىزىر خوجىنىڭ تۇرپاننى ئىشغال قىلىشىغا ھەمدەملىشىپ، تۇرپان رايونىنىڭ شەيخۇلئىسلامى بولدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان تەختتىكى ۋاقتىدا ئەرشىدىن خوجىغا ئىنئام قىلغان ئىمتىيازلارنىڭ مۇھىم بىر تۈرى، خانلارنىڭ تەختكە چىقىشى ۋە ۋەزىرلەرنىڭ ۋەزىپىگە قويۇلۇشىدا شەيخۇلئىسلامنىڭ «ئېتىراپ قىلىشى» دىن ئۆتكۈزۈش ۋە دىنىي خاراكتېردىكى تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان جان ئۈزۈش ئالدىدا ھەرقايسى خان تېكىنلەر ۋە ئەمىرلەرگە: «مەن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغاندىن كېيىن ھەر قايسىڭلار كۇچا دىيارىغا بېرىپ، ئەرشىدىن خوجىنىڭ ھۆكمىگە قۇلاق سېلىڭلار. ھەممىڭلار ئۇنىڭ دېگىنىگە شۇبھە

قىلمىغايسىلەر. ئوغۇللىرىمدىن كىمنى پادىشاھ قىلىشنى ئىختىيار ئەتسە، شۇ «پادىشاھ بولسۇن»[①] دەپ ۋەسىيەت قىلدى. كېيىن خىزىر خوجىخان تەختكە چىقىدىغان ۋاقىتتا ۋەزىر خۇدايداد 32 مەنسەپدار، 100 ئات، 500 كالا، 1000 قوي، 50 تۆگە ۋە 15 قۇلنى ئېلىپ خاس ئەرشىدىن خوجىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كۇچاغا يول ئالغان.

شەيخۇلئىسلامنىڭ «شاپائىتى» دىن كېيىن خىزىر خوجا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. كېيىنكى كۈنلۈكتە «شەيخۇلئىسلامنىڭ ئېتىراپ قىلىشى» بىر خىل تۈزۈمگە ئايلىنىپ، ئەرشىدىن خوجا جەمەتىنىڭ بىر تۈرلۈك سىياسىي ئىمتىيازى بولۇپ قالدى. مۇھەممەدخان، ئۇۋەيسخان قاتارلىقلارمۇ تەختكە چىقىدىغان ۋاقىتتا، شەيخۇلئىسلام غوپۇر فاتىھەنىڭ «ئىجازىتى» نى ئالغانىدى. ھالبۇكى، «شەيخۇلئىسلامنىڭ ئىجازىتىدىن ئۆتكۈزۈش» تەك بۇ خىل ئۇسۇلدا ھەمىشە دىنىي مۇراسىم خاراكتېرى بولاتتى. چۈنكى، خانلىق تەختىنىڭ قولغا كېلىشى ھەمىشە ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بەگلەرنىڭ قورال كۈچى ئارقىلىق تارتىۋېلىشى بىلەن ئىشقا ئاشاتتى. بۇ خىل «شەيخۇلئىسلامنىڭ ئىجازىتىدىن ئۆتكۈزۈش» تۈزۈمى، ئەمەلىيەتتە چاغاتاي خانلىرىنىڭ مىراس قالدىغان تەخت ھاكىمىيەتكە بىر قەۋەت دىنىي تۈس بېرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇ ئەھۋال چاغاتاي خانلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ ئىسلام مۆتىۋەرلىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ قوغداش ۋە مۇستەھكەملەشكە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭدىكى خوجىلارنىڭ تەسىرىنىڭ چاغاتاي خانلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن گۈللەنگەنلىكى ۋە قۇدرەت تاپقانلىقىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

---

① «تەزكىرەئى تۇغلۇق تۆمۈرخان» ، (چاغاتايچە قولىيازما) ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى يىغىپ ساقلىغان.

ئەرشىدىن خوجا جەمەتى سىياسىي جەھەتتە زور نوپۇزغا ئىگە بولۇپلا قالماي، دىنىي جەھەتتىمۇ كەڭ مۇخلىسلارنى تىزگىنلەپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن غايەت زور مەنپەئەتكە ئېرىشتى ۋە تەدرىجىي ھالدا شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ چوڭ دىنىي فېئودال بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بايلىقى ئاساسەن فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ «ئىنئام» ى، مۇخلىسلارنىڭ ئاتىغىنى ۋە باشقا تالان - تاراجلارنى مەنبە قىلاتتى. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شىرئەلى ئوغلان خان تەختتىكى ۋاقىتتا خان خوجا غوپۇر فاتىھدىننىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ئاقسۇدىن 500 نەپەر دېھقاننى مەجبۇرىي يوسۇندا ئاقسۇنىڭ ئايكۆل دېگەن يېرىدە جامالىددىننىڭ نامىدا بىر قورۇق بەرپا قىلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ دېھقانلار قورۇقتىكى «يانچى» لارغا ئايلىنىپ، خوجىلار جەمەتىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرايدۇ. كۇچا، ئاقسۇ، تۇرپان قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىلا خانلار ئىنئام قىلغان كەڭ ۋە مۇنبەت يەرلەر خوجىلار جەمەتىنىڭ قورۇقلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. مەسىلەن، كۇچادىكى ياقا ئۆستىڭى، ئۆگەن ئۆستىڭى، تۇرپاندىكى ئۆستەڭ جايى ئۆستىڭى قاتارلىقلار بىردەك خوجىلار جەمەتىگە تەۋە ئىدى. خوجىلار جەمەتى يەنە مۇخلىسلار مەسچىت - مەدرىسەلەرگە ۋەخپە قىلغان يەرلەر ۋە مۈلۈكلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ، بۇ يەرلەرنى قايتىدىن ۋەيران بولغان دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرەتتى ۋە ئارىسىدىن %50 دىن ئارتۇق ھوسۇلنى ئۆزى سوقاتتى. ئۇنىڭدىن سىرت ئۇلار يەنە ھوقۇقى ۋە ئورنىدىن پايدىلىنىپ، جايلارنىڭ سودا ئىشلىرىنى تىزگىنلەپ، بازارلارنى مونوپۇل قىلىپ، پۇل - ماللارنى ئاشكارا سۇقۇۋالاتتى، يەنە يۇقىرى ئۆسۈمدە قەرز تارقىتىپ كۆپلىگەن پايدا يەيتتى. «تارىخى رەشىدى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مەزكۇر خوجىلار جەمەتى «دېھقانچىلىق ۋە سودا ساھەسىدە كاتتا بايلىق ساھابىلىرىدىن بولۇپ، (خوجا تاجىدىن ۋە

ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىدۇ) نىمىنى خالىسا، شۇ نەرسە دەرھال تەل بولاتتى. ھېچكىممۇ چىش يېرىپ بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. ئەلنىڭ ئىشلىرىدىن ئۇنىڭ ئىجازىتىسىز قىل تەۋرەتمەيتتى»[①].

ئەرشىدىن خوجا جەمەتىنىڭ تەسىرى ئۈزلۈكسىز زورىيىپ بارغانچە سىياسىيغا كۆپلەپ قول تىقتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ چاغاتاي خانلىرى بىلەن بولغان زىددىيىتىمۇ بارغانچە ئاشكارىلاندى ۋە ئۆتكۈرلەشتى. خانلار ئوتتۇرىسىدىكى بۆلۈنۈش ۋە ھەرقايسى خانلارنىڭ خوجىلارنىڭ خانلارنىڭ ھوقۇقىنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنۇش تەھدىتىدىن بارغانچە ئىزتىراپقا چۈشۈشى نەتىجىسىدىن، ئەرشىدىن خوجا جەمەتىنىڭ خانلىقتىكى دىنىي ھۆكۈمرانلىق ئورنى تەۋرىنىپ قېلىشقا باشلىدى. ئۇۋەيسخان تەختكە چىققاندا غوپۇر فاتىھدىنىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى. ئەمما، مەزكۇر خوجا ئۇۋەيسخانىنىڭ تازا دېگەن يەردىن چىقمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىرلا ئۆرۈلۈپ ئۇۋەيسخان بىلەن تەخت تالاشقان شىر مۇھەممەدنى قوللاپ، ئۇۋەيسخاننى تەختنى بوشىتىشقا قىستىدى. كېيىن، ئۇۋەيسخان قايتا خان بولغاندىن كېيىن بۇخارادىكى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ كالانى داموللا قىلىنۋالدى ھەمدە سىياسىي ۋە دىنىي جەھەتتىن ئەرشىدىن خوجا جەمەتىنىڭ تەسىرىگە زەربە بەردى. ئۇۋەيسخاننىڭ ئوغلى يۇنۇسخانمۇ غەزەرلىك ھالدا بۇ جەمەتتىن يىراقلىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن سوپىيلار كاتتىۋېشى بىلەن ئېرماش ـ چىرماش بولۇپ كەتتى. كېيىنچە ئەرشىدىن خوجا جەمەتى تۇرپان ـ چالىش رايونىنى بېسىپ ياتقان ئېسەن بۇقاخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى ئەھمادخان، مەنسۇرخان قاتارلىقلارغا تايىنىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ خانلىقنىڭ باشقا جايلىرىدىكى تەسىرى جىق

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدى»، 1 ـ قىسىم، 346 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.

ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. مىلادىيە XVI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا باش كۆتۈرگەن نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ بىر تارمىقى بولغان خوجىلار جەمەتى شىنجاڭغا كىرىپ، تەدرىجىي ئەرشىدىن خوجا جەمەتىنىڭ دىنىي ئورنىنى ئىگىلىدى. ئەمما ئەرشىدىن جەمەتى كۇچا رايونىدا يەنىلا چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە ئىدى. تاكى يېقىنقى زامانغا قەدەر بۇ جەمەتنىڭ ۋارىسلىرى كۇچا رايونىدىكى ئىسلامىيەت ساھەسىدە سەردارلىق ئورنىنى ئىگىلەپ كەلگەنىدى.

# تۆتىنچى باب شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت

## 1. ئىجتىمائىي ئىقتىساد

شەرقىي چاغاتاي خانلىقى مەزگىلى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بۆلۈنۈش ۋە قوشۇلۇشىدىكى مۇھىم تارىخىي دەۋر ئىدى. بۇ مەزگىلدە ھەر مىللەت خەلقــــى ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئۆزئارا قوشۇلۇشتى ۋە ئىقتىســـــاد، مەدەنىـــيەت جەھەتلەردە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بىراق، شەرقىــــي چاغاتاي خانلىقىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات تولىمۇ ئېگىز - پەس بولدى. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىــــرى ھۆكۈمرانلىق مەركىزىدىن يىراق بولغانلىقى، ئۇرۇش ۋە باشقا سۈنئىي بۇزغۇنچىلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئاز ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى نىسپىي مۇقىم بولدى؛ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئىقتىســـــادىي ئەھۋال داۋالغۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتىگە دۇچ كېلىپ، دېھقانچىلىق ئىگىلىكىمۇ بىــــردە ياخشىلىنىپ، بىردە ناچارلىشىپ تۇردى.

ئالمالىقنى مەركەز قىلغان ئىلى رايونى خانلىقنىڭ ئاساسلىق چارۋىچىلىق بازىسى ئىدى. بۇ جاينىڭ ھۇزۇر بەخش كىلىماتى ۋە بۇلۇق ئوت - چۆپ، سۇ مەنبەلىرى چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىتلارنى يارىتىپ بەرگەنىدى. شۇڭا، بۇ جاي تارىختىن بۇيان كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ تالىشىش نۇقتىسى بولۇپ قالغانىدى. خانلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئالمالىــــقىنىڭ

چارۋىچىلىقى بەكلا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، يايلاۋاتقان ئات، كالا ـ قويلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلارنىڭ سانىنى ھېچكىممۇ دەپ بېرەلمەيتتى. بىر مۇئەللىپ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «چارۋا ـ ماللار بۇ جايدا بەلگىلەنگەن يايلاق دائىرىسىدە ئەمەس، بەلكى ئالمالىقنىڭ كەڭ دالاسىدا ئەركىن ئوتلايدىكەن، ئۇلارنىڭ يەرگە چۈشكەن سايىسى ھەتتا قۇياش نۇرىنىمۇ ئۆتكۈزمەيدىكەن». ئۇ يەنە مۇنداق دېيدۇ: «ناۋادا ئالمالىق يايلىقىدىكى سان ـ ساناقسىز ۋە شىددەت بىلەن كۆپىيىۋاتقان يىلقا ـ قوي پادىلىرى بىر زامان ھېچبىر ئاپەتكە دۇچار بولمىسىلا، چارۋا سودىسى يوقالغۇدەك (يەنى باھاسى چۈشۈرۈۋېرىپ، ئاخىر پۇلغا يارىماس بولۇپ قالغۇدەك)»①

ئالمالىقتىن چىقىدىغان ياخشى ئاتنىڭ، يەنى ئىلى ئېتىنىڭ خەن ـ تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىلا «تۇلپار» دېگەن چىرايلىق نامى بار ئىدى. ئات ئۇرۇش ـ جەڭدىن باشقا دېھقانچىلىق، قاتناش ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتا كەڭ ئىشلىتىلەتتى. كۆچمەنلەر يىلقىنى ئەڭ قىممەتلىك مۈلۈك قاتارىدا كۆرىدىغان بولۇپ، يىلقا تۇپلىرىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ھەمىشە بىرەر قوۋمنىڭ گۈللىنىشى ياكى ھالاك بولۇشىنىڭ ئىنكاسى ھېسابلىناتتى. بۇ جايدىن چىقىدىغان قويلارنىڭ گۆشى تەملىك بولۇپلا قالماي يۇڭ، تېرىسىمۇ سۈپەتلىك ئىدى، شۇڭا يۇڭ توقۇمىچىلىقىنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى بولۇپ قالغانىدى. يۇڭ ـ تېرە سودىسى پۈتكۈل چارۋا سودىسىدا ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيتتى. قىمىز چارۋىچىلارنىڭ ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئىچىملىكى ئىدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئالمالىقتا دېھقانچىلىق ئىگىلىكى مەجۇت بولغانىدى. بۇ ھەقتە ئالدىنقى بابتا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ياللۇغ چۇساي، چاڭدى قاتارلىق كىشىلەر

① ئۆمەرى: «كۆزدىن ئۆتكەن ئەللەر ھەققىدە خاتىرە»، «موڭغۇل تارىخىغا ئائىت پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى»، 33 — 32 ـ توپلام، 94 ـ بەت، ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى، موڭغۇل تارىخى تەتقىقات ئورنى تۈزگەن، 1984 ـ يىل نەشرى.

«بېقىندى شەھەردىن سەككىز - توققۇزى بار»، «جۇڭگودىكىگە ئوخشاش بەش خىل ئاشلىق زىرائىتىنىڭ ھەممىسى تېرىلىدۇ» دېگەندەك خاتىرىلەرنى قالدۇرغانىدى. بۇ ئەھۋال ئەينى ۋاقىتتا مەزكۇر رايوندىكى دېھقانچىلىقنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدە كۆلەملەشكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى دېھقانچىلىق قىلغۇچىلار ئاساسەن خەنزۇلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا كۆچمەنلىرى ئىدى. بىراق، تۆمۈرلەڭ ئىستىلاسىدىن كېيىن شەھەرلەر چۆلدەرەپ، دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى يېڭىباشتىن يايلاق قىلىنىۋېتىلدى. نەتىجىدە نەچچە ئەسىرگىچە بۇ جايدا دېھقانچىلىق ئىگىلىكى قايتا مەۋجۇت بولالمىدى. بۇنىڭدىن سىرت تۆمۈرلەڭ ھەر قېتىمقى ئىستىلادىن كېيىن مال - ۋارانلارنى توپ - توپى بىلەنلا ماۋرائۇننەھرگە ھەيدەپ كەتكەچكە، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى تېزدىن خارابىلىشىشقا يۈزلەندى، كەڭ يايلاقلاردا مال - پادىلارنىڭ ئىزناسىنى كۆرۈشمۇ ئاجايىپ ئىشلاردىن ھېسابلىنىدىغان بولۇپ قالدى. خىزىر خوجىخان كۆچۈپ كەلگەن بېشبالىق رايونى بولسا، تەبىئىي شارائىت جەھەتتە ئالمالىققا زادىلا يەتمەيتتى. كېيىن ئۇۋەيسخان ئىلى رايونىغا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ۋاقىتتىكى خانلىقنىڭ كونتروللۇقىدا تۇرۇۋاتقان يايلاق ھېچقانچىلىك ئەمەس ئىدى. ئۇۋەيسخاننىڭ تۇرپاندا ئۆز قولى بىلەن تېرىقچىلىق قىلىپ ئاشلىقتا ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلىشى، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاكىمىيەتنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالمايۋاتقانلىقىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. بۇ مەزگىلدە بىر بۆلەك موڭغۇللار تۇرپان رايونىدا ئولتۇراقلىشىشقا مەجبۇر بولۇپ، دېھقانچىلىق ياكى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. بۇمۇ خانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ھاكىمىيەتنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان ئىقتىسادىي ئامىل ئىدى.

قەشقەردىكى ھەرقايسى جايلاردا دۇغلات جەمەتىنىڭ

ئىدارىسى ئاستىدا، ھەرقايسى خان - پادىشاھلارنىڭ ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان ۋەيرانچىلىق ئوڭشىلىپلا قالماي، يەنە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئالغا سىلجىدى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ئەسىرىدە كۆپ قېتىم ئاتا - بوۋىلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلارنىڭ ئاۋات مەنزىرىسىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. بولۇپمۇ مىرزا ئابابەكرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى ئىدى. چۈنكى، موڭغۇللارغا باج تاپشۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىغاچقا، خەلق تۇرمۇشى ئىلگىرىكىدىن باياشات ئىدى، دۆلەت خەزىنىسىمۇ تويۇنغان ھالەتتە ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ھەرقايسى جايلاردا غول ئۆستەڭلەر چېپىلىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆلىمى كېڭەيدى، نوپۇسمۇ مۇناسىپ يوسۇندا ئاشتى. مەسىلەن، خوتەن «ئېلى» دە مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى «كىشىلەرنىڭ سانى بىر تۈمەنچە قالغان بولۇپ، ھەممىسىلا دېگۈدەك تاغلىق جايلاردىن پىنھان ماكان تۇتقانىدى»①. مىلادىيە XVI ئەسىرگە كەلگەندە بولسا، بۇ جايدىكى نوپۇس 50 مىڭغا يەتكەنىدى. خوتەن رايونىدىكى «ئۈجمە، كەندىر، سۆك، تېرىق قاتارلىقلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئوپمۇئوخشاش تېرىلاتتى». بۇ جاينىڭ يىپەكچىلىك قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئىشلەپ چىقارغان بىر خىل «ئۇيغۇر دۇردۇنى» يىراق - يېقىنغا داڭلىق ئىدى. قاشتېشى قېزىش ۋە قاشتېشى پىششىقلاپ ئىشلەشمۇ خوتەننىڭ ئەنئەنىۋى سانائەتلىرىدىن ئىدى. چېۋەر ۋە سودىغا پىشقان خوتەنلىكلەر ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقارغان ئۇيغۇر دۇردۇنى، گۈللۈك دارايى، گىلەم، قاشتېشى جابدۇقلار، سىماب، كەھرىۋا ۋە تۈرلۈك ئىپار - ئەنبەرلەرنى

---

① شىن ماۋشاڭ: «كونا پىتىشتىكى تائىپلار ھەققىدە خاتىرە» - «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى»، 150 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى.

جاي ـ جايلارغا توشۇپ، كۆپلەپ پايدا ئالدى ۋە «تەدرىجىي بېيىپ كەتتى»[1]. يەكەن رايونىنىڭ دېھقانچىلىقى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، سۇ ئىنشائاتى ۋە ئېتىزلارنى باشقۇرۇش مۇئەييەن سەۋىيىگە يەتكەنىدى. ئابابەكرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە يەكەن پايتەخت قىلىنغان بولۇپ، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئورۇن جەھەتتىن قەشقەردىن ھالقىپ كەتكەن ھەمدە تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ چوڭ تاۋار بازىرى بولۇپ، تەدرىجىي گۈللەنگەنىدى.

تۇرپان — ئۆز ئالدىغا ئىقتىساد ۋە مەمۇرىيەت رايونى ئىدى. جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن، تۇرپاننىڭ موڭغۇللار بىلەن بولغان ئالاقىسى قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەرنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ چۈشەتتى. بۇ مەزگىللەردە موڭغۇللارنىڭ كىرىشى ۋە ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىشى بىلەن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر روياپقا چىقىشقا باشلىدى، چارۋىچىلىقنىڭ تەركىبىي قىسمىدىمۇ بەزى ئېشىش ھادىسىسى كۆرۈلدى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي ھۆججەتلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: «تۇرپاننىڭ ··· يېرى كەندىر ۋە بۇغداي تېرىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ، شال ئۆستۈرۈشكە ئىمكانىيەت يوق، بۇ جايدىن شاپتۇل[2]، ئۈرۈك، چىلان، كاشتان چىقىدۇ. ئۈزۈمى بەكمۇ كۆپ، چارۋىلاردىنمۇ قوي ۋە ئات بار»، «قۇجۇدا ئات، تۆگە، چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي كۆپ»،[3] كارىز بۇ رايوننىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا مۇھىم سۇغىرىش ئەسلىھەسى ئىدى. كارىز ئادەتتە «قۇدۇق ئۆستەڭ» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، تىك قۇدۇق، يەر ئاستى ئۆستىڭى، ئۈستى ئوچۇق

---

① شېن ماۋشاڭ: «كۇنى پېتىشتىكى ئائىيلار ھەققىدە خاتىرە»، «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى»، 147 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىل نەشرى.

② چېن چېڭ: «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر ھەققىدە قىسسە».

③ چېن شۈن: «ئالەمنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، 117 ـ بەت.

ئۆستەڭ، كۆل قاتارلىقلاردىن تۈزۈلەتتى. كىشىلەر ئاۋۋال تاغ باغرىدىن سۇ تومۇرىنى تېپىپ، ئاندىن تاغ باغرىنى بويلاپ نۇرغۇنلىغان تىك قۇدۇقلارنى كولاپ چىقىدۇ، ئاندىن بۇ قۇدۇقلارنى يەر ئاستى ئۆستىڭى شەكلىدە تۇتاشتۇرۇپ، سۇ ئېتىزلىقلارغا يېقىن جايدىكى ئۇستى ئوچۇق ئۆستەڭلەرگە باشلىنىدۇ، ئاندىن كۆلگە قۇيۇلۇپ توپلىنىدۇ ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ سۇغىرىش ياكى ئىستېمالغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى، قۇرغاق رايون تۇرپاندىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇزۇن مەزگىل تەبىئەت بىلەن كۆرەش قىلىش جەريانىدىكى ئەقىل - پاراستىنىڭ جەۋھىرى ئىدى.

بۇ مەزگىللەردە پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى يەنىلا ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش ئاساسىدىكى فېئوداللىق ناتۇرال ئىگىلىك ھالىتىدە ئىدى. يېزىلاردا تېرىقچىلىق ۋە باقمىچىلىق ئاساس قىلىنغان بولۇپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، شال، قوناق، چۈژگۈن، پۇرچاق ۋە پاختا، كەندىر قاتارلىقلار بار ئىدى. يەنە ئۈزۈم، قوغۇن - تاۋۇز ۋە كۆكتاتلاردىن تۇرۇپ، پىياز، چىگسەي، بېدە قاتارلىقلار ئۆستۈرۈلەتتى. چارۋىلاردىن قوي، كالا، ئېشەك، قېچىر قاتارلىقلار بېقىلاتتى. شەھەرلەر قول سانائەت ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە بازار سودىسىنى ئاساس قىلاتتى، قول ھۈنەرۋەنلەر ئۆينى كاسىبخانا قىلىپلا يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك دېگەندەك لازىمەتلىكلەرنى، مىس ۋە تۆمۈر جابدۇقلارنى، دېھقانچىلىق ۋە قول - ھۈنەرۋەنچىلىك جابدۇقلىرىنى، شۇنداقلا كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئۆزى ئىشلەپ، ئۆز ئېھتىياجىنى قامدايتتى. بۇ خىل تەبىئىي ئىگىلىك ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تازا ئەۋجىگە چىققاندىن كېيىنمۇ تېزلا ئەسلىگە كېلەلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئۇزۇنغىچە بىرقەدەر ئىپتىدائىي سەۋىيىدە تۇرۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇپ

قالدى.

يانچىلىق تۈزۈمىمۇ خانلىق مەزگىلىدە كەڭ يۈرگۈزۈلدى. چاغاتاي خانلىرى، فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ۋە دىنىي تۆرىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا كۆپلىگەن يانچىلىرى ۋە ئۆي قۇللىرى بار ئىدى. چاغاتاي خانلىرى ھەر قېتىم تەختكە چىققاندا فېئودال ئاقسۆڭەكلەر مۇبارەكلەپ بىرىپ قۇتلۇقلايتتى. سوۋغا قىلىنىدىغان تەبرىك بۇيۇملىرى ئىچىدە ئات، كالا ـ قوي قاتارلىقلار بولغاندىن سىرت يەنە قۇللارمۇ بولاتتى. خانلارمۇ تۆۋەندىكى مەنسەپدارلارنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن ھەممىشە ئۇلارغا قۇللارنى سوۋغات بۇيۇمى ئورنىدا ھەدىيە قىلىپ تۇراتتى. خىزىر خوجىخان ئەرشىدىن خوجىغىلا 15 قۇل ھەدىيە قىلغانىدى. ئۇۋەيسخان ئېتىمزلارنى سۇغارغاندىمۇ قۇللار بىلەن بىرلىكتە ئەمگەك قىلاتتى①. فېئودال تۆرىلەرنىڭ قورۇقلىرىدا ئەمگەك قىلىدىغان يانچىلار دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئېزىلىشكە مۇپتىلا بولاتتى. ئۇلارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى يوق ئىدى. خالىغانچە سېتىۋېتىلەتتى. سوۋغا قىلىناتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ تەقدىرى تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. قۇللارنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى چېگرا رايون كىشىلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئىدى. چاغاتاي ئەۋلادلىرى ھەممىشە سۇجۇ ئەتراپلىرىغا قوشۇن ئەۋەتىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ يۈرگۈزۈپ تۇراتتى. بۇلاپ كەلگەن خەنزۇ ۋە خۇيزۇ پۇقرالىرىنى قۇل قىلىۋالاتتى، يەنە نامرات كىشىلەرنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى سېتىۋېلىپ قۇل قىلىۋالاتتى. (مىلادىيە 1455 ـ يىلى) پادىشاھ مىڭ دەيزۇڭ مۇشۇ ھەقتە پەرمان چۈشۈرۈپ، قۇمۇل بېگى داۋا داشىرغا ئادەم ئېلىپ ـ سېتىشنى مەنئى قىلىش، تۇتۇپ كېتىلگەن ئادەملەرنى سانى بويىچە قايتۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى. بۇ پەرماندا يېقىندا خەنزۇلاردىن ئەر ـ ئايال بولۇپ 3000 چە كىشىنىڭ تۇتۇپ كېتىلگەنلىكى،

① «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 4 ـ توم، 894 ـ بەت، 1934 ـ يىل نەشرى.

1000 ئادەمنى چاغاتاي پادىشاھلىرىنىڭ سەمەرقەنت تەرەپكە ئاپىرىپ سېتىۋەتكەنلىكى، 2000 كىشىنى قۇمۇل، تۇرپان، قاتارلىق جايلاردا سانتاقانلىقى ئىشارە قىلىنىدۇ. چىگرا رايون ئاھالىسىنى تۇتۇپ كېتىشتەك بۇ خىل ئەھۋال مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىن تارتىپلا دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. يۇڭلې 5 ـ يىلى (مىلادىيە 1407 ـ يىلى) پادىشاھ مىڭ چېڭزۇ گەنسۇ باشبۇغى سۇڭ شېڭغا: «يېقىندا خەۋەر تېپىشىمچە، مۇسۇلمانلار ھەمىشە سۇلالىمىز پۇقرالىرىدىن ئاياللار، توقاللار ۋە ئوغۇل باللارنى سېتىۋېلىپ چېگرىدىن ئېلىپ چىقىۋېتىپتۇدەك، ئادەم ئېلىپ ـ سانتاقانلار دەرھال ئۆلۈمگە بۇيرۇلسۇن، بۇ خىل قىلمىش قەتئىي چەكلەنسۇن، قايتا سادىر بولۇشتىن زىنھار ساقلىنىڭلار»[1]. ئەمما، بۇنىڭ زادىلا ئۈنۈمي كۆرۈلمىگەن بولۇپ، بۇ ئەھۋال مىڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنىڭ، چېگرا رايون پۇقرالىرىنىڭ ئەمىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلالمىغانلىقىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. چاغاتاي خانلىرى يەنە پات ـ پاتلا ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىنى بۇلاپ كېلىپ قۇل قىلىۋالاتاتتى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ئۆز ئەسىرىدە بۇ ھەقتە كۆپ قېتىم توختىلىپ ئۆتىدۇ. خۇدايدادموغۇللارنىڭ مۇسۇلمانلارنى قۇل قىلىۋېلىشىغا قارشى بولۇپ، بۇنى ئىسلام مەۋقەسىگە خىلاپ دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇ ھەر يىلى دۆلەت خەزىنىسىدىن كۆپلەپ پۇل ـ مال سەرپ قىلىپ، بۇ مۇسۇلمان قۇللارنى سېتىۋېلىپ ھۆرلۈككە چىقىراتتى[2] يانچىلىق تۇزۇم ئاھالىنى بۇلاپ ئېلىپ ـ سېتىش بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، چاغاتاي خانلىرىنىڭ كۆچمەن ھاكىمىيەت خاراكتېرىدىكى ياۋايىلىقىنىڭ بىر تەرىپى ئىدى.

خانلىقنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھۆكۈمرانلار خەلق

---

① «مىڭ تەيزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 49 ـ جىلد.
② مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدى»، 1 ـ قىسىم، 251 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى.

ئاممىسىنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى. مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، قۇمۇل سۇلتانى بايازىدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى خەلقتىن ھەر يىلى ئۆزىگە ئۈچ دادەن بۇغداي ياكى بىر توپ كاناب رەخت ياكى ئون ئات يىغىۋالىدىغان بولۇپ، خەلقنىڭ سېمىز ۋە تېمەن قوي - كالىلىرىنى سويۇپ يەۋالاتتى، پۇقرالارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلاتتى[①]. بايازىدنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ھەقىقەتەنمۇ تىپىك ئۆلگە ئىدى. خانلىق چاك - چېكىدىن بۇسۇلۇپ كەتكەن، ھەممىلا جاينى مالىمانچىلىق قاپلىغان ۋەزىيەت ئاستىدا، ھەرقايسى يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ھېچكىمدىن ھېيىقماي خالىغىنىنى قىلىشى، خەلقنىڭ ئۆلە - تىرىلىشى بىلەن قىلچە كارى بولماسلىقى ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالغانىدى.

سودا پائالىيىتى غەربىي يۇرت ئىقتىسادىدا ئەزەلدىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەنىدى، مىلادىيە XV ئەسىردىكى ئەھۋالمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. ھەرقايسى جايلار بىلەن مىڭ سۇلالىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيانىڭ سودىدىكى بېرىش - كېلىشى ناھايىتى جانلانغان بولۇپ، سودا كارۋانلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇيغۇرلار سودىغا ماھىر بولۇپ، ئۇلار ئۆز جايىدىكى يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان، ئىران، ئەرەبىستان قاتارلىق جايلارغا يۆتكەپ سېتىپ، ئۆزى بارغان جايلارنىڭ تاۋارلىرىنى ئۆز يۇرتىغا توشۇپ كېلەتتى ياكى بولمىسا يول بويى سېتىۋېلىپ يول مېڭىۋېرەتتى. شۇڭا، ئۇلار «كۆچمەن سودىگەرلەر» دەپ ئاتالغانىدى. مەككىگە بېرىپ ھەج - تاۋاپ قىلىشمۇ سودا قىلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئىدى، تاۋاپچىلار يول بويى سودا قىلىپ بېرىپ - كېلىش سەپىرىنىڭ غېمىنى قىلىۋالاتتى ھەم

---

① «قىسقىچە ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرى»، 1 - قىسىم 152 - بەتتىن ئېلىندى. مىللەتلەر 1981 - يىل.

تاۋاپ قىلىش مەقسىتىگە يېتەلەيتتى.

مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولىدىغان سودا كۆپرەك «ئولپان تاپشۇرۇش» شەكلىدە بولاتتى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مىڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ سۇر - ھەيۋىسىنى يىراق - يىراقلارغا تارقىتىش، شۇنداقلا غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرگە «ھامىيلىق شەكلىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىش» ۋە شۇ ئارقىلىق غەربىي شىمالىي چېگرىسىنىڭ ئەمىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جاي - جايلاردىن كەلگەن سوۋغا - تارتۇق شەكلىدىكى ئولپانلارنى قىزغىن قارشى ئالدى، مىڭ سۇلالىسى ۋەسىقىلىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «يۇڭلې زامانىسىدا چېڭزۇ ئالىيلىرى يىراقتىكى بارچە ئەللەرنىڭ ئەلچىلىرى يىل بويى ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى»① بۇنىڭ نەتىجىسىدە راستىنىلا «چېگرا رايونىدا 80 يىلدىن ئارتۇق ئەمىنلىك دەۋر سۈردى»②. غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئولپان تاپشۇرۇش تولىمۇ پايدىلىق سودا ئۇسۇلى ئىدى. مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئولپان تاپشۇرغۇچىلارغا يۈرگۈزگەن ئېتىبار سىياسەتلىرى، جۈملىدىن يول ئۈستى راباتلىرىنىڭ ھەقسىز ساراي، تاماق، مەي - شاراب، مەدىكار، ئات - هارۋا قاتارلىق قولايلىقلار بىلەن تەمىنلىشىنى دېمىگەندىمۇ، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ئولپان تاپشۇرغۇچىلارغا بېرىدىغان «جاۋابەن ئىنئامى» نىڭ ئۆزىلا ھەمىشە ئولپان قىلىپ تاپشۇرغان بۇيۇمىنىڭ قىممىتىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشەتتى. جايلارنىڭ ئولپان قىلىپ تاپشۇرىدىغىنى كۆپىنچە ئات، تۆگە، قاشتېشى بۇيۇملىرى، نۆشۈدۈر قاتارلىقلار بولاتتى؛ ئوردىنىڭ جاۋابەن ئىنئام قىلىدىغىنى بولسا، غەربىي يۇرتتا كەم تېپىلىدىغان تاۋار -

① «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 333 - جىلد، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، IV.
② شۈجىن: «يات ئاتېپىلەرنى بويسۇندۇرۇشنىڭ باش - ئاخىرى»، 1 - جىلد.

دۈردۈن، كىمخاب ـ تەتىللا، فارفور بۇيۇملار ۋە كۈمۈش جابدۇقلار ئىدى. ھۆكۈمەت يەنە ئولپان ئەكەلگۈچىلەرنىڭ خۇسۇسىي مال ئەكىلىپ ئاستانىدە سودا قىلىشىغا ئىجارەت بەرگەنىدى. بۇنداق ئەۋزەل مۇئامىلە تەبىئىي رەۋىشتە ھەرقايسى جاي ھۆكۈمرانلىرى ۋە سودىگەرلىرىنىڭ ئولپان تاپشۇرۇش نامىدا بەس ـ بەستە بېيجىڭغا بېرىپ سودا قىلىشىغا سەۋەب بولدى. مىڭ ئوردىسىنىڭ ھىمايىسى بولغاچقا، ئولپانچىلار يول بويى غەم ـ ئەندىشىسىز يول يۈرەتتى، «شۇڭا ئۇلار بارغانلىكى يېرىدە دېگىنىنى قىلالايتتى، رابات ئىگىلىرىنى تىللاپ، تۆگىچىلەرنى قامچىلىسىمۇ ئەمەلدارلار ياكى پۇقرالاردىن ھېچكىم ئوردىنىڭ يىراقتىن كەلگەنلەرگە مۇلايىملىق كۆرسىتىش توغرىسىدىكى پەرماندىن قورقۇپ، ئۇلار بىلەن تالىشىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى»① بەزى ئولپانچىلار بېيجىڭدىكى «ھەمكارلاشقۇچىلار سارىيى» دا تۆت ـ بەش يىلغىچە يېتىپ قايتمايتتى» ، يەنە بەزىلىرى ئۇزۇن زامانلارغىچە گەنجۇ قاتارلىق جايلاردا ماكانلىشىپ قالغانىدى. گەنسۇنىڭ باش باقاۋۇلى تاڭ زې ئۆز مەلۇماتنامىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئولپان توشۇغۇچى يات تائىپىلەر، يول بويىدىكى راباتلاردا قونغاندا ھەمىشە ھايانكەشلىك بىلەن سودا قىلىپ كۆپلەپ پايدا ئالىدۇ، كەلگەندىن كېيىن يىللاپ قايتماي يېتىۋالىدۇ. ھەتتا ئالدىنقى قېتىم كەلگەن ئولپانچى قايتماي تۇرۇپلا كېيىنكى ئولپانچى كېلىپ بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سانى تېخىمۇ ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. كەلگەن ـ كەتكەنلىرى راباتلارغا پاراكەندىچىلىك ۋە ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كەلسە، قايتماي يېتىۋالغانلىرى خانلىق تەمىناتىنى بۇزۇپ چېچىۋاتىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ سۇلالىمىزنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى

---

① «مىڭ رېنزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 5 ـ جىلد.

كۆچەيتىش تەدبىرى بولالمايدۇ. بۇ ھەقتە كېڭىشىپ كۆرۈلسە»[1]

زىيىنىغا ماڭىدىغان بۇ خىل ئولپان» چىلىق مىلىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە بەش قولدەك ئايدىڭ بولۇپ، چېگرا ھالقىپ سودا قىلىشنى چەكلەش توغرۇلۇق قايتا ـ قايتا چۈشۈرۈلگەن چەكلەش بۇيرۇقلىرى، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى قاتتىق جازالاش ھەققىدىكى پوپۇزىلار ئۆز رولىنى كۆرسىتىپ، جايلارنىڭ ئولپان بۇيۇملىرىغا قارىتا چەكلەش رولىنى ئوينىدى. بىراق، «يات تائىپىلەرنى ئۆز ئىدارىسى ئاستىغا ئېلىش» ئۇلارنىڭ مايىل بولۇۋاتقان كۆڭلىنى سۇندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئەمەلىيەتتە قاتتىق تەدبىر قوللىنىلمىدى، نەتىجىدە ئولپان نامىدىكى بۇ خىل سودا پائالىيىتى داۋام قىلىنىۋەردى. غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى جايلار بۇ خىل سودا پائالىيىتىدىن غايەت زور مەنپەئەتكە ئېرىشىدىغان بولغاچقا، ئىقتىسادىي جەھەتتە بەلگىلىك دەرىجىدە مىلىڭ سۇلالىسىگە تايىنىپ قالاتتى. شۇڭا، ئەھمەدخان قورال كۈچى ئارقىلىق مەزكۇر ئولپان يولىنىڭ كېكىردىكى بولغان قۇمۇلنى تارتىۋالماقچى بولغاندا، مىلىڭ سۇلالىسى «قوۋۇقىنى تاقاپ ئولپاننى رەت قىلىش» بىلەن تەھدىت سالغانىدى. بۇنىڭدا غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ھۆكۈمرانلارنىڭ مەنپەئىتى زىيانغا ئۇچرايدىغان بولغاچقا، ھەممىيلەن ئەھمەدخاننى ئەيىبلەپ، ئۇنى قۇمۇل شەھىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە قىستىدى، بىراق، تۇرپان ھۆكۈمرانلىرى لەۋزىدە تۇرماي كۆپ قېتىم قوشۇن تارتىپ قۇمۇلنى ئىشغال قىلىۋالدى ھەمدە دائىم قوشۇن تەشكىللەپ، قۇمۇلدىن گەنسۇنىڭ ئىچكى جايلىرىغىچە ھۇجۇم قوزغاپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ تۇردى. مىلىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە تاقابىل تۇرۇپ بولالماي، ئاخىرقى ھېسابتا قوۋۇقىنى تاقاپ، ئولپاننى رەت قىلدى.

ئومۇمەن، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ھەر قايسى

---

[1] «مىلىڭ شىزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 100 جىلد.

جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تەكشىسىز بولغان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىرقەدەر قالاق ئىدى، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ دېھقانچىلىق ئىقتىسادى مىلادىيە XV ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكىگە قارىغاندا ئازدۇر - كۆپتۇر ئەسلىگە كەلدى. تېرىقچىلىق ۋەزىيىتىنىڭ ئېغىرلىقى سەۋەبىدىن ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىقتىسادى يەنىلا ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ناتۇرال ئىگىلىكنى ئاساس قىلاتتى. مىلادىيە XV ئەسىرگە كەلگەندە، دېڭىز يولى سودىسىنىڭ گۈللىنىشى بىلەن مەغرب (غەرب) ئەللىرى ۋە ئەرەب - پارس سودىگەرلىرى ئاساسەن دېڭىز يوللىرى ئارقىلىق، مىڭ سۇلالىسى بىلەن سودا قىلىشقا كىرىشتى. بۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرت ئارقىلىق بولىدىغان ئەنئەنىۋى قۇرۇقلۇق سودىسى ئاستا - ئاستا چۈشكۈنلۈككە يۈزلەندى. ئۇلپان تاپشۇرۇش گەرچە مۇئەييەن سودا خاراكتېرىدە بولسىمۇ، بۇ خىل سودا يەنىلا مىڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلار ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي جەھەتتىن ئۆزگە تارتىش مەنىسىدىكى تەڭسىز سودا بولغاچقا، ئۇنى ئۇزۇن داۋاملاشتۇرغىلى بولمايتتى.

## 2 . مەدەنىيەت

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا كۆپ خىل ئىگىلىك شەكلى، كۆپ خىل مىللەت تەركىبى، كۆپ خىل ئېتىقاد شەكلى مەۋجۇت بولغاچقا، مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ كۆپ قىرلىق ھادىسە مەۋجۇت ئىدى. خانلىق تەۋەسىدە كۆپ خىل يېزىق ئىشلىتىلەتتى، تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاھالىلەر ئاساسەن پارسچە، ئەرەبچە ۋە چاغاتايچە يېزىقلارنى قوللانسا، تۇرپان - قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىناتتى، چاغاتاي موغۇللىرىنىڭ بىر قىسمى بولسا موغۇل يېزىقىنى قوللىناتتى، ئۇيغۇرلار رايونى

ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ياشىغۇچى نېستورىئانلار قەدىمكى سۇرىيە يېزىقىنى ياكى قەدىمكى سۇرىيە يېزىقى بىلەن يېزىلىدىغان تۈركچىنى قوللىناتتى.

شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەۋرىگە ئائىت ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنىڭ ئەڭ داڭلىقى پارىژدا ساقلىنىۋاتقان «ئوغۇزخان داستانى» دۇر. فرانسىيىلىك شەرقشۇناس پ. پېللىئوتنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، مەزكۇر قوليازما تەخمىنەن مىلادىيە XV ئەسىر ئۆپچۆرىسىدە كۆچۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن سىرت مىڭ سۇلالىسى بىلەن ئولپان تاپشۇرۇش، سودا ئالاقىلىرى خېلى قويۇق بولغاچقا، خانلىقتىكى ھەرقايسى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر مىڭ سۇلالىسىگە تەقدىم قىلغان. ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان. ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان ( 高昌馆课 ) قۇجۇ باج – سېلىق ۋەسىقىلىرى (ھازىر ياپونىيە شەرقىي ئوكيان مەدەنىيەت خەزىنىسىدە ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى ( 高昌馆救 دەپ ئاتىلىدۇ) دەل شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ھەرقايسى «يەرلىك» كۈچلەرنىڭ مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە يوللىغان مەكتۇپلىرى بولۇپ، جەمئىي 89 پارچە مەكتۇپتىن تۈزۈلگەن. بۇ ھۆججەتلەر ئاۋۋال خەنزۇچە يېزىلىپ ئاندىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان، يەنە كېلىپ خەنزۇچە خەتلەرگە ئاساسەن سۆزمۇ سۆز ئۇدۇل تەرجىمە قىلىنغان بولغاچقا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىز تىلى ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ، بولۇپمۇ ئۇلاردىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ھېس قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ۋەسىقىلەر بىزنى شەرقىي چاغاتاي مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، سودا ئەھۋالى ھەمدە يېزىق ئىشلىتىش ئەھۋالىغا ئائىت مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇ مەزگىلدە چاغاتاي يېزىقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا

ۋە غەرب قىسىملىرى، شۇنداقلا چاغاتاي موڭغۇللىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلاردا كەڭ قوللىنىلدى. چاغاتاي يېزىقى قاراخانىيلار دەۋرىدە شەكىللەنگەن ئەرەب ھەرپى ئاساسىدىكى خاقانىيە يېزىقىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەنىدى. بۇ يېزىقتا جەمئىي 32 ھەرپ بولۇپ، ئوڭدىن سولغا يېزىلىدۇ، ھەرپلەر باش، ئوتتۇرا، ئاخىر ۋە ئايرىم دېگەندەك تۆت خىل شەكىلدە يېزىلىدۇ. بۇ خىل يېزىقتا خاتىرىلەنگەن تىل بىرقەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، تاۋۇش، گراماتىكا ۋە لېكسىكا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىلا ئەرەب ـ پارس تىللىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. بۇ خىل يېزىق ئاساسەن يازما شەكىللەردە قوللىنىلدى. چاغاتاي يېزىقىدىكى پەلسەپە، ئەدەبىيات، دىن، تەبىئىي پەن ئەسەرلىرى دېگەندەك كۆپ ئىدى①. چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى بۈيۈك ئەدىب رابغۇزى چاغاتاي يېزىقىدا يازغان ئەسەرلىرى «رابغۇزى ھېكايىلىرى توپلىمى» يەنە بىر نامى «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىرقەدەر زور تەسىرگە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئەسەر 72 پارچە تېكىست ۋە غەزەلدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تىلى تولىمۇ پاساھەتلىك، سۆزىتى كىشىنى بەكلا ئۆزىگە تارتىدۇ.

شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر ئەدىبلىرىدىن لۇتفى، ئاتايى، سەككاكى، مۇھەممەد خارەزمى ۋە گادايى قاتارلىقلار بار ئىدى.

لۇتفى قەشقەرلىك شائىر بولۇپ، مىلادىيە XV ئەسىردە ياشىغان. ئەينى ۋاقىت شارائىتىدا كۆپلىگەن نادىر شائىرلار ماۋرائۇننەھرگە توپلانغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىمۇ ئاساسەن مۇشۇ جايدا بولغانىدى. لۇتفى پارس ۋە

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 140 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل نەشرى.

تۈركىي تىلىدا ئەسەر يازاتتى. ئۇنىڭ پارسچە يازمىللىرى ئۆز زامانىسىنىڭ مۇنەۋۋەر پارسچە غەزەللىرىدىن زادىلا تۆۋەن تۇرمايتتى، ئەپسۇسكى ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىدى. ئۇنىڭ تۈركىي تىلىدىكى شېئىرلىرى ئەينى ۋاقىتتا زور ئابروي قازانغان بولۇپ، بىزگىچە مۇكەممەل يېتىپ كەلدى. مەزكۇر توپلامنىڭ تۈرلۈك قولىيازمىلىرى ھازىر تاشكەنت، سائىنت - پېتىربورگ ۋە بۈيۈك بېرىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا «قىتئە لۇتفى» نامىدىكى بىر پارچە ئەسەر ساقلىنىۋېتىپتۇ. جاي - جايلاردا قولىيازمىلار جەمئىي 280 كۇبلېت غەزەل، ئىككى پارچە قەسىدە، 18 كۇپلېت قىتئە، يەنە بىر مۇنچە تۇيۇق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، لۇتفىدىن يەنە «گۈل ۋە نەۋرۇز» ناملىق بىر داستان بىزگىچە يېتىپ كەلدى. داستاندا يارقىن سۆز - ئىبارىلەر بىلەن نەۋرۇزخان ۋە گۈل مەلىكىسىنىڭ پاك سۆيگۈسى تەسۋىرلىنىدۇ. لۇتفى يەنە مىلادىيە XV ئەسىردىكى مەشھۇر تارىخشۇناس شەرىپىدىن ئەلى يەزدىنىڭ پارس تىلىدىكى «زەپەرنامە» ناملىق ئەسىرىنى چاغاتايچىغا تەرجىمە قىلغانىدى. «تەزكىرەتۇل شۇئىرا» گە ئاساسلانغاندا، «زەپەرنامە» بېيىت شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي 20 مىڭ مىسرادىن ئاشىدۇ. ئەپسۇسكى بۇ بۈيۈك ئەسەر بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋائىي لۇتفىغا تولىمۇ يۇقىرى باھا بېرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە، ئۇنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى تىل پاساھىتىدە ئەڭ ئۇلۇغ كىشى، دەپ باھا بېرىدۇ. يەنە بىر مۇسۇلمان تارىخشۇناس غىياسىدىن خۇدام ئۇنىڭ نامىنى ئەينى ۋاقىتتا چاغاتاي يېزىقىدا شېئىر يازغان شائىرلارنىڭ ئەڭ ئالدىغا تىزىدۇ. لۇتفى غەزەللىرى ئەينى ۋاقىتتا تۈركىي

تىللىق مىللەتلەر ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ، كېيىنكى شائىرلارغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى. نەۋائىي ۋە ئەزەربەيجان شائىرى فۇزۇلى ئۇنىڭ غەزەللىرىگە مۇشائىرە يېزىشقانىدى. لۇتفى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە بېيىشىدا زور تۆھپە ساھىبى ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ 99 يېشىدا ھىراتتا ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن.

ئاتايى مىلادىيە XIV ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ ھاياتىغا دائىر خاتىرىلەر بەكمۇ چولتا بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۇنىڭ ھىرات ۋە بەلخ ئەتراپلىرىدا ياشىغانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن. ئۇنىڭ توپلىمىدىن بىزگە بىر يېگانە قولىيازما توپلىمى يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىر سائىنت - پېتېربورگدا ساقلانماقتا.

ئاتايى لۇتفى ۋە سەككاكى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان بولۇپ، غەزەل يېزىش ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى ئۆزگىچە، تىلى رەڭدار بولۇپ، بەدىئىيلىكى تولىمۇ يۇقىرى ئىدى. مۇھەببەت ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىدىكى ئاساسىي تېما ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت ئۇ يەنە مەي توغرۇلۇق ۋە رېئال تۇرمۇشتىكى ئېسىل پەزىلەتلەر بىلەن مەدرىسەلەردىكى ساختا موللىلارنى ئەپچىللىك بىلەن قامچىلىغانىدى. بۇ جەھەتتە ئۇ ئۆمەر ھەييام ۋە ھافىز شىرازى قاتارلىق مويسىپىتلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. ئاتايى ئۆز ئىجادىيىتىدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆز تىلىنىڭ ئېغىز تىلى بايلىقىدىن پايدىلانغان بولۇپ، ئۆز ئەسىرىگە ئاز بولمىغان خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى ئەپچىللىك بىلەن قىستۇرۇۋەتكەنىدى.

سەككاكى مىلادىيە XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XV ئەسىرنىڭ باشلىرى ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى. ئۇنىڭ ھاياتىدىن بىزگە كۆپ نەرسە مەلۇم ئەمەس. ئەلىشىر نەۋائىي سەككاكىنىڭ

ئەسەرلىرىگە يۇكسەك باھا بېرىپ، ئۇنى لۇتفى بىلەن بىرلىكتە «ئۇيغۇر تىل سەنئىتىدە ساپلىقتا كامالەتكە يەتكەن مەشھۇر شائىر» دەپ تەرىپلىگەن، ھەتتا ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۇستازى قاتارىدا تىلغا ئالغانىدى. سەككاكى ئۆز زامانىسىدىكى شائىرلار ئىچىدە ئىجادىيەتتە ئۆزگىچە خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئەسەرلىرىنى كۈچلۈك ھېسسىيات تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان كلاسسىك شېئىرلارنىڭ ئەڭ يىتۇك نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ غەزەللىرى كۆپىنچە سۆيگۈ - مۇھەببەت ۋە مەردلىكنى تېما قىلغان بولۇپ، بەدىئىيلىكى ناھايىتى يۇقىرى، تىلى تولىمۇ يەڭگىل بولۇپ، ئاۋام تىلىغا تولىمۇ يېقىن ئىدى. ئەمما مەنىسى تېرەن، مەزمۇنى كەڭ بولۇپ جەزبىدارلىقى كۈچلۈك ئىدى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن سەككاكى ئىجادىيىتىنىڭ كېيىنكى دەۋر شائىرلىرىغا بەلگىلىك دەرىجىدە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. سەككاكى ئۆز زامانىسىدا سەمەرقەنتتىكى ئۇلۇغ بەگ ئوردىسىدا خىزمەتتە بولغانىدى. ئەدەبىياتتىن باشقا ئۇ يەنە پەلسەپە، لوگىكا ۋە ستىلىستىكا قاتارلىق ساھەلەردىمۇ خېلى يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە ئىدى.

مۇھەممەد خارەزمى مىلادىيە XIV ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى يەنە بىر مۇنەۋۋەر شائىر ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتى ھەققىدىمۇ كۆپ مەلۇمات يوق. ئۇ بىر مەھەل ئالتۇن ئوردا خانلىقى ئوردىسىدا ئىشلىگەن، مەدرىسەلەردىمۇ خىزمەتتە بولغان. ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە» ناملىق ئەسىرى مىلادىيە XIV ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى نۇرلۇق مەرۋايىتلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ ئەسەر مەزمۇنى چوڭقۇر، ھېسسىياتقا باي، ئۇسلۇبى مۇقىم، تىلى پاساھەتلىك، مۇزىكا تۇيغۇسىغا باي بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، پۈتۈن ئەسەر بىر مۇقەددىمە، ئون

پارچە شېئىرىي سۆيگۈ مەكتۇپى ۋە خاتىمىدىن تەشكىل تاپقان، جەمئىي 570 مىسرا. «مۇھەببەتنامە» ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى سۆيگۈ ــ مۇھەببەت باش تېما قىلىنغان تۇنجى داستان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى سوپىزم ۋە دەۋرىشىزم ئىدېئولوگىيىسىنىڭ تەقىبى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن بىر يۇرەكلىك بۆسۈش ئىدى. «مۇھەببەتنامە» دىن كۆزگە چېلىقىدىغىنى رېئال تۇرمۇشتىكى جانلىق كىشىلەر ۋە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتكە باي سۆيگۈ بولۇپ، پاك مۇھەببەتكە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇلغان. «مۇھەببەتنامە» نىڭ چەت ئەللەردە كۆپ خىل نۇسخىلىرى بولۇپ، ئايرىم ــ ئايرىم ھالدا ئەنگلىيە، ئىتالىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانماقتا. نۇرغۇنلىغان چەت ئەل مۇتەخەسسىلىرى بۇ ئەسەرگە يۇكسەك باھا بېرىپ، ئۇنى «ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىنىڭ راۋاجى» ، «ئالتۇن ئوردا خانلىقى ئەدەبىي تىلىنىڭ پاساھەتلىك جەۋھىرى» .[1] دەپ ئاتايدۇ.

گادايمۇ XV ئەسىردىكى مەشھۇر لىرىك ئۇيغۇر شائىرى ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ مىلادىيە 1403 — 1404 ــ يىللىرى ئۆپچۆرىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ھىراتتا ياشاپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئەينى زاماندا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، زور شۆھرەت قازانغان. نەۋائىي «مۇھاكىمەتۇل لۇغەين» ناملىق ئەسىرىدە، گادايىنىڭ نامىنى چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرى قاتارىدا تىلغا ئېلىپ، ئۇنى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ شائىرى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بابۇر دەۋرىدىلا يۇكسەك ئىناۋەت قازانغان، دەيدۇ.

گادايى شېئىرلىرى تېماتىك مەزمۇن جەھەتتە ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلغار ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. پاك سۆيگۈ ــ مۇھەببەتنى مەدھىيىلەش، گۈزەل شەيئىلەرگە ئاپىرىن ــ تەھسىن

[1] «چاغاتاي ئەدەبىياتى» ، 138 ــ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ــ يىل نەشرى.

ئېيتىش ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ئائىت بەزى مەزمۇنلارمۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى. ئۇ كامالەتكە يەتكەن بەدىئىي ئىستېداتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا بىر كىشىلىك ئورۇن تۇتىدۇ.

نەۋائىي بىر ئۇلۇغ شائىر بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇلۇغ پەيلاسوپ ئىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «خەزائىنۇل مەئانى»، «خەمسە»، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»، «مىزانۇل ئەۋىزان»، «مەجالىسۇن نەفائىس» قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

چاغاتاي يېزىقىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ ئەرەب ـ پارس ئەللىرىنىڭ پەلسەپە، كىمياگەرلىك، ئىسلام جەمئىيەتشۇناسلىقى قاتارلىق ئەسەرلىرى كۆپلەپ تارىم ۋادىسىغا تونۇشتۇرۇلدى. ئەرەب ـ پارس ئەدەبىياتى ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرىدىن تونۇشتۇرۇش جەھەتتە لۇتفى، سەككاكى ۋە نەۋائىي قاتارلىقلار غايەت زور رول ئوينىدى. ئۇلار يالغۇز شائىر ۋە ئالىم بولۇپلا قالماي، يەنە ئەرەب، پارس تىللىرىغا كامىل ئىدى، شۇنداقلا پارس تىلىدا ئەسەر يېزىش ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ھېسابلىناتتى. شۇڭا، ئۇلار بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش ۋە تونۇشتۇرۇش جەھەتلەردە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى.

بۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەردىن مەسەل، لەتىپە، تەمسىل، تېپىشماق، قوشاق شەكلىدە روياپقا چىقىپ، رەڭگا ـ رەڭ ۋە مول مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلدى. بۇ جەھەتتە ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى «نەسىردىن ئەپەندى

لەتىپىلىرى» دۇر. بۇ لەتىپىلەر يۇمۇر، مەسخىرە، كۈلكە قاتارلىقلارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈۋەتكەن بولۇپ، ئەقىل - پاراسەتكە تولغان بۇ ئەسەر دەل مۇشۇ دەۋردە شەكىللەنگەنىدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى تولىمۇ باي بولۇپ، ئەدەبىي شەكىل جەھەتتە كەڭ خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان شەكىلدە يېزىلغان، مەزمۇن جەھەتتە كۈچلۈك بەدىئىيلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئەت خەزىنىسىدىكى دۇردانىلەردىن سانىلىدۇ.

# يەكەن خانلىقى
## (مىلادىيە 1514 — 1680 ـ يىللار)

# بىرىنچى باب يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

## 1. تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە سەئىدخاننىڭ دەسلەپكى كەچۈرمىشلىرى

مىلادىيە XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XVI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى.

بۇ دەۋردە قىپچاق يايلىقىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ئۆزبېكلەر جەنۇبقا كۆچتى، ئۇلار ماۋرائۇننەھر رايونىغا كىرىپ، تېمۇرىلەر سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزبېك خانلىقى — بۇخارا خانلىقىنى قۇردى. ئوتتۇرا ئاسىيادىن قوغلاپ چىقىرىلغان تېمۇرنىڭ ئەۋلادلىرى ھىندىستان، ئافغانىستان ئەتراپلىرىدا مەشھۇر «موغۇل ئىمپېرىيىسى» نى قۇردى. ئۆزبېكلەردىن ئايرىلىپ چىققان ھەمدە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان باشقا كۆچمەن چارۋىچىلارنى بىرلەشتۈرگەن قازاق قەبىلىلەر ئىتتىپاقىمۇ بۇ دەۋردە تېز تەرەققىي قىلىپ، بالقان كۆلىدىن ئىلى دەرياسىغىچە، يەتتەسۇ رايونىدىكى كەڭ زېمىننى ئىگىلىدى. بۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىغان موغۇللار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بوستانلىقلارغا سۈرۈلۈپ، يەكەننى مەركەز قىلىپ ئاخىرقى چاغاتاي ھۆكۈمرانلىقى - يەكەن خانلىقىنى قۇردى.

بۇ بىر قاتار ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىم ئامىل ئۆزبېكلەرنىڭ جەنۇبقا كۆچۈشىدۇر. ئۆزبېكلەر

چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جۇجى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىن قالغان قەبىلە ئىدى. جۇجىنىڭ بەشىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى ئۆزبېكخان (مىلادىيە 1312 — 1340 ـ تەختتە ئولتۇرغان) ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، قول ئاستىدىكى قەبىلىلەرنى ئىسلام دىنىغا مەجبۇري ئېتىقاد قىلدۇرغان. شۇڭا، كۆچمەن چارۋىچىلار ئارىسىدا ئىسلام «دىنى ئۆزبېكخاندىن قالغان» دېگەن ماقالە بار. كېيىن بۇ خاننىڭ ئىسىم ـ شەرىپى (مەنىسى ئۆزىنىڭ خوجايىنى) ئاستا ـ ئاستا بۇ قەبىلىنىڭ نامى بولۇپ قالغان. ئۆزبېكلەر ماۋرائۇننەھردىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا كىرگەندىن كېيىن، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مۇقىم ئولتۇراقلاشقان يەرلىك ئاھالە بىلەن ئاسىمىلياتسىيىلىشىپ، ئاستا ـ ئاستا ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دېھقانچىلىق مىللىتى — ئۆزبېكلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇبۇلخەيرخان دەۋرى (مىلادىيە 1413 — 1489 ـ يىلىغىچە دەۋر سۈرگەن) دە ئۆزبېك قەبىلىسى قىپچاق يايلىقىدىن چۇ دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ بارغان. بۇ دەۋرىدە ئۆزبېكلەر ئىنتايىن كۆچەيگەن بولسىمۇ، بىراق كېيىن يەنە بەكلا پارچىلىنىپ كەتكەن. ئوبۇلخەيرخاننىڭ نەۋرىسى شەيبانخان دەۋرى (مىلادىيە 1451 — 1510 ـ يىلىغىچە دەۋران سۈرگەن) دە ئۆزبېكلەر داۋاملىق كۆچۈپ، سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى ئىگىلەپ، تېمۇرلەر سۇلالىسىگە تەھدىت پەيدا قىلغان.

تېمۇرلەر سۇلالىسى سۇلتانى ھۇسەيىن (مىلادىيە 1467 ـ يىلى) ئۆلگەندىن كېيىن، نۇرغۇن شەھەر ـ قەلئەلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ھەرقايسى خان ـ پادىشاھلار ئۆز ئالدىغا ھوقۇق يۈرگۈزۈپ، سەمەرقەنتنىڭ خانلىق ئورنىنى تالىشىش ئىچكى ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن دۆلەت كۈچى ئاجىزلاپ، تاجاۋۇزچىلارغا بىرلىشىپ تاقابىل تۇرۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا شەيبانخاندىن ھەربىي

ياردەم تەلەپ قىلىپ، بىر - بىرىنى يوقىتىش غەرىزىدە بولدى. شەيبانىخان بۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ قوشۇن تارتىپ، ماۋرائۇننەھرگە ھۇجۇم قىلدى ھەمدە ھەرقايسى كىچىك خانلىقلارنى تارمار قىلىپ، مىلادىيە 1500 - يىلى سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلىپ، تېمۇر سۇلالىسىنى يوقاتتى. ھۇسەيىنىنىڭ نەۋرىسى بابۇر قالدۇق قوشۇن بىلەن ئادەملىرىنى باشلاپ ماۋەرائۇننەھر رايونىدىن چېكىنىپ چىقىپ، كابۇلغا كېلىپ ئۆزىنى خان دەپ ئاتىدى[1].

ئۆزبېك قەبىلىسىنىڭ جەنۇبقا كۆچۈشى ئۇلارغا ئەگىشىپ كۆچۈشنى خالىمىغان بىر قىسىم قەبىلىلەرنىڭ بىر - بىرلەپ ئايرىلىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇبۇلخەيرىخان دەۋرىدە ئاق ئوردا خانلىقىدىكى ئۆزبېكلەر كېرەيخان بىلەن جانىبەگخاننىڭ باشچىلىقىدا موغۇلىستانغا كۆچۈپ بېرىپ، ئېسەن بۇقا خاننىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ھەمدە چۇ دەرياسى ۋادىسىنى بۆلۈپ بېرىشكە ئېرىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە باشقا كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق - جەمەتلىرىنىڭ قېشىغا كۆچۈپ كېلىپ، دەسلەپكى قازاق قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى شەكىللەندۈردى. بۇنىڭغا دوغلات قەبىلىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرمۇ قوشۇلۇپ، كېيىنچە قازاق بىر چوڭ ئۇرۇقىقا ئايلاندى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاجىزلاشقان چاغدا، قازاق قەبىلىسى ئۆزىنىڭ موغۇلىستاندىكى تېررىتورىيىسىنى كېڭەيتتى. قاسىمخان دەۋر (مىلادىيە 1509 — 1518 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان) گە كەلگەندە، قازاق قەبىلىسىنىڭ نوپۇسى مىليونغا يېتىپ، 300 مىڭ كىشىلىك ھەربىي قوشۇنى بار كۈچلۈك قەبىلىگە ئايلاندى[2].

---

① پېرتى سىكس: «ئافغانىستان تارىخى»، (جاڭ جيالىن تەرجىمە قىلغان)، 1 - كىتاب، 2 - قىسىم 467 - بەت، شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1972 - يىل نەشرى.

② مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى» 2 - قىسىم، 173 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

دەسلەپتە قەبىلە ـ ئۇرۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلار شەيبانىخاننىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتۇپ، تېمۇردىن كېيىنكى خانلار ئۈچۈن مۇلازىم بولدى. كېيىن ئۇ موغۇلىستانغا قېچىپ بېرىپ، «چوڭ خان» ـ مەھمۇدتىن كەڭچىلىك قىلىشنى ئۆتۈندى. شەيبانىخان ماۋرائۇننەھرنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، موغۇل قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلىشنى باشلىدى. مەھمۇدخان بىلەن ئەھمەدخان بىرلىشىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىراق ھەر ئىككىسى ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. شەيبانىخان ئۇلارنى قويۇپ بەرگەن بولسىمۇ، 30 مىڭ موغۇلنى ئالداپ ئۆز قوشۇنىغا قوشۇۋالدى. مەھمۇدخان مۇغۇلىستانغا قايتىپ كەلگەن چاغدا، قول ئاستىدا ئادىمىمۇ، يا ئۆزىنىڭ زېمىنىمۇ يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مىلادىيە 1509 ـ يىلى شەيبانىخانغا ئەل بولدى، بىراق بۇ قېتىم ئۇ قەستكە ئۇچرىدى، ئۆزى بىلەن ئالتە ئوغلى بىراقلا ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن موغۇل خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ھەقىقىي رەۋىشتە ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭ زېمىنى قازاق، قىرغىز ۋە ئويرات قەبىلىلىرى تەرىپىدىن بۆلۈۋېلىندى. پەقەت تۇرپان، چالىش (قارا شەھەر)، كۇچا قاتارلىق كىچىك جايلار يەنىلا «كىچىك خان» (بالا خان) ئەھمەد ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ قولىدا قالدى.

ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى كۆپ ئىدى، چوڭ ئوغلى مەنسۇر تۇرپان تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ياتلارنى قوغلاپ چىقاردى. ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلار بۆلۈنمىچىلىك قىلىپ ئادەملىرىنى توپلاپ قارشىلىق قىلىشتى ياكى ئۆز ئالدىغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى خېلىل قىرغىزلار ئارىسىغا قېچىپ كىرىپ سەردار بولدى؛ تۆتىنچى ئوغلى باباچاق باي شەھەر قەلئەسىنى قوغدىدى. يەتتىنچى ئوغلى ئامان خوجا مەنسۇر تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. بىراق پەرماننى

ئىجرا قىلغۇچى ئۇنــــى يۇشۇرۇپ ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالدى؛ سەككىزىنچى ئوغلى چىنتۆمۆر ئۆزۈن مۇددەت گەنسۇ تەۋەسىدە تۇرۇپ ئۆلۈمدىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئۈچىنچى ئوغلـــى سەئىدىمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاچقا، جايلاردا سەرسان بولۇپ يۈردى. مانا بۇ سەرگەردان دەل يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىدى.

سەئىدخان مىلادىيە 1487 ـ يىلى تۇغۇلغان، كىچىكىدىن ئەقىللىق، تىرىشچان بولۇپ، قەلەمگىمۇ ـ ئەلەمگىمۇ ماھىر ئىدى. 14 يېشىدا ئاتىسى ئەھمەدخانغا ئەگىشىپ مەھمۇدخاننىڭ ئۆزبېكلەرگە قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن. قوشۇن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن يارىلانغانلىقتىن، تېمۇر سۇلالىسىـــدىكـــى ئاخشىنىڭ ئەمەلدارى شاھ باياشىد تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنىپ زىندانغا تاشلاندى. بىر يىلدىن كېيىن شەيبانىخاننىڭ ئىنىسى جانىبەك ئاخشىنى ئىگىلەپ شاھ باياشىدنى ئۆلتۈرۈپ، سەئىدنى شەيبانىخاننىڭ ھوزۇرىغا ئېلىـــپ كەلدى. شەيبانىخان ئۇنـــى دوستانىلىك بىلەن قارشى ئېلىپ ئۆزبېك قوشۇنىغا قاتناشتۇردى. سەئىدخان بولسا ھەر ۋاقىت ئۆز ۋەتىنىنى ئەسلەيتتى. شۇنىڭ بىـــلەن ئۇ شەيبانىخان خارازمگە قوشۇن تارتقان پۇرسەتتىـــــن پايدىلىنىپ موغۇلىستانغا قايتىپ كەلدى. تاغىـــــسىـــنىـــــڭ بوشاڭلىقىنى كۆرۈپ يەنە مەھمۇدخاندىن ئايرىلىپ قىرغىـــز قەبىلىسىدىكى ئىنىسى خېلىلىنىڭ يېنىـــغا باردى، كېيىـــــن مەنسۇرخان قوشۇن تارتىپ ھۇجۇم قىلىپ، ئالمۇتا ئەتراپىدا ئۇنىڭ ئىنىسىنى يەڭدى. خېلىل ئۆزبېكلەرگە تەسلىم بولغاندا، جانىبەگ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، سەئىد پەقەت 50 نەچچە ئادىمى بىلەن جەڭ مەيدانىدىن قېچىپ چىقىپ، ئاخىر پامىر تاغلىرى ئىچىدە پاناھلىنىپ، قاراقچىلىق بىلەن جان بېقىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ كۈنلەردە ئۇ خەۋپ ـ خەتەر، يالغۇزچىلىق، قايغۇ ـ ھەسرەت ۋە ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يەتكۈچە تارتتى، شۇنىڭ

بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى چىنىقتۇردى. ماڭىدىغان يولى قالمىغان سەئىدخان قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ ئۆزبېكلەرگە ئەل بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. بەختكە يارىشا جانبەگ بۇ قېتىم ئۇلارنى يەنە كەچۈرۈم قىلغان، لېكىن بۇ ئىشتىن كېيىن يەنە بۇ ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ دەرھال ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە پەرمان چۈشۈرگەن. سەئىد بولسا قەلەندەر ۋە سودىگەرچە ياسىنىۋېلىپ، يول ئۈستىدىكى تۈرلۈك توسۇقلاردىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ، كابولغا بېرىپ بىر نەۋرە ئىنىسى بابۇرغا (بابورنىڭ ئانىسى يۇنۇسخاننىڭ قىزى ئىدى) ئەل بولىدۇ. كابۇلدا نۇرغۇن ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن سەئىد ئىككى يىلنى شۇ جايدا غەم - ئەندىشىسىز ئۆتكۈزدى.

مىلادىيە 1510 - يىلى شەيبانىخان ئىرانغا ھۇجۇم قىلغان چاغدا، سافاۋىلار سۇلالىسىنىڭ خانى ئىسمائىل I تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۆزبېكلەر ئارىسىدا قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ، بابۇر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەسكەر چىقىرىدۇ. ئۇ ئىسمايىل I نىڭ كۈچلۈك قوشۇنىغا تايىنىپ ئۆزبېكلەرنى مەغلۇپ قىلىدۇ ھەمدە ماۋرائۇننەھرنى ئىگىلەپ مىلادىيە 1512 - يىلى سەمەرقەنتنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە يېڭىباشتىن ئولتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئابابەكرى تەرىپىدىن قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىلغان دوكلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى سەئىد مەھمۇدمۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەنجانغا ئەسكەر چىقىرىپ پەرغانە رايونىنى ئىگىلەيدۇ ھەمدە ئىشغال قىلغان بۇزمىنىنى سەئىدگە تەقدىم قىلىدۇ. ئىككى تەرەپ ئەنجانغا يېقىن بولغان تۇترۇقتا ئۇرۇش قىلىدۇ. سەئىدنىڭ پەقەت 1500 كىشىلىك قوشۇنى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جانلىق جەڭ قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ باتۇرلۇقىغا تايىنىپ، ئابابەكرىنىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلىدۇ. بۇ جەڭدىن كېيىن سەئىدنىڭ ھەيۋىسى ئۆسكەچكە، موغۇل قەبىلىلىرى بەس - بەس بىلەن ئۇنىڭغا

ئىتائەت قىلىدۇ.

بىر قانچە ئايدىن كېيىن ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئۆزبېك خانلىرى ئەسكەرىي كۈچىنى توپلاپ قايتىدىن ھۇجۇم قىلىدۇ، ئۇلار سەمەرقەنتنىڭ دىنىي يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، بابۇرنى يا غەيرىي دىندىكىلەر ياكى شىئە مەزھىپىدىكىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتىدۇ دەپ جاكارلاپ، كەڭ سۈننىي مەزھىپىدىكىلەر ئارىسىدا بابۇرغا قارشى ئۆچمەنلىك كەيپىياتى پەيدا قىلىدۇ. مىلادىيە 1513 ـ يىلى شەيبانىخاننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ـ مەھمۇدخاننىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللاخان ھېچ كۈچىمەيلا بابۇرنى يېڭىپ، سەمەرقەنتنى قايتىدىن ئىگىلىدى. ئارقىدىنلا ئىسمائىل I بىلەن بابۇرنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، ماۋرائۇننەھر رايونىغا قايتىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلدى، بابۇر يەنە كابولغا قېچىپ كەلدى. سەئىدنىڭ قوشۇنىمۇ تاشكەنتتە سۈيۈنچ قوجاخان تەرىپىدىن ئەل قىلىۋېلىنغان ئۆزبېك قەبىلىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، ئەنجانغا چېكىنىپ كەتتى.

مىلادىيە 1514 ـ يىلى باھاردا ئۆزبېك قوشۇننى ئەنجانغا يۈرۈش قىلدى، سەئىد دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، موغۇلىستانغا چېكىنىپ كەتمەكچى بولدى. ئۇ قوشۇنى بىلەن ياتكان (تالاس دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا) غا كەلگەندە، قەبىلە باشلىقلىرى يىغىنى چاقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ يۆنىلىشى توغرۇلۇق كېڭەشتى. بۇ قېتىمقى تەقدىرنى بەلگىلەيدىغان كېڭەشتە، قەشقەرگە يۈرۈش قىلىش قارار قىلىندى.

## 2. قەشقەردىكى ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنىڭ يوقىلىشى

ياتكان كېڭىشىدىن كېيىن سەئىد ئەمىرلىرى بىلەن كەلگۈسى ۋەزىيەتنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەھلىل قىلدى. ئاخىرىدا سەئىد مەھمۇدنىڭ موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلىش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئابابەكرى ئىگىلەپ تۇرغان قەشقەر تەرەپتىكى شەھەرلەرنى تارتىۋېلىش پىكرىنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى، ئۇلار موغۇلىستاننىڭ ئاللىبۇرۇن كۆچلۈك قازاق ۋە قىرغىز قەبىلىلىرى تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قولىدىن چاغاتايىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان ئۇ جايلارنى تارتىۋېلىشنىڭ ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. قەشقەرنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا ئوخشاشمايتتى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانى ھازىر دەل بوران ـ چاپقۇندا تەۋرىنىپ قالغانىدى.

قەشقەر ۋىلايىتى دوغلات قەبىلىسىنىڭ سويۇرغاللىق زېمىنى، بۇ قەبىلىنىڭ ئەمىرى كېيىنكى چاغاتاي خانىنىڭ خوجايىنلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلدى ھەمدە باج تاپشۇرۇش، ئولپان تاپشۇرۇش، ھەربىي يۈرۈش قىلىش قاتارلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەش شەرتى ئاستىدا ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى زەئىپلەشكەن چاغدا، قەشقەرمۇ بىر نەچچە بۆلۈنمە ھاكىمىيەتكە پارچىلاندى. ئۇلار ئاساسلىقى قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئەمما، ھەممىسىنى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى باشقۇراتتى. ئابابەكرى بولسا يەكەننىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر سانىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن تەختنى تاغىسى — قەشقەرنىڭ ئەمىرى مۇھەممەد

ھەيدەرگە ئۆتۈنۈپ بەرگەنىدى. ئابابەكرى ياش ۋاقىتلىرىدا ئىنتايىن ئاچ كۆز ھەم تەدبىرلىك ئىدى. ئۇ يۇنۇسخان بىلەن ئېسەن بۇقاخان ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى ماجرا ۋە مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ گاللۋاڭلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئالدى بىلەن خوتەننى يەم بىلەن تارتىۋالدى، ئاندىن يەكەننىمۇ بېسىۋالدى، ئەڭ ئاخىرىدا ئارىنى بۇزۇش ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ مۇھەممەد ھەيدەرنى قىستاپ چىقىرىپ قەشقەرنى تارتىۋالدى. مۇھەممەد ھەيدەر يۇنۇسخاندىن ياردەم بېرىشنى ئۆتۈندى. بىراق، يۇنۇسخان ئىككى قېتىم تاجاۋۇز قىلغان بولسىمۇ يېڭىلىپ چېكىندى. ئابابەكرى يەنە ئاقسۇنى ئىگىلىدى، بۇ چاغدا پۈتكۈل قەشقەرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئۇنىڭ قولىغا ئۆتكەنىدى. مىلادىيە 1480 ـ يىلى ئۇ قەشقەردە تەختكە ئولتۇرغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتىدى.

ئابابەكرىنىڭ ھاكىمىيىتى ئەزەلدىن خېلىلا قاتتىق يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئىچكى ۋەزىيىتى مۇقىم، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغانىدى. ئۇ يەنە ھەر تەرەپكە كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، بەدەخشان، بولۇر قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇردى. ئەينى ۋاقىتتىكى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئىنتايىن زەئىپلەشكەن ئەھۋال ئاستىدا، بۇ ھاكىمىيەتنىڭ تىكلىنىشى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇردى، بولۇپمۇ ئۆزبېكلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلاپ قېلىشتا بەلگىلىك رول ئوينىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئىچكى ھاكىمىيىتى مۇستەبىت ۋە قاتتىق بېسىم ئۈستىگە قۇرۇلغان بولغاچقا، ھاكىمىيەت مۇقىمسىز، ھەرخىل خەۋپ ـ خەتەرلىك كىرىزىسلار يوشۇرۇنغانىدى.

ئابابەكرى ھەرخىل رەزىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ قەشقەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغان ھەمدە ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتىغان. بۇ دەۋردە بۇنداق ئاتاش پەقەت كېيىنكى چاغاتاي خان

ۋە ئۇنىڭ جەمەتى تەرىپىدىنلا قوللىنىلغان بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەتتا قېرىنداشلىرىنىڭمۇ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بۇ قارشىلىقنى باستۇرۇش ئۇچۇن، ئۇ دۆلەتتە كۈچلۈك ساقچى ۋە تۈرمە قۇردى. تۈرمىلەر دۆلەتنىڭ ھەممىلا جايىغا قۇرۇلغان بولۇپ مەخپىي تەكشۈرۈش، چېتىپ جازالاش ئۇسۇللىرىنى يولغا قويدى. تۈرمىگە تاشلانغان كىشىلەرنىڭ كۆپ ساندىكىسى، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى نارازىلىق بىلدۈرگەنلەر ئىدى. تۈرمىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، جىنايەتچىلەر قىلمىشىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ دەرىجىگە ئايرىلاتتى. ھەرقانداق جىنايەتچىگە كىشەن سېلىناتتى. ھەر قانداق بىر تۈرمىدە بىر نەپەر زىندانبېگى بولاتتى. 18 ـ 20 نەپەر جىنايەتچى بىر نەپەر زىندان قاراۋۇلى تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى، 18 نەپەر زىندان قاراۋۇلىدىن بىر ئەترەت تەشكىل قىلىناتتى، ئۇلارغا بىر نەپەر گۇندىپاي مەسئۇل بولاتتى. ھەر قانداق بىر پايلاقچى ئۆز ئىشىدا يالقاۋلىق قىلسا، جازا ھېسابىدا جىنايەتچىلەر بىلەن بىرگە ئېغىر ئىشلارغا سېلىناتتى. بۇ ئېغىر ئىشلار كان ئېچىش ۋە قەدىمكى شەھەرلەردىن بايلىق كولاش ئىدى. ئابابەكرى قەبىھ ۋاستىلەرنى قوللاندى. ئۇ ئۆز ئوغلىنى ئۆلتۈرۈشكە پەرمان چۈشۈردى، ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن جىيەنىنىڭ قورسىقىغا زىق سانجىپ تامغا مىخلاپ ئۆلتۈرگۈزدى. ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ خوتەننى تارتىۋېلىش غەرىزىدە بولغانلىقتىن، ئىككى كۆزى ئويۇۋېتىلدى… ئۇنىڭ مانا شۇنداق ۋەھشىيلىكلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «زالىم پادىشاھ» دېگەن نام بىلەن ساقلىنىپ قالغان.

ئابابەكرى ئۆز قىلمىشلىرىنى يېپىش ئۇچۇن موللا، مۇفتى قاتارلىق دىنىي زاتلارغا زورلۇق ئىشلىتىپ، ئۇلارنى ئۆزى بىلەن بىر تەرەپتە تۇرۇشقا قىستاپ، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ رۇخسىتىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ ئۆزىمۇ تەقۋادار مۇسۇلمان قىياپىتىدە

ئوتتۇرىغا چىقىپ، دائىم ئۆلىمالار بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ تۇردى. ئەگەر ئۇلار ئىتائەتمەنلىك قىلسا، ئۇلارنى ئۆزىگە يېقىن تارتتى، مۇبادا قارشى پىكىردە بولۇپ قالسا، ئۇلارغا جىنايەت ئارتىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى ياكى قاتتىق جازالىدى. بۇنداق زورلۇق ئاستىدا دىنىي زاتلار ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق «شەرىئەت يولغا قويغان» لىرى بويىچە ئىش كۆردى. بۇنىڭ ئىچىدىكى تىپىك بىر ۋەقە شۇكى، ئۇ ئاتالمىش «شەرىئەت يول قويغان» دېگەن باھانە بىلەن بارلىق «ئاسىيلىق قىلىش غەرىزىدە» بولغان جىنايەتچىلەرنى، يەنى «3000» دىن كۆپ قارشىلىق كۆرسەتكۈچىنى ئۆلتۈردى، ئۇنىڭدىن باشقا نەچچە مىڭ ئادەم پۇتى كېسىلىش جازاسىغا ئۇچرىدى. ئۇنىڭ باھانىسى بۇ ئادەملەر دۆلەت سىرتىغا قېچىپ بېرىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى ئۆز جايىدا قالدۇرۇش كېرەك[1]، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئاخىرقى يىللاردا ئۇ تېخىمۇ ئۆزگىرىپ، ئۆكتەملىشىپ، زالىملىشىپ، ئادەم ئۆلتۈرمىسە كۆڭلى خوش بولمايدىغان بولۇپ قالغان.

ئابابەكرى بىر تەرەپتىن قاتتىق سىياسەت ئارقىلىق خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆكتەملىك بىلەن زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ مال - دۇنيا توپلىدى. قاتتىق سىياسەت بىلەن يولغا قويۇلغان باج - سېلىق سانسىزلىغان دېھقان ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنى ۋەيران قىلدى، ئۇلارنى ئۆز كەسپىدىن ئايرىپ سەرگەردان قىلدى. ئېتىزلار قاقاسلىشىپ، شەھەر - رەستىلەرنىڭ ئاۋاتلىقى يوقىلىپ ئەل ئىچى گۆردەك جىمىپ كەتتى. دۆلەت خەزىنىسىنى تولدۇرۇۋېلىش، ھاكىمىيەت ئورگانلىرى، ساقچى ۋە سانسىزلىغان ھەربىي قوشۇننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇ پەرمان چۈشۈرۈپ قەشقەر، خوتەن، يەكەن

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى - تارىخى رەشىدى» 2 - كىتاب، 152 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

قاتارلىق جايلاردىكى كونا شەھەر ئىزلىرىدا زور كۆلەملىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ، ئالتۇن - كۈمۈش ئىزدىدى. بۇ ئىشقا سېلىنغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاسىي جىنايەتچىلەر بىلەن كەمبەغەللەر ئىدى. جىنايەتچىلەر بويىنىدا تاقاق، كۆزەت ئاستىدا قىش - ياز دېمەي قازاتتى. خاتىرىلىنىشىچە، پەقەت خوتەن كونا شەھىرىدىكى بىر خارابىدىنلا 27 دانە كوزا قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ھەربىر كوزا ئىچىدە بىردىن مىس قاچا، ئۇنىڭ ئىچىدىن لىقمۇ - لىق كېپەك ئالتۇن، كۈمۈش تەڭگىلەر چىققان①. قەشقەر، يەكەنلەردىكى كونا شەھەرلەرنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ نۇرغۇن بايلىق قېزىۋېلىنغان. بۇ بايلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى ئابابەكرىنىڭ چۈنتىكىگە چۈشۈپ كەتكەن.

ئەمما مەيلى قاتتىق سىياسەت بولسۇن، مەيلى كونا شەھەرلەرنى قېزىپ مال - دۇنيا توپلاش بولسۇن، ئابابەكرىنىڭ كۆرۈنۈشتە كۈچلۈك، ماھىيەتتە كۈچسىز بولغان ئەسلىي قىياپىتىنى يېپىپ قالالمىدى. بۇ نۇقتا تۇترۇق جېڭىدە ئاشكارىلىنىپ قالدى. جەڭدە ئەسكەرلەر كۈچ چىقىرىشنى خالىمىغاچقا، قوشۇنىنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى، ئاخىرىدا ئەسكەرلەر بېشىنى ئېلىپ قېچىشتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، دۆلەت ئىچىدىكى زىددىيەتلەر ئىنتايىن ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، خەلقنىڭ غەزىپى قايناپ - تاشقان، ھەممە بىزار بولغان، ھەممە تەرەپ خەۋپ ئاستىدا قالغانىدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەت سەئىدخاننىڭ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتا زۆرۈر شەرتلەرنى ھازىرلىغانىدى.

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى تارىخى رەشىدى» 2 - قىسىم، 148 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

## 3 . ئاستانه يەكەن

مىلادىيە 1514 ـ يىلى يازنىڭ بېشىدا سەئىدخان قول ئاستىدىكىلىرىنى باشلاپ تەڭرىتېغىدىن ئۆتۈپ، قەشقەر تەرەپكە كەلدى. ئۇ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ۋە ئېغىر ـ يېنىك يۈكلىرىنى ئارقا سەپكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئادەملىرىنى قوراللاندۇرۇپ ئاتۇشقا كىردى ۋە بۇ يەردە قوشۇندا ھەربىي تۈزۈم ئورنىتىپ، دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزدى ھەمدە ھەرقايسى سەپلەردىكى ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ كۆردى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قوشۇنىدا 4700 دىن ئارتۇق ئەسكەر بار ئىدى.

ئابابەكرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال يەكەندىن قەشقەرگە كېلىپ، قوشۇن توپلاپ شەھەر قەلئەسىنى جىددىي رېمونت قىلدۇردى، زاپاس ئاشلىق تەييارلىدى. ئوغلى يۈسۈپنى قەلئەنى ساقلاشقا بۇيرۇپ، ئۆزى يەكەنگە قايتىپ كەلدى ۋە قوشۇن توپلىدى.

ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرىنى توپلاپ بولغاندىن كېيىن قەشقەر شەھەر ئەتراپىدا بىر مەيدان كەسكىن جەڭ قىلدى. سەئىدخان ئۆزىمۇ جەڭ مەيدانىغا كىرىپ، ئەسكەرلەرنىڭ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىشىغا ئىلھام بەردى. قەشقەرنى قوغداۋاتقان قوشۇن مەغلۇپ بولۇپ، شەھەر ئىچىگە چېكىنىپ كىردى. دەسلەپكى جەڭدىلا غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلۈپ، سەئىدخان قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئېشىپ، باتۇرلۇق بىلەن شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئەمما، شەھەر سېپىلى مۇستەھكەم بولغاچقا، ئۇزاق تىركىشىپمۇ ئالالمىدى. شۇنىڭ بىلەن سەئىدخان يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كەلدى. يېڭىسار قەشقەر بىلەن يەكەننىڭ ئارلىقىغا جايلاشقان بولغاچقا، بۇ ئىككى جاي ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش

تۈگۈنى بولۇپ، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم ئىدى. يېڭىسارنى ئېلىش بىلەن ئابابەكرىنىڭ دېمىنى ئىچىگە چۈشۈرۈۋەتكىلى، يەكەننى يېتىم قالدۇرغىلى بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەشقەرنى قوغدىغۇچى قوشۇننىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغىلى بولاتتى. دەرۋەقە بۇ بىر ئاقىلانە قارار ئىدى. ھەربىي يۈرۈش جەريانىدا قىرغىز قەبىلىسىنىڭ سەردارىمۇ قول ئاستىدىكىلىرىنى باشلاپ كېلىپ بەيئەت قىلدى. قىرغىزلارمۇ ئابابەكرىنىڭ ئېزىشىگە ئۇچرىغان بولغاچقا، ئەمدىلىكتە سەئىدخاننىڭ كۈچى بىلەن ئابابەكرىگە ھۇجۇم قىلىشنى خالايتتى. ئالتە كۈنلۈك مۇھاسىرىگە ئېلىش ۋە قاتتىق ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق، يېڭىسارنى ساقلاۋاتقان قوشۇن بەرداشلىق بېرەلمەي، تەسلىم بولۇپ شەھەرنى بوشىتىپ بەردى. قەشقەرنى ساقلاۋاتقان قوشۇنمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ شەھەرنى تاشلاپ قاچتى.

بۇ چاغدا ئابابەكرى زورلۇق بىلەن دېھقانلار، ھۈنەرۋەن ھەمدە سودىگەرلەرنى يىغىپ، ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتۇپ، ھەممىلا جايدا قورال تارقىتىپ ھەمدە يۇقىرى مەرتىۋە - ئۇستۇن مائاش بىلەن ئۆزىگە كۈچ چىقىرىشنى خالايدىغانلارنى سېتىۋالدى. ئەمما، دېھقانلار ئۇنىڭ ئۈچۈن جەڭگە چىقىشنى قەتئىي رەت قىلدى، يەنە كېلىپ بۇ بىر توپ ئالامانلار ھەرگىز جەڭ قىلالمايتتى. ئۇ يېڭىسار بىلەن قەشقەرنىڭ كەينى - كەينىدىن قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاساسلىق كۈچىنىڭ ئاجىزلىغانلىقىنى پەملەپ، شەھەر ئىچىگە قايتىپ كىرىپ، ئوغلى جاھانگىرغا شەھەرنى قوغداش پەرمانى چۈشۈرۈپ، ئۆزى نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش، ىپەك ماللارنى ئېلىپ ئادەملىرى بىلەن خوتەنگە قاچتى. جاھانگىر شەھەرنى ساقلاپ قېلىشقا ئىشەنچ قىلالماي، سەئىدخان قوشۇنىنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قول ئاستىدىكىلىرىگە مال - دۇنيالارنى بۇلاپ، ئېلىپ

كەتكىلى بولىدىغانلىرىنى ئېلىپ، ئېلىپ ماڭغىلى بولمايدىغانلىرىنى تاشلاپ كۆيدۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇپ، ئۆزى نۇرغۇن مال - دۇنيانى ئېلىپ قاراقۇرۇم تېغىغا قېچىپ چىقىپ كەتتى. ئابابەكرى خوتەندىمۇ ئۇزاق تۇرالماي، يەنە خوتەننىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ئىچىگە كەتتى. يول ئۈستىدە ئۇ قوغلاپ كېلىۋاتقان قوشۇندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئېلىپ ماڭغان مال - دۇنيا قاچىلانغان خۇرجۇنلىرىنى دەرياغا تاشلىۋېتىپ، تاۋار - دۇردۇنلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئاندىن لاداققا قېچىپ كەتتى، سەئىدخاننىڭ قوشۇنى تاغ ئىچىدە ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، يالاپ ئېلىپ قايتىش يولدا ئۆلتۈرۈۋەتتى.①

مىلادىيە 1514 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا (ھىجرىيە 920 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى) سەئىدخان غەلىبە بىلەن يەكەن شەھىرىگە كىردى. ئۇ دوغلات قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئەمىرلىرىنىڭ ھىمايىسىدە خانلىق تەختكە ئولتۇردى. تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمىدا موغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە، خاننى ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئەڭ ھوقۇقلۇق ئاقساقاللار كىگىزنىڭ تۆت بۇرجىكىدىن كۆتۈرۈپ، ئاۋام پۇقرالارنىڭ شاد - خوراملىقى ئىچىدە خانلىق تەختكە ئولتۇرغۇچىنى جاكارلىدى. يەكەن بۇ يېڭى خانلىقنىڭ پايتەختى بولدى.

يەكەن — ئېلىمىزنىڭ غەربىي دىيارىغا جايلاشقان بىر قەدىمىي مەشھۇر شەھەر بولۇپ، ھازىرمۇ يەكەن دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى بوستانلىقتا جايلاشقان، غەربىدە قەشقەر، شەرقىدە خوتەن بار. يەكەن دەرياسى جەنۇبتىن شىمالىغا قاراپ ئېقىپ، ئىككى قىرغىقىدىكى مۇنبەت زېمىنلارنى سۇغىرىپ، بۇ جايلارنى بايلىقى مول، كىشىلىرى باياشات قىلغان. ئابابەكرى شۇ ۋەجىدىن پايتەختنى بۇ يەرگە

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللار تارىخى - تارىخى رەشىدى»، 2 - قىسىم، 247 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

كۆچۈرۈپ كەلگەن، ئۇ شەھەردە ياغاچ ـ توپا قۇرۇلمىلىق قىلىپ كاتتا ئوردا ياسانقان. مەھكىمە، كۇتۇپخانا ۋە نۇرغۇن مەدرىسە، مەسچىتلەرنى سالدۇرغان. شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپى ئېگىز سېپىل بىلەن قورشالغان. يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى شەھەرگە باشلاپ كىرىپ، نۇرغۇن باغ بىنا قىلدۇرغان. دەل ـ دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان، ئېگىز مۇنارلار قەد كۆتۈرگەن، رەڭدار كاھىشلىق ئۆگزىلەر چاقناپ تۇرغان، سودىگەرلەر، خىلمۇ خىل ماللار توپلانغان بۇ شەھەر ئىنتايىن ئاۋات ئىدى. ئەينى چاغلاردا يەكەن پۈتكۈل قەشقەرىيىدىكى ئەڭ چوڭ شەھەر ئىدى.

يەكەن خانلىقى ئېلىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتتا قۇرۇلغان بىر يەرلىك ھاكىمىيەت. ئۇ قۇرۇلغان چاغ دەل مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭدى يىللىرى (مىلادىيە 1506 — 1512 ـ يىللار) ئىدى. بۇ مىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ سەل ئاجىزلاشقان دەۋرى بولۇپ، دۆلەت ئىچىدە زىددىيەت كۆپەيگەن، سىرتقا قارىتا بېكىنمۇيلىش سىياستى يۈرگۈزۈلگەنىدى. شۇڭلاشقا، غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشقا قۇربى يەتمەيتتى. ئەمما، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلاردىكى بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەر يەنىلا مىڭ سۇلالىسىگە بېقىناتتى، دائىم ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان ئەۋەتىپ تۇرغان، بۇ خىل مۇناسىۋەت باشتىن ـ ئاخىر ئۈزۈلۈپ قالمىغان. يەكەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىمۇ ئۆزىنى جۇڭگو تەۋەسىدىكى يەرلىك قارام خان دەپ قاراپ، مىڭ سۇلالىسى ھەمدە كېيىنكى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنى ئۆزلىرىنىڭ خوجايىن دۆلىتى دەپ قاراپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ساقلاپ كەلگەن.

تارىخىي كىتابلاردا يەكەن خانلىقى ھەرخىل ناملار بىلەن ئاتالغان. بەزى تارىخنامىلەردە، ئۇ سەئىدخانىنىڭ نامى بىلەن

«سەئىدىيە خانلىقى» دەپ ئاتالسا، يەنە بەزى تارىخىي كىتابلاردا پۈتكۈل ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان موغۇللارنىڭ نامى بىلەن «موغۇلىستان» ياكى «موغۇل قەشقەر خانلىقى» دەپ ئاتالغان. مىڭ دەۋرىدىكى كىتابلاردا، ئۇ دەۋردىكى غەربىي يۇرتنىڭ ئەھۋالى ئانچە ئېنىق بولمىغاچقا، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ئۆز جايىنىڭ نامىغا «تېررىتورىيە» ، «رايون» ، «تەۋە» دېگەن مەنىلەردىكى «رايون سۆزى» قوشۇپ ئاتالغان، مەسىلەن، «تۇرپان رايونى» «قەشقەر رايونى» دېگەندەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىمىزدە نەشر قىلىنغان نەشر بۇيۇملىرىدا، بۇ يەرلىك ھاكىمىيەتنىڭ نامى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ پايتەختىنىڭ نامى بىلەن «يەكەن خانلىقى» دەپ ئاتالدى. بۇ مۇشۇ خانلىقنىڭ خاراكتېرىنى بىر قەدەر يېتەرلىك ئىپادىلەپ بەرگەن نام.

## 4. زېمىن دائىرىسى، ئاھالىسى ۋە قوشنا ئەللەر

يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسى ئاساسەن ئابابەكرى دەۋرىدىكى زېمىنىنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ جايلار مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ دوغلاتلارنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇپ كەلگەن، ئۇنىڭ دائىرىسى شەرقتە چەرچەن، چاقىلىققا يېتىپ، ئالتۇنتاغ تىزمىلىرىنى پاسىل قىلغان، جەنۇبتا قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرىنى پاسىل قىلىپ، شىزاڭ بىلەن چېگرىلانغان، غەربتە پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ پەنج دەرياسى بىلەن ئەنجاننى مەركەز قىلغان پەرغانە ئويمانلىقىغا يېتىپ بارغان، ئەمما پەرغانە رايونىنىڭ تەۋەلىكى يەكەن خانلىقى ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشىغا قاراپ، پەقەت كۈچەيگەندىلا پەرغانىگە يەتكەن. شىمالدا تەڭرىتېغىنى پاسىل قىلغان، ئۇنىڭ شىمالى

قازاقلارنىڭ زېمىنى، يەنە شەرققە قاراپ ماڭغاندا چاغاتاينىڭ ئاخىرقى ئەۋلادلىرى قۇرغان تۇرپان ھاكىمىيىتى ئىدى. تۇرپان ھاكىمىيىتى بىلەن يەكەن خانلىقىنىڭ چېگرىسى باي بىلەن ئاقسۇ ئوتتۇرىسىدىكى قۇملۇق ئىدى. تۇرپان رايونى كېيىنچە رەشىدخان بىلەن ئابدۇللاخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە يەكەن خانلىقى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، يەكەن خانلىقىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان. تۇرپان ھاكىمىيىتى سەل كۆچەيگەن مەزگىلدە يەنە يەكەن خانلىقىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەن. خانلىق تەۋەسىدىكى چوڭ شەھەرلەردىن يەكەن، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، يېڭىسار، ئۇچتۇرپان، كۇچا ، چالىش ۋە تۇرپانلار بار ئىدى. بۇ شەھەر ــ بازارلار يەنە ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر مەمۇري رايون ئىدى.

يەكەن خانلىقى تەۋەسىدە ياشىغان ئاساسلىق مىللەت ئۇيغۇرلار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە موغۇل، قىرغىز، قازاق، تاجىك، ئويراتلار ۋە سېرىق ئۇيغۇر قاتارلىقلار بار ئىدى. موغۇللار يەكەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلار سىنىپىنى تەشكىل قىلغۇچى مىللەت ئىدى. دوغلاتلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئۇرۇق ــ جەمەتلەر خانلىقنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقاق جايلاشقان ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنلىرىدا ئۆز ئالدىغا ھەربىي قوشۇن تەشكىللەپ، مەمۇري ھوقۇق يۈرگۈزەتتى. دوغلات قەبىلىسى 300 يىل بۇرۇنلا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، تۇرمۇش ئۇسۇلى، مەدەنىيىتى ۋە پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىك جەھەتتە ئۇيغۇرلار بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان بولۇپ كەتكەن، بولۇپمۇ ئۇزۇن مەزگىل ئۇيغۇرلار بىلەن قودىلىشىش جەريانىدا، ئۇيغۇرلارغا ئاسسىمىلياتسىيىلىشىپ كەتكەن. سەئىدخان يايلاقتىن يەكەنگە باشلاپ كەلگەن موغۇللار دەسلەپتە موغۇل كۆچمەن قەبىلىلىرىنىڭ بەزى ئەنئەنىسى ۋە

ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، بىراق يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرىقى مەزگىلىگە كەلگەندە، بۇ موغۇللارمۇ پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلارغا ئاسسىمىلياتسىيىلىشىپ كەتتى. تارىخىي كىتابلاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلىپىدە يەكەن بىلەن تۇرپاندا ئولتۇراقلاشقان موغۇللارنىڭ سانى 30 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى.① كېيىن بۇ مىللەت تارىخ بېتىدىن ئۆچۈرۈلۈپ، پەقەت بىر مۇنچە قەبىلە، ئۇرۇقلارنىڭ نامىلا ساقلىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ تارىخى ئۇيغۇر تارىخىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى.

قىرغىزلار — تەڭرىتېغىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بۇ جايغا كەلگىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغانىدى. مىلادىيە XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئويرات موڭغۇللىرى قىرغىزلارنىڭ ئەجدادلىرى ماكانلاشقان يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، قىرغىزلارنى چېكىندۈرۈپ ئۇلارنى پارچىلىۋەتكەن، بىر قىسمى ئالتاي تېغىدىن ئۆتۈپ تەڭرىتېغىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. سەئىدخاننىڭ ئىنىسى خەلىل تەڭرىتېغىغا قېچىپ بېرىپ قىرغىزلار ئىچىدە پاناھلانغان، بۇ قىرغىزلارنىڭ تەڭرىتېغى ئەتراپلىرىدا ياشىغانلىقىغا دائىر ئەڭ بالدۇرقى تارىخىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلار بۇ جايغا تېخى كەلمىگەن. يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە قىرغىزلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان بولغاچقا، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ئۇلارنى «كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ ئېتىقادى يوق» دېگەن. مىلادىيە XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان يەنە بىر مۇسۇلمان ئاپتور سايىفمۇ ئۇلارنى «مۇسۇلمانمۇ ئەمەس، كاپىرمۇ ئەمەس»

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللار تارىخى — تارىخى رەشىدى»، 2 - قىسىم، 376 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

دېگەن. ئەمەلىيەتتە ئۇلار شامان دىنىنىڭ ئېپتىدائىي ئېتىقادلىرىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، مىلادىيە XV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى مەھمۇدخان موغۇلىستاندىكى كۆچمەن چارۋىچىلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى يولغا قويغان. ئەگەر، ئۇلار بۇ دەۋردە موغۇلىستانغا كىرگەن بولسا، ئۇلارمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولاتتى. قىرغىزلار تەڭرىتېغىدىكى تاغلىق رايونلارغا كىرگەندىن كېيىن، سىياسىي جەھەتتە جانلىنىپ، ئەتراپىدىكى مىللەتلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام دىنىنىڭ قىرغىزلارغا بولغان تەسىرىمۇ چوڭقۇرلاشقان. ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغىنى شۇكى، بۇ قەبىلىنىڭ سەردارى ئىسمىغا مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ نامىنى قوشۇپ، مۇھەممەد قىرغىز دەپ ئاتىغان. سەئىدخان قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغان چاغدا، مۇھەممەد قىرغىز ئادەملىرىنى باشلاپ ياردەمگە كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يەكەن خانلىقىنىڭ ئاھالىسىگە ئايلانغان، ئەمما يايلاق تالىشىش ۋە دىنىي ئېتىقاد سەۋەبلىرى تۈپەيلىدىن بۇ قەبىلە دائىم يەكەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بىلەن زىددىيەتلىشىپ، ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشىپمۇ قالاتتى.

تاجىكلار — پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىدىكى سېرىققول (ھازىرقى تاشقورغان) رايونىدا ياشىغان. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە بۇ يەرلەر دوغلات قەبىلىسىنىڭ زېمىنى ئىدى، كېيىن ئابابەكرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. تاغ ئېگىز، يوللار خەتەرلىك بولغاچقا، تاجىكلارنىڭ تۇرمۇشى بىر قەدەر بېكىنمە ھالەتتە بولۇپ، تاشقى دۇنيا بىلەن ئاز ئۇچرىشاتتى. تۇرمۇش ئۇسۇلى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلاتتى، تۈزلەڭلىككە يېقىن ئولتۇراقلاشقان تاجىكلار دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە مىلادىيە IX ئەسىردىلا ئىسلام دىنىنى

قوبۇل قىلغان. مىلادىيە XI ئەسىردىن باشلاپ شىئە مەزھىپىگە كىرىپ، شىئە مەزھىپىنىڭ ئىسمائىل سۇلۇك (پىــرقە) ىگە ئىشەنگەن. بۇ تەرىپى شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىــقاد قىلىدىغان سۈننىي مەزھىپىدىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشمايدۇ. بىراق، ئۆزۈندىن بۇيان ئۇلار ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن چىقىشىپ بىللە ياشاپ كەلگەن، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە تاجىكلار ئولتۇراقلاشقان سېرىقۇل رايونى خانلىقنىڭ بىر مەمۇرىي رايونى بولۇپ، ئوردا ئەمەلدار ئەۋەتىپ باشقۇرغان ۋە باج يىغقان.

سېرىق ئۇيغۇرلار (سېرىق باش ئۇيغۇرلار) — دۇنخۇاڭنىڭ جەنۇبىغا، چەيدام ئويمانلىقىنىڭ شىمالىغا، غەربتە لوپنۇر كۆلى، چارقىلىق قاتارلىق كەڭ رايونلارغا تارقالغان بىر تارماق ئاز سانلىق مىللەت. ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ئەنشى (كۇسەن) ئۇيغۇرلىرى ھەمدە ئۇدۇن، ئاجىن (ئــارگىــنا)، مــوڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئۇلاشقا بولىدۇ. ئۇلار تەخمىنەن مىلادىيە XI ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە مىــــللەت بولۇپ شەكىللەنگەن. قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇدۇن ۋىساراخانىدانلىقىنى بويسۇندۇرغان چاغدا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى خالىمىغان زور بىر تۈركۈم ئۇدۇن بۇددىستلىرى لوپنۇرنىڭ جەنۇبى بىلەن ئالتۇنتاغ تاغلىق رايونىغا قېچىپ بارغان. سېرىق ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى ھەمدە ئۆز ئېتىقادىدا چىڭ تۇرغان. نەچچە يۈز يىلدىن كېيىن، ئۇلار ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ بىرى يۇگۇلارغا ئايلىنىپ كەتكەن، يەكەن خانلىقى تەۋەسىدە ياشىغان سېرىق ئۇيغۇرلار لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىدىن چاقىلىق ئەتراپلىرىغىچە بولغان جايلاردىكى بىر تارمىقى ئىدى. ئۇلار كــۆچمەن چــارۋىچىلىق بىــلەن تــۇرمۇش كــەچۈرگەن، «شەھەر - قەلئەلىرى يوق، كىگىز ئۆيلەردە تۇرىدۇ، تۆگە، ئات، كالا ۋە قويلارنى باقىدۇ»① تەبىئىي مۇھىتى بىر قەدەر

① «مىڭ تەيزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 90 ـ جىلد.

ناچار، ئادەم ئايىغى ئاز تەگكەن، نەچچە يۈز يىللاپ ئايرىلىپ تۇرغان. بۇ جايغا ئەمەلىيەتتە يەكەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىمۇ يېتىپ بارالمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن يەكەن خانلىقى ئەسكەر ئەۋەتىپ ھۇجۇم قىلىپ، ئۆز ئاھالىسىنى بۇلاپ - تالاشتەك غەلىتە ئىشلارنى قىلغان.

قازاقلار بىلەن ئويراتلارنىڭ ھەر ئىككىسى يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان كۈچلۈك كۆچمەن چارۋىچى مىللەت، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەكەن خانلىقىنىڭ قوشنىسى. قازاقلار ئاساسەن تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىن بالقاش كۆلىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغان، بەزىدە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا كېلىپ چارۋىچىلىق قىلغان، يەكەن خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى خېلى يېقىن بولغان. ئويراتلار مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن جۇڭغارىيە ئويمانلىقى، تۇرپاننىڭ شىمالىغىچە بولغان رايونلاردا ياشاۋاتاتتى. يەكەن خانلىقى قۇرۇلغاندا ئويراتلار زەئىپلەشكەن بولسىمۇ، بىر قىسمى قۇمۇل، تۇرپان رايونلىرىغا كەلگەنىدى. ئۇلار يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن بىرلىكتە ياشاپ، تۇرمۇش ئادىتىنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتتى ھەمدە ئىسلام دىنىغا كىردى، يەرلىكلەر ئۇلارنى «قارا مۇسۇلمانلار» («哈拉回») دەپ ئاتىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئويراتلار يەنە قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا دەۋران سۈردى. بۇ چاغدا ئۇلار ھېمىشە يەكەن خانلىقىنىڭ مەركىزىي رايونلىرىغا بېسىپ كىرىپ، يەكەن خانلىقى ھاكىمىيىتىگە ناھايىتى زور زەربە بەردى ھەمدە ئاخىر ئۇنى ھالاكەتكە ئۇچراتتى.

يەكەن خانلىقىنىڭ غەربىي تەرىپى ئۆزبېكلەر قۇرغان بۇخارا خانلىقىغا تۇتىشاتتى، جۇغراپىيە، ئەنئەنە جەھەتتىكى مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن ئىككى تەرەپنىڭ باردى - كەلدىسى خېلى قويۇق

بولغان، بولۇپمۇ سودا جەھەتتىكى ئالاقىسى قويۇق ئىدى. ئۆزبېكلەر يەكەن خانلىقىغا كېلىپ تىجارەت قىلاتتى، بەزىلىرى يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئۇزاق مۇددەت ماكانلىشىپ قالاتتى. ئۆزبېك رايونلىرىدىن مىڭ سۇلالىسىگە تارتۇق تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتكەن ئەلچىلەرمۇ يەكەن خانلىقى زېمىنىدىن ئۆتەتتى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرىمۇ ئۆزبېكلەر زېمىنىغا ھەمدە ئىران، ئوتتۇرا شەرققە سودا قىلىشقا باراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركەزلىرى بۇخارا، سەمەرقەنتتە داڭلىق مەدرىسەلەر بولغاچقا، نۇرغۇن ئۇيغۇر ئالىملىرى ئىلىم تەھسىل قىلىشقا باراتتى. سوپى مەزھىپىدىكى بەزى زاھىد (قەلەندەر) لارمۇ ئىككى جاي ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىماي، ئەركىن باردى - كەلدى قىلاتتى.

# ئىككىنچى باب يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى ئىجتىمائىيەت

## 1. ئىچكى جەھەتتە سىياسىي تەڭشەپ، تاشقى جەھەتتە ئىناق قوشنىدارچىلىقنى يولغا قويۇش

يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ئومۇمەن ئالغاندا، گۈللىنىش بولدى. بۇ مەزگىلدە جاھان تىنچىپ، خانلىق تەۋەسى مۇقىم بولدى، ئىگىلىك راۋاجلاندى، خەلق خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلدى، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە قۇدرەت تاپتى، مەدەنىيەتتە گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. شۇڭا، بۇ مەزگىلنى شىنجاڭنىڭ قەدىمكى جەمئىيىتىدە ئاز كۆرۈلىدىغان مەزگىل دېيىشكە بولىدۇ. سەئىدخان خېلى ئاقىلانە ھۆكۈمران ئىدى، ئۇ ئەلنى باشقۇرۇشتا قابىلىيەتلىك بولغاچقا، قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ ھىمايىسىگە سازاۋەر بولدى. دەسلەپكى يىللاردىكى جاپا - مۇشەققەتلىك سەرگۈزەشتە ئۇنى تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر بىلەن ئۇچرىشىش، ئۇلارنىڭ دەرد - ئەھۋالىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇ ئابابەكرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا زوراۋانلارچە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ، خەلققە ئېغىر ئالۋان - ياساق سېلىپ، ئۇلاردىن خالىغانچە باج - خىراجەت يىغىپ ئۇلارنى ئېغىر كۈلپەتكە ئۇچراتقانلىقىنى، يىغىلىقلارنىڭ نۇرغۇن كىشىلەرنى خانىۋەيران قىلىپ، سەرسانلىققا سالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. خانلىق قۇرۇلغان

دەسلەپكى مەزگىلدە ھەممىلا جايدىكى باغ ـ ۋارانلار قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن، ئېگىلىك ۋەيران بولغان، خەلق قىيىن ئەھۋالدا قالغان، دېيىشكە بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاباپەكرىنىڭ قالدۇق كۆچلىرى ھەر قايسى جايلاردا يۇشۇرۇنۇۋالغان بولۇپ، ئۇلار پۇرسەت بولسىلا قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىش قەستىدە ئىدى. يەكەن خانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا قۇدرەتلىك خانلىقلارمۇ بۇ خانلىقنى يۇتۇۋېلىشقا تەلمۈرۈۋاتاتتى، بۇلار يېڭىدىن قۇرۇلغان يەكەن خانلىقىغا تەھدىت ئىدى. شۇڭا، قانداق قىلىپ ۋەزىيەتنى تېزلىكتە مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئېگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، خانلىقنى مۇستەھكەملەشكە مۇناسىۋەتلىك تەخىرسىز ۋەزىپىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. مۇشۇ ۋەجىدىن، سەئىدخان بەزى ئىجابىي تەدبىرلەرنى قوللاندى.

بىرىنچىدىن، ئۇرۇش داۋامىدا قېچىپ تارقىلىپ كەتكەن دېھقانلارنى يۇرتىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، تېرىقچىلىق قىلىشقا سالدى، مۇسادىرە قىلىنغان ئاباپەكرى گۇرۇھىنىڭ يەرلىرى ۋە ئىگە ـ چاقىسىز قالغان نۇرغۇن يەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى بۇ دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىپ، ئۇلارنى دېھقانچىلىق قىلىپ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈردى.

ئىككىنچىدىن، سەئىدخان دېھقانلارنى ئۆزىنى ئوڭشاپ، ئەمگىكىگە يارىشا نەپكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، دېھقانلاردىن ئون يىلغىچە باج ـ سېلىق ئالماسلىقنى يارلىق قىلدى، بۇ سىياسەت ئالتە يىل ئىجرا قىلىنغان بولسىمۇ، دېھقانلار يەنىلا ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقى قوزغىلىپ، يېزا ئىقتىسادى تېزلىكتە ئەسلىگە كەلدى.

ئۈچىنچىدىن، سودىنى رىغبەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلدى، ئالدى بىلەن سودا يوللىرى راۋانلاشتۇرۇلدى، يىغىلىق توپىلىدىن ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان ئۆتەڭ ـ سارايلار،

يوللار رېمونت قىلىندى ۋە ياسالدى؛ ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مەنپەئەتى قوغدالدى، ئادىل سودا ـ سېتىقنى يولغا قويۇپ، يۇقىرى پايدا ئېلىشقا ۋە ھايانكەشلىككە قاتتىق زەربە بېرىلدى. بۇ تەدبىرلەر شەھەر ئىقتىسادىنىڭ تېزلىكتە ئەسلىگە كېلىشى ھەمدە بارا ـ بارا گۈللىنىشكە تۈرتكە بولدى.

تۆتىنچى، مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. ئۇ ئابابەكرىدىن ئولجا ئالغان نۇرغۇن بايلىقنى جەڭدە تۆھپە ياراتقان ئەسكەرلەرگە ۋە كەمبەغەل ئائىلىلەرگە بۆلۈپ بەرگەن. بولۇپمۇ دوغلات قەبىلىسىدىكى ئەمىرلەر يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. سەئىدخان ئۇلارنى نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك ۋە چارۋا ـ مال بىلەن مۇكاپاتلاپلا قالماستىن، بەلكى يەنە يۇقىرى مەنسەپ، ئالاھىدە ئىمتىياز بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ساداقىتىگە جاۋاب قايتۇرغان. ئابابەكرىگە ئەگىشىپ ئۆز ئادەملىرىگە قارشى تۇرغان كىشىلەر پەقەت داۋاملىق دۈشمەنلىك قىلمىشىدىلا ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلغان. ئىقتىدارلىق ئادەملەرنى ئورنىدا ئېلىپ قېلىپ داۋاملىق ۋەزىپىگە قويغان. مەخسۇد ئەلى ئىسىملىك كىشى جەڭدە ئۇنى ئېتىپ يارىلاندۇرغان بولغاچقا، ئەسىر ئېلىنغاندى، سەئىدخان ئۇنىڭ ئەقىللىق ۋە باتۇرلۇقىنى كۆرۈپ، ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ مۇھىم ۋەزىپىگە قويغان، كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئىچقۇيۇن ـ تاشقۇيۇن بولۇپ كەتكەن.① بۇنداق چارە ـ ئاماللار ئۇنىڭ ئاۋام خەلق ئارىسىدىكى ئابرويىنى ئاشۇرغان ھەمدە يەنە خانلىق ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇلىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگەن ۋە كۈچەيتكەن.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئۇ خانلىق تەۋەسىدە ياخشى جەمئىيەت تەرتىپىنى ئورناتقان، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئاكتىپلىق بىلەن

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى ـ تارىخى رەشىدى» 361 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.

قوللىغان. ئىسلام دىنىدىكى قازىلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، قانۇن جەھەتتە بىر قەدەر كەڭچىلىك بىلەن ئىش كۆرگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئۆزىمۇ ئوچۇق، كەڭ قورساق، ئېغىر - بېسىق، چىقىشقاق ئىكەن. ئۇنىڭ ئەخلاق پەزىلىتى ۋە ئۇتۇقلىرى مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشكەن. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر مۇنداق دەيدۇ: «سەئىدخان خانلىقنى تۇزەپ، مەمۇرچىلىق قىلىشقا كىرىشتى. يۇقىرىسى بەگ - بەگزادىلەردىن تۆۋىنى پۇقرايى - پەقىرلەرگىچە ھەممە كىشى ئەدەب - سۆلكەتلىك ئىدى، ئەلدە غەم يوق ئىدى، ئۇ كەڭ قورساق، ئادىل ئىدى. پۇقرالارنىڭ بېشىدىكى زۇلۇم - زۇلمەتنى تۈگەتتى، بۇرۇن سودىگەر، يولۇچىلار خەتەرلىك دەپ قارايدىغان يوللار ھازىر تىنچ - ئامان بولۇپ قالدى. مۇئەللىپ بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئەينى دەۋردىكى مۇنداق بىر كۇپلېت خەلق قوشىقىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: «يولدا يالغۇز ئېلىپ يۈرسە كوزا ئالتۇن، چېقىلمايدۇ ئاڭا ھېچقانداق كىشى»[1]. خان بولغاچقا ئادىل ۋە پازىل، تىنچ - ئاسايىش بولدى ئەل ئىچى».

ئومۇمەن، سەئىدخان تەرەققىيپەرۋەرلىك ۋە كەڭ قورساقلىق بىلەن سىياسەت يۈرگۈزۈپ، دۆلەت ئىچىدە ئازادە، تىنچ - خاتىرجەم بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش مۇھىتى ياراتقان. بۇ تەرىپى ئابابەكرى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى سىياسىي مۇھىت بىلەن كۈچلۈك سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىپ، يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان. شۇنداقلا يەنە يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. ئىچكى جەھەتتە سىياسەت بەلگىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سەئىدخان يەنە قوشنا ئەللەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، دۈشمەنگە بىرلىشىپ قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى

---

① يۇقىرىقى كىتاب، 2 - قىسىم، 256 - بەت.

قوللانغان. ئۇ ئالدى بىلەن مەنسۇرخاننىڭ تۇرپان ھاكىمىيىتى بىلەن بىرلەشكەن. مەنسۇرخان سەئىدخانغا زىيانكەشلىك قىلغان، ئۇ سەئىدخاننىڭ يەكەننى پەتىھ قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قاتتىق چۆچۈگەن. سەئىدخاننىڭ قوشۇن باشلاپ كېلىپ ئۆزىنىمۇ بويسۇندۇرۇشىدىن ئەنسىرىگەن. بۇ چاغدا يەكەن خانلىقىدىكى قەلەمدار – ئەلەمدارلارمۇ تۇرپانغا تاجاۋۇز قىلىشنى قوللىغان. ئەمما سەئىدخان ئاكا – ئۇكا قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدا قىرغىنچىلىق بولسا، ھەر ئىككى تەرەپ زىيانغا ئۇچرىشى تۇرغان گەپ، بۇ چاغدا ئۆزبېكلەر بىلەن ئابابەكرىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن، دەپ قارىدى. شۇڭا، ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە: «ئەگەر بىز ئۇلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتسەك، ئاشۇ خەتەرلىك كۆرۈنگەن ئادەممۇ بىزگە قارشى چىقىشقا ئاساس تاپالماي قالىدۇ» دېگەن. ئۇ ئاكتىپ ھالدا مەنسۇرخان بىلەن ئىناق ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، نۇرغۇن سوۋغا – سالام بىلەن تۇرپانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، مەنسۇرخانغا كۆڭۈل ئىزھار قىلغان. ئىككى تەرەپ ئەلچىلىرىنىڭ كېلىشى ئارقىلىق، مىلادىيە 1516 – يىلى ياز پەسلىدە، سەئىدخان بىلەن مەنسۇرخان ئاقسۇ بىلەن كۇچا ئارلىقىدىكى چېگرادا داغدۇغىلىق ئۇچرىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. ئىككى تەرەپ ئايرىم – ئايرىم ھالدا 30 ئادەم بىلەن بەلگىلەنگەن جايغا كېلىپ ئادەملىرىنى ئالماشتۇرغان، سەئىدخان تەرەپتىن بارغانلار دوغلات قەبىلىسىدىن چىققان ئەمىرلەر بولۇپ، «تارىخى رەشىدى» نىڭ مۇئەللىپى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر شۇ چاغدا سەئىدخاننىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى ئىدى. ئاندىن سەئىدخان موغۇللارنىڭ ئەڭ ئالىي مۇراسىمى بىلەن ئۆز ئاكىسىغا ئىتائەت ۋە ھۆرمەت بىلدۈرگەن. ئىككى تەرەپ تەنتەنە بىلەن دوستلىشىش پائالىيىتىنى تەبرىكلەپ، تۆۋەندىكىدەك كېلىشىم تۈزۈشكەن: سەئىدخان ئاتاقتا مەنسۇرخاننىڭ «چوڭ خان» لىق

ئورنىنى ئىتىراپ قىلىدۇ، خۇتبىنى مەنسۇرخاننىڭ نامى بىلەن ئوقۇيدۇ ھەمدە مەنسۇرنىڭ نامىدا پۇل قۇيدۇرىدۇ. ئىككىسى ئۆز زېمىنلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، ئۆزئارا تاجاۋۇزچىلىق قىلىشمايدۇ. مەنسۇرخان سەئىدخاننىڭ ئاقسۇ رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەئىدخان گەرچە ئاتاقتا چوڭ يول قويغان بولسىمۇ، بىراق ئەمەلىي مەسىلىدە، يەنى يەكەن خانلىقىنىڭ ئاساسلىق ھوقۇقى بىلەن ھاكىمىيەت مۇقىملىقى زىيانغا ئۇچرىمىغان، ئەكسىچە ياخشىلانغان. شۇنىڭ بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ تىنچ، خاتىرجەملىكىگە تولغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى ياراتقان. بۇ توغرۇلۇق مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «نەتىجىدە بۇ رايون 20 يىلغىچە پۈتۈنلەي تىنچ بولدى. مەسىلەن، مەيلى قانداقلا بىر كىشى بولسۇن، قىتان (جۇڭگو) نىڭ قومۇل دېگەن يېرىدىن ئەنجانغا بارماقچى بولسا، يول ئۈستىدە باج تۆلىمەيتتى، بارغانلىكى جايدا ھەر كۈنى كەچتە سارايلاردا مېھماندەك كۈتۈلەتتى».

مەنسۇرخان بىلەن دوستلىشىش يەكەن خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى جايلاردىن كېلىدىغان ئەنسىزچىلىكنى تۈگەتكەن بولسا، قازاقلار بىلەن ئورنىتىلغان ئىتتىپاقلىق شىمالىي چېگرىنىڭ ئامانلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. قازاقلارغا نىسبەتەن، سەئىدخان باشتىن ـ ئاخىر ئىشەنچلىك دوست دېگەن تونۇشتا ئىدى. مىلادىيە 1513 ـ يىلى يازدا سەئىدخان موغۇل يايلىقىغا بېرىپ قاسىمخان بىلەن كۆرۈشۈپ، قىزغىن كۆتۈۋېلىشقا مۇيەسسەر بولدى. قاسىمخان ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئاھالىسى بىلەن يىلقىلىرىنى كۆرسىتىپ: «بىز يايلاقتا كۈن كەچۈرىدىغان ئادەملەر، مال ـ مۈلۈك، قائىدە ـ يوسۇننىڭ كارامىتى چاغلىق. بىزگە ئەڭ مۇھىمى يىلقا، ئەڭ ياخشى ئۆزۈقلۇق ئات گۆشى، ئەڭ تەملىك ئىچىملىك قىمىز. بىزنىڭ

بۇ جايدا باغ ـ ۋارانلار يوق، ئۆي ـ ئىمارەتلەرمۇ يوق. بىزنىڭ ئىچ پۇشۇقىمىزنى چىقىرىدىغان نەرسىمىز ئاساسلىقى چارۋىلىرىمىزنى كۆزدىن كەچۈرۈش» دېگەن. ئۇ سەئىدخانغا ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىككى ئاتتىن بىرىنى تاللىتىپ، سەئىدخانغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرگەن. سەئىدخان بۇ ئىشنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇيالمىغان. يەكەن خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قازاقلار بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئىككى تەرەپ دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن. مىلادىيە 1524 ـ يىلى تاھىرخان تەختكە چىقىپ 2 ـ يىلى، ئۆزى سەئىدخاننىڭ يېنىغا كېلىپ قوللۇق بىلدۈرۈپ، بۇ خىل مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگەن.

سەئىدخان بىلەن بابۇر شاھىنىڭ نەۋرە ئاكا ـ ئۇكىلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى ھەمدە بىر ـ بىرىنىڭ شەپقەتچىسى بولۇپ، ئىككىسىنىڭ دوستلۇق مۇھەببىتى ئىنتايىن چوڭقۇر ئىدى. بۇ چاغدا بابۇر موغۇل خانلىقىنى قۇرغان بولۇپ، ئەمما بەدەخشانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش مەسىلىسىدە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا تالاش ـ تارتىش يۈز بەردى. مىلادىيە 1518 ـ يىلى سەئىدخان لەشكەر تارتىپ بۇ جاينى ئىگىلىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن بابۇر يەنە ئوغلى ھومايوننى بۇ جايغا نايىب قىلىپ ئەۋەتتى، ئىككىنچى يىلى سەئىدخان ئۆزبېكلەرنىڭ بەدەخشاننى بېسىۋېلىش يامان غەرەزدە بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ، يەنە قوشۇن باشلاپ بېرىپ بۇ جاينى تارتىۋالدى. بىر مەزگىل ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتتى، ئەمما ھەر ئىككى تەرەپ سەۋرچانلىق پوزىتسىيە تۇتۇپ، جەڭگە ئاتلانمىدى. مەكتۇپ يېزىش ئارقىلىق كېلىشىم تۈزۈشكەندىن كېيىن، سەئىدخان ئاكتىپلىق بىلەن بۇ جايدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى.

ئەينى چاغدا يەكەن خانلىقىنىڭ ئاساسلىق ئەنسىرەيدىغىنى ئۆزبېكلەر ئىدى. بىراق، يەكەن خانلىقىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى

مۇقىم بولغاچقا ھەمدە يەنە ئەتراپىدىكى مىللەتلەر قۇرغان خانلىقلار بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن بولغاچقا، ئۆزبېك خانلىقىنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلىش يامان غەرىزىنى توسۇپ قالالىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مىلادىيە 1524 - يىلى پەرغانە رايونىنىڭ ھۆكۈمرانى سۇيۇنچ خان ئۆلگەندىن كېيىن، سەئىدخان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەسكەر ئەۋەتىپ ھۇجۇم قىلىپ، ئەنجاننى ئىگىلىدى ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ قولىدىن بۇ زېمىننى تارتىۋالدى.

## 2. شىزاڭ قاتارلىق جايلارغا يۇرۇش قىلىش

يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھۆكۈمرانلار خانلىق ئەتراپىدىكى مۇسۇلمان بولمىغان مىللەتلەر ۋە رايونلارغا بىر قاتار ھەربىي يۇرۇشلەرنى قىلدى. بۇ جەڭلەر ئىسلام دىنىدىكى «جىھاد» نامى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە زاڭزۇلار رايونىغا قىلىنغان ھەربىي يۇرۇش، شىنجاڭ ئىسلام ھاكىمىيىتى بىلەن شىزاڭ لاما دىنىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بىر مەيدان كۆلەمى چوڭ دىنىي ئۇرۇش بولۇپ، شىنجاڭ بىلەن شىزاڭ تارىخىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى تەرەققىيات تارىخىدا جىھاد خېلى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دىكى دىنىي ئەقىدىلەر بولغان جىھاد قورال كۈچى بىلەن ئىسلام دىنىنى تارقىتىدىغان بىر تۈرلۈك دىنىي مەجبۇرىيەت. ئىسلام قانۇنىدا ئوخشاش بولمىغان مىللەت ۋە دۆلەتلەر ئاددىي قىلىپ مۇسۇلمان ۋە كاپىر دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ ھەمدە كاپىرلار قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ. «مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدا بىر خىل دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان دۈشمەنلىك

مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ① جىھادقا قاتنىشىش مۇسۇلمانلارغا پەرھىز قىلىنغان «بەش پەرھىزدىن» سىرت، يەنە بىر تۇرلۇك ئاساسلىق دىنىي مەجبۇرىيەت دەپ قارىلىدۇ. جىھادنىڭ مەقسىتى ئىسلام دىنىغا قارشى تۇرىدىغان رايونلارنى ئىسلام دىنىنىڭ ئىگىدارچىلىقى (دەر ئەل ئىسلام) غا ئۆزگەرتىپ، شۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ، ئىسلام دىنىي تەشكىلاتىغا كىرگۈزۈش ياكى ئۇلارنى ئىسلام دىنىدىكى ھۆكۈمرانلارغا مەجبۇرىي باج تاپشۇرۇشقا ئىتائەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. يەكەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى «جىھاد» نامى بىلەن قوزغىغان جەڭلەر ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بۇ خىل كېڭەيمىچىلىكى بىلەن ئوخشاش خاراكتېرگە ئىگە ئىدى②
يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھۆكۈمرانلار قوزغىغان «جىھاد» پائالىيىتىنىڭ كۆلىمى چوڭراقلىرى ئۈچ قېتىم بولغان. ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇش دائىرىسى خانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار، بولۇر، لاداق، بارتىستان، كەشمىر شىزاڭ قاتارلىق جايلار بولغان. بۇ جايلاردا بىر مۇنچە يېرىم ئىپتىدائىي ھالەتتىكى مىللەت ۋە قەبىلىلەر ياشايتتى. ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى قالاق، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بەكمۇ تۆۋەن بولۇپ، كىشىلەر نامراتچىلىقتا كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىمۇ بەك مۇرەككەپ بولۇپ، لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان زاڭزۇلاردىن باشقا يەنە ھىندى دىنى، ئىسلام دىنىنىڭ ھەرقايسى مەزھەپلىرىگە ئېتىقاد قىلىدىغانلار ۋە قۇياشقا چوقۇنغۇچىلار دىنى، ئىپتىدائىي دىن

---

① ماركس: «شەرقتىكى ئۇرۇش ئېلان قىلىش مەسىلىسىنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخى» «ماركس ئېنگېلس، تاللانما ئەسەرلىرى»، 10 ـ قىسىم، 180 ـ بەت.

② ئىسلام دىنىدا «جىھاد» نىڭ مەنىسى خېلى كەڭ دائىرىدە بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس ھەمدە ھەر قايسى دىنىي مەزھەپلەردە ھەرخىل چۈشەندۈرۈلىدۇ: شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوخشاشمىغان دەۋر، ئوخشاشمىغان سىنىپ ياكى سىياسىي گۇرۇھلا بۇ بايراقنى كۆتۈرۈپ چىققاندا، ئۇنىڭ رولىمۇ ئوخشاش بولمىغان. بۇ يەردە ئۇ «جىھاد» مەنىسىدە كېلىپ باشقا ئەللەرنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن قىلىنغان ئۇرۇشلارنى كۆرسىتىدۇ. «جۇڭگو ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 246 ـ بەت.

قاتارلىق دىنلار با ئىدى. شىنجاڭ ھاكىمىيىتى مىلادىيە XV ئەسىردىن باشلاپ خوجىياۋ (نىگما مەزھىپى) بىلەن خوجىياۋ (گېلو مەزھىپى) ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشتا ئاجىزلىشىشقا ۋە بۆلۈنۈشكە قاراپ يۈزلەنگەنىدى. باشقا جايلارمۇ پەقەت قەبىلە ئاقساقاللىرى ياكى كەنتلەردىكى ئاقساقاللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى تارقاق ھەم ئاجىز ھاكىمىيەتلەر ئىدى. ئەمما، يەنە بىر جەھەتتىن ئاسىيانىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدىكى بۇ جايلاردا ئادەم ئاز، كىلىمات سوغۇق ۋە ئۆزگىرىشچان، يەر شەكلى مۇرەككەپ بولغاچقا، چوڭ قوشۇننىڭ ھەربىي يۈرۈش قىلىشىغا پايدىسىز ھەمدە يەنە يېتەرلىك ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەشكە ئېرىشىشمۇ تەس ئىدى. شۇڭلاشقا، يەكەننىڭ «يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن» ى بۇ رايونلارغا كىرگەندىن كېيىن، «كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلغاندىن باشقا، يەنە ھەرخىل دەھشەتلىك تەبىئىي مۇھىت ۋە دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئېگىز تاغ كېسەللىكىگە بەرداشلىق بېرىشى لازىم ئىدى».

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ يېزىشىچە، سەئىدخان قوزغىغان بىرىنچى قېتىملىق ھەربىي يۈرۈش مىلادىيە 1517 ـ يىلى باشلانغان. شۇ يىلى كۈزدىن كېيىن سىرىق ئۇيغۇرلار ھۇجۇم قىلىش نىشانى قىلىپ تاللانغان. سەئىدخان قوشۇنغا ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، يەكەندىن ئاتلىنىپ خوتەنگە بارغاندا، سالامەتلىكى ناچارلىشىپ يەكەنگە قايتىپ كېلىپ، قول ئاستىدىكى ئەمىرنى ئۇ جايغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئەمىر قوشۇننى باشلاپ چۆللۈكتە ئىككى ئاي يۈرگەندىن كېيىن، نۇرغۇن مال ـ دۇنيانى ئولجا ئېلىپ ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كەلگەن. بىراق، كاپىرلار ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى كۆرۈپمۇ باقمىغان ھەم ئاڭلاپمۇ باقمىغان، يەنى ئۇلار سىرىق ئۇيغۇرلار بىلەن ھەرگىزمۇ جەڭ قىلمىغان، پەقەت ئۇلارنىڭ يېرىدە بىر مەيدان بۇلاڭچىلىق ئېلىپ بارغان. مىرزا مەھمۇد ھەيدەرنىڭ

يېزىشچە، يۇنۇسخان، ئەھمەدخان ۋە مەنسۇرخان دەۋرىدە ئۇلار سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىغا كۆپ قېتىم ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەچكە، ھايات قېلىش ئۈچۈن يەرلىك ئاھالىلەر ئادەمزات ئاياغ باسمايدىغان تاغ ئىچىگە كىرىپ پاناھلانغان. بۇ قېتىمقى يىراققا يۈرۈش قىلىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئوخشاشلا يەنىلا سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ پاسسىپ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇزلۇكسىز تاجاۋۇز قىلىش ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىش ۋە سېرىق ئۇيغۇرلارغا زور بالايىئاپەت كەلتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يەنە تارقىلىپ كۆچۈپ كېتىشىنى كەلتۇرۇپ چىقارغان.

مىلادىيە 1527 ـ يىلى سەئىدخان ئىككىنچى قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشنى تەشكىللىگەن. بۇ قېتىم ئۇ رەشىد سۇلتان بىلەن مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنى باش سەردارلىققا تەيىنلەپ بولۇرستانغا ھۇجۇم قىلدى. بولۇر ھىندىقۇش تېغىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقا كىچىك تاغلىق دۆلەت بولۇپ، ئاساسلىق ئاھالىسى خونزا جىرجىت ۋە چىتلار قەبىلىلىرى ئىدى. مىرزا مەھمۇد ھەيدەر مۇنداق يازغان: «بولۇر كافىرستان بولۇپ، ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى تاغدا تۇرىدۇ». بۇ قېتىم يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن بولۇردا بىر قانچە قېتىملىق قانلىق جەڭلەر ئارقىلىق غەلىبە قىلىپ»، دەل بىر قىش تىركىشىش ئارقىلىق ئاخىر «ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى ئېلىپ تىنچ ـ ئامان قايتقان». ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى ئۇلاغ بويىچە ھېسابلىغاندا 5 ـ 6 مىڭ ئۇلاغ كەلگەن.①

دەرۋەقە، ئاسانلا قولغان كەلگەن بۇ غەلىبە ۋە مال ـ مۈلۈكلەر يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىقى گۇرۇھىنى «جىھاد» نىڭ كۆلىمىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، باشقا ئەللەرنى بويسۇندۇرۇش ۋە

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى ـ تارىخى رەشىدى»2 ـ قىسىم 341 — 343 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل نەشرى.

نام ـ ئاتاقتا ئىگە بولۇشتەك يامان نىيىتىگە كەلتۈردى. مىلادىيە 1532 ـ يىلى سەئىدخان شىزاڭغا يۈرۈش قىلىپ لىخاسادىكى لاما ئىبادەتخانىسىنى گۇمران قىلىۋېتىشنى قارار قىلدى. بۇ ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان پادىشاھ ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان بىر ئىش، شۇڭا ئۇ ئۆزى بۇ ئىشنى تاماملىشىم لازىم، دەپ قارايتتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى يەكەن گەرچە لاداق قاتارلىق جايلارغا كۆپ قېتىم قوشۇن ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ھېچقانداق غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەنىدى. چۈنكى، «ئىسلام دىنى ئانچە راۋاجلىنالمىغان» ئىدى. بىر نەچچە ئايلىق تەييارلىقتىن كېيىن شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، سەئىدخان 5000 نەپەر موغۇل ئەسكەردىن تەشكىللەنگەن سەر خىل قوشۇننى باشلاپ يەكەندىن ئاتلاندى، ئاندىن قوشۇن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، بىر يولدا 2000 ئەسكەر مىرزا مەھمۇد ھەيدەر بىلەن سەئىدخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىسكەندەرنىڭ قوماندانلىقىدا لاداققا ھۇجۇم قىلدى. يەنە بىر يولدىكى قوشۇنغا سەئىدخان ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ خوتەن، ئارقىلىق دورباغا (شىزاڭنىڭ ئالى رايونىدا) ھۇجۇم قىلدى. پىلان بويىچە ئىككى قوشۇن ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىنى تازىلاپ (تىنىنچلاندۇرۇپ) بولغاندىن كېيىن شىزاڭنىڭ مەلۇم بىر جايىدا ئۇچراشماقچى، ئاندىن بىرلەشمە قوشۇن شىزاڭنىڭ مەركىزى لىخاساغا ھۇجۇم قىلماقچى ئىدى.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر باشلاپ ماڭغان قوشۇن قاراقۇرۇم تېغىدىن ئۆتۈپ، بىرىنچى بېكەت نۇبۇراغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئەتراپتىكى يۇقرالارغا: ھەممە كىشى مۇھەممەدنىڭ ئۇممىتى بولۇشى كېرەك. ئىتائەت قىلغانلار ئىسلام شەرىئىتى بويىچە باجدىن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ۋە ھىمايىگە ئېرىشىدۇ، دەپ خەۋەر تارقاتتى. نوبۇرادىكىلەر بويسۇنۇشنى رەت قىلىشتى، ئۇلارنىڭ سەردارى بۇرخاپا ئاھالىنى باشلاپ، قەلئەسىگە بېكىنىۋېلىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى، بىر نەچچە كۈنلۈك جەڭدىن كېيىن

قەلئە ئېلىنىپ بۇرخاپا ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى، نۇبۇرا پۇتۇنلەي بويسۇندۇرۇلدى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر بۇ يەرنى ساقلىغۇچى قوشۇننــــى قالدۇرۇپ، ئاندىن قوشۇننى مايۇگە يۆتكەپ كەتتى. بۇ شەھەر لاداق رايونىنىــڭ مەركىزى ئىدى. لاداقنىڭ ۋالىيسى لاتا جۇگادان بىلەن داشى كۇننى قورال كۇچى بىلەن تەڭ كېلەلمىگەندىن كېيىن، ئامالسىز بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۇردى. ئەمما، بۇ ۋەقە زاڭزۇچە يازما يادىكارلىقلاردا دەل بۇنىڭ ئەكســــچە خاتىرىلەنگەن. «لاداق تەزكىرىسىدە خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى چاغدا (مىلادىيە XVI ئەسىر) بۇ جايدا 19 ـ ئەۋلاد زاڭزۇ پادىشاھ Tashi — Namgyal تۇرۇۋاتقان بولۇپ، «ئۇ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن تۈركلەر بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى بىراقلا مەغلۇپ قىلغان. ئۇ بىر ئىبادەتخانا ياسىتىپ بۇدداغا تەقدىم قىلغان ھەمدە تۈركلەرنىڭ جەسىتىنى مۇشۇ (تۆت) بۇددانىڭ ھەيكىلى تۇۋىگە كۆمگەن. يەنە بۇ (تۆت) بۇددا ئىبادەتخانىسىنى ياساتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ سېھىرگەرلىك بىلەن قوغدىغۇچى ئىلاھنى ئىشقا سېلىپ، دۈشمەن قوشۇنىنى قاچۇرۇۋەتكەنمىش[①]

سەئىدخان بىر ئاي يول يۈرگەندىن كېيىـــن، خوتەندىن دورباغىچە بولغان ئارىلىقتىكى چۆلدە سۇ ۋە ئاشلىقى قالمىغان، يوللا خەتەرلىك بولغاچقا، نائىلاج قايتىپ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ماڭغان يول بىلەن لاداققا قاراپ ماڭدى. مۇشۇ يول ئۈستىدە سەئىدخان ئېگىز تاغ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، كۈچ مادارىدىن قالدى. ئەمما، ئۇ شىــزاڭغا ھۇجۇم قىلىــــش قىزغىنلىقىنى ھەرگىزمۇ بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. ئىككى قوشۇن مايۇدا قوشۇلۇپ، قايتا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن كېيىن سەئىدخان 1000 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئېگىز تاغ كېسەللىكــــى

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى ـ تارىخى رەشىدى» 2 ـ قىسىم، 391 ـ بەت. ئىلىياسنىڭ ئىزاھاتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى نەشرى.

تارقالمىغان پاكىستانغا ھۇجۇم قىلىشقا ماڭدى. قالغان قوشۇننى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر باشلاپ كەشمىرگە قاراپ ئاتلاندى.

كەشمىرگە ھۇجۇم قىلغۇچى قوشۇننىڭ يۈرۈشى دەسلەپتە ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق بولدى. يول ئۈستىدە ئۆتكەن توسۇقلارنى بۇزۇپ توسالغۇسىز ھالدا ئىلگىرىلىدى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر تەسلىم بولغانلارنى قاتتىق پەرمان چۈشۈرۈپ، ئۆز قوشۇنىغا قوشۇلۇشقا بۇيرۇدى. يەرلىك زاڭزۇ ئاھالىلىرىنى قوشۇننىڭ ئالدىدا ماڭدۇرۇپ، كەشمىر ۋالىيسى ئېغىزغا ئورۇنلاشتۇرغان قوغدىغۇچىلارنى تارمار قىلدى. ئارقىدىنلا ئۇلار قەدىمىي خان ئوردىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ شەھەرنى تۈزلىۋەتتى. دۆلەت غەزىنىسى بىلەن باشقا ئامبارلارنى بولاپ قۇرۇغداپ قويدى. ئەمما، كەشمىر قوشۇنىنىڭ ئەسكەرلىرى جايلاردا تارقاق ھەرىكەت قىلىپ، مۇھىم ئىستىراتېگىيىلىك جايلارنى داۋاملىق ساقلىدى. ئۇلار يۈزمۇيۈز جەڭ قىلىشتىن ساقلاندى ھەمدە كېچىلىرى يەكەن قوشۇنىغا تۇيۇقسىز زەربىلەرنى بەردى. شەھەر ئاھالىسىمۇ ئۆي - ۋارانلىرىنى تاشلاپ تاغقا چىقىپ كېتىپ، قۇرۇق شەھەرنى قالدۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ئاشلىق ۋە يەم - خەشەك يېتىشمەسلىك ئەھۋالىغا دۇچ كېلىپ، يا ئىلگىرىلەشكە يا چېكىنىشكە بولمايدىغان ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. نىيىتى بۇزۇق ئادەملەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قۇتراتقۇلۇق قىلدى، ئەسكەرلەرمۇ سۇ - تۇپراققا كۆنەلمەي يۇرتىنى سېغىنىپ تۇرغاچقا، قوشۇن ئىچىدە داۋالغۇش كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇلار ئۇچۇقتىن ئۇچۇق قىلىپ: «ئۇ (مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنى دېمەكچى) نىڭغا ئېيتىڭلار، بىز دېگەن موغۇل، باش قاتۇرىدىغىنىمىز موغۇلىستاننىڭ ئىشى، بۇ يەرنى جەننەتنىڭ بېغى، ھەتتا ئۇنى جەننەتنىڭ مۇدىلى دېگەن تەقدىردىمۇ بىز قانداقسىگە كەشمىرنىڭ يات دىندىكى ئادەملەرنى ئارىمىزغا قوشقۇدەكمىز؟ بۇدقا چوقۇنىدىغانلار جەننەتكە

كىرەلمەيدۇ، بۇ گەپنى ئاللىبۇرۇن قىلىشقانىدىققۇ، بىزنىڭ يەنە خوتۇن - بالىلىرىمىز، قېرى - چۆرىلىرىمىز، قوي - كالىلىرىمىز بار. شۇڭا، ياخشىسى كەشمىر قوشۇنىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، بىز سەئىدخاننىڭ قوشۇنىغا قايتىپ بارايلى، ئەگەر ئۇ بىزنى ئۆلتۈرۈۋەتسە جەسىتىمىزنى بولسىمۇ قېرىنداشلىرىمىز كۆمىدۇ. ئەگەر ئۇ بىزنى ئۆلتۈرمىسە بىز موغۇلىستاننىڭ سىرتىدىكى ھېچقانداق جايغا بارمايمىز» دېيىشتى. قوشۇن ئىچىدە كۈندىن - كۈنگە ئۇلغىيىۋاتقان نارازىلىق كەيپىيات قوشۇننىڭ جەڭ قىلىش ئىقتىدارىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق جەڭدە گەرچە ئىككىلا تەرەپتىن ئۆلگەن - يارىلانغانلار خېلىلا كۆپ بولسىمۇ، ئەمما مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. كەشمىر ۋالىيلىرى مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ پۈتۈن قوشۇننى چېكىندۈرۈپ كېتىش توغرۇلۇق بەرگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن، مۇنداق شەرتلەرگە قوشۇلدى: قۇتبىنى سەئىدخاننىڭ نامى بىلەن ئوقۇش، سەئىدخاننىڭ نامىدا پۇل قۇيدۇرۇش، يەكەن خانلىقىغا باج تاپشۇرۇش ھەمدە يەنە كەشمىر ۋالىيسىنىڭ قىزىنى ئىسكەندەرگە ياتلىق قىلىپ بېرىش؛ ئەمما ئۇلار دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى تەلەپنى قاتتىق رەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كەشمىرنى بېسىپ يېتىپ ئالتە ئايدىن كېيىن چېكىنىپ چىقىپ، لاداقتا قايتىپ سەئىدخان بىلەن ئۇچراشتى.

بۇ قېتىمقى كەشمىرگە ھۇجۇم قىلىش ئەھۋالى توغرۇلۇق ھىندىستان تارىخچىسى فېرىشتا خېلى تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغان، بىراق يىل دەۋرىدە سەل ئوخشاشماسلىق بار. ئۇ مۇنداق يازغان: «939 - يىلى (مىلادىيە — 1533 - يىللار) قەشقەر سۇلتانى سەئىدخان ئەۋەتكەن ئوغلى ئىسكەندەرخان بىلەن

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر بىرلىكتە 12 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن تۇبات ۋە لارىبىر ئارقىلىق كەشمىرگە تاجاۋۇز قىلدى. يەرلىك ئاھالىلەر بۇ ياۋۇز ئوتتۇرا ئاسىيالىقلاردىن قورققانلىقى ئۈچۈن، ئۆي - جايلىرىنى تاشلاپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ تاغلاردا پاناھلاندى، تاجاۋۇزچىلار شەھەردە ھېچ كىشىنىڭ قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، قەدىمىي خان ئوردىسىنى كۆيدۈرۈپ شەھەر ئىچىنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى. كەشمىر شەھىرى ۋەيران قىلىندى، دۆلەت خەزىنىسى بىلەن ئامباللاردىكى ماللار بۇلاپ - تالاندى، ھەربىر تاجاۋۇزچى يەتكۈچە مال - دۇنيا، ئالتۇن - تىللاغا ئىگە بولدى. ئۇلار كەشمىرلىكلەرنى قەيەردە كۆرۈپ قالسا شۇ يەردىلا زەربە بەردى، ئۆلتۈردى ياكى ئەسىر ئالدى. بۇ خىل ئەھۋال ئالتە ئايغىچە داۋام قىلدى». فېرىشۇتا ئاخىرقى بىر قېتىملىق جەڭ بىلەن سۇلھى توغرۇلۇقمۇ تەپسىلىي مەلۇمات قالدۇرغان. ئۇ يەنە مۇنداق يازىدۇ: «شۇنداق قىلىپ سۇلھى تۈزۈلدى، كەشمىردە قايتىدىن تىنچلىق باش كۆتۈردى»[1] ئەمما ئەمەلىيەتتە بۇ جەڭ تېخى ئاياغلاشمىغانىدى. پارتستانغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن سەئىدخان دەسلەپتە يەرلىك ئىسلام مۇرىتلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، پايتەخت ھىجاربوۋنى كۆچمەيلا ئىشغال قىلدى. ئەمما، قىش كىرگەندىن كېيىن قاتتىق قار يېغىپ تاغ يوللىرى توسۇلۇپ، خەۋەر - ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالدى. يەرلىكلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قارشى ھۇجۇم قوزغىدى. سەئىدخاننىڭ پۈتكۈل قوشۇنى خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. توپتوغرا بىر قىش ئوڭۇشلۇق جەڭ قىلالمىدى. قىش پەسلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگە كەلگەندە، ئاندىن ھىجاربوۋدىن ئاستا ئايرىلىپ نۇبراغا قايتىپ كەلدى. ئاندىن كېيىن نوبرانىڭ ۋەزىيىتىمۇ يامانلىشىشقا باشلىدى،

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى - تارىخى رەشىدى»، 2 - قىسىم، 425 - بەت، ئىلىياسىنىڭ ئىزاھاتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل نەشرى.

يەكەنلىك ساقلىغۇچى قوشۇننىڭ بوزەك قىلىشى ۋە بېسىمى خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغىدى. ھەممە كىشى خەۋپ ـ خەتەردىن ئۆزىنى قوغدايدىغان بولدى. «يەرلىك ئاھالە ئۆزلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئەۋەتىلگەن بۇ ئىستىبداتىسزلارغا ھەرگىز بويسۇنمىدى. شۇڭا، خانىنىڭ ئەمەلدارلىرى داۋاملىق نۆبرادا تۆرۈۋېرىش ئەمدى خەتەرلىك دەپ قاراپ، ماگوغا چېكىنىپ كەتتى» . ئۇزۇن ئۆتمەي مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرمۇ بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا «جىھاد» ئېلىپ بېرىلغىنىغا بىر يىل بولاي دەپ قالغان، قوشۇندا يارىدار كۆپەيگەن، ئەسكەرلەر جەڭدىن بىزار بولۇپ يۇرتىنى سېغىنىشقان بولغاچقا، يىراققا يۈرۈش قىلىشتىكى ئاخىرقى نىشان شىنزاڭدىكى لىخاساغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى تېخى ئىشقا ئاشمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە سەئىدخاننىڭ تەن سالامەتلىكىمۇ جەڭگە قوماندانلىق قىلىشقا يار بەرمەيتتى. ئۇ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرگە مۇنداق دېگەن: «ساڭا ئايان، مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم بۇ جەڭگە قوماندانلىق قىلىش ئىدى. مېنىڭ زاكىزۇلار قوغداپ تۇرغان ئاشۇ بۇتخانىنى گۇمران قىلىش ئويۇم بار ئىدى. ئاشۇ بۇتخانا پۈتۈن جۇڭگونىڭ باش ئۇرۇدىغان مۇقەددەس جايى، بۇگۇنگە قەدەر ھېچقايسى مۇسۇلمان پادىشاھ بۇ ئىشنى قىلمىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ جايغا يېقىنلاپ كېلەلىمۇ باقمىدى، ئەمدىلىكتە مېنىڭ سالامەتلىكىم بۇ چوڭ ئىشنى بەجا كەلتۈرۈشكە يار بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ . . . مەن سېنىڭ خۇدادىن ماڭا ئامانلىق تىلەپ تۇرۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن ھەمدە تۇلۇپ ـ تاشقان دىنىي قىزغىنلىق بىلەن ئاشۇ بۇدخانىنى بۇزۇپ تاشلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ جەرياندا مەن سۆيۈملۈك يۇرتۇمغا قايتىپ بارىمەن، بارلىق ئىشلانى ساڭا تاپشۇرۇدۇم» ، ئاندىن ئۇ داغدۇغىلىق پەرمان چۈشۈرۈپ، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنى قوشۇننىڭ باش سەردارلىقىغا تەيىنلەپ، ئىسكەندەر سۇلتان بىلەن باشقا ئەمىرلەرنى قالدۇرۇپ، قالغان

ئەسكەرلەر ئىچىدە 2000 تاللانغان ئەسكەرنى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرگە ئايرىپ بېرىپ، ئۆزى مىلادىيە 1533 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا كەلگەن يولى بىلەن قايتتى. قوشۇن يەكەنگە يەنە سەككىز كۈنلۈك يول قالغان تاغلىق جايدىكى سۆگەت ئېغىزىغا كەلگەندە، سەئىدخاننىڭ كېسىلى تۇيۇقسىز ئېغىرلاپ 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى 47 - يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. سەئىدخان يەكەن خانلىقىنى قۇرۇش، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، تاشقى سىياسەت، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە كۆپ ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرقى باسقۇچقا يەتكەن مەزگىللەردە، پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى ئاجىز مىللەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بارغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى — «جىھاد» قا سەرپ قىلىشى ئۇنىڭ ھاياتىغا داغ تەگكۈزمىگەندۇ، دېگىلى بولمايدۇ.

سەئىدخان ئۆلگەندىن كېيىن مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر قوربانلىق قىلىپ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بولۇپلا لىخاساغا ئاتلاندى. بۇ قوشۇن ئىككى ئايدىن كۆپرەك جىددىي ۋە مۇشەققەتلىك يۈرۈش قىلىپ، لىخاساغا سەككىز كۈنلۈك يول ئۈستىدە بۇتخانىلارنى چېقىپ، لاما دىنىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈپ ماڭدى. بىراق، يەنىلا زاڭزۇلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بىر قېتىم قوشۇننىڭ ئارقىسىدىكى يۈكچى قىسىم نېپال پادىشاھى زاڭزۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتكەن ئەگمەچ شەمشەر بىلەن قوراللانغان دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، نۇرغۇن ئادەم، ئات — ئۇلاغ ۋە ھەربىي تەمىنات چىقىم بولدى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ئىنىسى ئابدۇللا مىرزىمۇ ئۆلتۈرۈلدى. تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى، قوشۇن لۇقلابۇق دەپ ئاتىلىدىغان كۆل بويىدا چۈشكۈن قىلغاندا، ئاتلارنىڭ ھەممىسى ئېگىز تاغ كېسىلى (دەم سىقىلىش كېسىلى) گە دۇچار بولۇپ، كۆپ قىسمى ئۆلۈپ كەتتى. ئاستا بۇلاققا كەلگەندە، كۈچ مادارىدىن كېتىپ ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغلارنىڭ يېرىمىدىن

كۆپرەكى زىيان بولدى. جەڭگە يۈرۈش قىلىش ئۈيافتا تۇرسۇن، هاياتنى ساقلاپ قېلىشمۇ تەسكە چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار لىخاساغا هۇجۇم قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، بۇ جايدا ئېغىر بۇلاڭ - تالاڭ ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، كەلگەن يولنى بويلاپ ۋەتىنىگە غەلىبە بىلەن قايتتى. مىلادىيە 1534 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۇلار قايتىپ لاداققا كەلگەندە خان ئەلچىسى يېڭى پادىشاھ ئابدۇرەشىدخاننىڭ پەرمانىنى ئېلىپ كەلدى. پەرماندا مۇنداق دېيىلگەنىدى: پۈتۈن قوشۇن تارقىتىۋېتىلسۇن، ئەسكەرلەر يەكەنگە قايتىپ كەلسۇن. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك سەردارلىق ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلىنىپ، قوشۇن ئىسكەندەرنىڭ قوماندانلىقىغا تاپشۇرۇپ بېرىلسۇن، پەرماندا يەنە مۇنۇلار بار ئىدى: مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر قاتارلىقلارنىڭ قايتىپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقى جاكارلانغانىدى، دېمەك ئۇلار چەت ئەلگە سۈرگۈن قىلىنغانىدى. پەرماننى تاپشۇرۇۋېلىپ بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا، قوشۇندىكى 700 نەچچە ئادەم تارقىلىپ كەتتى. قول ئاستىدىكىلەر تۇشمۇ تۇشتىن قېچىشقا باشلاپ، ئەڭ ئاخىرىدا 50 تىن كۆپرەك ئادەملا مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر بىلەن ئىسكەندەر سۇلتانغا ئەگىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ تۈبۈتكە قىلىنغان ۋاقتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان يىراق مۇساپىلىك يۈرۈش مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ئۇزۇن سەپەرنىڭ ئاساسلىق قوماندانى بولغان مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرى ئاساسلىقى ئۇنىڭ خۇسۇسىي پائالىيەتلىرى بولۇپ، يەكەن خانلىقى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىر سىياسىي سەرگەردانغا ئايلىنىپ، نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئاخىرىدا يەنە كەشمىرنىڭ هۆكۈمرانىغا ئايلىنىپ، بۇ يەرگە 11 - يىل هۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەسىرى «تارىخى رەشىدى» نى يېزىپ

تاماملايدۇ. ئۇ كىتابىدا بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى باشتىن - ئاخىر تەپسىلىي بايان قىلغان. كېيىن رەشىدخان سەئىدخانغا تەقلىد قىلىپ « جىهاد» نامىدا بولۇر رايونىغا ھەربىي يۈرۈش قىلدى. ئالدىنقى قېتىم بولۇردىكى ھەربىي ۋە پۇقرالارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ مەغلۇبىيەت بىلەن قايتىپ كەلدى. نۇرغۇن موغۇل ئەسكەر ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. رەشىدخان ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن يەنە ئاتلىنىپ، ئۇ يەرلەردىكى كۆپلىگەن قورغانلارنى تارمار قىلىپ، بولۇر ۋالىيسىنى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ چىقىپ ئەل بولۇشقا ۋە خانلىققا تارتۇق تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. رەشىدخان ئۇ يەردىكى قورغاننى بۇزۇپ، ئۇنىڭ ياغاچ - تاشلىرىنى يەكەنگە توشۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى ھەمدە «جىهاد سىمۋولى» بولغان بىر ئىمارەت سالدۇردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئىمارەت XIX ئەسىرگىچە ساقلىنىپ كەلگەنمىش.

يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ ھەربىي يۈرۈشلىرى دىنىي نىقاب ئىچىگە ئېلىنغان تاجاۋۇزچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، فېئوداللىق ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ دىن ئارقىلىق خەلقنى ئالداش ۋە مال - دۇنيا توپلاشتەك ئەسلىي ماھىيىتىنى تولۇق ئېچىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەكەن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بۇنداق قورال كۈچى بىلەن ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش ئۇسۇلى ھېچقانداق ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىدى. بۇ رايونلاردىكى ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىقادى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنى يەنىلا ساقلاپ قالدى.

## 3. ئابدۇرەشىدخان

سەئىدخانىنىڭ تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇشى بىلەن يەكەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىدە بىر مەيدان شىددەتلىك ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى قوزغالدى. سەئىدخان ھايات ۋاقتىدا

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى ئۆزىنىڭ خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشقا بېكىتكەنىدى، ئۇ شىزاڭغا سەپەر قىلىشتىن بۇرۇن خانلىقنىڭ ئىشلىرىنى سەئىد مۇھەممەد مىرزىغا تاپشۇرغان. ئۇ كىشى ئەنجاننى پەتىھ قىلىپ سەئىدخانغا تەقدىم قىلغان، كېيىن يەنە قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش توغرۇلۇق تەكلىپ بەرگەن. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ يەكەن خانلىقىدىكى ھوقۇق كۈچى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، بارلىق ئەمىر ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. شۇ ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئاقسۇدا ئىدى. ئۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا دەرھال يەكەنگە قايتىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا ئەلى تاغاي ئىسىملىك ئەمىر رەشىدخانغا سەئىد مۇھەممەدنىڭ ئۇنىڭ خانلىق ئورنىنى بىكار قىلىپ، ئىسكەندەرنى خان قىلىپ تۇرغۇزماقچى بولغانلىقىنى ھەمدە پۇرسەتتى كەلگەندە رەشىدخاننى ئۆلتۈرۈشنى قەستلەۋاتقانلىقىنى مەخپىي خەۋەر قىلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان رەشىدخان ھېچقانداق شەپە چىقارماي جىمجىتلا مىلادىيە 1533 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى يەكەنگە قايتىپ كەلگەن كۈنى ئەمەلدار، ئاقسۆڭەكلەر سەئىدخاننىڭ قەبرىسى ئالدىدا تەزىيە بىلدۈرۈۋاتاتتى. ئۇ قول ئاستىدىكىلىرى بىلەن بېتىپ كېلىپ ئەسكەرلەرگە سەئىد مۇھەممەد مىرزىنى تۇتۇپ باغلاپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇيدۇ. ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ يەكەننىڭ پادىشاھلىق ئورنىغا چىققانلىقىنى جاكارلىدى.

ئابدۇرەشىدخان سەئىدخاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ بالىلىق ۋاقتىدا نۇرغۇن ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈردى. سەئىدخان ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن بىلىملىك، كەڭ مەلۇماتقا ئىگە ئۆلىما كىشى — مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنى ئۇستازلىققا تەكلىپ قىلىپ بەردى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر بولسا ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇستازى ۋە دوستى ئىدى. سەئىدخان ئۇنىڭ چېنىقىشى ئۇچۇن ئۇنىڭغا بىر قانار ئېغىر ئىشلارنى قىلدۇرغان. مەسىلەن، ئىگىلىك ھوقۇقىغا

دائىم ئاسىيلىق قىلىدىغان قىرغىز قەبىلىسىگە مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر بىلەن غەرب ۋە جەنۇبنى باشقۇرۇشقا، جازا يۈرۈشى قىلىشقا، شۇنداقلا ئەمىن سۇلتاننىڭ ئاقسۇدىكى توپىلىڭىنى تىنچىتىپ ئۇ يەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش قاتارلىقلارغا ئۇ قاتناشقانىدى. رەشىد قۇرامىغا يەتكەندە تەدبىرلىك ۋە ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىلىرىگە ماھىر ۋەلىئەھدىگە ئايلاندى. ئۇ شۇ ۋاقىتتا يا سەئىدى مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئىلكىدە تۇرۇپ ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇش ياكى ئۆزىگە ـ ئۆزى خوجا بولۇپ مۇستەقىللىقنى تاللىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ تەختكە چىقىشىدىكى بىرىنچى ئىشى دوغلات ئۇرۇقىغا ئۈزۈ ـ كېسىل زەربە بېرىش ئىدى. بۇ جەھەتتە ئۇ ئىككى ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىگە قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلمىدى. ئاخىرىدا كەسكىنلىك بىلەن چارە ـ تەدبىر قوللىنىپ، بۇ ئۇرۇق ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈپ ياكى سۈرگۈن قىلىپ، ئۇلارنى تەلتۆكۈس يوقاتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ جەنۇبي شىنجاڭدا 400 يىل شۆھرەت تاپقان يەرلىك ئۇرۇق تېزلىكتە زاۋال تاپتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەربىي قوشۇن ۋە ھۆكۈمەت ئىچىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئاچە مۇھىم بولمىغان بارلاس قەبىلىسىنىڭ يولباشچىسى سەئىد مۇھەممەد مىرزىنى ئۇلۇسبېشىلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەپ، خانلىق ھوقۇقىنى زور دەرىجىدە مۇستەھكەملىگەن. كېيىن ئۇ يەنە ئەمىرلەرنىڭ ئۆز يېرىنى ئۆزى باشقۇرۇشتەك ئەنئەنىۋى ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، بىۋاستە ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بۆلۈپ بەردى. چوڭ ئوغلى ئابدۇلېتىپ سۇلتانغا ئاقسۇنى بۆلۈپ بېرىپ موغۇلىستاننى ئىدارە قىلغۇزدى. ئابدۇكېرىم سۇلتانغا يېڭىسارنى، ئىبراھىم سۇلتانغا قەشقەرنى، مۇھەممەد سۇلتانغا ئۈچتۇرپاننى، قۇرەيش سۇلتانغا خوتەننى سۇيۇرغال قىلىپ بەردى ھەمدە ھەرقايسى

جايلارغا مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ، شاھزادىلەرگە ھەمدەم قىلدى ۋە ئۇلارنى نازارەت قىلدى.
سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن مۇنسۇرخان قوشۇن باشلاپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلدى. رەشىدخان يەنە قوشۇن باشلاپ جەڭگە چىقىپ مەنسۇرخاننى چېكىندۈردى. كېيىن مەنسۇرخان ئاقسۇغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدى. رەشىدخان يەنە قوشۇن باشلاپ جەڭگە چىقىپ نۇرغۇن ئولجا ئېلىپ غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلدى. ئەمما، يەكەن بىلەن تۇرپاننىڭ مۇناسىۋىتى شۇنىڭدىن باشلاپ تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. مەخمۇد بارلاس باشچىلىقىدىكى بىر نەچچە ئەمىرلەر رەشىدخاننىڭ بىر نەچچە بالىسىنى خوتەنگە ئېلىپ قېچىپ ئۇلارنى ئوچۇق ـ ئاشكارا خائىن بولۇشقا مەجبۇرلايدۇ، رەشىدخان ئارقىدىن قوغلاپ كېلىدۇ، خوتەن خەلقى بۇ ئاسىي ئەمىرلەرنى باغلاپ شەھەر سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ رەشىدخاننى كۈتۈۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى توپىلاڭ تېزلا بېسىقتۇرۇلىدۇ. ھېلىقى ئەمىرلەر رەشىدخان تەرىپىدىن دۆلەت سىرتىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. سىرتقا قارىتا رەشىدخان كونا قائىدىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆزبېكلەر بىلەن ئىتتىپاقلىق ئورنىتىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرىنى ئۆزبېك سەردارلىرىغا ياتلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ قازاقلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. مىلادىيە 1537 ـ يىلى سۇلتان ئابدۇلېتىپ قوشۇن باشلاپ قازاق قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىش جەريانىدا جەڭدە قۇربان بولدى. ئاخىرىدا رەشىدخان ئۆزى كەڭ كۆلەمدە زور قوشۇن باشلاپ ئىمىل دەرياسى بويىدا ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ قازاقلارغا بولغان زەربىسى بەكمۇ ئېغىر بولىدۇ. بۇ قەبىلىنىڭ سەردارى خەيىك نەزەر ھەمدە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بايراقچى ئەمىرلەرمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا،

شۇنىڭدىن كېيىن قازاقلار جەڭدە تۇغ ئىشلەتمەيدىغان بولغان[1].

رەشىدخان ئۆزىنىڭ موغۇلىستانغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. رەشىدخان ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئەل ئىچىدىكى سەنئەت يەنە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. ئۇ ئىچكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا يەنىلا ئاتىسىغا يېتەلمەيتتى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر مۇنداق تەرىپلەيدۇ: «ئادىل ۋە سالماق»، «ناھايىتى باتۇر». ئۇقيا ئېتىشتا ناھايىتى ياخشى، يەنە مۇزىكا، ئەدەبىيات، چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە باشقا ھۈنەرلەرگىمۇ ماھىر ئىدى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى بولغان «12 مۇقام» شەخسەن ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە رەتلەپ چىقىلغان. ھىجرىيە 967 ـ يىلى، يەنى (مىلادىيە 1559 — 1560 ـ يىلىغىچە) رەشىدخان خۇپپانە ھالدا خوتەننى ئايلىنىپ كۆزدىن كەچۈرگەن كېيىن، ئۇ بەختكە قارشى 49 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئىككىنچى ئوغلى سۇلتان ئابدۇكېرىم ئۇنىڭ خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ.

## 4 . خوجا مۇھەممەد شېرىپ ۋە ئۇنىڭ ئۇۋەيشىيە تەرىقىتى

رەشىدخان ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن شەيخ مۇھەممەد شېرىپ ئىسىملىك سۇنئى مەزھىپىدىكى بىر كىشى يەكەنگە كەلدى. ئۇ يەكەندە كۆپ يىل پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى رايونلاردا سوپىزمنىڭ مىستىكزىم ئىدىيىلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا

① نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان: «قەشقەر تارىخى»، «بارتولدئەسەرلىرى توپلىمى»، غا كىرگۈزۈلگەن، 8 ـ جىلد، «شەرقىي تۈركىستانغا ئەلچىلىككە بېرىش دوكلاتى»، موسكۋا شەرق مەدەنىيىتى نەشرىياتى، 1968 ـ يىل نەشرى.

چوڭ تەسىر كۆرسەتتى ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدىكى خوجىلار ھەم سوپىزىم مەزھىپىنىڭ ئاتاقلىق سەردارلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

مۇھەممەد شېرىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەيلان (ھازىرقى قازاقىستاننىڭ چىمكەنت) دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. مىللىتى تاجىك. ئۇ يەتتە ياش ۋاقتىدا دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەن، ئائىلە ئەھۋالى ئىنتايىن كەمبەغەل ئىدى. «خوجا مۇھەممەد شېرىپ تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە، ئۇ «خوجا» ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئۆزىنى ئەلىنىڭ 22 ـ ئەۋلاد نەۋرىسى دەپ ئاتاپ، خوجىلار تەزكىرىسىدە خاتىرىلەنگەن ئائىلە نەسەبنامىسىنى مۇھەممەدكىچە سۈرگەن. بىزگە مەلۇمكى، ئۆزىنى خوجا دەۋالغان بۇنداق ئىسلام مۇرىتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىنتايىن كۆپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ سالاھىيىتى ئىشەنچلىك ئەمەس. ئەمما، ئۇلار مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن نام چىقىرىپ ئۆزىنى چوڭ تۇتقان. خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ سالاھىيىتىمۇ ئېنىق ئەمەس. ئەمما، ئۇنىڭ تەزكىرىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ دادىسى بىر ئادەتتىكى ئەمگەكچان كەمبەغەل ئائىلىدىن. ئۇنىڭ ئاپىسى توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئايال ئىشچى بولۇپ، ئۇ يىپ ئېگىرىپ تاپقان ئازغىنە كىرىمى بىلەن ئۇنى ئوقۇتۇپ، ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلغان. ياش قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن يەنە سەمەرقەنتتىكى مەدرىسكە ئاپىرىپ بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن يەسسەۋى مەزھىپىدىكى ئىلاھىيەت مەكتىپىدە سوپىزمنىڭ ھەر خىل كلاسسىك ئەسەرلىرى ۋە ئەقىدە نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ تىرىشش ئارقىلىق، ئۇستازىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن، ئۆز ئالدىغا شاگىرت يېتىشتۈرۈپ سوپىزمنىڭ شەيخلىرىنى تەربىيىلىگەن.

مۇھەممەد شېرىپ 30 يىلنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ ساياھەت قىلغان. ئۇ ئالدى بىلەن خوجا مۇھەممەد يەسسەۋىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغان. بۇ قەبرە قازاقىستاننىڭ تۈركىستان شەھىرىدە بولۇپ، مىلادىيە XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۆمۈر سۇلتان قەبرە ئۈستىگە بىر چوڭ مەسچىت قوپۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن بىر مۇقەددەس قەبرە قىلغان. كېيىن ئۇ يەنە قەشقەرگە كېلىپ ساتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، مەقسەتسىز ھالدا گۆر ئىچىدىكى مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقتىن، ئۇ ئۆز گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن مەككىگە بېرىپ ھەج قىلماقچى بولغان. ھەج قىلىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ داۋاملىق ھىندىستان، كانجوت ۋە ھەرقايسى جايلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، گىرىم بۇيۇملىرى سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاخىرىدا يەنە يەكەنگە قايتىپ كەلگەن.

ئۇ دائىم مازار ـ ماشايىخلار ئارىسىدا يۈرۈپ، غەلىتە كىيىنىپ، يۈرۈش ـ تۇرۇشى سىرلىق بولغاچقا، ئاستا ـ ئاستا نامى تارقىلىشقا باشلىغان. ئاخىر بىر قېتىملىق تېپىلغۇسىز پۇرسەتتە ئۇ رەشىدخان بىلەن تونۇشۇپ قالغان ھەمدە خاننىڭ ئالدىدىلا «ئەۋلىيالىق كارامىتى» نى نامايان قىلىپ، رەشىدخاننىڭ ئىززىتىگە ئېرىشتى. رەشىدخان ئوردىغا قايتىپ ئەمەلدارنى باشلاپ، شەھەر سىرتىغا چىقىپ ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى ئوردىغا باشلاپ كىرگەن ھەمدە ئۇنىڭ شەرىپىگە ئون كۈن زىياپەت بېرىپ، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرگەن. ئاندىن كېيىن رەشىدخان ئۆزىنىڭ بۇ خوجىنى دىنىي ئۇستاز بىلىپ باش ئوردىغانلىقىنى جاكارلىغان. بۇ چاغدا يەكەننىڭ ئاقسۆڭەكلىرى، پۇقرالىرىمۇ ئۇنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىغا ئايلانغانىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي مۇھەممەد شېرىپ يەنە ساتۇق بۇغراخان

قەبرىگاھىنى تاۋاپ قىلغىلى بارغان ھەمدە بۇ يەردە يەتتە يىل ئىستىقامەتتە تۇرغان. كېيىن يەنە يەكەنگە قايتىپ كېلىپ ئون يىل تۇرغان. تەخمىنەن ھىجرىيە 973 ـ يىلى (مىلادىيە 1565 — 1566 ـ يىللار) ئالەمدىن ئۆتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ 95 يىل ئۆمۈر كۆرگەنىكەن.

مۇھەممەد شېرىپنىڭ سوپىزمنى تارقىتىش پائالىيەتلىرى يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. شۇڭلاشقا سوپىزم مۇشۇ دەۋردە خېلى تېز تەرەققىي قىلغان. ئۇنىڭ دىن تارقاتقان ئاساسلىق جايلىرى يەكەن بىلەن قاغىلىق بولغان. ئەمما، قەشقەر، يېڭىسار قاتارلىق جايلىردىمۇ نۇرغۇن مۇرىتلىرى بولغان. بۇنىڭدىن سىرت تۇرپان، كۇچا، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى ئاخۇن، موللىلارمۇ يەكەنگە كېلىپ ئۇنىڭ ۋەزلىرىنى ئاڭلاشقان. رەشىدخان يەنە ئۇنىڭ ئۈچۈن يەكەندىكى مىشا ئۆستىڭى، داۋۇر بىلەن قاغىلىق، قەشقەردىكى مەشھەت (ساتۇق بۇغراخان مازىرى جايلاشقان يەر) دە تۆت خانىقا ياسىتىپ بەرگەن. ھەربىر خانىقاغا خىزمەتچى ۋە مۇلازىم تەيىنلەپ بەرگەن، يەرلەرنى ۋەخپە قىلغان. «مۇھەممەد شېرىپ خوجا تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە، پەقەت قاغىلىقتىكى خانىقا ئۈچۈنلا خان ئۇنىڭغا ئون نەپەر مۇلازىم بىلەن 60 پاتمان يەر ھەدىيە قىلغان، بۇ خانىقالار مۇھەممەد شېرىپنىڭ دىن تارقىتىدىغان پائالىيەت مەركىزى ھەمدە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولۇپ قالغان.

سوپىزمنى تارقىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇھەممەد شېرىپ يەنە يەكەن خانلىقىدا ئۆزىنىڭ سۇلۇكى ئۇۋەيشىيە تەرىقىتىدە قۇردى. «ئۇۋەيشىيە» نىڭ مەنىسى «كۈچ ـ قۇدرەت» ياكى «كۈچ ـ قۇدرەتكە تولغان ئادەم» دېگەنلىك. «ئۇۋەيشىيە تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە، پادىشاھ، خوجا دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇ خىل «كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە ئادەم» لەر قاتارىدا

بولارمىش. بۇ تەرىقەتنىڭ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىشىدىن تەرىقەتنىڭ يادروسى خوجا بىلەن پادىشاھلاردىن تۇزۇلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلار مۇرىتلىرىنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتى ئىدى. ئۇۋەيشىيە تەرىقىتى ياسا مەزھىپىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە سوپىزم مەزھىپىگە تەۋە ئىدى. تەرىقەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا قاتتىق تەشكىلىي تۈزۈم بار بولۇپ، دىنىي ئۇستاز بولغۇچى شەيخ دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ تۆۋەنىدىكىسى خەلىپە بولۇپ، شەيخنىڭ ۋاكالەتچىسى ھېسابلىنىدۇ؛ تەرىقەتنىڭ شاگىرتلىرى سوپى دەپ، ئادەتتىكى ئەگەشكۈچىلەر مۇرىت دەپ ئاتىلىدۇ. مۇھەممەد شېرىپ بۇ تەرىقەتنىڭ يولباشچىسى بولۇپ تونۇلغان. ئۇۋەيسە تەرىقەتنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەسسەۋى مەزھىپىنىڭ سوپىزملىق تەشەببۇسى ۋە ئۇنىڭ پائالىيەت شەكلىنى، جەھرىيەنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان ھەمدە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى قەدىمىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە شامان دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. پىر ـ ئۇستازلارغا چوقۇنۇش، مازار ـ ماشايىخلارغا چوقۇنۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇيغۇرلار ئۆز ئەجدادلىرى ھەمدە ئۇنىڭ قەبرىگاھلىرىغا چوقۇنغان. شىئە مەزھىپىنىڭ تەسىرلىرىمۇ ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئۇچرايدۇ. شىئە مەزھىپىدىكى ئون ئىككى ئىمامنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد شېرىپ نەسەبىگە كىرگۈزۈلۈپ، بەيئەت قىلىنغان. دىنىي قائىدە ـ مۇراسىم جەھەتتە، مەزكۇر مەزھەپنى ئىسلام دىنىي قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر ۋە مۇناسىپ ناماز ئوقۇش قائىدىلىرى بويىچە ئىش كۆرمىگەن. بەلكى، مەزكۇر مەزھەپنىڭ زىكرى ئوقۇش قائىدىسىگە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ مۇھەممەد شېرىپنىڭ مەزكۇر مەزھەپنى تۇرغۇزۇش جەريانىدا سوپىزمنى شۇ جايلاردىكى دىنىي ئەنئەنە ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە دىققەت قىلىپ،

ئۇنى يەكەن خانلىقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ماسلاشتۇرغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇۋەيسىيە مەزھىپىنى قويۇق يەرلىك ئۇيغۇرچە تۈسكە كىرگۈزگەن.

مىلادىيە XVI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئاخىرىغىچە، ئۇۋەيسىيە تەرىقىتى يەكەن خانلىقىدىكى ئاساسلىق سوپىزم تەشكىلاتى بولۇپ، پادىشاھ، ۋەزىر - ۋۇزرالاردىن تارتىپ كەڭ مۇسۇلمانلارغىچە تەرىقەتنىڭ مۇرىتىغا ئايلانغان. مۇھەممەد شېرىپ ئۆلگەندىن كېيىن چوڭ ئىنىسى مۇھەممەد ۋەلى سوپى ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان. كېيىن ئۇ يەنە ئابدۇكېرىمخاننىڭ دىنىي ئۇستازى بولغان. مىلادىيە XVII ئەسىردىن كېيىن مۇھەممەدخان ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن نەقشبەندى تەرىقىتىدىكى ئىسھاق خوجا مەزھىپىنى قوللىغانلىقتىن، ئۇۋەيسىيە تەرىقىتىنىڭ تەسىر كۈچى ئاجىزلاپ، ئۇنىڭ دىنىي داھىيسى يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قول بېرىشىگە ئېرىشەلمىگەن. ئەمما، نۇرغۇن جايلاردىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەزكۇر تەرىقەت چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەرىقىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا قاتتىق تەشكىلىي تۈزۈم بولغاچقا، ئۇنىڭ تارقىلىشى يەنە بىر مەزگىل داۋاملاشقان، كېيىن ئۇۋەيسىيەنىڭ نامى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇپ، «جەھرىيە» نامى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان، تاكى يېقىنقى زامانغىچە جەھرىيەت يەنىلا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا تەسىرى بار سوپىزم تەرىقەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن.

ئۇۋەيسىيە تەرىقىتى ئابدۇرەشىدخاننىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى ئاستىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان. ئابدۇرەشىدخان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئابدۇكېرىمخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە يەكەن خانلىقىنىڭ سىياسىي ھوقۇقى خېلى مۇقىم بولۇپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قالغان، ئادىل سىياسەت يۈرگۈزۈلگەن. دىنىي يۇقىرى قاتلامنىڭ تەسىر كۈچى مەلۇم دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچرىغان. ئابدۇرەشىدخان دىنىي

يۇقىرى قاتلامنىڭ سىياسىغا ئارىلىشىشىنى چەكلەپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىر كۈچى زور بولغان خوجا ئەۋلادلىرى ياكى تەرىقەتلىرىنىڭ باشچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى توسقان. ئۆزىنىڭ ئۇستازى بىلەنمۇ ئۇ مەلۇم ئارىلىق ساقلاپ مۇناسىۋەت قىلغان. مۇھەممەد شېرىپ خوجىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇ خانلىقنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمىگەن. ئابدۇرەشىدخان گەرچە دائىم ئۇنىڭ خانىقاسىغا بېرىپ دىنىي تەلىم ئالغان بولسىمۇ، بىراق مۇھەممەد شېرىپنىڭ ئوردا ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا يول قويمىغان. تارىخچى مەھمۇد چۇراس ئابدۇكېرىمخاننى دىنىي جەھەتتىكى ئىشلارغا كۈچ چىقارمىدى. دىنىي رەسىم ـ قائىدىلەرنى ئادا قىلمىدى[1]، دەپ تەنقىد قىلغان. دېمەك: ئابدۇكېرىمخان ئۆزىنىڭ دىنىي ئۇستازىغىمۇ ئانچە كەڭچىلىك ۋە ئىتائەت قىلىپ كەتمىگەن. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە دىنىي يۇقىرى قاتلامنىڭ تەسىر كۈچى بەلگىلىك دائىرىدە چەكلەنگەن. كېيىن ئۇ ئۇۋەيشىيە تەرىقىتىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن خاتىرجەمسىزلىنىپ، ئۆز ئۇستازىنى قەستەن ھەيدىۋېتىپ ئابدۇئەرمۇللا ئىسىملىك ئەدىبنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتقان. ئىسھاق خوجا يەكەنگە كەلگەن چاغدا، ئۇ يەنە پەرمان چۈشۈرۈپ ئۇنى دۆلەت سىرتىغا سۈرگۈن قىلىۋەتكەن. بۇمۇ ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئابدۇكېرىمخان ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەر، بولۇپمۇ خوجىلار ۋەكىللىكىدىكى سوپى ـ ئىشانلارنىڭ ئورنىنىڭ ئانچە يۇقىرى بولمىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ يەنىلا ھۆكۈمرانلارنىڭ پايدىلىنىش قورالى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ كېيىنكى خوجىلار كۈچىنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىش، بۆلۈنمىچىلىك، مالىمانچىلىق پەيدا قىلىشى بىلەن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

① مەھمۇد چۇراس: (تاۋارىخ. چاغاتايچە قولىيازما نۇسخىسى).

# ئۈچىنچى باب يەكەن خانلىقىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى

## 1. ئابدۇكېرىمخاندىن مۇھەممەدخانغىچە

ئابدۇكېرىمخان تەختتە ۋارىسلىق قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، قەشقەر ھۆكۈمرانى ئىبراھىم (سوپى سۇلتان) سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ، ئۆزىنى خان قىلىپ تىكلەپ يەكەننىڭ باشقۇرۇشىنى بىكار قىلماقچى بولغان. ئابدۇكېرىمخان دەرھال قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ھەركىتىنى باستۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن خوتەن ھۆكۈمدانى قۇرەيش سۇلتانمۇ توپىلاڭ كۆتۈرگەن ھەمدە تۇرپانغا باستۇرۇپ كىرگەن، تۇرپاندىكى مەنسۇرخان مىلادىيە 1545 ـ يىلىلا ئۆلگەن بولۇپ، ئورنىغا چوڭ ئوغلى شاھ خان ۋارىسلىق قىلغان. ئىككىنچى ئوغلى مەھمۇدمۇ ئۆز ئالدىغا قوشۇن توپلاپ قومۇلنى بۆلۈۋالغان. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە: «لوڭچىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 1570 ـ يىلى) مەھمۇد ئاكىسىنىڭ ۋەزىپىسىگە ئولتۇردى، ئەلچى ئەۋەتىپ كۆڭۈل ئىزھار قىلدى. ئۇنىڭ ئىنىسى سوپى قاتارلىق ئۇچەيلەن ئۆز ئالدىغا سۇلتان بولۇۋېلىپ، ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق تەقدىم قىلدى»[1] دېيىلگەن. بۇ چاغدا تۇرپان رايونى بىر نەچچە كىچىك بۆلۈنمە ھاكىمىيەتكە ئايرىلغان، ئەمما ھەممىسى بەك ئاجىز ئىدى. قۇرەيش سۇلتان تۇرپانغا كىرگەندىن كېيىن ئابدۇكېرىمخان ئىنىسى مۇھەممەد سۇلتان قاتارلىقلارنى قوغلاپ

---

① «مىڭ سۇلالىسى تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، 329 ـ جىلد.

زەربە بېرىشكە ئەۋەتكەن. ئۇلار قورەيشنى ئەسىر ئېلىپ، كېيىن ھىندىستانغا پالىۋەتكەن. شۇنداق قىلىپ تۇرپان بىلەن قۇمۇل رايونى تەڭلا يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىن خەرىتىسىگە كىرگەن. ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئىككى چوڭ رايون — تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپلىرى، ھەتتا قۇمۇلغىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسى بۇ ھاكىمىيەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن.

ئابدۇكېرىمخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، يەكەن خانلىقى يەنىلا كۈچلۈك بىر ھاكىمىيەت ئىدى. زېمىن دائىرىسىمۇ ئەڭ كېڭەيگەن، قازاقلار بىلەن قىرغىزلار داۋاملىق بەيئەت قىلىۋاتقان، ئەل ئىچى خېلىلا تىنچ ـ خاتىرجەم، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى خۇشال ـ خۇراملىق ئىچىدە ئۆتكەنىدى. مەھمۇد چوراس ئۇنى ئادىل، سىياسىي ئىشلارغا ماھىر پادىشاھ، دەپ تەرىپلەيدۇ. ئابدۇكېرىمخان دائىم ئەمىر، ۋەزىر ۋە دىندارلار بىلەن خانلىقنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلاتتى؛ ھەر ھەپتىدە ئىككى كۈن ئۆزى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلارنى ئاشكارا قوبۇل قىلغان. ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى ئۆز قولىقى بىلەن ئاڭلاپ، ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلغان. مەھمۇد چوراس مۇنداق دەيدۇ. «ئەينى چاغدا ئۇنىڭ نامى دۆلەت ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى مەككە ـ مۇكەررەمەدىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان.»①

ئابدۇكېرىمخان ھىجرىيە 1000 ـ يىلى (مىلادىيە 1591 — 1592 ـ يىللار) ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئورنىغا ئابدۇرەشىدخاننىڭ بەشىنچى ئوغلى مۇھەممەد سۇلتان ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ تەختكە چىقىپ ئۈچىنچى يىلى بۇخارادىكى ئابدۇللاخان 100 مىڭ كىشىلىك ئۆزبېكلەر قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ ھۇجۇم قىلىپ، قەشقەر بىلەن يەكەننى قورشىۋالغان. مۇھەممەدخان قەشقەردە قورشاۋدا قالغان، كېيىن

① مەھمۇد چوراس: «تاۋارىخ (چاغاتايچە قوليازما نۇسخا)».

ئۇ تۈن نىسپىدە شەھەر سىرتىغا بۆسۈپ چىقىپ، ئەسكەرلەرنى توپلاپ قارشى ھۇجۇم قىلغان. نامەلۇم بىر ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى» دا يېزىلىشىچە، ئاقىۋەت ئۆزبېكلەر مەغلۇبىيەت بىلەن قايتقان؛ مەھمۇد بىننى ۋەلى ئىسىملىك يەنە بىر تارىخچىنىڭ يېزىشىچە، ئۆزبېكلەر زور غەلىبىگە ئېرىشكەن، ئۇلار شەھەرنى بۇلاپ ـ تالاپ بولغاندىن كېيىن ماۋرائۇننەھرگە قايتىپ كەتكەن.①

تۇرپاندىكى شاھ خان مىلادىيە 1566 ـ يىلى ئويراتلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن مەسئۇد، مەھمۇد، سوپى قاتارلىق ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلار ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈپ، ھەرقايسىسى ئۆزىنى خان قىلىپ تىكلەشكەن. ئابدۇكېرىمخان بۇ جاينى ئىگىلىگەندىن كېيىن، كىچىك ئوغلى ئابدۇلھاشىمنى ئەۋەتىپ تۇرپاننىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلىگەن. مۇھەممەدخان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئابدۇلھاشىم ئاستا ـ ئاستا يەكەن خانلىقىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغان ھەمدە قوشۇن ئەۋەتىپ كۇچا بىلەن ئاقسۇنى بېسىۋالغان. ئۇنىڭ تۇرپان ـ چالىشتىكى ھۆكۈمرانلىقى 30 يىلغا يەتكەن، مەھمۇد جۇراسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئابدۇلھاشىم ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلار قۇمۇلدىن بۇگۇر قىيان (Kryan) غىچە يېتىپ، مەنسۇرخان دەۋرىدىكىدىن زور دەرىجىدە گۈللەنگەن. ئەينى ۋاقىتتا قالماقلار ئابدۇلھاشىمغا بەيئەت قىلغان. ئىسىمخان بىلەن جۇجىنىڭ 7 ـ ئەۋلادلىرى (يەنى قازاقلار) مۇ كېلىپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان، ئۇنىڭ ئەسكىرىي كۈچى ئىنتايىن كۈچەيگەن②. ئەمما، مۇھەممەدخان نامىدا يەنىلا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ چوڭ خاقانى بولغاچقا، مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى جايلاردىن تۇرپان، ئۈچتۇرپان، كۇچا، چالىش، قۇمۇل ۋە سېرىققول قاتارلىق

---

① مەھمۇد بىن ۋەلى: «ئىسىلزادىلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىدىن پۈتۈلگەن قامۇس»، «بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى»، 8 ـ جىلدىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل.
② مەھمۇد چۇراس: «تاۋارىخ (چاغاتايچە قوليازما)».

جايلاردىكى مۇسۇلمانلار خۇتبىنى مۇھەممەدخاننىڭ نامىدا ئوقۇغان ھەمدە ئۇنىڭ نامىدا پۇل قۇيدۇرغان.

مۇھەممەدخان ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، يەكەن خانلىقى بىلەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ سودا ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇقلاشقان. ئۇ تۇرپاننىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلەنگەن چاغدىمۇ مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ تۇرغاچقا، بۇ خىل مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالمىغان. مۇھەممەدخان دەۋرىدە بىر نەپەر غەربلىك كاتولىك دىنىي روھانىسى يەكەن خانلىقىدا زىيارەتتە بولغان. ئۇ مىلادىيە XIV ئەسىردىن باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنى زىيارەت قىلىپ خاتىرە قالدۇرغان بىردىنبىر غەربلىك ساياھەتچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى ئېبىن دۇ، پورتۇگالىيىلىك بولۇپ، موغۇل ئىمپېرىيىسىدە ئۇزۇن يىللار سودا ۋە دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، پارس تىلى بىلەن ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىۋالغان. ئەينى چاغدا خرىستىئان دىنىي جەمئىيىتى جۇڭگوغا بارىدىغان سودا يولىنى ئېچىش ۋە كاتولىك دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ باشچىلىقىدا بىر سودا ئەترىتى تەشكىللەپ، بۇ خەتەرلىك سەپەرگە يولغا سالغان. مىلادىيە 1603 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا لاھوردىن يولغا چىقىپ، كابۇلدىن ئۆتۈپ پامىر ئېگىزلىكىدىن ھالقىپ يەكەن خانلىقىغا كەلگەن. ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، چالىش، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلارغا ھەمدە گەنسۇغىمۇ بارغان. مىلادىيە 1607 ـ يىلى كېسەل بولۇپ گەنسۇدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ سەپەر ئۈستىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى بويىچە خاتىرە قالدۇرۇپ ماڭغان، ئەمما ساياھەت خاتىرىسىنىڭ قوليازمىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يوقىلىپ كەتكەن، ساقلىنىپ قالغان ئازبىر قىسمى ئىتالىيىلىك دىن تارقاتقۇچى لىماردوۋ تەرىپىدىن «لىماردوۋنىڭ جۇڭگوغا سەپەر قىلىش خاتىرىسى» گە كىرگۈزۈلگەن. ئېبىندۇنىڭ يازغانلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئەينى

چاغدىكى يەكەن «قەشقەرىيەنىڭ پايتەختى ۋە بىر چوڭ سودا مەركىزى» ئىدى، «سودىگەرلەر توپلانغان، ماللارنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ» بولۇپ، ئۇنى ھەيران قالدۇرغان. ئۇ يەكەندە مۇھەممەدخاننىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ پادىشاھقا زەنجىرلىك سائەت ۋە دۇربۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلغان. مۇھەممەدخان ئۇنىڭغا يول خېتى قىلىپ بەرگەن ۋە چالىش پادىشاھىنىڭ مەكتۇپىنى بەرگەن. ئېبىندۇنىڭ كۆرسىتىشىچە، چالىش مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى تولۇق بىر كىچىك شەھەر بولۇپ، قەشقەر خانىنىڭ ئوغلى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن. ئەمەلىيەتتە، چالىشنىڭ بۇ پادىشاھى دەل ئابدۇلھاشىمخان بولۇپ، بىراق مۇھەممەدخاننىڭ ئوغلى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ كەنجى ئىنىسى، يەنى ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى ئىدى. ئۇ ئابدۇرەشىدخان ئالەمدىن ئۆتۈپ ئۈچ ئايدىن كېيىن تۇغۇلغان، كېيىن ئابدۇكېرىمخان بېقىپ تەربىيىلىگەن. ئابدۇلھاشىمخان ئېبىندۇنى دەسلەپ كۆرگەندە ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىدىغانلىقى، ھەتتا ئۆلتۈرىدىغانلىقى توغرۇلۇق جار سالغان، بىراق مۇھەممەدخاننىڭ مەكتۇپىنى كۆرۈپ ئاندىن دوستانە مۇئامىلە قىلغان.

ئېبىندۇنىڭ كۆرسىتىشىچە خوتەن، ئاقسۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىمۇ بىر ئائىلىنىڭ ئەزالىرى بولۇپ، پادىشاھنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنىدىكەن، چالىشنىڭ شەرقىدىكى جايلاردىن قۇمۇلغىچە بولغان جايلاردا يول خېتىنى ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلگەن. ئېبىندۇنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، يەكەن خانلىقى تەۋەسىدە ئۇنىڭ ھاياتى كۆپ قېتىم خەۋپكە دۇچ كەلگەن، بەزى ئادەملەر خەنجەر كۆتۈرۈپ ئۇنى ئۆز دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلىغان؛ بەزى جايلاردا باشقا دىنىي ئېتىقادتىكى كىشىلەرنىڭ كېلىشى قانۇنسىزلىق، دەپ جاكارلانغان. ئۇ دائىم دۇچ كەلگەن ئاۋارىچىلىك موللا، قازىلار

بىلەن دىنىي مەسىلىلەر ئۈستىدە مەجبۇرىي مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇرلىنىش بولغان، بۇنداق بەس - مۇنازىرىدە مەلۇم دۈشمەنلىك غەرەز بار ئىدى. ئېبىندۇنىڭ بۇ كەچۈرمىشلىرىدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، يەكەن خانلىقىدا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بارغانچە كۈچەيگەن، ئىسلام قانۇنلىرىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى خانلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكىدىن تېخىمۇ چىڭىغان ۋە كاپالەتكە ئىگە بولغان.

مۇھەممەدخان ھىجرىيە 1018 - يىلى (مىلادىيە 1609 — 1610 - يىللار) قازا قىلغان. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرىدا يەكەن خانلىقى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، ھەرخىل زىددىيەتلەر كۈنسېرى كۈچىيىشكە باشلىغانىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئىچكى ماجىرا كۈچىيىپ ۋەزىيەت قالايمىقانلىشىپ، خانلىق تەختى خۇددى چىراغپايدەك ئالمىشىپ تۇردى. ئۇنىڭ ئوغلى شۇجائىددىن ئەھمەد خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئابدۇلھاشىمخان دەرھال قوشۇن تارتىپ ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. ئىككى تەرەپ ئاقسۇدا قايتا - قايتا قاتتىق جەڭ قىلدى. بۇ چاغدا ئوردىدىكى كۆپلىگەن مۇلازىملار ۋە بىر قىسىم ئەمىر جەمەتىدىكىلەر ئابدۇلھاشىمخانغا تەسلىم بولدى. ئاقسۇنىڭ ھۆكۈمدارى ئىسكەندەر سۇلتان (ئابدۇرەشىدخاننىڭ نەۋرىسى، خۇدابەردى سۇلتاننىڭ ئوغلى) شۇ جايدىكى چوڭ فېئودال مىرزاشاھ بىلەن بىرلىشىپ، ئابدۇلھاشىمخاننىڭ قوللىشىدا، يەكەن خانلىقى ھاكىمىيىتىدىن ئايرىلىپ چىققانلىقىنى جاكارلىغان ھەمدە يەكەنگە ھۇجۇم قىلىمەن، دەپ جار سالغان. شۇجائىددىن ئەھمەدخان دەرھال ئوغلى تېمۇر سۇلتاننى (جىھائىددىن ئەھمەدخان) نى ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. بۇ شاھزادە جەڭ قىلىشقا ماھىرلىقى بىلەن نام چىقارغان. ئۇ ئىسكەندەرگە زەربە بېرىپ ئۇنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلغان. ئۇزۇن ئۆتمەي بىر قىسىم ئەمىرلەر بىلەن

ئۇردا ئەھلىلىرى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغان. مىرزا
شاھىنىڭ ئوغۇللىرى شۇجائىدىن ئەھمەدخان بارچۇقتا شىكار
قىلىۋاتقان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى مەخپىي ئۆلتۈرۈۋېتكەن.
سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغۇچىلار يۇنۇس سۇلتان
(ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئوغلى) نىڭ ئوغلى قۇرەيش سۇلتاننى يەكەن
خانى قىلىپ تىكلىگەن. ئۇ تەختكە چىقىپ دەل توققۇز كۈن
بولغاندا، شابائىدىن ئەھمەدخاننىڭ يەنە بىر ئوغلى ئاپاقخان
(ئابدۇلېتىپ) ئۇنى تەختتىن چۈشۈرۈۋېتكەن. قۇرەيش سۇلتان
ھەمدە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى يەكەندە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان،
ئاپاقخان ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئاقسۇدا
ئابدۇلھاشىمخان بىلەن جەڭ قىلغان، جەڭ نەچچە يىل
داۋاملاشقان. ھەر ئىككى تەرەپ بىردە غەلىبە قىلىپ، بىردە
مەغلۇپ بولۇشقان. ئەڭ ئاخىرىدا ئىسھاق خوجىنىڭ ئوغلى خوجا
شادى (مۇھەممەد ياھيا) نىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن ئىككى تەرەپ
ۋاقىتىنچە سۇلھ تۈزۈشكەن. بۇ دەۋردە قىرغىز، قازاق ۋە
ئويرات قاتارلىق قەبىلىلەرمۇ ئىچكى ماجىراغا ئارىلىشىپ،
ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئايرىم گۇرۇھلارنى قوللىغان ھەمدە
پۇرسەت كەلسىلا ئاقسۇ، كۇچا، باي قاتارلىق جايلاردىكى
توقۇنۇش بولىدىغان رايونلىرىغا بۆسۈپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق
قىلىپ، يەرلىك ئاھالىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان. ئاپاقخان
ھىجرىيە 1037 ـ يىلى (مىلادىيە 1627 — 1628 ـ يىللار)
ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ مەدھىيىلىشىگە
مۇيەسسەر بولۇپ، «ئادىل، قادىر ھۆكۈمران» دەپ تەرىپلەنگەن.
ماتەم مۇراسىمى ئىنتايىن داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلگەن. پۇقرالار
«مەسچىتنىڭ پەشتاق مۇنارلىرىنى كىگىز بىلەن ئورىغان،
كوچا ـ كويلار گۈل بىلەن تولغان، ماتەم (قارىلىق) تۇتۇش بىر
يىل داۋاملاشقان»①.

① بارتولد: «بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى»، 8 ـ جىلد، «تۈركىستانغا ئەلچىلىككە
بېرىش دوكلاتى»، موسكۋا شەرق مەدەنىيىتى نەشرىياتى، 1968 ـ يىلى نەشرى.

ئاپاقخاندىن كېيىن تەختكە چىققىنى تېمۇر سۇلتاننىڭ ئوغلى پولادخاندۇر (ئەھمەد سۇلتان) . ئۇنىڭ ئىنىسى قىلىچخان (مەھمۇد سۇلتان) قەشقەرنى ئىگىلەپ تۇرۇپ يەكەن بىلەن قارشىلاشقان. قىلىچخان ئاقسۇ ئەمىرى بىلەن قىرغىزلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ھەر يىلى يەكەنگە ھۇجۇم قىلغان. ھىجرىيە 1042 ـ يىلى (مىلادىيە 1632 — 1633 ـ يىللار) قىلىچخان يەكەندە پولادخاننى مەغلۇپ قىلىپ، يەكەندە تەختكە چىققان. پولادخان ئاقسۇغا قېچىپ بېرىپ، كېيىن يەكەنگە قايتىپ كەلگەن. قىلىچخان ئۇنى سۈرگۈن قىلىشقا پەرمان چۈشۈرگەن. بىراق، خوجا شادى بىلەن خاننىڭ ئانىسى ئۇنىڭدىن بۇنداق قىلماسلىقنى ئۆتۈنگەچكە، ئاكا ـ ئۇكىلار يەنە يارىشىپ قالغان، ئەمما قىلىچخان ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئىككى يىل بولمايلا، خوجا شادى بىلەن پولادخان ئورۇنلاشتۇرغان بىر قېتىملىق بەزمىدە زەھەرلىك مەي بېرىپ ئۆلتۈرۈلگەن. پولادخان خانلىق تەختكە يەنە چىقىپ ھىجرىيە 148 ـ يىلى (مىلادىيە 1638 — 1639 ـ يىللار) غىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

ئومۇمەن، مۇھەممەدخان ئۆلۈپ پولادخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان 30 يىلغىچە، يەكەن خان ئوردىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ماجرالار بېسىقمىغان. بەش نەپەر خان ئوتتۇرىچە ئالتە يىلدىن تەختكە ئولتۇرغان، ياپياش تۇرۇپلا ئوردىدا قانلىرى ئېقىشقان. مەسىلەن، ئاپاقخان 25 يېشىدا، قىلىچخان 32 يېشىدا، ئىتىپخان 27 يېشىدا ئۆلگەن. خانلىق ئورنىمۇ ئاجىزلاپ، يەكەن خانلىقى ھاكىمىيىتىنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ھوقۇق فېئوداللار، بولۇپمۇ خوجىلار جەمەتى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىۋېلىنغان. خوجىلار جەمەتىنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق بىز كېيىنكى بابلاردا تەپسىلىي توختىلىمىز. ئەينى چاغدا يەكەننىڭ يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىدا مۇنداق بىر قوشاق تارقالغان.

مىنسەڭمۇ گەر دۈلدۈلنى سەن،
ئىگىرى بولسىمۇ زۇمرەتتىن ھەم.
قىلمىغىن تەكەببۇرلۇق،
بولمىسۇن پاراسەت كەم.
بۈگۈن چېقىلسا پىيالەڭ،
ئەتە سۇنۇر كوزاڭمۇ ھەم①.

بۇ قوشاق دەل ئەينى ۋاقىتتىكى تۇراقسىز، مۇرەككەپ كۆرەش ۋەزىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن.

## 2. ئابدۇللاخان ۋە ئۇنىڭ خانلىقىنىڭ «گۈللىنىشى»

يەكەن خانلىقىنىڭ ئوردا ئىچىدىكى بىر - بىرىنى ئورىغا ئىتتىرىش، ئۆزئارا ھوقۇق تالىشىش كۈچەيگەن چاغدا، تۇرپان رايونى نىسبەتەن مۇقىم، ھاكىمىيىتى بارغانچە كۈچىيىۋاتاتتى. ئابدۇرېھىمخان مىلادىيە 1635 - يىلى قازا قىلغان، ئۇ خانلىق تەختىنى چوڭ ئوغلى ئابدۇللاخانغا تاپشۇرغان. ئابدۇللا زېرەك ۋە باتۇر پادىشاھ ئىدى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن كۇچا ھاكىمى ئوبى ھادىنىڭ ھوقۇق تالىشىش ھەرىكىتىنى باستۇردى. ئوبى ھادى ئابدۇللاخاننىڭ قېيىن ئاتىسى ۋە يۆلەكچىسى بولۇپ، تۇرپاندىكى تەسىرى بەك چوڭ ئىدى. ئۇ ئويراتلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۆز ئالدىغا قوشۇن توپلىغان ھەمدە ئابدۇللا خاننى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولغان. نەتىجىدە ئابدۇللاخان ئوبۇھادىغا قارشى ئاتلانغان. ئابدۇللاخاننىڭ كەسكىن بۇ ھەرىكىتى ئەمىرلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، 70 مىڭ

① مەھمۇد چوراس: «تاۋارىخ (چاغاتايچە قوليازما)».

كىشىلىك چوڭ قوشۇننى ئارىيەت ئېلىپ ھەيۋەت بىلەن شەرققە يۈرۈش قىلىپ، خانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئەمىرلەرنىڭ تەكلىپى بويىچە ئۇ ئاقسۇ بىلەن ئۇچتۇرپانغا قوشۇن تارتىپ ھۇجۇم قىلغان. ئۇ جايلاردىكى ئەمىرلەر ۋە يولباشچىلار شەھەرنى تاشلاپ بېرىپ تەسلىم بولۇشقان. ئارقىدىنلا ئۇ غەربكە يۈرۈش قىلغان. بۇ چاغدا خوجا شادى ئابدۇللاخاننىڭ تەسىر كۈچىنىڭ زورايغانلىقىنى كۆرۈپ، پولادخاندىن يۈز ئۆرۈپ، ئابدۇللاخانغا بېقىنغان. يەكەن بىلەن خوتەندىكى ئەمىرلەرمۇ ۋەزىيەتنى كۆرۈپ بىر - بىرلەپ ئاقسۇغا ئەل بولۇپ كەتكەن. مىلادىيە 1638 - يىلى قەشقەر شەھىرى قولدىن كەتكەن. پولادخان ئۆزىنىڭ ئاجىز ئەھۋالىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلۈكىدىن يەكەننى تاشلاپ بەلخكە قېچىپ كەتكەن. ئۇ ماۋرائۇننەھردە ئىمامقۇلى خاننىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، 70 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇننى ئارىيەت ئېلىپ ھەيۋەت بىلەن شەرققە يۈرۈش قىلىپ، خانلىق ئورنىنى تارتىۋېلىشنى ئويلىغان. بىراق، ئەنجانغا ھۇجۇم قىلغاندا ئۆلگەن. ئابدۇللا غالىبانە قىياپەتتە يەكەن شەھىرىگە كىرگەن ۋە خوجا شادى باشچىلىقىدىكى دىنىي يۇقىرى قاتلام، ئەمىرلەر ۋە ئەمەلدارلارنىڭ داغدۇغىلىق قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ، يەكەن خانلىقىنىڭ يېڭى خانى بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن يەكەن خانلىقىنىڭ خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش سىستېمىسى مۇھەممەدخاندىن ئابدۇرېھىمخانغا ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئابدۇرەشىدخاننىڭ نەۋرىلىرى ئىدى.

ئابدۇللاخان يەكەن خانلىقىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىكى ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، دۆلەت ئىچىدە قاتتىق ھەربىي ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. ئۇ مۇھەممەدخان جەمەتىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنى ئاددىي پۇقراغا ئايلاندۇرۇپ، دىنىي ھۆكۈمرانلارنىڭ ھوقۇقىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلىتىۋەتتى؛

قوشۇندىكى ئەسلىدىكى ھۆكۈمران، ئەمىرلەر كونتروللۇقىدىكى خۇسۇسىي قوراللىق كۈچلەرنى خانلىق ھاكىمىيەتنىڭ قوراللىق كۈچلىرى قىلىپ ئۆزگەرتىپ، خان ئۆزى بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلدى؛ جايلاردا ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئەمىرلىرىنى ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەپ، ئۇلارغا جايلارنى تىنچ مۇقىم قىلىش، ئامانلىقنى ساقلاش، باجنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەمەلدارلارنى قاتتىق باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. سەللا خاتالىق سادىر قىلغانلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلدى. شۇڭلاشقا، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلدى، ئەل ئىچىدە تىنچلىق ئەسلىگە كەلدى ھەمدە مەلۇم دەرىجىدە گۈللىنىش بولدى.

ئابدۇللاخان ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە تۇرپان رايونى يەنە يەكەن خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈپ، خانلىق تەۋەسىدە يەنە سىياسىي بىرلىك ئىشقا ئاشتى. بۇنىڭدىن سىرت يەنە ئابدۇللاخان ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىپ، خانلىق ئەتراپىغا ھەربىي يۈرۈش قوزغىدى. بۇ چاغدا ئويراتلارنىڭ كۈچى خېلىلا زورىيىپ قالغان بولۇپ، يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىنىغا كۆپ قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن، ھەتتا خوتەنگىچە بارغانىدى. ئابدۇللاخان ئويراتلارغا قارشى ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلىپ مەغلۇپ بولغان. ئويراتلار يەنە ھۇجۇم قىلغان. بۇ قېتىم ئابدۇللاخان ئىككىنچى ئوغلى يولۋاسخان بىلەن بىرلىكتە جەڭگە چىقىپ، ئويراتلارنى ئاخىر چېكىندۈرگەن ھەمدە ئۇلارنى سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر قىلغان. ئويراتلار خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە يەنە ئاسىيلىق قىلمىغان. ئابدۇللاخان يەنە بولۇر، بەدەخشان ۋە كەشمىر قاتارلىق جايلارغىمۇ ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، ئۈچ ئايدىن كۆپرەك جەڭ قىلىپ نۇرغۇن ئولجىغا ئېرىشىپ، بۇ جايلارنىڭ پادىشاھلىرىنى يەنە يەكەن خانلىقىغا بەيئەت قىلدۇرغان. ئابدۇللاخان پەرغانە رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە

كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئابدۇللاخان ھەرقايسى جايلاردىن قوشۇن توپلاپ، قەشقەردىن ئاتلىنىپ ھەيۋەت بىلەن پەرغانىگە يۈرۈش قىلغان. پەرغانە رايونىغا كىرگەندىن كېيىن، ئوش شەھىرىنىڭ ئاھالىسى شەھەر سىرتىغا چىقىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالغان. بىراق، يەكەن قوشۇنى بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، بۇ جايدىكى كىشىلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويغان. بۇ چاغدا قىرغىزلارمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پەرغانە رايونىغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇ جايدا ئابدۇللاخان بىلەن بەش كۈن جەڭ قىلغان، قىرغىزلار غەلىبىگە ئېرىشكەن، يەكەن قوشۇنى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. بىر يىلدىن كېيىن ئابدۇللاخان قوشۇن توپلاپ قىرغىزلار بىلەن يەنە جەڭ قىلغان. بۇ قېتىمقى جەڭگە خوجا شادىمۇ قاتناشقان، ئۇ يەكەنگە قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي قازا قىلغان. قىرغىزلار بۇ قېتىمقى جەڭدىن كېيىن يەكەن خانلىقىغا بەيئەت قىلغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى قازاقلارمۇ يەكەن خانلىقىغا بەيئەت قىلغانىدى. ئابدۇللاخان ئەنجاندىكى مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ 40 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇن تەشكىللىگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ يەكەن خانلىقى تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ زور قوشۇن بولۇپ، قىرغىزلارمۇ بۇ قوشۇنغا قوشۇلۇپ، ماۋرائۇننەھىرگە يەنە ھۇجۇم قىلىپ، ئوشنى بېسىۋېلىپ، ئەنجانغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن. «شۇنىڭدىن باشلاپ ئابدۇللاخاننىڭ نامى ئوتتۇرا ئاسىيانى زىلزىلىگە سېلىپ، ھەرقايسى ئەل پادىشاھلىرى ۋەھىمە ۋە پاراكەندىچىلىككە چۈشۈپ قالغان»①. بۇ چاغدا ئابدۇللاخان ھۆكۈمرانلىق زېمىن دائىرىسىدە يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ھۆكۈمرانلىق تېررىتورىيىسىنى ئاساسي جەھەتتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، خانلىق تارىخىدىكى ئەڭ كۈچەيگەن بىر دەۋر بولۇپ قالغان.

---

① مەھمۇد چۇراس: «تاۋارىخ (چاغاتايچە قولىيازما)».

مىلادىيە 1655 ـ يىلى ئابدۇللاخان ئەلچى ئەۋەتىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇنجى پادىشاھىغا تارتۇق تەقدىم قىلىپ، شۇنجى خانىنىڭ مۇكاپات ۋە سوۋغىسىغا ئېرىشكەن①. ئابدۇللاخان مەركىزىي ھاكىمىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئاكتىپلىق بىلەن چىڭ سۇلالىسىگە يېقىنچىلىق قىلغان ۋە دوستانە مۇناسىۋەت قىلىپ قۇمۇل، تۇرپان ھۆكۈمرانلىرى بۇلاپ كەتكەن ئىچكى جايلاردىكى خەنزۇلارنى قايتۇرۇپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ تۆتىنچى ئىنىسى باباخاننى نەزەربەنت قىلغان. باباخانىنىڭ ئوغلى تۇلۇنتاي خېشىدىكى خۇيزۇ دىڭ گودوڭنىڭ 1649 ـ يىلىدىكى تۇرپان، قۇمۇل ھۆكۈمرانلىرى بىلەن بىرلىكتە قوزغىغان چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى كۈرىشىگە قاتناشقان. چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن باستۇرۇلغاندىن كېيىن بېكىنىۋېلىپ، تارتۇق يوللىماسلىقتەك كونا ئۇسۇلنى قوللانغانلىقتىن ئېغىرلىتىپ جازا بېرىلگەن. بۇ قېتىمقى ئەلچى ئەۋەتىش — مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق يوللاشنى داۋاملاشتۇرۇش ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن ھەر بەش يىلدا بىر نۆۋەت ئوردىغا سالامغا بېرىشنى بېكىتىش ئۈچۈن ئىدى.

ئابدۇللاخان تەختتە ئولتۇرغان 30 يىلدا ئىچكى سىياسەت، تاشقى ئىشلاردا تۆھپە يارىتىپ، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان يەكەن خانلىقىنى ئوڭشاپ ئىگىلىكنى خېلى گۈللەندۈردى. شۇڭلاشقا، بۇنى يەكەن خانلىقىنىڭ «قايتىدىن گۈللىنىش دەۋرى» دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرقى باسقۇچقا كەلگەندە، دۆلەت ئىچىدىكى زىددىيەت كۆنسېرى روشەنلىشىشكە باشلاپ، ئاقتاغلىق خوجىلار بىلەن قاراتاغلىق خوجىلار ئوچۇق ـ ئاشكارا ھوقۇق تالىشىپ قارشىلاشتى. كۆپلىگەن ئەمىرلەر بىلەن ۋەزىرلەرمۇ سۇيىقەست

① چى يۈنشى: «ۋاسساللار ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات»، 5 ـ جىلد.

بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئابدۇللاخاننىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى، بۇنىڭ ئاخىرى قىرغىنچىلىققا بېرىپ يەتتى. بۇ دەۋردىكى ئەھۋاللار ئابابەكرى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئەھۋاللار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. «تارىخى ھەمىدى» نىڭ مۇئەللىپى موللا مۇسا سايرامى باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئىرادىسى كۈچلۈك كىشى، ھەم يەنە گۇمانخور، قورقۇنچاق، رەھىمسىز، ھىيلىگەر، مېھرىسىز خان ئىدى. ئۇ يىراقنى كۆرەر ۋەزىرى گېزاد ئەمىرنى گۇناھسىزلا دۆلەت چېگرىسىدىن قوغلاپ چىقارغان. ئۇ بىر تۇغقان ئىنىسىنى ئۆلتۈرگەن. ئۇ ھېچكىمگە ئىشەنمەي ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىدىغان بولۇپ، ھەتتا ئۆز ئوغلىدىنمۇ گۇمان قىلغان... ئۇ نۇرغۇن قىرغىزلارنى ھەرقايسى جايلارنىڭ ھاكىمى قىلىپ تەيىنلىگەن. مەسىلەن، قۇشرابىنى قەشقەرنىڭ، غۇلاجتابىنى ئاقسۇنىڭ، خوجا يارنى كۇچانىڭ، ئالتاي قۇرۇقبىنى ئۇچتۇرپاننىڭ، چىڭگىبىنى بۈگۈرنىڭ، ئاللا يارىبىنى خوتەننىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىگەن. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەنە ۋەزىرلىرى بىلەن قىرغىزلارنى ئۆزىگە قەست قىلىدۇ دەپ گۇمان قىلغاچقا، ئاشۇ بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قانلىرىنى كۈپكۈندۈزدىلا تۆككەن[①] شۇڭا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىغان، يەكەننىڭ نۇرغۇنلىغان مۇھىم ئەربابلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قېچىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى چالىشقا بېرىپ ئۇنىڭ ئىنىسى ئىسمايىل سۇلتاننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان. بەزىلىرى ئۇنىڭ ئوغلى يولۋاسخاننىڭ ھوزۇرىغا قېچىپ بېرىۋالغان. قىرغىز سەردارلىرىمۇ قورقۇپ خاتىرجەم بولالماي، قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ يەكەندىن كەتكەن. ئابدۇللاخان ئادەم ئەۋەتىپ قوغلىغان، نەتىجىدە قىرغىزلاردىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

① ليۇ جىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 ـ كىتاب، 382 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى.

ئابدۇللاخاننىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭى نورىدىن سۇلتان ئاقسۇنىڭ نائىبى بولۇپ، خان ۋارىسى قىلىپ بەلگىلەنىدى. ئىككىنچى ئوغلى يولۋاس سۇلتان بولۇپ قەشقەردە تۇراتتى، ئۇ ئاق تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ۋارىسلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلاتتى. بەزى ئەمىرلەر يولۋاسنى خان قىلىپ تىكلىگەن. ئابدۇللاخان تۇيۇقسىز قوشۇن باشلاپ كەلگەندە يولۋاس تەمتىرەپ قالغان ۋە ئىنتايىن قورققىنىدىن ئاتىسىغا ۋەقەنىڭ جەريانىنى ئاشكارىلىغان. خان ئۇنىڭدىن ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، ئاسىي ئەمىرلەرنى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىشقا پەرمان چۈشۈرگەن. بىراق، يولۋاس يەنىلا دادىسى بىلەن قارىشىلاشقان. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاخان سۇلتان نۇرىدىن بىلەن قوشۇن بىرىكتۈرۈپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغان. يولۋاسخاننىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ خوتەنگە قاچقان. ئۇزۇن ئۆتمەي نۇرىدىن مەيخورلۇقتا بېرىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن. يولۋاس يەنە خوتەندىن قوشۇن باشلاپ يەكەنگە ھۇجۇم قىلغان، ئابدۇللاخان ھەممىدىن بىزار بولۇپ، قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئامال بولمىغاندىن كېيىن، خانلىق ئورنىدىن ئايرىلىش قارارىغا كېلىپ، ھىجرىيە 1078 ـ يىلى (مىلادىيە 1668 ـ يىللار) ھوقۇقىنى يولۋاسخانغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى مەككىگە ھەج قىلىشقا كەتكەن. كېيىن ھەجدىن قايتىشىدا ھىندىستاندا 76 يېشىدا قازا قىلغان.

## 3. خوجىلارنىڭ تەسىر كۈچى ۋە قار اتاغلىق، ئاق تاغلىق خوجىلار كۈرىشىنىڭ ئۇلغىيىشى

يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى سىياسىي تۇرمۇشتا ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى

كۆرەشتىن باشقا، تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى خوجىلار ۋەكىللىكىدىكى ئىسلام دىنىي سوپىزىم مەزھىپىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدا، خوجىلار بىلەن ھۆكۈمران گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈش، پايدىلىنىش ھەم ئۆزئارا تالاش ـ تارتىش قىلىشتىن ئىبارەت مۇرەككەپ كۈرەش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. بۇ يەكەن خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىنىڭ داۋالغۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى ھەم يەنە 168 يىل داۋاملاشقان مۇسۇلمان خانلىقىنىڭ ئاخىر زاۋاللىققا يۈزلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈپ ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خوجا — سوپىزمدىكى مەنىۋى ئالىي رەھبەر ھەم ئىسلام دىنىدىكى ئاقسۆڭەكنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ «پەيغەمبەر پۇشتى» دىن بولغانلىقىدەك ئالاھىدە سالاھىيىتىدىن بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيادا مىلادىيە XIV ئەسىردىن باشلاپ سوپىزم كەڭ تارقالغان ھەمدە بۇ جايلاردىكى ئاساسلىق ئىسلام دىنىي مەزھىپىگە ئايلىنىپ ئىنتايىن جانلانغان. مەزھەپ يولباشچىلىق ئورنىمۇ كۆپىنچە خوجىلار جەمەتى تەرىپىدىن ئىگىلەنگەن. مىلادىيە XIV ئەسىردە بۇخارانى مەركەز قىلىپ بىر يېڭىچە سوپىزم تەرىقىتى، يەنى نەقشىبەندىيە تەرىقىتى مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئىجادچىسى مۇھەممەد بىننى باھاددىن بۇخارا (مىلادىيە 1314 — 1389 ـ يىللار) ئىدى. ئۇ بۇ تەرىقەتنى قۇرغان جايدا ئايەتنى زىكرى بىلەن ئوقۇشنى ۋە قولىنى كۆكسىگە قويۇپ قەلبىنى پاكلاشنى ئىپادىلەش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەر تەرىپىدىن «نەقشىبەندىيە» (رەسسام) دەپ ئاتالغان. ئۈچىنچى ئەۋلاد دىنىي يولباشچى خوجا ئەھيار (يەنە بىر نامى نەسىردىن ئابدۇللا) مىلادىيە 1404 — 1490 ـ يىللار) دەۋرىگە كەلگەندە، مەزكۇر تەرىقەت ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلەپ، تېمۇر سۇلالىسىدىكى سۇلتانى ھۇسەيىن بىلەن ئۆزبېك

شەيبانخاننىڭ قول بېرىشىگە مۇيەسسەر بولغان. ئۇ ئۆزىمۇ بەك يۇقىرى ئابرۇي قازانغان كىشى بولغاچقا، بىر مۇسۇلمان «ئەۋلىيا» لىق سالاھىيەت بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى بىلەن خانلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشلارنى ياراشتۇرغان. بەشىنچى ئەۋلاد دىنىي يولباشچىنىڭ ئىسمى ئەھمەد كاسانى (مىلادىيە 1461 — 1542 - يىللار)، ئۇ مەخدۇم ئەزەم («ئۇلۇغ، ئىدارە قىلغۇچى») دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان. ئۇ سەمەرقەنتنىڭ داھبىت دېگەن يېرىدىن بولۇپ، ئىلگىرى «كاسان» دېگەن جايدا ئولتۇراقلاشقان. كېيىن تاشكەنتتىكى بىر مەدرىستە تەلىم ئالغان ھەمدە نەقشبەندىيە تەرىقىتىگە كىرىپ خوجا ئەھيارنىڭ شاگىرتى بولغان. مىلادىيە 1516 - يىلىدىن باشلاپ نەقشبەندىيەنىڭ دىنىي يولباشچىسىغا ئايلانغان. ئۇ سوپىزم مەزھىپىدىكى مەشھۇر شەخس بولۇپ، مىستىكىزم نەزەرىيىسى ئەمەلىيىتىگە دائىر نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ كۆزقاراشلىرى سوپىزمغا مايىل بولۇپ، سوپىزمچىلارنىڭ خانىقادا تەلىم ئېلىشىنى تەكىتلىگەن. ئەمما، سوپىزم ئەقىدىلىرىنى تارقىتىش يولى بىلەن سىرتقا چىقىپ جاھان كېزىشكە قارشى تۇرمىغان. زىكرىنى پەس ئاۋازدا ئوقۇشتەك ئەنئەنىۋى ئۇسۇلىنى ساقلاپ قالغان ھالدا، مۇرىتلارنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا زىكرى قىلىشىغا ھەمدە مۇزىكا بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ساما ئۇسسۇلى ئويناشقا رۇخسەت قىلغان. بۇنداق ئىللىق ۋە كەڭچىلىك پوزىتسىيە مەزكۇر دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر ئارىسىدا كەڭ تارقىلىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىپ بەرگەن. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاجىك، ئۆزبېك، قازاق ھەمدە تۈركمەنلەر رايونىدا تەرىقەت تارقىتىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان.

ئابدۇرەشىدخان تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مەخدۇم ئەزەم «ئەۋلىيا» لىق سالاھىيەت بىلەن قەشقەرگە كېلىپ سۆھبەت

ئۇيۇشتۇرۇپ، يەكەن خانلىقى بىلەن ئۆزبېكلەر، قازاقلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى توگەتكەن ۋە ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ يەكەن خانلىقىدىكى نۇرغۇن جايلارنى زىيارەت قىلغان، فېئودال يۇقىرى قاتلامدىكىلەر، دىنىي ئۆلىمالار بىلەن ئۇچراشقان ھەمدە ئۆز مەزھىپى توغرۇلۇق تەرغىبات يولى سۆزلەپ، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى فېئوداللارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، نۇرغۇن شاگىرت قوبۇل قىلغان. ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ نام ـ ئابرويىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ مەسلىھەتچى قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا نۇرغۇن يەر ھەدىيە قىلىپ بەرگەن. مەخدۇم ئەزەم قەشقەردە بىر ئۇيغۇر خوتۇننى نىكاھىغا ئالغان. كېيىن ئۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا قايتىپ كېتىپ شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى يەكەن خانلىقىغا قىلغان سەپىرى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن شىنجاڭغا كېلىشى ھەمدە قارا تاغلىق، ئاق تاغلىقلارغا ئۆزگىرىشىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالغان.

مەخدۇم ئەزەم ئۆلگەندىن كېيىن، دىنىي يولباشچىلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىپ بالىلىرى ئوتتۇرىسىدا تالاش ـ تارتىش يۈز بەرگەن. ئۇنىڭ تۆت خوتۇنى، 13 ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 7 ـ ئوغلى ئىسھاق خوجا ئۇيغۇر خوتۇنىدىن تۇغۇلغانىدى. «خوجىلار تەرجىمىھالى» دە: «مەخدۇم ئەزەم ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋلادىدىن بولغان بىبىچە قەشقەرى بىلەن نىكاھ قىلدى، ئۇلاردىن ئىسھاق ۋەلى تۇغۇلدى»[1] دېيىلگەن. چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد ئىمىن خوجا بولۇپ كېيىن «ئىشان كالان» (ئىشانلارنىڭ چوڭى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان. ئىككىنچى ئوغلى دوست خوجا بولۇپ

---

① مۇھەممەد سادىق قەشقەرى: «خوجىلار تەرجىمىھالى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «مىللەتلەر تارىخ ـ تەرجىمە ئەسەرلىرى توپلىمى»، «خوجىلار تەرجىمىھالىنىڭ مۇقەددىمىسىگە باھا»، 97 ـ بەت، 1980 ـ يىل، 8 ـ سان».

«خوجىلار تەرجىمىھالى» نىڭ مۇئەللىپىنىڭ يېزىشىچە، مەخدۇم ھايات ۋاقتىدىلا دوست باش خەلىپىلىكنى ئۇستىگە ئېلىپ، دىنىي يولباشچىلىق ئەمىلىگە ۋارىسلىق قىلغان؛ ئاق تاغلىق خوجىلار تەرجىمىھالىدا يېزىلىشىچە، مەخدۇم ئەزەم ئۆلۈشتىن بىر يىل ئىلگىرىلا چوڭ ئوغلى ئىشان كالاننى دىنىي يولباشچىلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشنى بەلگىلىگەن ھەمدە ئەمەل ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن؛ قارا تاغلىق خوجىلار تەرجىمىھالىدا بولسا، مەخدۇم ئەزەم جيەن ئوغلى موللا لۇتفۇللا ئارقىلىق ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئىسھاق خوجىغا بەرگەن دېيىلگەن. بۇ بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەخدۇم ئەزەم ئۆلگەندىن كېيىن ئىسھاق خوجا بىلەن ئىشان كالان ئىككى نەسەبتىكى خوجىلار ئوتتۇرىسىدا قارشىلىشىش باشلانغان. ئىسھاق قارا تاغلىقلارنىڭ ئاتامانى، ئىشان كالان ئاق تاغلىقلارنىڭ ئاتامانى بولغان. ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي ئىمتىياز ۋە مۇرىت تالىشىش كۈرىشى ئەمەلىيەتتە مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلانغان. ئىسھاق موللا لۇتفىنىڭ ھۇزۇرىدا بىر قانچە يىل ئۆز ئالدىغا مەزھەپ تەشكىللەپ «ئىسھاقىيە» دەپ ئاتالغان. ئۇ ئافغانىستان، ئىران قاتارلىق جايلاردا يۈرۈپ دىن تارقاتقان، سەمەرقەنتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى نوپۇزلۇق ئەدىبلەر تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىپ، غەيرىي ئەقىدىنى تەرغىب قىلغان دەپ ئەيىبلىنىپ، ھۆكۈمران ئابدۇللاخان ئۇنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈرگەن. ئۇ نائىلاج مىلادىيە 1580 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يەكەن خالىقىغا كەلگەن. ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمران ئابدۇكېرىمخان ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇرۇشلۇق جايىغا بېرىپ زىيارەت قىلماقچى بولغان. بىراق، ئىسھاق خوجا قەستەن يالقاۋلىق قىلىپ كۆرۈشۈش ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈپ، ئۆزىنى يۇقىرى ئورۇنغا قويماقچى بولغان. بۇ ئىشى دەل ئۇۋەيشىيە تەرىقىتىنىڭ

يولباشچىسى مۇھەممەد ۋەلى سوپى تەرىپىدىن پايدىلىنىپ خاننى كەتكۈزۈۋېتىشكە كۈشكۈرتكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئابدۇكېرىمخان ئادەم ئەۋەتىپ ئىسھاق خوجىغا بىر پاكار ئات، بىزەكلىك ئىگەر ـ جابدۇق سوۋغا قىلىپ، ئۇنىڭ قايتىپ كېتىشىنى سورىغان. ئىسھاق يەكەندىن ئايرىلىپ ماۋرائۇننەھرگە كەتمەي، خوتەنگە بارغان. يول ئۈستىدە ئۇ تەرىقەت سۆزلەپ ھەممە جايدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. توققۇز كەنت دېگەن جايدا ئۇ كىشىلەرنى قايىل قىلىپ ئۆز گۇرۇھىغا قوشقان. كىشىلەر ئۇنىڭغا كاتتا سوۋغا تەقدىم قىلىپ، مۇرىت بولۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. خوتەنگە بارغاندا ئۇ جايدىكى دىنىي ھۆكۈمدار قۇرەيش سۇلتان بىلەن باش ئەمەلدار شەھەر سىرتىغا چىقىپ قارشى ئالغان. ئۇ چىرادا بىر خانىقا ياسىتىپ ئۈچ يىل تەرىقەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋە نۇرغۇن مۇرىت قوبۇل قىلغان. كېتىدىغان چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ ماتا كەمزۇلىنى تەرىقەت گۆھىرى قىلىپ قالدۇرغان.

كېيىن ئىسھاق خوجا ئاقسۇغا كەلگەن. بۇ چاغدا ئاقسۇنىڭ ھۆكۈمدارى مۇھەممەد سۇلتان ئىدى. ئۇ ئىسھاقنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەپ ئۆزىنىڭ دىنىي ئۇستازى قىلىپ چوقۇنغان. ئىسھاق ئۇنى سىياسىي كۈرەشكە قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ ئۇنىڭغا: «تۇترۇقسىز خام ـ خىياللارغا بېرىلمەي، ئۇمىدىنىڭ كويىدا بول»[1]. دەپ تەلىم بەرگەن ھەمدە ئۆز كارامىتى ئارقىلىق ئۇنىڭ خان بولىدىغانلىقىنى ئالدىن ئېيتىپ بەرگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد يەكەن خانى بولغاندىن كېيىن، بۇ خوجىغا بولغان ھۆرمىتى ئېشىپ، تېخىمۇ ئەتىۋارلاپ، ئۇنىڭ خانلىق تەۋەسىدە تەرىقەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويغان ھەمدە زور كۈچ بىلەن يۆلىگەن. مۇھەممەدخان يەكەننىڭ جەنۇبىدىكى سۇيى ئەلۋەك،

---

① مەھمۇد چۇراس: «تاۋارىخ» (ئاكىمۇشكىننىڭ رۇسچە تەرجىمىسى)، موسكۋا پەن نەشرىياتى، 1476 ـ يىل نەشرى

تۆپرىقى مۇنبەت ئېتىزلىق توققۇز كەنتنى، چىراغا يېقىن جايدىكى كۆككۆمباغ قاتارلىق جايلارنى ۋەخپە نامىدا ئىسھاق خوجا ۋە ئۇنىڭ خانىقاسىغا تەقدىم قىلىپ بەرگەن، يەنە خوتەن دەرياسى ساھىلى بىلەن كان رايونىدىكى قاشتېشى قېزىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن. شۇنداق قىلىپ ئىسھاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى نۇرغۇن يېرى بار قورۇقدارغا ئايلاندى. كان ئېچىشتىن نۇرغۇن كىرىم قىلىپ، ئىقتىسادىي كۈچى زور بولغان بىر دىنىي فېئودال خوجايىنغا ئايلاندى. بۇ ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىقتىسادىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. ئىسھاق يەكەن، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلاردا 12 يىل پائالىيەت ئېلىپ باردى. بۇ ئارىلىقتا ئۇ يەنە قازاقلا ئارىسىغا بېرىپ ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلدى، خانلىقنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇرىتلىرى 40 مىڭغا يېتىپ ئۇلارغا 64 نەپەر خەلىپىنى ئۆزىگە ۋاكالىتەن ئەۋەتتى. شۇنىڭ، بىلەن قاراتاغلىقلار ئاخىر يەكەن خانلىقىدىكى دىنىي ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تىكلىدى.

ئىسھاق ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ماۋرائۇننەھرگە قايتىپ مىلادىيە 1599 ـ يىلى 11 ـ ئايدا سەمەرقەنتتە قالدى، ئىككىنچى ئوغلى بالدۇرلا ئۆلۈپ كەتكەنىدى، كىچىك ئوغلى مۇھەممەد يەھيا بولۇپ، كېيىن خوجا شادى دېگەن نام بىلەن تونۇلغان. ئۇ شۇ چاغدا تېخى 10 ياشلاردا بولۇپ، باشقىلار تەرىپىدىن مۇھەممەد خاننىڭ قارىشى ئۇچۇن يەكەنگە ئاپىرىپ بېرىلگەن. بۇ ۋاقىتتا قارا تاغلىقلارنىڭ يولباشچىسى ئىسھاقنىڭ ۋاكالەتچىسى ئۇشتۇر ئىدى. ئۇ خوجىلارغا تايىنىپ پۈتۈن ھوقۇقنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان ھەمدە مۇھەممەدخاننىڭ دىنىي ئۇستازى بولغان. ئۇشتۇر ھوقۇق تۇتقاندىن كېيىن ئۇۋەيسىيە تەرىقىتىدىكىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇ مەزھەپنىڭ ئوردا ئىچىدىكى تەسىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، قارا تاغلىقلارنىڭ تەسىر كۈچىنى تېخمۇ

ئاشۇرغان. شۇ ۋەجىدىن ئەھمەدخاننىڭ خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلالىشى دەل ئۇنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكىدىن بولغان. كېيىن خوجا شادى قۇرامىغا يېتىپ «ئەۋلىيالار پۇشتى» بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئاتىسىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىسھاقىيە تەرىقىتىنىڭ يولباشچىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان. خوجا شادى ئۈزلۈكسىز ھالدا يەكەن خانلىقىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. ئوخشاشمايدىغان يېرى، بۇ دەۋردە يەكەن خانلىقىدىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر كەسكىنلىشىپ، خانلىق ھاكىمىيەت ئاجىزلاپ، دىنىي يۇقىرى قاتلامنىڭ تەسىر كۈچىگە تايىنىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. خوجا شادىنىڭ ھەرىكەتلىرى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇ ئاپاقخان بىلەن تۇرپاندىكى ئابدۇرېھىمخان ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرانى ياراشتۇرۇپ، ئىككى تەرەپنى مەجبۇرىي سۈلھى تۈزدۈرگەن. پولادخان بىلەن قىلىچخان ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇن تالىشىش كۈرىشىدە ئۇ ئاۋۋال ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرۇپ قويماقچى بولغان، بىراق، قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تىنچىمىغانلىقتىن پولادخان بىلەن بىرلىشىپ قىلىچخاننى يوقاتقان. كېيىن ئۇ پولادخاندىنمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ، ئابدۇللاخاننى قوللىغان ۋە ئۇنى يەكەن خانلىقىنىڭ تەختىگە چىقارغان. بۇنىڭدىن قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ ئوردا ئىشلىرىغا كۆپ ئارىلاشقانلىقىنى ھەمدە سىياسىي ۋەزىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قارا تاغلىق خوجىلار باش كۆتۈرۈپ يەكەن خانلىقىنى سوراۋاتقان چاغدا، يەنى مىلادىيە 1620 ـ يىلى ئىشان كالاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد يۈسۈپ خوجا ئوتتۇرا ئاسىيادىن قەشقەرگە كەلدى. ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ يەكەن خانلىقىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا قارىشىلىشىشى ۋە تالاش ـ تارتىشى مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاندى.

مۇھەممەد يۇسۇف ئىشان كالاننىڭ 4 ـ ئوغلى بولۇپ، قالغان ئۈچ ئوغلى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بۇخارا، بەلخ، سەمەرقەنتتە دىن تارقاتقان. مۇھەممەد يۇسۇف قەشقەرگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ساتۇق بۇغراخان مازىرىنى زىيارەت قىلىش نامى بىلەن ئاتۇشقا كېلىپ، سوپىزىم يولباشچىسىنىڭ قوللىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ۋە شۇ جايدا تۇرۇپ قالدى. ئۇ يەكەن خانلىقىدا «ئىسانىيە» ناملىق بىر تەرىقەت قۇرۇپ، «ئىسھاقىيە» بىلەن زىتلاشتى.

ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق دېگەنلەر بىر خىل سىياسىي قارىشلىقنىڭ بەلگىسى. سوپىزىم ئەقىدىلىرى، قائىدىلىرى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدا ئانچە چوڭ پەرق يوق. ئوخشاشلا نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ شىنجاڭدىكى بىر تارمىقىغا تەۋە. بۇ خىل سىياسىي قارىشىلىشىش ئاساسلىق ئىككى تەرەپنىڭ تاشقى ئالاھىدىلىكى مەسىلەن، تەلپەك، تۇغ، ئۈسۈملۈك قاتارلىقلارنىڭ رەڭگىدە ئەكس ئېتىدۇ. ئاق تاغلىقلار يەنە «ئاق تەقىيلىكلەر»، «ئاق تۇغلۇقلار»، «ئاق سۆگەتلىكلەر» دەپمۇ ئاتالغان. قارا تاغلىقلار «قارا تەقىيلىكلەر»، «قارا تۇغلۇقلار»، «قارا سۆگەتلىكلەر» دەپمۇ ئاتالغان. ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق دېگەن نام توغرۇلۇق بەزىلەر: «قەشقەرنىڭ جەنۇبىدىكى تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ غەربىدىكى قىرغىزلار «ئاق تاغلىق» دەپ؛ پامىر ئەتراپلىرىدىكى قىرغىزلار «قارا تاغلىق» دەپ ئاتالغان. شۇڭا، خوجىلارمۇ قىرغىزلار ئىتتىپاقىنىڭ مۇشۇ نامىنى قوللانغان دەپ قارايدۇ. بۇ ئىككى مەزھەپ كۈرىشىنىڭ ئوت بىلەن سۇدەك سىغىشالمايدىغانلىقىدەك خاراكتېرىنى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قورال كۈچى بىلەن رەقىبىنى يوقىتىشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ خىل كۈرەش يەكەن خانلىقىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە داۋالغۇش پەيدا قىلىپلا قالماستىن، باشقا مىللەتلەرگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.

مۇھەممەد يۇسۇف قەشقەرنىڭ دىنىي ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، مىلادىيە 1622 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلاردىن ياردەم سورىغان. «خوجىلار تەرجىمىھالى كىرىش سۆزىگە باھا» دېگەن كىتابتا يېزىلغان بايانلارغا ئاساسلانغاندا: «... ئىككى گۇرۇھ ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى جەريانىدا، ئاق تاغلىقلارنىڭ رەھبىرى ئاتۇشلۇق موللا فازىل قوقەنتتىكى مەلۇم تەسىر كۈچى بار خوجىلاردىن ياردەم سورىغان ھەمدە شۇ ئىتتىپاقداشلىرى ئۈنىڭغا تەكلىپ بەرگەن قورالنىڭ كۈچى بىلەن قەشقەرنى غەلىبىلىك ھالدا ئىگىلىگەن.①مەزكۇر موللا فازىل دەل مۇھەممەد يۇسۇفنىڭ ئۆزى. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى «ھاجى مۇھەممەد يۇسۇف مازارى»، «فازىل» خاتا تەرجىمە قىلىنىپ قالغىنى. بىراق، مۇھەممەد يۇسۇف ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ قورال كۈچى بىلەن ياردەم قىلىشى ئارقىلىق، پەقەت ۋاقىتلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي يۇسۇف خوجا ئابدۇلېتىپخان تەرىپىدىن قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىلغان. ئۇ سەرگەردان بولۇپ قۇمۇلغا كېلىپ، يەكەن ھاكىمىيىتىدىن نارازى بولۇپ، بۇ جايغا كۆچۈپ كەلگەن قەشقەرلىك مىرسەئىد جېلىلغا بېقىنغان ھەمدە ئۇنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئالغان. ھىجرىيە 1035 ـ يىلى (مىلادىيە 1625 — 1626 ـ يىللار) ھىدايىتۇللا تۇغۇلغان. بۇ دەل كېيىن نامى چىققان ئاپاق خوجىنىڭ ئۆزى. مۇھەممەد يۇسۇف قۇمۇلدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن جەرياندا، ئۆز تەرىقىتىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان. ئابدۇللاخان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغقا كەلگەندىلا ئاندىن ئۇ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن.

ئابدۇللاخان يېڭىلا تىكلەنگەن ھاكىمىيىتىنى

---

① «خوجىلار تەرجىمىھالى كىرىش سۆزىگە باھا»، «مىللەتلەر تارىخ ـ تەرجىمە ئەسەرلەر توپلىمى»، 68 ـ بەت، 1980 ـ يىل، 8 ـ سان.

مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان تەسىر دائىرىسىنى يوقىتىش كېرەك، دەپ ئويلىغان. شۇڭا، ئۇ مۇھەممەد يۈسۈپ ئاتا - بالىنىڭ يېنىپ كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئوردا بېغى بولغان ئاۋات كەنتىنىڭ يەرلىرىنى ئۇنىڭغا ئىنئام قىلغان. بۇ چاغدا قەشقەر ھۆكۈمرانى يولۋاس سۇلتانمۇ كېڭىشىپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ، مۇھەممەد يۈسۈپنى ئۆزىگە دىنىي ئۇستاز قىلىپ چوقۇنغان. مۇھەممەد يۈسۈپ قەشقەر قاتارلىق جايلاردا پۇرسەت ئىزدەپ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، پۇقرالارنى ئاق تاغلىقلارنىڭ توپىغا قوشۇلۇشقا چاقىرغان. بىردەمدىلا ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشىدىغانلار كۆپىيىپ نۇرغۇن زاتلار، ئاقسۆڭەكلەر ۋە پۇقرالار مۇھەممەد يۈسۈپ ئاتا - بالىنىڭ مۇرىتى بولۇشقان. ئۇلار ئۇنىڭغا نۇرغۇن يەر، مال - مۈلۈك ئىئانە قىلىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن مەسچىت ۋە خانىقا سالدۇرغان. بۇ چاغدا ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ كۈچى تېزلىكتە ئاشقان. يولۋاسنىڭ قوللىشى ئاستىدا ئاق تاغلىق خوجىلار قەشقەرنىڭ بەشكېرەم دېگەن يېرىدە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى قۇرغان. ئاپاق خوجا بەشكېرەمدە تۇرۇپ ئۆزمەزھىپىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. بىراق، ئاق تاغلىق خوجىلار ئىزچىل ئابدۇللاخان بىلەن ئىتتىپاقلىق ئورنىتالمىغان. ئابدۇللاخان ئۆزىنىڭ بىر قەدەر ئوچۇق ۋە باشقىلارنى رام قىلىۋېلىشقا ماھىر بولۇشتەك سىياسىي پوزىتسىيىسى بىلەن مۇھەممەد يۈسۈپ ئاتا - بالىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. بەلكى، خوجا ئاتا - بالىنى يولۋاسخاننى تىزگىنلەپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۆزى بىلەن قارشىلاشماقچى بولۇۋاتقانلىقى ئابدۇللاخاننىڭ كۆڭلىدە گۇمان تۇغدۇرۇپ قويغان. ئىككى تەرەپنىڭ زىددىيىتى شۇنداق قىلىپ ئاستا - ئاستا

ئاشكارىلانغان.

ھىجرىيە 1055 ـ يىلى (مىلادىيە 1645 — 1646 ـ يىللار) قارا تاغلىق خوجا شادى قازا قىلدى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى تېخى كىچىك بولغانلىقتىن دىنىي ھوقۇقنى خەلىپە ئۇشتۇر ۋاقتىنچە باشقۇرۇپ تۇردى. بۇ چاغدا مۇھەممەد يۇسۇف غوللۇق ئادەملىرى بىلەن قەشقەردىن يەكەنگە كېلىپ «ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىپ»، «ئەجدادلارنىڭ ئىشلىرىنى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇش»[①]. نامى بىلەن جار سېلىپ، خوجا شادىنىڭ قەبرىسىگە دۇئا قىلدى. ئەمەلىيەتتە قاراتاغلىقلارنىڭ رەھبەرلىك كۈچىنىڭ ئاجىزلاشقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، قارا تاغلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىگە ھۇجۇم قىلىشنى، ئاق تاغلىقلارنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشنى ھەمدە ئابدۇللاخاننى ئاق تاغلىقلار تەرەپتە تۇرۇشقا مەجبۇرلاشنى ئويلىغانىدى. بىراق، قارا تاغلىقلار ئاجىز كەلمىدى. ئۇشتۇرنىڭ ئوغلى بىلەن قارا تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ مۇرىتلىرى خوجا شادىنىڭ ئوغۇللىرىنى پاتتىڭغا مىندۇرۇپ، ئابدۇللاخاننىڭ ئالدىغا نامايىش قىلىپ بېرىپ، ئىسھاق خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ سادداقەتمەنلىكىنى بىلدۇردى، شۇڭلاشقا ئابدۇللاخان ئاقتاغلىق خوجىلارنى رەت قىلغان. مۇھەممەد يۇسۇف ھېچ نەتىجە يارىتالماي قايتىپ، يېڭىسار ئەتراپىغا كەلگەندە قازا قىلدى. ئاپاق خوجا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال يېتىپ كېلىپ ئاتىسىنىڭ جەسىتىنى قەشقەرگە قايتۇرۇپ كەلگەن. ئاقتاغلىقلار قارا تاغلىقلارنى مۇھەممەد يۇسۇفنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى، دەپ ئەيىبلىدى. ئىككى مەزھەپنىڭ ئۆچمەنلىكى شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي خوجا شادىنىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەد

---

① موللا ياقۇپ بىن ئۆمەر روزى قەشقەرى: «تەرجىمىھالى ھىدايەت»، (چاغاتايچە قولىيازما).

ئابدۇللا خوجا دىنىي يولباشچىلىق ۋەزىپىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قاراتاغلىقلارنىڭ ئورنىنى مۇقىملاشتۇردى. ئەمما، ئابدۇللاخاننىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىشى ۋە ھەسەتخورلۇقى ھەمدە ئوردا ئىچىدىكى ھەرخىل كۆرەشلەر، قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قىزغىنلىقىنى يوقىتىپ قويغان. ئاقسۇ ھۆكۈمرانى نۇرغۇن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قارا تاغلىق خوجىلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇ «ئۆزى سوۋغا - سالام ئېلىپ يەكەنگە كېلىپ، بىر ئامالارنى قىلىپ خوجا شادىنىڭ ئوغلى خوجا مۇھەممەد ئابدۇللا بىلەن كۆرۈشكەن»[1]. كېيىن مۇھەممەد ئابدۇللا ئاقسۇغا بېرىپ، نۇردىنخاننىڭ بىر تەرىپىدە ئولتۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ئاق تاغلىق خوجىلار قوللايدىغان بولۋاسخان بىلەن قارا تاغلىق خوجىلار قوللايدىغان نۇردىنخان ئوتتۇرىسىدا قارىشىلىشىش كېلىپ چىققان. ئابدۇللاخان بۇ خىل قارىشىلىشىش ئىچىدە، خوجىلارنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالغان ھەمدە ھاكىمىيەتنى تىزگىنلىيەلمەي، ئاخىر تەختنى تاشلاپ كېتىپ قالغان. قارا تاغلىقلار بىلەن ئاق تاغلىقلارنىڭ كۆرىشى بۇنىڭ بىلەن خانلىق ھوقۇقىنى كونترول قىلىشتىن بىردىنلا ھاكىمىيەت تالىشىشقا ئۆزگەرگەن.

## 4 . خانلىقنىڭ ھالاكىتى

يولۋاسخان تەختكە چىققان چاغدا، يەكەن خانلىقى ئاللىقاچان پارچىلىنىشقا يۈزلىنىپ، ھەممىلا يەر خەۋپلىك ئەھۋالدا قالغانىدى. بىر تەرەپتىن قارا تاغلىقلار بىلەن ئاق تاغلىقلار ئۆز ئالدىغا فېئودال كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، ئاردىكى تالاش - تارتىش

① مەھمۇد چوراس: «تاۋارىخ»، (چاغاتايچە قوليازما).

بېسقىمىدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئەڭ چوڭ ھوقۇقنى تارتىۋېلىش كويىدا بولدى، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر قايسى فېئودالللار پۇرسەت چىقسىلا زېمىن تالىشىپ ئۆز ئالدىغا قوشۇن تەشكىللەپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلاشتى. سىرتتىن كەلگەن جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئېغىر تەھدىدىمۇ شەكىللىنىپ بولدى.

ئويراتلار بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت جىمجىت ياتقاندىن كېيىن، مىلادىيە XVII ئەسىرگە كەلگەندە ئاستا ـ ئاستا جۇڭغار، خوشۇت، دۆرپات، تورغات قاتارلىق تۆت قەبىلە ئىتتىپاقى بولۇپ ئۇيۇشۇپ، غەربىي موڭغۇل ئويراتلىرى دەپ ئاتالدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى جۇڭغار قەبىلىسى باتۇر قۇنتەيجى دەۋرىدە ئەڭ كۈچىيىپ تۆت قەبىلىنىڭ سەرخىلى بولغان. ئۇنىڭ زېمىنى شىمالدا ئېرتىش دەرياسىغىچە، غەربتە بالقاش كۆلىگىچە، جەنۇبتا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي يولىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. جۇڭغارلارنىڭ غەربىدىكى قازاقلار ۋە تەڭرىتېغىدىكى قىرغىزلارمۇ جۇڭغارلارغا بەيئەت قىلغان. شۇنداق قىلىپ ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالدا يەنە بىر كۈچلۈك كۆچمەن چارۋىچىلار ھاكىمىيىتى — جۇڭغار خانلىقى بارلىققا كەلدى. جۇڭغارلار دائىم يەكەن خانلىقى چېگرىسى ئىچىگە كىرىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلاتتى، ئەمما يەكەن خانلىقىنىڭ قارشى تۇرغۇدەك ماجالى يوق ئىدى. مىلادىيە 1634 ـ يىلى جۇڭغارلار تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر ـ بازارلارغا بېسىپ كىرگەندە، بۇ قەبىلىدىكى ئاقسۆڭەكلەر يەكەن خانلىقىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى سىياسىي مۇھىتقا قىزىقىپ قېلىپ، يەكەن خانلىقىنى يۇتۇۋېلىش غەرىزىدە بولغان.

دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە، مىلادىيە XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، شەرقىي موڭغۇللار شىزاڭدىكى لاما دىنى (زاڭزۇلار ئارىسىدىكى بۇددا دىنى) نى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئويراتلارمۇ ناھايىتى تېزلىكتە لاما دىنىنىڭ

ئىتىقادچىلىرىغا ئايلاندى. باتۇر قۇنتەيجى لاما دىنىنى قىزغىنلىق بىلەن تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن، مىلادىيە 1635 ـ يىلى شىزاڭدىكى دالاي لاما تەرىپىدىن ئۇنىڭغا ئېردىنى باتۇر قۇنتەيجى دېگەن نام بېرىلگەن ھەمدە لاما دىنىنىڭ مەركىزى شىزاڭ رايونى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، دىن جەھەتتە دالاي لامانىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولغان. باتۇر قۇنتەيجى مىلادىيە 1665 ـ يىلى ئۆلگەن، ئورنىغا ئوغلى زېڭكى تەيجى ۋارىسلىق قىلغان. غالدان باتۇر قۇنتەيجىنىڭ 7 ـ ئوغلى بولۇپ، مىلادىيە 1645 ـ يىلى تۇغۇلغان. بالىلىق ۋاقىتلىرىدا شىزاڭغا بېرىپ لاما بولغان. زېڭگى تەيجى مىلادىيە 1671 ـ يىلى ئاكىسى سېچىنخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، غالدان بۇنى ئۇقۇپ دەرھال شىزاڭدىن قايتىپ كېلىپ، شىنجاڭدا ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىگە قاتناشقان. دالاي لامانىڭ قوللىشى بىلەن غالدان ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈپ دالاي لاما تەرىپىدىن بۆشۈكتۇخان دېگەن نام بېرىلگەن. غالدان ئىنتايىن ئاچ كۆز بولۇپ، داۋاملىق كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، ئۇرۇش قوزغىغان، ئۇنىڭ تىغ ئۇچى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا قارىتىلغانىدى.

يەكەن خانلىقىدا يولۋاسخان گەرچە ئالدى بىلەن يەكەنگە كىرىپ ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئىسمائىل قارا تاغلىق خوجىلار بىلەن ئويرات قەبىلىسىدىكى ئالتۇن تەيجىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئۇمۇ ئاقسۇدا ئۆزىنى خان قىلىپ تىكلىگەن ھەمدە دەرھال يەكەنگە يۈرۈش قىلغان. ئالتۇن تەيجىمۇ قوشۇن تارتىپ چىقىپ جەڭ قىلغان. قەشقەردىكى يولۋاسخان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، يەكەنگە جىددىي يۈرۈش قىلغان، ئىككى تەرەپ يەكەنگە يېقىن جايدا ئۇچرىشىپ بىر مەيدان قاتتىق جەڭ قىلغان، يولۋاسخان مەغلۇپ بولۇپ شەھەرگە چېكىنگەن. ئىسمائىلخان شەھەرنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ ئۆزۈنغىچە ئالالماي، ئاخىر ئاقسۇغا قايتىپ كەتكەن. تەختكە

چىققان يولۋاسخان يەكەندىكى قارا تاغلىق ئەمىرلەرنى قاتتىق باستۇرۇپ، بارلىق ئەمىرلەرنىڭ ئائىلە - تاۋائاتلىرىنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋەتكەن. ئەمما، قارا تاغلىقلار يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي، جايلاردا داۋاملىق كۈرەش قىلغان ھەمدە ئالتۇن تەيجىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. يولۋاسخانمۇ جوڭغارلار ئارىسىدىن ئۆزىگە زېڭگې تەيجىنى دوست تارتقان. ئۇ زېڭگې تەيجىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىگە تايىنىپ ئاقسۇدا ئىسمائىلخاننى مەغلۇپ قىلغان. بىراق، زېڭگې تەيجى قۇلايلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قەشقەرنى بېسىۋالغان. يولۋاسخان ئامالسىز خانلىق ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى بولغان تۇغ، تامغا، مۆھۈر قاتارلىق نەرسىلەرنى زېڭگې تەيجىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۆزى يەكەنگە كەتكەن. زېڭگې تەيجى يولۋاسخاننىڭ كەنجى ئوغلىنى خانلىق ئورنىغا قويغان ھەمدە بۇ قورچاق ئۈچۈن مۇھاپىزەتچى ئورۇنلاشتۇرغان.

مىلادىيە 1670 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، يولۋاسخان يەكەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، زېڭگې تەيجى يەكەنگە ئەۋەتكەن يېقىن ئادىمى ئەركبەگ پۇقرالارنىڭ نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئەمىرلەرنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە يېتەكلەپ، ئوردىغا خاننىڭ يەنە بىر ئوغلى ئابدۇلېتىپخاننى تۇرغۇزغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ئابدۇلېتىپ ئانىسى بىلەن ئىسيان كۆتۈرگەن ئەمىرنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى پىلانلىغان، ئەمربەگ قەشقەردىن قېچىپ كەتكەن. يول ئۈستىدە ئۇ ئاقسۇدىكى ئىسمائىلخانغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا يەكەننى تارتىۋېلىش مەسلىھەتنى بەرگەن. ئىسمائىلخان يەكەنگە ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلغان، قارا تاغلىق خوجىلارمۇ مۇرىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئارقىدىن ئەگەشكەن، ئالتۇن تەيجىمۇ چوڭ ئوغلى چۈجىننى قوشۇن باشلاپ جەڭگە قاتناشتۇرغان، يول بويى قاتتىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق، ئىسمائىلخاننىڭ قوشۇنى يەكەن شەھىرىگە يېقىنلاپ كەلگەن.

ئابدۇلېتىپخان قەشقەرگە قېچىپ كەتكەن. مىلادىيە 1670 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئىسمائىلخان قارا تاغلىقلارنىڭ يولباشچىسى مۇھەممەد ئابدۇللا خوجا بىلەن بىرلىكتە يەكەن شەھىرىگە كىرگەن، ئىسمائىل خان ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە تەختكە چىقىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ يەكەن خانى بولغانلىقىنى جاكارلىغان. ئارقىدىنلا ئۇ قارا تاغلىق خوجايار بىلەن ئەمر غىياسبەگنى قەشقەرگە يولۋاسخاننىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئەمرلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتكەن ھەمدە ئاق تاغلىقلارنى رەھىمسىزلەرچە باستۇرغان. ئاپاق خوجىنى دۆلەت سىرتىغا سۈرگۈن قىلىش پەرمانىنى چۈشۈرگەن. پەرماندا: «قەشقەر پۇقرالىرى ئاپاق خوجىغا ھەر قانداق سوۋغات بېرىشكە، ھەتتا بىر تال گىياھ تۇتقۇزۇشقىمۇ بولمايدۇ، ھەر قانداق ياردەممۇ بەرمەيدۇ» دېيىلگەن. شۇڭلاشقا، ئاپاق خوجا سۈرگۈن قىلىنغاندا قولىدا ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى، ھەتتا ئۇ «قۇرئان كەرىم» نىمۇ قەشقەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئوغرىلىقچە ئەكەلدۈرگەن. ئاق تاغلىق خوجىلار قەشقەردىكى بەشكېرەم يېزىسىدىن، قارا ساقال يېزىسىدىن، ياقدۇ يېزىسىدىن ھەمدە ئاۋاتتىكى ئوردىنىڭ يەرلىرىدىن ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنىڭ بارلىق ئىگىلىك ھوقۇقىدىن قۇرۇق قالغان، ئۇلارنىڭ دىنىي جەھەتتىكى ئورنى ۋە ئىمتىيازلىرىمۇ قولدىن كەتكەن. ئاق تاغلىق خوجىلار يەنە بىر قېتىم مۇشۇنداق ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارنىڭ يەكەن خان جەمەتىدىكىلەر بىلەن فېئوداللارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە باغلىغان ئۈمىدى ۋە خام خىياللىرى بەربات بولۇپ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان سىياسىي يۆلەنچۈك ئىزدەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئورنى ۋە ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە سەۋەب بولغان.

ئاپاق خوجا قەشقەردىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى جۇڭغارلار

ئارىسىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن، كېيىن يەنە گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، بۇ جايلاردا بىر قانچە يىل دىن تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇ تەشۋىق قىلغان نەقشىبەندىيە مەزھىپىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردىكى خۇيزۇلار ئارىسىدىكى ئىسلام دىنىي بەيئەتچىلىرىدە چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان ھەمدە ئىچكى جايلاردىكى خۇيزۇلارنىڭ خۇپىيانە سۇلۇكىنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەسى دەپ قارالغان.

سىرتتا سەرسان بولۇپ يۈرگەن ئاپاق خوجا ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، ھەممىلا جايدا ئىبقىپ يۈرۈپ دىن تارقىتىشتىن كۆڭلى خاتىرجەم بولالمىغان. ئۇ ھەر ۋاقىت ئۆزىگە ئىتتىپاقداش ئىزدەپ، كۈچ تەشكىللەپ ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىپ، قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشقا ئۇرۇنغان. مىلادىيە 1678 ـ يىلى ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەشمىر ئارقىلىق شىزاڭنىڭ لىخاساغا بېرىپ، دالاي لاما V بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ، كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئۆتۈنۈشلىرىنى دېگەن. شىزاڭنىڭ بۇددا دىنىي رەھبىرىي بولغان بۇ كىشى ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە رازى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن غالدانغا بىر پارچە تونۇشتۇرۇش مەكتۇپى يېزىپ بەرگەن. مەكتۇپنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق: «خوجا ئاپاق بىر ئۇلۇغ زات. ئۇنىڭ زېمىنى يەكەن بىلەن قەشقەر، ئۇ شۇ ئەلدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ خوجىسى. ئىسمائىلخان ئۇنىڭ دۆلىتىنى تارتىۋالغان، ئۇنى قوغلاپ چىقىرىش كېرەك. سەن بىر بۆلەك قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇنىڭ دۆلىتىنى تارتىۋال ھەمدە ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەر...»①.

ئاپاق خوجا دالاي لامانىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ شىنجاڭغا قايتقان. ئۇ يول ئۈستىدە چىڭخەي، گەنسۇدىن ئۆتكەن، سۇجۇدا

① «خوجىلار تەرجىمىھالى. كىرىش سۆزىگە باھا»، «مىللەت تارىخ ـ تەرجىمە ئەسەرلەر توپلىمى»، 124 ـ بەتتىكى ئىزاھ، 1980 ـ يىلى، 8 ـ سان.

يەنە زاڭزۇ رايونلىرىدىكى بۇددا دىنىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك راھىبلىرىنى زىيارەت قىلغان. بۇ راھىب ئاپاق خوجىنىڭ تەلىپى بويىچە غالدانغا خەت يېزىپ، مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن: «بۆشۈكتۈخان! ئۇلار (ئاپاق خوجىلارنى كۆرسىتىدۇ) خانىمىز (دالاي لاما V ) ئەڭ ئۇلۇغلايدىغان ۋە ھۆرمەتلەيدىغان مېھمانلاردۇر. ئۇلار بىز تەرەپكە كېلىپ، خاننىڭ تەلىپىنى قاندۇردى. ئۇنىڭ ياخشى كۇتۇۋېلىشى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. خانىمىز بىزگە مېنىڭ ئېلىكىمىدىكى جايلاردا ئۇلار قەيەرگە بارماقچى بولسا، شۇ يەرگە بېرىشقا يول قويۇش كېرەك. مۇبادا ئۇلار نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا، بىز ئۇلارغا شۇنى بېرىشىمىز، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشىمىز كېرەك دەپ بۇيرۇپتۇ. شۇڭلاشقا، مەن بۆشۈكتۈخانغا بۇ خەتنى يازدىم، سىزنىڭ بۇ خەتنى كۆرگەندىن كېيىن، كېچىكتۈرمەي 12 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، قەشقەر بىلەن يەكەنگە يۈرۈش قىلىشىڭىزنى، باباخان ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنى جەددى - جەمەتى بىلەن قىرىپ تاشلاپ، بۇ ئېسىل نەسەبلىك مېھماننى قەشقەر بىلەن يەكەننىڭ ئالتۇن تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆز يۇرتىنى تىنچ - خاتىرجەملىك بىلەن باشقۇرۇشىغا ياردەمدە بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن»[①] بۇ خەتتە ئاپاق خوجىنىڭ ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن قىلچە ئويالماي، يات تائىپە بولغان بۇددا دىنىي ئاقسۆڭەكلىرىگە تىز پۈكۈپ خۇشامەت قىلغانلىقىدەك ئەپت - بەشىرىسى نامايان قىلىنغان.

مىلادىيە 1679 - يىلى ئاپاق خوجا ئىلىدىكى جۇڭغارلار ئوردىسىغا بېرىپ غالدان بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ خەتلەرنى سۇنغان ھەمدە ئۆز ئارزۇسىنى بايان قىلىپ، قەشقەر، يەكەندىكى ھەر قايسى جايلاردا ئۆزىگە ئەگەشمىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپلىكىنى،

---

① موللا ياقۇب بىن ئۆمەر روزى قەشقەرى: «تەزكىرەئى ھىدايەت (چاغاتايچە قوليازما)»

پەقەت غالدان قوشۇن چىقىرىپ ياردەم بەرسىلا، بۇ جايلارنى ئاسانلا ئېلىۋالالايدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ دەل غالداننىڭ كۆڭلىدىكى ئىشى ئىدى. غالدان 1678 ـ يىلى ئەسكەر چىقىرىپ قۇمۇل بىلەن تۇرپاننى بېسىۋالغان ھەمدە پايلاقچى ئەۋەتىپ يەكەننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئەھۋال ئىگىلىگەن ۋە ئاغدۇرمىچىلىق قىلدۇرغان. تۇرپان رايونىدىكى باباخاننىڭ ئۈچ ئوغلى ئۆز ئالدىغا بولۇۋېلىپ بىر ـ بىرسى بىلەن تىركەشكەن. غالدان باباخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇرېشىتنى قورچاق خان قىلىپ تىكلىگەن، ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەد مۆمىن جۇڭغارلار قوشۇنىدا خىزمەت ئۆتىگەن. ئۈچىنچى ئوغلى مۇھەممەد ئىمىن تاغقا قېچىپ بېرىۋالغان. غالدان پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، جىددىي تەييارلىق قىلىپ، مىلادىيە 1680 ـ يىلى ھەيۋەت بىلەن يەكەن خانلىقىغا قارشى ئاتلانغان. «خوجىلار تەرجىمىھالى» دا يېزىلىشىچە: «بۆشۈكتۇخان غالدان مەكتۇپنى تولىمۇ ھۆرمەت بىلەن ئېچىپ ئوقۇغان، دالاي لامانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، زور قوشۇن توپلاپ قەشقەرگە ئەۋەتكەن. قەشقەر شەھەر ئاھالىسى ئاپاق خوجىنىڭ موڭغۇل قوشۇنى بىلەن ھەربىي يۈرۈشكە چىققانلىقىنى ئاڭلىغان. ئىسمائىل خاننىڭ ئوغلى باباقسۇلتان قوشۇن باشلاپ جەڭگە چىقىپ بەربات بولغان. موڭغۇللار قوشۇنى زور غەلىبە بىلەن قەشقەر شەھىرىنى ئىگىلىگەن. ئارقىدىنلا يەكەنگە ھۇجۇم قىلغان، ئىسمائىل خان قوشۇنغا ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ جەڭگە چىققان. جەڭدە يەكەن شەھىرىنىڭ ھاكىمى ئەۋاز بەگ ئۆلگەن. شۇنىڭ بىلەن مەغلۇبىيىتىنىڭ مۇقىملىشىپ قالغانلىقىنى، داۋاملىق جەڭ قىلسا ئاۋام پۇقرانىڭ قىرىلىپ كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن خان ئۆز يېقىنلىرىنى باشلاپ شەھەردىن قېچىپ چىققان. ئۇ پۇقرالارغا: بۇ ئىككى ئۇلۇغ ئەۋلاد (قارا تاغلىق خوجا شادىنىڭ نەۋرىسى شۇئەيبۇ خوجا بىلەن دانىيال خوجىنى دېمەكچى) نى

سىلەرگە باش قىلدىم. شەھەرنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىڭلار، پەقەت موڭغۇللار سىلەرنىڭ ئۆز دىنىي ئېتىقادىڭلاردا تۇرۇشۇڭلارغا قوشۇلۇپ، خوجىلارنى سىلەرگە باش قىلىشقا ماقۇل بولغاندىلا، شەھەرنى بېرىپ تەسلىم بولساڭلار بولىدۇ»[①] دېگەن.

ئىسمائىلخان 10 يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ خانلىقنى قايتا گۈللەندۈرۈشكە ئۇرۇندى. تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە: «ئۇ ھەقىقەتنى ياقلاپ، ئەل ئىچىنى شاد ـ باياشاتلىققا چۆمدۈرگەن»[②] كاڭشىنىڭ 12 ـ يىلى (مىلادىيە 1673 ـ يىلى) ئۇ چىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئولپان تاپشۇرۇپ قۇللۇق بىلدۈرگەن[③] ئەمما ئامىتى كەلمەي، كۆچلۈك جۇڭغار قوشۇنى ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ شەھەردىن چىققاندىن كېيىن جۇڭغار قوشۇنى تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغان ۋە ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى بىلەن قوشۇپ ئىلىغا پالانغان. قارا تاغلىقلارنىڭ يولباشچىسى ئابدۇللا خوجا بۇ چاغدا ئاللىقاچان ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەن بولۇپ، مىلادىيە 1685 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. غالدانمۇ يەكەنلىكلەرنىڭ قارا تاغلىق خوجىلار ئەۋلادىنى ئۆزلىرىگە باش قىلىپ بېرىش تەلىپىنى ئورۇنداپ بەرمىگەن. بۇ چاغقا كەلگەندە يەكەن خانلىقى ئەمەلىيەتتە زاۋاللىققا يۈزلەنگەن بولۇپ، ھوقۇق جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغانىدى. ئەمما، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا نەچچە يۈز يىلغا سوزۇلغان فېئوداللىق تۇزۇم ئىزچىل چاغاتاينىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ نامىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئەنئەنىسى بويىچە، غالدان ئۆزى تۇرپاندىن


① لىيۇ جىشاۋ: «ئۇيغۇرلار تارىخى»، 1 ـ كىتاب، 425 ـ بەت.
② بارتولد: «بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى»، 8 ـ جىلد، «تۈركىستانغا ئەلچىلىككە بېرىش دوكلاتى»، موسكۋا، شەرق مەدەنىيىتى نەشرىياتى، 1968 ـ يىل نەشرى.
③ «سەلتەنەتىمىزدىكى ۋاسساللار توغرىسىدا ئومۇمىي مەلۇمات»، 15 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى مۇھىم مەلۇماتلار».

ئېلىپ كەلگەن باباخاننىڭ چوڭ ئابدۇرەشىدنى قورچاق خان قىلىپ تىكلىدى. ئاپاق خوجا ئاق تاغلىقلار ئارىسىدىكى رەھبەرلىك ئورنىنى ئەسلىگەن كەلتۈرۈپ، يەنە جۇڭغارلارنىڭ قەشقەردىكى ۋاكالەتچىسىگە ئايلاندى.

ئاپاق خوجا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە ھەدەپ خۇشامەت قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئاق تاغلىقلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئابدۇرەشىدخاننى سىقىپ چىقاردى. مىلادىيە 1682 ـ يىلى ئابدۇرەشىدخان ئىچكى ماجىرا ۋە توپىلاڭ ئىچىدە يەكەندىن قېچىپ چىقتى. غالدان ئۇنىڭ ۋەزىيەتنى كونترول قىلغۇدەك ماجالى قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىلىغا ئالداپ ئاپىرىپ قاماپ قويدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاپاق خوجىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت شەھەر (قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ) نىڭ نائىبى قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا يەنە ئىسلام دىنىي خوجىلار جەمەتى قۇرغان سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشكەن فېئودال ھاكىمىيەت بارلىققا كەلدى.

يەكەن خانلىقى ئىلگىرى ـ كېيىن 166 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، 11 خان ئالماشتى؛ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئويرات موڭغۇللىرى ھەمدە ئۆزبېك، تاجىك قاتارلىق نۇرغۇن مىللەتلەر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلدى، سىياسىي ھوقۇق بىلەن دىنىي ھوقۇق ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئوخشاشمىغان مەزھەپلەرنىڭ كەسكىن كۈرەشلىرىگىمۇ ئارىلاشتى. بۇ جەرياندىكى گۈللىنىش ۋە خارابىلىشىشلار، تارىخىي ئۆزگىرىشلەر، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى تارىخىدىكى ئەڭ تەسىرلىك، ئەڭ رەڭدار بىر سەھىپىسى بولۇپ قالدى.

# يەكەن خانلىقىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ شەجەرىسى



# تۆتىنچى باب يەكەن خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە دىنىي ئەھۋالى

## 1. ئىقتىسادىي تۈزۈمى

يەكەن خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى، ئاساسەن قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئاللىقاچان شەكىللەنگەن ئىسلام تۈسىنى ئالغان فېئوداللىق ئىقتىسادىي تۈزۈم بويىچە داۋام قىلدى. بىراق ئازراق تەرەققىيات ئۆزگىرىشىمۇ بولغان بولۇپ، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى يەر تۈزۈمى ئىدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە كەڭ ئومۇملاشقىنى ئىسلام دىنىنىڭ «ئىكتا» فېئوداللىق يەر تۈزۈمى بولۇپ، مىلادىيە XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، تەدرىجىي تۈردە ئوتتۇرا ئاسىيادا «سۇيۇرغال» لىق يەر تۈزۈمىگە ئۆزگەرگەنىدى.① بۇ خىل تۈزۈم ھەربىي ئىشلار سۇيۇرغاللىق خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنىڭ مەنپەئەتىگە تولىمۇ ماس كېلەتتى. بۇ خىل تۈزۈم بويىچە، يەرنىڭ ئەڭ ئالىي ئىگىسى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسى پادىشاھ ئىدى. پادىشاھنىڭ دۆلەتنىڭ يېرىنى ئوخشاش بولمىغان نىسبەتتە سۇلتان، ئەمىر، تۆھپىكار ئەمەلدارلار ۋە دىنىي ئەربابلارغا

① غاپۇروف: «ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىك تارىخى»، (شياۋ جىشىڭ تەرجىمىسى)، 282 ـ بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى.

تەقسىم قىلىپ بېرىش ھوقۇقى بولاتتى. بۇنىڭغا ئېرىشكۈچىلەر شۇنىڭغا ماس كەلگۈدەك ھوقۇقتىنمۇ بەھرىمەن بولاتتى. ئۆزلىرىنىڭ سويۇرغاللىرىدىكى باج، ھاشارنى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلاتتى. ھەتتا ئۆز سۇيۇرغاللىقى تەۋەسىدىكى ئەمەلدارلارنى ئىشقا تەيىنلىيەلەيتتى ۋە ئىشتىن بوشىتىۋېتەلەيتتى. بىراق، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە چوقۇم مەلۇم مىقداردا باج - سېلىق تاپشۇراتتى. ھەر ۋاقىت مۇۋاپىق ئەسكەر بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى. بۇ خىل تۈزۈم يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدىلا ئومۇملىشىپ قالماي، بەلكى چارۋىچىلىق رايونلىرىغىمۇ كېڭەيتىلگەن بولۇپ، سۇيۇرغاللىق يەر ئاللىقاچان مىراس يېرىگە ئايلىنىپ قالغانىدى، يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بۇ خىل تۈزۈمنى ئومۇملاشتۇرۇشى ئاساسلىقى موغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنى تىزگىنلەپ، خانىنىڭ ئورنىنى كۈچەيتىش ئىدى. موغۇل قەبىلىلىرى چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىكى ئاساسىي تۈۋرۈك ئىدى. سەئىدخان ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، ئابابەكرى گورۇھىنىڭ يېرى ۋە يېڭى بويسۇندۇرۇلغان جايلارنى موغۇل ئاقسۆڭەكلىرىگە تەقسىملەپ بەردى. تەقسىملەش ئاساسلىقى موغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ۋە يەكەن خانلىقىنى قۇرۇش جەريانىدا كۆرسەتكەن تۆھپىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن بولدى. مەسىلەن، ئەينى ۋاقىتتىكى دوغلات ئەمىرىنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرى قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلار ئىدى. چوراس ئەمىرىگە ئاقسۇ، ئۇچتۇرپاننى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن. بۇ خىل تەقسىمات دائىم خانىنىڭ ئالمىشىشى ۋە سىياسىي ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن يېڭىباشتىن تەڭشىلەتتى. مەسىلەن، ئابدۇرەشىدخان ئەڭ مۇھىم قەبىلە بولغان دوغلات قەبىلىسىنىڭ يەر، مال - مۈلۈكلىرىنى تولۇق مۇسادىرە قىلىپ، يېڭىباشتىن

تەقسىم قىلىنغان.

يەكەن خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، خاننىڭ ھوقۇقى ئاجىزلىشىپ بۇ خىل تۈزۈمنى كونترول قىلىشقا كۈچى يەتمەي قالغانىدى. سۇيۇرغاللىق يەرگە ئىگە بولغان ئاقسۆڭەكلەر ئېرىشكەن يېرىگە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىپ، مەركىزىي ھاكىمىيەت بىلەن قارشىلىشاتتى. فېئودال يەر ئىگىلىرىمۇ دائىم دۈشمەنلىشىش ھالىتىدە تۇراتتى، ھەتتا خوجا كۈچلىرى بىلەن بىرلىشىۋالاتتى. بۇ دۆلەت ئىچىدىكى جېدەل ـ ماجىرا ۋە بۆلۈنۈشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتكەن تۈپكى سەۋەب ئىدى.

يەر ئىنئام قىلىش تۈزۈمى يەكەن خانلىقىنىڭ بىر مۇھىم يەر تۈزۈمى ئىدى. بۇ سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنىڭ بىر خىل تولۇقلىمىسى ئىدى. ئوخشاشمايدىغىنى، ئۇ خان نامىدىن بىۋاسىتە ۋەزىر ـ ۋۇزىرالارنىڭ ھاكىمىيەتكە بولغان ساداقىتىگە قايتۇرۇلغان بىر تۇرلۇك ئىلتىپات سۈپىتىدە سوۋغا قىلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنئامغا ئېرىشكۈچىگە مەنسەپ بېرىلەتتى. مۇكاپاتلانغۇچىلار ئاساسلىقى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرى، ھەتتا شائىر، مۇزىكانتلار بولاتتى. مەسىلەن، ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدىكى ۋەزىر ئۇبەيدۇللانىڭ ھاكىمىيەتنى ئىدارە قىلىشتا تۆھپىسى بولغانلىقتىن، خان تەرىپىدىن توققۇز ئۆستەڭلىك يەر ئىنئام قىلىنغان. داڭلىق شائىر ئايازبېك شېكەستە ئىككى پارچە شېئىر يېزىپ ئابدۇرەشىدخاننى مەدھىيىلىگەنلىكتىن 60 دېھقان ئائىلىسى ۋە بىر ئۆستەڭلىك يەر ئىنئام قىلىنغان①. بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئىنئام قىلىنغان يەرنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى دۆلەتكە تەۋە بولۇپ، ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولمايتتى. بۇ خىل يەرگە ئېرىشكۈچىلەرنىڭ پەقەت يەر تېرىغۇچىدىن ئىجارە

① شاھ مەھمۇد چۇراس: «تاۋارىخ»، (چاغاتايچە قولىيازما نۇسخىسى).

ھەققى ۋە ئۆرۈق يىغىۋېلىش ھوقۇقى بولاتتى. خان ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىگە ئاساسەن خالىغان ۋاقىتتا بۇ يەرلەرنى قايتۇرۇۋالاتتى ياكى قايتىدىن ئىنئام قىلاتتى.

پومېشچىكلار ئىگىلىۋالغان خۇسۇسىي يەر ۋە دېھقانلار ئىگىدارچىلىقىدىكى خۇسۇسىي يەرلەر يەكەن خانلىقىنىڭ ئاساسلىق فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىك تۈزۈملىرىنىڭ بىرى ئىدى. پومېشچىكلارنىڭ يېرى كۆپ بولۇپ، دېھقانلار ئازلا يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلاتتى، يەكەن خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىمۇ كۆپەيگەنىدى. خانلىق دېھقانلارنى سۇ مەنبەسى بار جايلاردا بوز يەر ئېچىشقا ئىلھاملاندۇراتتى. ئاقسۇ نۇقتىلىق بوز يەر ئېچىش ۋە كۆچمەنلەر رايونى ئىدى. يەكەن خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە كەلگەندە، ئاقسۇ ياۋا ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن، ياۋايى ھايۋانلار گاھ كېلىپ، گاھ كېتىپ تۇرىدىغان جايدىن نوپۇسى زىچ، ئېرىق - ئۆستەڭلىرى تۇتاش كەتكەن يېزا ئىگىلىك رايونىغا ئايلانغان. فېئوداللار ۋە يېقىندىن گۈللەنگەن پومېشچىكلارنىڭ يەرگە بولغان ئېھتىياجى يەرلەرنىڭ قوشۇۋېلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلاردا زور كۆلەمدىكى تېرىلغۇ يەر ۋە باغلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ قورۇقلار بارلىققا كېلىپ، نۇرغۇنلىغان دېھقانلار قورۇق ئىگىلىرىنىڭ يانچىلىرىغا ئايلانغانىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىر نەچچە خىل ئاساسلىق فېئوداللىق يەر مۇناسىۋىتىدىن باشقا، يەنە ئوردا ئىگىدارچىلىقىدىكى جەمەت يېرى (ئوتتۇرا ئاسىيادا «يانچىلار يېرى» دەپ ئاتالغان) مۇ بار ئىدى. بۇ خىل يەرلەر خان جەمەتىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى ھېسابلىنىپ، پەقەت جەمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەقسىملەش ئېلىپ بېرىلاتتى ياكى ۋارىسلىق قىلىناتتى. يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ

جامائەت يېرى دەپ ئاتالغان بۇنداق يەرلەر يەكەن، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىگە تارقىلىپلا قالماستىن، بەلكى شۇ يەردىكى ئەڭ ياخشى يەرلەر ھېسابلىناتتى.

يەنە بىر خىلى دىنىي ۋەخپە يەر بولۇپ، ئىسلام شەرىئىتى بويىچە دىنىي مۇرىتلار مەسچىتكە، مەدرىسكە ۋە مازارغا ئىئانە قىلغان يەرلەر ئىدى. يەكەن خانلىقىدا ۋەخپە يەرلەرنىڭ ئاز قىسمى ۋەخپە خاراكتېرىنى ئالغان دىنىي مۈلۈك ۋە دىنىي خەير - ئېھسانلارغا ئىشلىتىش مەقسىتىنى ساقلاپ قالغاندىن باشقا، كۆپ قىسىم ۋەخپە يەرلەرنى ھۆكۈمرانلار ئىسلام مۆتىۋەرلىرىگە ھەقسىز ئىئانە قىلىۋەتكەنىدى. گەرچە ئاتاقتا مەسچىت، مەدرىسە ياكى مازارلارغا ئىئانە قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كونكرېت دىنىي گۇرۇھلارنىڭ رەھبەرلىرى، خوجىلار، شەيخلەرگە قارىتىلغانىدى. ۋەخپەنىڭ خاراكتېرى ئاللىقاچان بىدئەت ھۆكۈمرانلارنىڭ دىنىي كۈچلەرنى ئۆزىگە تارتىشتىكى بىرخىل ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى بولۇپ قالغان.

يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىرى يولغا قويغان يەر تۈزۈمى تەرەققىي قىلىپ كېيىنكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئەڭ زور پايدىنى ئېرىشكۈچىلەر شۈبھىسىزكى خوجىلار بولدى. خاننىڭ «مەردلىك بىلەن ئىئانە قىلىشى» ۋە ۋەخپە يەر كۆلىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز زورىيىشى بىلەن، زور مىقداردىكى يەر ۋە بايلىق ئۇلارنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەنىدى. خاتىرىلىنىشىچە، ئەرشىدىن خوجىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ كۇچا، ئاقسۇ، تۇرپان ئەتراپىدا زور كۆلەمدىكى ۋەخپە يەرلىرى بولۇپلا قالماستىن، يەنە كارخانا، دۇكان، مېۋىلىك باغلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەپچىللىك بىلەن ئالاھىدە نوپۇزغا ئېرىشىپ، دۆلەتمەن چوڭ فېئوداللاردىن بولۇپ قالغان. شەيخ مۇھەممەد شېرىپنىڭ ئاتۇش، قاغىلىق

قاتارلىق جايلاردا خان ئىئانە قىلغان يەرلىرى بار ئىدى[①].
كېيىنكى قارا تاغلىقلار، ئاق تاغلىقلارنىڭ خوجىلىرىمۇ زور كۆلەمدىكى يەرلەرنىڭ ئىگىسى ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي هۆكۈمرانلار دۆلەتنىڭ كان مەھسۇلاتلىرى مەنبەسى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ھوقۇقىنى خوجىلارغا بەرگەچكە، ئۇلار بۇنىڭدىن ناھايىتى زور پايدىغا ئېرىشكەن. بىر ئالىم مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ ئاخىر، خوجىلار دۆلەتتە تەدرىجىي ھالدا بىر مۇھىم سىياسىي كۈچ بولۇپ شەكىللەندى. مەيلى ھەربىي كۆچمەن چارۋىچى ئاقسۆڭەكلەر ياكى يەرلىك فېئوداللار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇلارغا تىكىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇلار خان ياكى يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتى، ھەتتا دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا زور تەسىر پەيدا قىلغانىدى. خوجىلارنىڭ ناھايىتى كۆپ مۇرىتى بولۇپ، ئەگەشكۈچىلەر ۋە مۇرىتلار (خان، خاننىڭ تۇغقانلىرى ۋە چوڭ فېئوداللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دۆلەتتىكى ئاساسلىق تېرىقچىلىق رايونلىرىدىكى زور كۆلەمدىكى يەر (قەشقەر ئەتراپىدىكى پەيزىۋات يېزىسى، ئاقسۇ، خوتەن بوستانلىقىدىكى كەنتلەر) نى ئىگىلىۋالغانىدى. شۇنداقلا قاشتېشى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنى قۇرۇش، يېڭى مۇرىتلارنىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلىش، يۇقىرى پايدا ئېلىپ سودا قىلىش ۋە دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئارقىلىق زور مىقداردا بايلىق توپلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاللىقاچان دىنىي ئاقسۆڭەكلەردىن يۇقىرى قاتلام فېئوداللارغا ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى»[②].

بۇ ۋاقىتتىكى باج تۈزۈمى ئىسلام دىنىي شەرىئىتى بويىچە بولۇپ، دۆلەت دېھقانلاردىن يىغقان ئۆشرە ھۆكۈمەت كىرىمىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ئىدى. ئوردا يېرى ۋە سۇيۇرغاللىق يەردە

① «مۇھەممەد شېرىپ خوجا تەرجىمىھالى»، (چاغاتايچە قولىيازمىسى نۇسخىسى).
② مەھمۇد چۇراس: «تاۋارىخ»، (ئاكىمۇشكىن رۇسچە تەرجىمىسى)، «تەتقىقات يېتەكچىسى»، 31 — 34 ـ بەت، موسكۋا، 1976 ـ يىل نەشرى.

تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلار، پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيدىغان ئىجارىكەشلەر ئوندىن ئىككى ئۈلۈشتىن، ئوندىن بەش ئۈلۈشكىچە ھەتتا، تېخىمۇ يۇقىرى نىسبەتتە ئۆزىنىڭ ھوسۇلىنى تاپشۇراتتى. ۋەخپە يەر ۋە ئىنئام قىلىنغان يەرلەردىن دۆلەت باجنى كەچۈرۈم قىلاتتى. بۇ خىل يەرلەرنى دائىم ئىجارە شەكلى بىلەن دېھقانلار ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيتتى. ئىجارىگە ئالغۇچى، بەرگۈچى ئىككى تەرەپ يەرنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن ھوسۇلنى تەقسىم قىلىشىشىمۇ، ئەمەلىيەتتە دېھقانلار ئېرىشىدىغان ھوسۇل يەنىلا ئاز بولاتتى. دېھقانلار يەنە قوشۇمچە باج ـ سېلىقلارنى ئۈستىگە ئالاتتى. مەسىلەن، ئۆشرە زاكات، جان بېجى، سۇ بېجى، مەمۇرىي باشقۇرۇش بېجى، مېۋىلىك باغ بېجى، كۆچمەن مال ـ مۈلۈك بېجى، قورۇلۇش بېجى ۋە ئالاھىدە باج ھەمدە نۇرغۇن قوشۇمچە باج بولۇپ نامى نۇرغۇن ئىدى. باج تاپشۇرغاندا پۇل بەرسىمۇ، نەرسە بەرسىمۇ (ئاشلىق قاتارلىقلارنى) بولۇۋېرەتتى.

يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىرى يېزا ئىگىلىكىگە ئەھمىيەت بەرگەن. دۆلەت قۇرۇلۇپ دەسلەپتە ھۆكۈمرانلار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق تەدبىرلەرنى قوللانغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى تىنچ بولۇپ، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىكە ئۇچرىمىغانلىقتىن، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىدا تېز راۋاجلىنىش بارلىققا كەلگەن. يەكەن، قەشقەر، خوتەن، تۇرپان، كۇچا قاتارلىق جايلار ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك رايونى ۋە ئاشلىق ـ پاختا رايونى بولۇپ، تاغدىن كەلگەن قار سۈيى بىلەن سۇغىرىلاتتى. چەكسىز چۆللۈكتە ئاھالىلەر «ئۆستەڭ قېزىپ سۇ باشلاشقا ئۇستا بولۇپ، تېرىقچىلىقتىن يۇقىرى ھوسۇل ئالاتتى»[①]. خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيە XVII ئەسىردە جوڭغارلار

① چۈن يۈەن: «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە»، 2 ـ جىلد.

جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىگىلىۋالغاندا، چوڭ ـ كىچىك يېزا ـ بازار جەمئىي نەچچە ئون، كەنتلەر 1000 دىن ئارتۇق ئىكەن①. بۇنىڭ ئىچىدە يەكەندىكى يېزا ـ بازار 35، قەشقەردىكى يېزا ـ بازار 16، خوتەندە چوڭراق يېزا ـ بازار ئالتە بولۇپ، ھەربىر چوڭ بازار بىر قانچە كىچىك بازاردىن تەركىب تاپقان، يېڭىساردا توققۇز، ئۇچتۇرپاندا 11، بايدا 22، سايرامدا 20 دىن كۆپرەك، شاياردا 34 بازار بار ئىدى. كۇچانىڭ كەنتلىرى تۇتاش كەتكەن، نوپۇسى زىچ بولۇپ، يېزا ـ بازارلىرى 84 ئىدى. بۇ يېزا نوپۇسىنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى تەرەققىياتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ھەرقايسى جايلارنىڭ ئاشلىق زىرائەتلىرى ۋە مېۋە ـ چېۋىلىرى بەكمۇ ئوخشايتتى. يەكەندىن بۇغداي، پاختا، شال، قوناق، تېرىق، مېۋە ـ چېۋىلەر چىقاتتى. قەشقەرنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت بولۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە مېۋىلەردىن مول ھوسۇل ئېلىناتتى. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىدىن ئانار، بېھى، ئامۇت، ئالما، قۇرۇق ئۈزۈملەر بولۇپ, ئۇلارنىڭ سۈپىتى يۇقىرى ئىدى. يېڭىساردىن شال، بۇغداي، كەندىر، پۇرچاق، مېۋىلەر چىقاتتى. خوتەننىڭ تۇپرىقى تەكشى، نوپۇسى كۆپ بولۇپ، ئاشلىق زىرائەتلىرى، مېۋە ـ چېۋىلىرى يېتەرلىك ئىدى. ئۇچتۇرپان دېھقانلىرى دېھقانچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. شاياردا شال بەك ئوخشايتتى. قوغۇن ـ تاۋۇزى ئېسىل بولۇپ، مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. كورلىدىن شال، بۇغداي چىقاتتى. چىغ قوشۇمچە كەسىپتە ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، نامى يىراق ـ يېقىنغا مەشھۇر ئىدى. قارا شەھەرنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت بولۇپ، تۇز ۋە قۇمۇش ئىشلەپچىقىرىشتا داڭلىق ئىدى. كۇچا ئاھالىلىرىمۇ تېرىقچىلىققا ماھىر بولۇپ، مەھسۇلاتلىرى مول ئىدى. تۇرپاندىن بۇغداي ـ قوناق، زىغىر، پاختا، قوغۇن ـ تاۋۇز، ئۈزۈم قاتارلىقلار

---

① ۋېي يۈەن: «زەپەرنامە»، 4 ـ جىلد.

چىقىدىغان بولۇپ، تۈرلىرى كۆپ، سۈپىتى ياخشى ئىدى. قۇمۇلدىن بۇغداي – قوناق، قوغۇن، تېرىق، ئۈزۈم قاتارلىقلار چىقاتتى.

يەكەن خانلىقىدا يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى جەھەتتە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى، ئاقسۇ رايونىنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر. ئاقسۇ رايونى بۇ مەزگىلدە تەرەققىي قىلىپ زور بىر يېزا ئىگىلىك رايونى بولۇپ قالغان. مىلادىيە XV ئەسىردە ئاقسۇ ئاساسلىقى يەنىلا بىر چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق رايونى ئىدى. مۇھەممەد ھەيدەر مۇنداق دەيدۇ: «ئەينى ۋاقىتتىكى ئاقسۇنى موغۇلىستان يايلىقىغا سىڭىشتۇرغاندا، بىر شەھەر – بازارغا ئوخشىشىدۇ. يۇنۇسخان بارگاھىنى مۇشۇ جايغا يۆتكەپ كېلىپ، شەھەر تۇرمۇشى كەچۈرۈشنى ئويلىغان①. كېيىن ئاقسۇنىڭ قاتناش ئورنىنىڭ مۇھىملىقى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ شارائىتىغا ماسلىشىشى بىلەن بۇ رايون تەرەققىي قىلدى، نوپۇسمۇ كۆپەيدى. بىراق ئابابەكرى دەۋرىدە ئاقسۇ يەنىلا قاقاسلىق ئىدى. «تارىخى ھەممدى» نىڭ مۇئەللىپى مۇنداق دەيدۇ: «ئاقسۇ خەلقى ئەھمەدخاننى ھىمايە قىلغانلىقتىن ئابابەكرى بۇ شەھەرلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، ئاھالىلەرنى ئالتە شەھەرگە تارقىتىۋەتكەن. نەتىجىدە شۇنىڭدىن كېيىنكى 16 يىلدا ئاقسۇ ياۋا ئوت – چۆپ قويۇق ئۆسكەن، ياۋايى ھايۋانلار ماكانىغا ئايلىنىپ قالغان②. يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھۆكۈمرانلار ئاقسۇ رايونىدىكى كۆچمەن خەلقنى بوز يەر ئېچىش، سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكتىن، بۇ يەر گۈللىنىپ يەكەن خانلىقىنىڭ بىر مۇھىم ئاشلىق بازىسى بولۇپ قالغان. بۇ ۋاقىتتا ئاقسۇدا چوڭ – كىچىك كەنتلەردىن 20 دىن كۆپرەك بولۇپ، نوپۇسى 10 مىڭ ئىدى. «تۆپرىقى كەڭ ۋە

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدى»، 1 – قىسىم، 289 – بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 – يىل نەشرى.
② موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەممدى».

مۇنبەت بولۇپ كۈنجۈت، بۇغداي ـ قوناق، تېرىق، پاختا، كەڭ دالانى بىر ئالاتتى. ياڭاق، ئۆرۈك، ئۈجمە، نەشپۈت، ئانار، ئۈزۈم، ئالما قاتارلىق مېۋىلەر مول بولۇپ، باغلار زىچ، ھەممىلا ئادەم بەختىيار ئىدى. كالا ـ قوي، تۆگە، ئات توپ ـ توپ يۈرەتتى»①.

يېزا ئىگىلىكىدە تۆمۈردىن ياسالغان ۋە ياغاچتىن ياسالغان يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى ئىشلىتىلەتتى. بىرقەدەر كەڭرەك ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن: بوقۇسا، گۈرجەك، كەتمەن، ئورغاق، ئارا قاتارلىقلار بار ئىدى. تېرىقچىلىق ئىشلىرى بىر قەدەر يىرىك ئېلىپ بېرىلاتتى، بۇقۇسغا ئىككى كالا قېتىلاتتى، سۇ باشلاپ سۇغىرىلاتتى، ياۋا ئوت ـ چۆپلەر ئوتالمايتتى.

بۇ دەۋردە قول ھۆنەرۋەنچىلىك بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەر سەنئەت سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. تۆمۈر، مىس قاتارلىق مېتاللاردىن ياسالغان بۇيۇملار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، بىناكارلىق، قورال ـ ياراغ ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىدا كەڭ ئىشلىتىلگەن. يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىدىن باشقا، پالتا، بولقا، ھەرە، ئۈشكە، سەندەل، رەندە، گۈرجەك، پىچاق قاتارلىقلار بار ئىدى. ھەربىي قوراللاردىن قىلىچ، ئۈزۈن ـ قىسقا شەمشەر، نەيزە، ئايپالتا، ساۋۇت، ئوقيا قاتارلىقلار بار ئىدى. تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن مىس چەينەك، داس، دۇۋەت، ئىستاكان، قاچا، قازان ۋە تۆمۈر مىخ، تاقا، تۆمۈر، تۆمۈر ئوق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىشلەپ چىقىرىلاتتى.

ھەرقايسى جايلارنىڭ توقۇمىچىلىق ئىشلىرىمۇ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، يىپەك، ماتا، گۈللۈك رەخت (چىت) ئىشلەپ چىقىرىلاتتى. خوتەندە بىر خىل سىپتا ھەم پارقىراق تاۋار ئىشلەپ چىقىرىلاتتى. قەشقەر تاۋار ـ دۇردۇن، چىرىيە يىپەك

---

① چۇن يۈەن: «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە»، 23 ـ جىلد.

توقۇلما رەخت، كۆپچا دارايى ئىشلەپچىقىرىشتا داڭلىق ئىدى. قول بىلەن توقۇلغان رەخت «بوز - خام» دەپ ئاتىلىپ، بىرىنچى دەرىجىلىكى «چەكمەن»، ئىككىنچى دەرىجىلىكى «تولىما»، ئۈچىنچى دەرىجىلىكى «ماتا»، تۆتىنچى دەرىجىلىكى «بوز، خام» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ خىل رەختلەر بازاردا پۇل ئورنىدا ئوبروت قىلىناتتى ھەم نۇرغۇن تاۋارلار بىلەن ئالماشتۇرۇلاتتى.

تېرە - يۇڭ بۇيۇملاردىن قۇلاقچا (سۆسەر ياكى بۇلغۇن تېرىلىرىدىن ئىشلەنگەن)، جۇۋا، ئۆتۈك، يوتقان، تەڭلىمات (كىگىز)، قارا كىگىز، تام گىلىمى، يەر گىلىمى، كىگىز قالپاق، شالۋۇر قاتارلىقلار بار ئىدى. ئاقسۇلۇق ئۇستىلار كىيىك تېرىسىدىن ئىشلىگەن ئىگەر - توقۇم شۇ جايىنىڭ قىممەتلىك مەھسۇلاتى ئىدى. خوتەن گىلىمىنىڭ يىراق - يېقىنغا نامى مەشھۇر ئىدى.

كانچىلىق، مېتاللورگىيە مەھسۇلاتلىرىدىن سېرىق ئالتۇن، ئاق ئالتۇن، قىزىل مىس، سېرىق مىس، قوغۇشۇن، تۆمۈر، كۈمۈش، نۆشۈدۈر، گۈڭگۈرت، سېلىتىرا، ئالماس قاتارلىقلار بار ئىدى. ئىشچىلار خام تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىنى پىششىق بىلەتتى، لېكىن پىششىق تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىنى ئىگىلىمىگەنىدى، قاشتېشى قېزىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش يەنىلا دۆلەتنىكى ئاساسلىق سانائەت بولۇپ، بۇ كەسىپنى خان شەخسەن تىزگىنلەپ تۇراتتى. يۈەنزاڭ مۇنداق دەيدۇ: «قاشتېشى قېزىش ھوقۇقىنى پادىشاھ سودىگەرلەرگە سېتىۋەتكەن بولۇپ، باھاسىمۇ قىممەت ئىدى. ئىجارە ۋاقتىدا، سودىگەرلەردىن باشقا كىشىلەرنىڭ قېزىشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى». ① خوتەن، قەشقەر ئاساسلىق قاشتېشى پىششىقلاپ ئىشلەش بازىسى بولۇپ، ئۇستىلار قاتتىق ئۈشكىلەر بىلەن قاشتېشىنى پارچىلاپ،

---

① فىڭ جياشىڭ تۈزگەن «قىسقىچە ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرى»، 2 - قىسىم، 254 - بەت، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى.

ھەرخىل ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيتتى. چىنىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىرەيلەن تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار تولىمۇ چېۋەر، ئويمىچىلىقتا ماھىر ئىدى» [1] قاشتېشى بۇيۇملىرىدىن باشقا، ياغاچ، سۆڭەكتىن ياسالغان بۇيۇملارنىڭ نەقىشلىرىمۇ ئىنتايىن نەپىس ـ چىرايلىق ئىدى.» [2] ئىدى. ئوردىدىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىمۇ دائىم بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلەتتى. «تارىخى رەشىدى» دە خاتىرىلىنىشىچە، سەئىدخان «سۆڭەك ئويمىچىلىق سەنئىتى» گە پىششىق، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىكەن. ئابدۇرەشىدخاننىڭ «بارلىق گۈزەل ـ سەنئەت ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە ئالاھىدە ئىقتىدارى بار ئىكەن»، ئۇنىڭ قەغەز قىيمىلىرى راستەك تۇيغۇ بېرىدىكەن. ئۇنىڭ چېۋەرلىكى پېشقەدەملەرنى ھەيران قالدۇرغان[3]. بۇنىڭدىن قول سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ شەھەر ۋە يېزىلاردا كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى، ھۈنەر ـ سەنئەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قەغەزچىلىك سانائىتى مۇشۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى بىلەن ماس تەرەققىي قىلغان. قەغەز ئادەتتە ئۈژمىنىڭ يۇمران نوتىسىدىن بوتقا ياسىلىپ ئىشلەپچىقىرىلاتتى. رەڭگى سۈس يېشىل، پارقىراق ئىدى. قەلەمدىن موي قەلەم، قومۇش قەلەم بار ئىدى. سىياھ مىس دۇۋەتكە قۇيۇلۇپ، قەلەم بىلەن خەت يېزىشقا ماسلاشتۇرۇلغانىدى. سىياھ قازاننىڭ كۈيىسىگە مايىنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلاتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ دەۋرنىڭ قول بىلەن مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى ياساش، سىر ياساش ۋە ھاراق ئېچىتىش قاتارلىق سانائەتلىرىمۇ مۇئەييەن سەۋىيىگە يەتكەنىدى.

---

① چى يۈنشى: «غەربىي چېگرا ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات»، 43 ـ جىلد.
② چۈن يۈەن: «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە»، 2 ـ جىلد.
③ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدى»، 1 ـ قىسىم، 373 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.

يەكەن خانلىقىدا سودا پائالىيىتى ئىنتايىن جانلانغان. دۆلەت ئىچىدىكى سودا بازاردا ئالماشتۇرۇشنى ئاساس قىلاتتى. بازارلار شەھەر، يېزىلاردا بار ئىدى. يېزىلاردا ھەر يەتتە كۈندە بىر بازار بولاتتى. شەھەرلەردە چوڭ ـ كىچىك بازارلار بار ئىدى. ھەر قېتىمقى بازاردا كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، چەرچىنماللار ئوخشاشلا بازاردا ئالماشتۇرۇلاتتى. يەكەن پەقەت سىياسىي، مەدەنىيەت مەركىزىلا بولۇپ قالماستىن، خانلىقنىڭ ئەڭ چوڭ سودا بازىرى ئىدى. شەھەردە 10 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى سودا كوچىسى بولۇپ، «قاتار كەتكەن رەستىلەردە تۈرلۈك ماللارنى ئالماشتۇراتتى»، «ھەرخىل گۆھەر ـ مەرۋايىتلار بار بولۇپ، ئات ـ ئۇلاغ ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرنى تىلغا ئېلىش ھاجەتسىز ئىدى» قەشقەر، ئاقسۇدىن تارتىپ قۇمۇلغىچە جايلارنىڭ سودا مەركەزلىرى ئىدى.[1] ئاقسۇ مۇھىم ئۆتكەل بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى «ئەڭ ئاۋات جاي ئىدى». كوچىلىرى زىچ، چايخانا، قاۋاقخانا، سارايلار گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. بازارنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەش چاقىرىم بولۇپ، جەنۇبىي يولدىكى مۇسۇلمانلار شەھىرىدىن تۆت شەھەرنىڭ كىشىلىرى مۇشۇ يەرگە كېلەتتى[2]. ھەر قېتىم بازار بولغاندا، «ئادەملەر قىم ـ قىم، ماللار مول ئىدى» يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق شەھەرلەر يەنىلا تاشقى سودا قىلىدىغان مەركىزىي بازار ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەنجان، سەمەرقەند، كابۇل ۋە ھىندىستان، كەشمىر، ئىران ۋە قىرغىز سودىگەرلىرى يەكەنگە كېلىپ سودا قىلاتتى. بولۇپمۇ ئەنجان، مەرغىلان، كەشمىر ۋە قىرغىز، قازاق سودىگەرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى. ھەرقايسى جايلارنىڭ سودا ئۆمەكلىرىگە پادىشاھ ئۆزى كارۋان بېشى تەيىنلەپ بېرەتتى. «نۇرغۇن يامبۇ

① ③چۇن يۈەن: «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە»، 2 ـ جىلد.
② خې نىڭ: «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، 9 ـ جىلد.

تۆلەپ، بۇ ئەمەلگە ئېرىشكىلى بولاتتى. پادىشاھ ھەممە ھوقۇقنى كارۋان بېشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان بولۇپ، ئۇلار سەپەر ئۈستىدە سودىگەرلەرنى باشقۇراتتى»①. ئالماشتۇرۇشتا چارۋا ـ ماللار، يۇڭ تېرە، رەخت، گۆھەرلەر كۆپرەك ئىدى. ھۆكۈمەت سودىگەرلەردىن باج ئالغاندا 1/20 نى ئالاتتى. قەشقەرلىك سودىگەرلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا شۆھرەت قازانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەدەم ئىزى ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان قەدىمىي ئەرەب يېرىم ئارىلىغا يەتكەنىدى. بۇ ۋاقىتتا، موڭغۇلىيە، شىزاڭ بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىمۇ ناھايىتى گۈللەنگەنىدى. تۇرپان، قۇمۇلنىڭ ئىچكىرى رايونلار بىلەن ئەنئەنىۋى سودا مۇناسىۋىتى ۋە ئولپان تاپشۇرۇش مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئوردا ئىنئاملىرى ۋە تاۋارلار مۇشۇ يەردە تاپشۇرۇلۇپ يەتكۈزۈلەتتى. شۇڭا، بۇ جاي «سودىگەرلەر توپلانغان، تۈرلۈك ماللار تەييار، مۇھىم ئۇچرىشىدىغان نۇقتا ئىدى»②.

يەكەن خانلىقىدا ئىشلىتىلىدىغان يارماق قىزىل مىسنى ئېرىتىپ ياسالغان بولۇپ كىچىك، ئەمما قېلىن، ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكى يوق، ئۇچلۇقراق ئىللىپىس شەكلىدە ئىدى. يارماقنىڭ بىر يۈزىگە شۇ ۋاقىتتىكى يەكەن خانىنىڭ ئىسمى چۈشۈرۈلگەن، يەنە بىر يۈزىدە ئەرەبچە يېزىق بار ئىدى. بىر يارماق «بىر پۇل» دەپ ئاتىلاتتى. 50 پۇل بىر «تەڭگە» دەپ ئاتىلاتتى. بىر پۇل تەخمىنەن ئىچكىرى جايلارنىڭ بىر فۇڭ كۈمۈشىگە تەڭ ئىدى. ئۆلچەم بىرلىكلىرىدىن (تارازا) «چارەك»، «گەز» بار ئىدى. ھېسابلاش بىرلىكلىرىدىن «پاتمان» (چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆلچىمىگە سۇندۇرغاندا بەش دادەن، ئۈچ خوغا تەڭ) «چارەك» (64 چارەك بىر پاتمان) بولۇپ، بۇ خىل بىرلىكلەر يەر كۆلىمىنى ھېسابلاشقىمۇ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، يەر تېرىشقا

① فېڭ جياشېڭ: «قىسقىچە ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرى»، 2 ـ قىسىم، 261 ـ بەت.

② چۈن يۈەن: «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە»، 1 ـ جىلد.

كېتەرلىك ئۇرۇقنى كۆرستەتتى. ئۇزۇنلۇقنىڭ بىرلىكى «غۇلاچ» (تەخمىنەن بىر مېتر) ئىدى.

## 2. سىياسىي ۋە دىنىي تۈزۈمى

يەكەن خانلىقى فېئودال دەھرىي دىنىي خانلىق بولۇپ، ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى ئىدى.

بۇ دەۋردە ئىسلام دىنىي ئىدىيىسى ۋە تۈزۈمى تەدرىجىي تۈردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتى قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلىرىگە ئاللىقاچان سىڭىپ كىرگەن بولۇپ، ئىسلام شەرىئىتى يەكەن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قانۇن تۈزۈشتىكى مۇھىم ئاساسى بولۇپ قالغان. دىنىي قائىدىلەر يۇقىرالار تۇرمۇشىدا بارغانسېرى بېتەكچىلىك رول ئوينىغان، دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەر بارغانسېرى تېخىمۇ كۆپ سىياسىي ھوقۇق ۋە ئىقتىسادىي پايدىغا ئېرىشكەنىدى. ماركس كۆرسەتكەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈركىيىنىڭ ئەھۋالىدەك: «تۈركىيە بارلىق شەرق دۆلەتلىرىگە ئوخشاش دۆلەت بىلەن دىنىي جەمئىيەت، سىياسىي بىلەن دىن زىچ بىرلىشىپ بىر گەۋدىدەك بولۇپ كەتكەن. تۈركىيە ھۆكۈمرانلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قۇرئان ئېتىقاد ۋە قانۇننىڭ مەنبەسى ئىدى»① بۇ خىل سىياسىي بىلەن دىننىڭ بۇنداق قويۇق ئالاقىسى ھەمدە ئىسلام دىنىنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى رولى، يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى. ئەمما، بۇ دېگەنلىك يەكەن خانلىقى — ھاكىمىيىتى «سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشكەن» ھاكىمىيەت دېگەنلىك ئەمەس. ئەمەلىيەتتە ئۇ يەنىلا ئىسلام دىنىدىكى دەھرىي ھاكىمىيەت

---

① ماركس: «يۇنانلىقلارنىڭ قوزغىلىڭى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 10 - توم، 141 - بەت.

بولۇپ، ھۆكۈمرانلار دىنىي داھىي ئەمەس، بەلكى موغۇل چاغاتايلىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ئىدى. سىياسىي بىلەن دىنىي ئايرىۋېتىش يەكەن خانلىقىنىڭ ئاساسىي سىياسىي تۈزۈمى ئىدى.

يەكەن خانلىقىنىڭ سىياسىي بىلەن دىن ئايرىۋېتىلگەن تۈزۈمنى يولغا قويغانلىقى، ئۇيغۇر تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئېنىق خاتىرىلەنگەن. شاھ مەھمۇد چوراس «تاۋارىخى مۇسقىيۇن» دا مۇنداق يازىدۇ: «(ئابدۇكېرىم) خاننىڭ ئادىتى مۇنداق ئىدى: ھەر ھەپتىدە ئىككى كۈن ئادىل سوتقا باشچىلىق قىلاتتى. بارلىق ئاشكارا قوبۇل قىلىنىدىغان كىشىلەرنى ئۇ ئورۇنلاشتۇرۇپ، قازى ۋە مۇپتىلارغا يۈكلەيتتى. ھەتتا ئەمىرلەرمۇ چاقىرتىپ كېلىنىپ قاتناشتۇرۇلۇپ، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى ھەل قىلاتتى. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ جىددىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلاتتى. خورلانغان كىشىلەر خانغا يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قەرز بەرگۈچىلەرنىڭ بېسىملىرىنى شىكايەت قىلاتتى. ئەگەر ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ھەل قىلىدىغان دېلولار بولسا، قازى، مۇپتىلار بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى. ئۆرپ - ئادەتكە چېتىلىدىغان دېلولار بولسا ئەمىرلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇراتتى. خوجا ئەبەيدۇللا، مىرزاشاھ تېكىن ئىشىكئاغا، پىرئۇز مىرزا بارلاس، مىرزا ياقۇپ دوغلات ئەنزىلەرنى قايتا چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم چىقىراتتى. خان ئالاھىدە ئولتۇرۇپ، شىكايەتلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش ئارقىلىق، ھۆكۈم چىقىرىشقا رىياسەتچىلىك قىلاتتى»[①] يەنە نامەلۇم بىر ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «قەشقەر تارىخى» دىمۇ ئوخشاش بايانلار ئۇچرايدۇ. ئېيتىلىشىچە، خان ھەپتىدە ئىككى قېتىم سوتقا چىقاتتى. «ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە قازى بىلەن مۇپتى ئولتۇراتتى، يەنە بىر تەرىپىدە ۋەزىر بىلەن ھاكىم ئولتۇراتتى ··· شەرىئەتكە

① مەھمۇد چوراس «تاۋارىخ»، 161 - بەت، موسكۋا ئىلىم - پەن نەشرىياتى، 1976 - يىل نەشرى.

مۇناسىۋەتلىك دېلولارنى قازى بىلەن مۇپتى بىر تەرەپ قىلاتتى. ئۆرپ - ئادەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ۋەزىر باشچىلىقىدىكى ئەمىرلەر بىر ياقلىق قىلاتتى».

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يەكەن خانلىقىدا سىياسىي ھوقۇق بىلەن دىنىي ھوقۇق ئايرىۋېتىلگەن. ھەر قايسىسىنىڭ ۋەزىپىسى ئايرىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دىنىي ھوقۇق سىياسىي ھوقۇقنىڭ ئاستىدا بولۇپ، خان ئەڭ ئالىي ھوقۇقنىڭ ۋەكىلى ئىدى. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، دىنىي جەھەتتىكى ھوقۇق بىرىنچىدىن، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي مۇراسىم ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى تەشكىللەش ۋە نازارەت قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، شەرىئەتكە ئاساسەن ھەق تەلەپ ئىشلىرى ۋە جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، ئائىلە نىكاھ، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىق ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى تالاش - تارتىش قىلىش ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈش، يارىلاندۇرۇش، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق قاتارلىق جىنايى قىلمىشلارغا ھۆكۈم قىلىش، خۇسۇسىي مۈلۈك، قەرز ئىشلىرى، ئۆسۈم قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى دىنىي قائىدە بويىچە ئىجرا قىلىش؛ ئۈچىنچىدىن، دىنىي زاتلارنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئېلان قىلغان قانۇن - پەرمان ياكى دىنىي تەشۋىقاتلارنى چۈشەندۈرۈش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. لېكىن «دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى»، يەنى مەمۇرىي، ئەمەلدارلار، باج، ھەربىي ئىشلار، دېپلوماتىيە ۋە ئۇرۇش قاتارلىق ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ھوقۇقىغا، دىنىي تەرەپ بىۋاسىتە قاتنىشالمايتتى. ئادەتتە دىنىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ئاخۇن، ئىمام، قازى، مۇپتى قاتارلىقلارنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىشىگە رۇخسەت قىلىنمايتتى. ئوخشاشلا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئادەتتە قوشۇمچە دىنىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالمايتتى. بۇ خىل تۈزۈم ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى

قوبۇل قىلغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن ئادەت بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن يەكەن خانلىقىغىچە مۇشۇنداق ئىدى. خوجىلار سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەتنى قۇرۇپ، ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە كەلگەندە، دىنىي ۋەزىپە بىلەن ئەمەلدارلىق ۋەزىپە ئوخشاش بولمىغان بولسىمۇ، دىنىي ھوقۇق ھەممىدىن ئۈستۈن بولۇپ، خوجىلار ئەڭ ئالىي ھوقۇقنى كونترول قىلغان. بۇ ۋاقىتتا ئاخۇن، ھاكىمبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلارنى باھالاپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىدە قېلىشى ياكى بىكار قىلىنىشىنى قارار قىلاتتى، ھەتتا يىغىپ قىرىپ تاشلىيالايتتى. بەزى دىنىي يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ئوخشاشلا ھۆكۈمەتتە مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالاتتى. بۇ نۇقتىدا يەكەن خانلىقى بىلەن تۇپتىن پەرقلىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن «مەيلى قانداق ئاخۇن بولسۇن، پەقەت قۇرئان ئوقۇشقىلا بولىدۇ. جامائەت ئىشلىرىنى قىلىشقا بولمايدۇ. ئاخۇننىڭ بالىلىرى تەيجى ھەم بەگ بولۇشقا بولىدۇ. يەنە قوشۇمچە ئاخۇن بولۇشقا بولمايدۇ»[①] ، دەپ سىياسىي بىلەن دىن ئايرىۋېتىلگەن تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

ئادەت — چاغاتاي موغۇللىرى ئەۋلادلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈمرانلىق قىلىش جەريانىدا، ئىلگىرىكى موغۇللارنىڭ جاساققا بىرلەشتۈرۈپ شەكىللەندۈرگەن ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادىتى بىلەن بىرلىشىپ شەكىللەنگەن بىر يۈرۈش ھەربىي ئىشلار تۈزۈمى بولۇپ، چاغاتاينىڭ ئەۋلادلىرى ۋە موغۇل قەبىلىسى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايتتى.

چاغاتايدىن كېيىنكى خانلار باشچىلىق قىلغان موغۇل قەبىلىلىرى ئەسلىدە چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە تەڭرىتېغىنىڭ

---

① «چىڭ شۈەنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 151 ـ جىلد، 2 ـ بەت.

شىمالىدىن يەتتىسۇ ۋادىسىغىچە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان موڭغۇل ۋە تۈرك تىلى سىستېمىسىدىكى قەبىلىلەر ئىدى. مىلادىيە XVI ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە موغۇللار شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار بىلەن سىڭىشىپ، تەدرىجىي يېزا ئىگىلىك ئىجتىمائىي مۇھىتىغا ماسلىشىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن ۋاز كېچىپ مۇقىم ئولتۇراقلاشقانىدى. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇزۇن مەزگىلدە شەكىللەنگەن كۆچمەن چارۋىچىلىق ھۆكۈمرانلىق ئادىتى شۇنىڭغا ئەگىشىپ يوقاپ كەتمەي، بەلكى شۇ يەردە ئەسلىدىن بار بولغان تۈزۈم بىلەن ئۆزئارا بىرىكىپ، يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىقى تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. بۇ خىل ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمى ئىسلام دىنىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئەرەب، پارس ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەلۇم رايونلىرىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ تەسىرىنى نىسبەتەن چوڭقۇر قوبۇل قىلغانىدى. شۇنداقلا قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا شەكىللەنگەن فېئوداللىق تۈزۈمگە ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئاز - تولا تەرەققىياتلارنىمۇ روياپقا چىقاردى. ئورتاق ئالاھىدىلىكى، يەر، باج، مەمۇرىي، ئەمەلدار قاتارلىق تەرەپلەردە كونا تۈزۈم بويىچە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمرانلار كۈچىنىڭ بارىچە بەزى مۇقىملاشقان كۆچمەن چارۋىچىلىق ئەنئەنىسى ۋە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئادىتىنى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى فېئوداللىق تۈزۈم بىلەن تەڭشەپ بىرلەشتۈرگەن. مەسىلەن، ھۆكۈمرانلار نامىنىڭ ئۆزگىرىشى بۇ خىل ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈردۇ. چاغاتاينىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى موغۇلىستان يايلىقىدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتتا ئادەتتە خان دەپ ئاتالغان، يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىغا كىرگەندىن كېيىن، خاننىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا «سۇلتان» دېگەن سۆزنى قوشۇپ، يەنى سۇلتان

سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەپ ئاتالغان، بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمدارى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، ئىلگىرى ياپلاقنىڭ خوجايىنى بولغان موغۇل خانلىرىدىن پەرقلەندۈرۈلگەن.

سىنىپلار مۇناسىۋىتىدىن بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى كۆرۈۋېلىش تامامەن مۇمكىن. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر مۇنداق كۆرسىتىدۇ: ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر ۋە خوتەن ئاھالىلىرى تۆت خىلغا بۆلۈنگەن. بىرىنچى خىلى، تۇجىن، مەنىسى دېھقان، ئۇلار چوقۇم خانغا ھەر يىلى بەلگىلەنگەن باجنى تاپشۇرۇشى كېرەك. ئىككىنچى خىلى، قۇچىن بولۇپ، ئەسكەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچى خىلى، ئايماق، بۇلار كۆچمەن چارۋىچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر يىلى دۆلەتتىن مەلۇم ساندا ئاشلىق، توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنى ئېلىش ھوقۇقى بار ئىدى. تۆتىنچى خىلى، ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى ھەمدە مەسچىت ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى ئىدى.① بۇ خاتىرىلەر شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، دېھقانلار سىنىپى، فېئوداللار، بيۇروكراتلار، دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەردىن تەشكىللەنگەن فېئودال پومېشچىكلار سىنىپى دۆلەت ئىچىدىكى ئاساسلىق ئىككى سىنىپ ئىدى. دېھقانلار دۆلەتتىكى ئاساسلىق باج تاپشۇرغۇچىلار بولۇپ، ئۆشرە (خىراج) ھۆكۈمرانلار بەلگىلىگەن ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان باج، قوشۇمچە باجدىن باشقا، يەنە كۆچمەن چارۋىچىلار ۋە ئەسكەرلەرنىڭ قىسمەن لازىمەتلىكلىرىنىمۇ تولۇقلاپ بېرىشنىمۇ ئۈستىگە ئالغانىدى. تېكىستتىكى قۇچىن ۋە ئايماق بولسا، يەكەن خانلىقىدىكى موغۇللارنى كۆرسىتەتتى. ئۇلار ئالاھىدە تەبىقە بولۇپ، خانلىق ھوقۇقىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي كۈچ ئىدى. شۇنداقلا

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى»، 2 - قىسىم، 215 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1963 - يىل نەشرى.

خانلىق ئارمىيىسىنىڭ تايانچ كۈچىدىن ئىدى. يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە موغۇللاردىن تەخمىنەن 300 مىڭ كىشى خانلىقتىكى ھەرقايسى جايلارغا تارقالغان. بۇ ۋاقىتتىكى موغۇللار يەنىلا قەبىلە تەشكىلى شەكلىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋىتى بار ئىدى. بۇ قەبىلىلەرنىڭ كۆپ قىسمى سەئىدخان قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغاندا تويلانغان كونا قەبىلە ئىدى. ئاساسلىق قەبىلىلەردىن دوغلات، دوختۇي، بارلاس، بارشى، ئوردۇبېك، يىتارچى، جۇراس، قوڭرات، بېكەك، بەيلى قالۇجى، قارلۇق، ماغرىت، شۇلقارچى، قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇ قەبىلىلەرنىڭ نەسەب سالاھىيىتى قاتتىق ئايرىلاتتى ھەمدە شۇ سەۋەبتىن دائىم ئۆز ئۇشۇپ ئۆزئارا جېدەل - ماجىرا قىلىشاتتى. قەبىلە باشلىقى (ئەمىر) ئادەتتە ئارمىيە، ھۆكۈمەت، يەرلىك ۋە ئىسلام دىنىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالاتتى. يەكەن خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە كەلگەندە، بۇ مۇغۇل قەبىلىلىرى ئۇيغۇرلارغا ئاسسىمىلياتسىيىلىشىپ كەتكەن، بىراق قەبىلىنىڭ نامى ۋە قەبىلىنىڭ مەلۇم قالدۇق تۈزۈمى ساقلىنىپ قالغان.

ئورۇقداشلىق تەشكىلىي شەكلى ساقلىنىپ قالغاچقا، قەبىلە تۈزۈمىنىڭ بەزى قەدىمكى ئەنئەنىسى ساقلىنىپ قالغان، يەكەن ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىدا ئورۇقداشلىق قانۇن قارىشى يەنىلا خېلى قويۇق ئىدى. خان بىلەن شۇ قەبىلە ئەزالىرىنىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى باراۋەرلىك مۇناسىۋىتى ساقلىنىپ قالغاچقا، دۆلەت خان جەمەتىنىڭ ئورتاق بايلىقى دەپ قارىلاتتى. ئادەت بويىچە خان جەمەتىدىكى يېشى چوڭراق بولغانلىرىنىڭ خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولاتتى. باشقا ئوغۇللارنىڭمۇ مۇشۇنداق ھوقۇقى بولاتتى. شۇڭا، خانلىق ئورنى (تەخت) تالىشىش ئوبيېكتى بولۇپ قېلىپ، دائىم ئوردا تويىلىڭى يۈز بېرەتتى. تەختكە ۋارىسلىق قىلىش جەريانىدا، شەكىل جەھەتتە

«كونا قائىدە» بويىچە ئۇلۇس يىغىنى (قۇرۇلتاي) ئېچىلىپ، چىڭگىزخان دەۋرىدىكىدەك مۇراسىم ئېلىپ بېرىلىپ تاج كىيدۈرۈلەتتى، ئاندىن تەختكە چىقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ خىل ئادەتكە ئىسلام دىنىي مەزمۇنلىرىمۇ سىڭىپ كىرگەن بولۇپ، ئىلگىرى شامان باخشىلىرى قىلىدىغان ئىشلار ئىسلام دىنىي ئاقساقاللىرى ئارقىلىق بېجىرىلىدىغان بولۇپ ئۆزگەردى. دۇئا - تىلاۋەت مۇراسىملىرىمۇ پۈتۈنلەي ئىسلام دىنىي بەلگىلىمىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. بارتولد مۇنداق دەيدۇ: «موڭغۇللارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، كۆچىنىڭ بارىچە بۇ خىل غەيرىي دىنىنىڭ قەدىمكى ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن ئىسلامىيەت دۆلەت قارىشى روھىنى تەڭشەپ ماسلاشتۇرغان». ئۇ مىسال ئېلىپ: «ئابدۇللا مىلادىيە 1583 - يىلى خان (بۇخارا) دەپ جاكارلانغان ۋاقىتتا، موڭغۇللارنىڭ قەدىمكى ئۆرپ - ئادىتى بويىچە، بىر پارچە ئاق كىگىز بىلەن خاننى كۆتۈرگەن. بۇ خىل ئاق كىگىزنىڭ تۆت بۇرجىكىنى، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ باشلىقى كېلىپ تۇتماي، ئەكسىچە بۇخارادىكى دەرۋىش (سوپىزىم تەرىقەتچىلىرى) لەرنىڭ باشلىقى كېلىپ تۇتقان»①. بۇ بىر نۇقتا يەكەن خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى بىلەن پەرقلەنمەيتتى. بىز سەئىدخان تەختكە چىققان جەرياندىن، تاكى ئەڭ ئاخىرقى خان ئىسمائىلنىڭ «ئەنئەنىۋى تەختكە چىقىش مۇراسىمى» ئۆتكۈزگەنلىكى ھەققىدىكى تارىخىي خاتىرىلەردىن بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى ئاسانلا بايقىۋالالايمىز.

بۇ مەزگىلدىكى ئەمەلدارلىق تۈزۈمى بەگلىك تۈزۈمى شەكلىدە مۇقىملاشقان. «بەگ» نىڭ مەنىسى «ئەمەلدار» ياكى

---

① ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، لوجىيىڭ تەرجىمىسى، 242 - بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى.

«رەھبەر» بولۇپ، چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلار ئورتاق بەگ دەپ ئاتالغان. بەگ بىلەن ئەمىر ئوخشاشمايدىغان بولۇپ، ۋارىسلىق قىلىشقا بولمايتتى. ئۇلارنى ھۆكۈمەت ۋەزىپىگە تەيىنلەيتتى. بىراق، ئەمەلىيەتتە نۇرغۇنلىغان مۇھىم ئەمەللەرنى ئەمىر ئىگىلىۋالغان بولۇپ، شەكىلسىز ۋارىسلىق قىلىدىغان بولغان.

بۇ مەزگىلدىكى ئاساسلىق ئەمەللەردىن:

مەمۇرىي جەھەتتە —

داۋىچ — باش ۋەزىر بىلەن ئوخشاش بولۇپ، خانلىقتىكى ئەڭ ئالىي مەمۇرىي ھوقۇق بولۇپ، خاننىڭ سىياسىي ئىشلاردىكى ياردەمچىسى ئىدى. يارلىقتا ئىمزا قويۇش ھوقۇقى بولاتتى.

ئاتالىق — ئادەتتە خان تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن شاھزادىلەرنى نازارەت قىلىپ قوغدايدىغان، دىنىي تەلىم بېرىدىغان، شاھزادىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش مەسئۇلىيىتى بار ئىدى ھەم ئۇنىڭ خۇسۇسىي مەسلىھەتچىسى ئىدى.

ھاكىم — خانلىق ھەرقايسى شەھەر، بىۋاسىتە قاراشلىق رايونغا ئەۋەتكەن مەمۇرىي رەھبەر بولۇپ، شەھەر باشلىقى، ھاكىم (ئامبال) بىلەن ئوخشاش ئىدى.

ئىشىكئاغانىڭ ئۇدۇل تەرجىمىسى «ئىشىكنى نازارەت قىلغۇچى» . ھاكىمنىڭ مۇئاۋىنى بولۇپ، ھاكىمغا ياردەملىشىپ ئاۋام ئىشلىرىنى بېجىرەتتى.

باقاۋۇل — مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، پايتەخت بىلەن ئوردىنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل ئىدى.

قۇشبەگ — مەنىسى «قۇش بېگى» ياكى «قۇش نازارەتچى» ، ئوردىدىكى ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدار بولۇپ، «خانلىقنىڭ بارلىق ئىشلىرى شۇنىڭدىن ئۆتەتتى. ئۇ ئەمىرگە دوكلات قىلاتتى. ئەڭ ئالىي يېتەكچى پايتەختتە يوق ۋاقىتتا ئەمىرنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلاتتى ھەمدە ھەرقانداق ۋاقىتتا پايتەختتىن

ئايرىلىشقا بولمايتتى①...

تامغىچى — خاننىڭ مۆھرىنى باشقۇراتتى. ھۆججەت، يارلىقلارغا مەسئۇل بولۇپ، پادىشاھنىڭ كاتىپى بىلەن ئوخشاش ئىدى.

دارۇغاچ — بۇ يەردە ھاكىم ياكى مۇھىم بەگلەرنىڭ كاتىپىنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلىدە موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ھەرقايسى جايلارنى نازارەت قىلىدىغان ئەمەلدار ئىدى.

پاششاپ، ئىسلام دىنىنىڭ ساقچىسى، ئامانلىقنى قوغداپ، جازانى نازارەت قىلاتتى.

ئەرباب — يېزا باشلىقى ياكى كەنتتىكىلەرنىڭ بېشى.

مال ـ مۈلۈك، باج ۋە ئىقتىساد باشقۇرۇش تەرەپلەردە: خەزىنىچى، دۆلەت غەزىنىسى ۋە باج يىغىشنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار.

باجگىر — باج يىغىدىغان ئەمەلدار، باجنىڭ مەنىسى «ئۆشرە»

مىراپ — سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار.

مۈلكىي ياراق — ئاساسلىقى سودا ئىشلىرىدىن باج ئېلىشنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار بولۇپ، يەرلىكتىن ئارمىيە ئۈچۈن ئېھتىياجلىق لازىمەتلىكلەرنى تەييارلاپ بېرىشكە مەسئۇل ئىدى.

مىڭبېگى — ئومۇمىي مىڭ نوپۇسنىڭ يېرىدىن ئىجارە يىغاتتى.

يۈزبېگى — يۈز نوپۇسنىڭ يېرىدىن ئىجارە يىغاتتى.

ئونبېگى — ئون نوپۇسنىڭ يېرىدىن ئىجارە يىغاتتى.

شۇنداقلا بازارنى باشقۇرىدىغان بازار بەگ. قاشتېشىنى قېزىشنى باشقۇرىدىغان قاشبەگ، مېتاللچىلىقنى باشقۇرىدىغان ئالتۇنبەگ، قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان كاتۇۋال بەگ، زىياپەت ۋە سېتىۋېلىش خىراجىتىنى باشقۇرىدىغان ئوكتاكچى بەگ

① مەھمۇد چۇراس: «تاۋارىخ» 384 ـ بەتتىكى ئىزاھ 135، موسكۋا ئىلىم ـ پەن نەشرىياتى، 1976 ـ يىل نەشرى

قاتارلىقلار بار ئىدى.

ھەربىي قوشۇندىكى ئەمەللەر: ئەمىر قەبىلىنىڭ قوراللىق باشلىقى بولغاندىن سىرت ئوڭ يول ئارمىيە قوماندانى، سول يول ئارمىيە قوماندانى ھەمدە توغبېگى، ئارمىيىنىڭ توغلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار. داۋاچ، ھەربىي سەركەردىنىڭ ياردەمچىسى قاتارلىقلار بار ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا ھۆكۈمەت تەيىنلىگەن ياكى رۇخسەت قىلغان ئىسلام دىنىي ئەمەلدارى بار ئىدى.

قازى، قانۇن ئەمەلدارى (سوتچى)، يەنە «سىپاھ قازى» بۇ يۇقىرى قاتلام ھەق تەلەپ دەۋاسىنى بىجىرىدىغان. «قازى رەئىس» پۇقرالارنىڭ ھەق تەلەپ دەۋاسىنى بىجىرەتتى. شەھەر قازىسى ئارمىيە، قازىسى قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن.

مۆتىۋەللى، ۋەخپە مال ـ مۈلۈكلەرنى باشقۇرغۇچى.

مۆلقەسىب، دىنىي ئىشلارنىڭ نازارەتچىسى

زەپتى مەكتەپ — دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلاتتى.

بۇ بىر يۈرۈش ئەمەلدارلىق تۈزۈمى سىستېمىلىق بولۇپ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى يېزا ئىگىلىك جەمئىيەت شارائىتىغا ماس كېلەتتى. بۇ شۇ ۋاقىتتىكى ئىقتىسادىي سەۋىيە ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىدە نىسبەتەن يۇقىرى راۋاجلىنىشنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئەمەللەر ئىچىدە ھاكىمنىڭ رولى ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك بولۇپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن يەرلىكتە ھوقۇق يۈرگۈزەتتى. بىر شەھەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بولۇپ، ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ ئىدى. بۇ ئەمەلنى ئۇستىگە ئالغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەمەلىي كۈچى بار قەبىلە باشلىقلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسى دائىم خانلىقتا ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلاتتى. شۇڭلاشقا، خان ھاكىمنى سايلاش، ۋەزىپىگە تەيىنلەشتە دائىم ئىنتايىن ئېغىر ـ

بىسىق، ئەستايىدىل بولاتتى.

بەگ ئەمىلىنىڭ ھۆكۈمەت تارماقلىرىدا ئىشلىتىلىشى ھەمدە تۈزۈملىشىشى يەكەن خانلىقى ئەمەلدارلىق سىستېمىسىنىڭ بىر تەرەققىياتى ئىدى. ئەمەلىيەتتە چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا سىستېمىلاشقان بەگ تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇشۇ دەۋردە شەكىللەنگەن بەگلىك ئەمىلىنى داۋاملىق قوللانغانىدى.

ئارمىيىدە قازى قويۇشمۇ يەكەن خانلىقى ھەربىي ئىشلار تۈزۈلمىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشىدۇر. ئارمىيە قازىسى يەكەن خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە ئورنىتىلغان بولۇپ، خان بۇ قوشۇننى خان سارىيىنىڭ قوغدىغۇچى قوشۇن ۋە قەبىلە قوراللىق قوشۇنىدىن دۆلەتنىڭ قوراللىق قوشۇنىغا ئۆزگەرتىشنىڭ ئاساسى ئىدى. شۇڭلاشقا، ئىسلام دىنى بىلەن ئارمىيىنى كونترول قىلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئىرادىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى كۆرۈنەرلىك ئىدى. ئارمىيە قازىسى ۋە شەھەر قازىسىنى ھۆكۈمەت دىنىي زىيالىيلار ئىچىدىن تاللاپ ۋەزىپىگە تەيىنلەپ، چوڭ بەگلەر قاتارىغا تىزاتتى.

يەكەن خانلىقىنىڭ ئاساسلىق دىنىي تۈزۈمى دىنىي يېتەكچى (پىر ئۇستاز) تۈزۈمى ئىدى. بۇ خىل تۈزۈم يەكەن خانلىقىدىكى بىدئەت ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى بىلەن ئىسلام دىنىي يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنى ئۆزئارا باغلايدىغان كۆۋرۈك ئىدى.

دىنىي يېتەكچى تۈزۈمى سوپىزمنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىر خىل ئۇستاز — شاگىرت ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي تۈزۈم ئىدى. سوپىزم تەلىماتى بويىچە، ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان سوپى بولۇپ، مەخپىي دىن بىلىملىرىنى ئۆگەنسە «ئادەم بىلەن ئاللاھ بىرلىشىش» مۇقامىغا يېتىش ئۈچۈن، چوقۇم مەلۇم بىر سوپىزمچىلارغا شاگىرت بولۇشى، ئۇستازنىڭ كۆرسەتمىسى

بىلەن سوپىزمنىڭ سىرلىق دىنىي تەلىماتى ۋە ئالاھىدە چىنىقتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىشى كېرەك ئىدى. مەلۇم ۋاقىت ئۆگىنىش ئارقىلىق چىنىقىش مەقسىتىگە يېتىپ، ئۇستازىدىن ئايرىلىشقا بولىدۇ. بۇنداق تەلىمات پۈتۈنلەي شەخسنىڭ ئىچكى تەجرىبىسى، ئاغزاكى تەربىيە، پۈتۈن كۈچى بىلەن سىرلىق تەلىم ئېلىش بولىدىغانلىقتىن، شۈبھىسىزكى ئۇستاز شاگىرت قەلبىدە سىرلىق ئورۇنغا ئىگە ئىدى. مۇرىتلار چوقۇم يېتەكچىسىگە شەرتسىز بويسۇنۇشى، سادىق بولۇشى كېرەك ئىدى. سوپىزمچىلارنىڭ دەستۇرىدا كۆرسىتىلگەندەك مۇرىتلار «جەسەت يۇغۇچىنىڭ قولىدىكى مىيىت» كە ئوخشىشى كېرەك ئىدى. ئىرادىسىنىمۇ پۈتۈنلەي يېتەكچى ئىدارە قىلاتتى. ئىناۋىتى بار يېتەكچىلەر كۆپىنچە سوپىزم تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئەرەب تىلىدا يېتەكچى «مۇرشىد» دەپ ئاتىلاتتى. مەنىسى «يولباشلىغۇچى» ئىدى. شاگىرتلار «مۇرىت» دەپ ئاتىلاتتى. يېتەكچىلەر ئۆزلىرىنىڭ سىرلىق تەشكىلاتىنىڭ سىرلىق چۈشەندۈرۈشلىرى ۋە ئۆگىتىش قابىلىيىتىگە تايانغاندىن سىرت، يەنە بارلىق «قانداشلىق ۋە يولداشلىق ئورتودوكساللىق ئەۋلىيالىقىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىنى ئاللا، پەيغەمبەر بىلەن باغلاپ تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇن ۋە مەرتىۋە (ئىناۋەت) كە ئېرىشەتتى. شۇڭلاشقا، نۇرغۇنلىغان يېتەكچىلەر ئۆزلىرىنى پەيغەمبەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى دەپ تەشۋىق قىلىپ، ئۇرۇقداشلىق سىستېمىسىنى ئەلى ياكى ئابابەكرىگىچە سۈرەتتى. بۇ خىل يېتەكچىلەر «پەيغەمبەر ئەۋلادى» سالاھىيىتىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئەگەشكۈچىلەر ئۇلارغا قىزغىنلىق بىلەن چوقۇناتتى.

يەكەن خانلىقىنىڭ دىنىي يېتەكچى تۈزۈمى بىلەن سوپىزمنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۇ خىل يېتەكچىلىك تۈزۈمى ئاساسەن ئوخشاش، بىراق ئازراق پەرقىمۇ بار. شەكىل جەھەتتە

ئۇستاز شاگىرتقا سوپىزىم تەلىماتىنى ئۆگەتتى. ئوخشاشمايدىغىنى بۇ خىل تۈزۈم «دۆلەت بىلەن دىننىي جەمئىيەتنى، دىن بىلەن سىياسىي» نى بىرلەشتۈرىدىغان بىرخىل ۋاسىتىگە ئايلانغان. يەكەن خانلىقىدا سوپىزمچىلارنىڭ تەسىرى كۈنسېرى كېڭىيىپ، ھۆكۈمەت قوللايدىغان دىنىي گۇرۇھ بولۇپ قالغان. نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلار سوپىزم پىر - ئۇستازلىرىنىڭ ئەگەشكۈچىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھۆكۈمران يۇقىرى قاتلامدىكىلەرمۇ بەس - بەستە ئۇلارنىڭ مۇرىتى بولۇپ قالغان. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كىتابىدا مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا ئاساسەن ھەربىر خان، سۇلتان، ئەمىرلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ دىنىي يېتەكچىسى بار ئىدى. سوپىزم يېتەكچىسىگە ئېتىقاد قىلىش ھۆكۈمران يۇقىرى قاتلامدىكىلەردە ئاللىقاچان ئېقىمغا ئايلانغانىدى»① ئۇستاز ئىدىيە ۋە مەمۇرىي جەھەتتە مۇرىتقا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەچكە، يېتەكچىنىڭ ئورنىمۇ سوپىزمچىلار باشلىقى قوغلىشىدىغان (ئىنتىلىدىغان) نىشان بولۇپ قالغانىدى. شۇنداقلا ھۆكۈمرانلارمۇ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە ئاساسەن ئۇستاز تاللايتتى. شۇڭا، بۇ خىل مۇناسىۋەت ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، بارغانسېرى سوپىزمنىڭ ئەسلىي مەنىسىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى.

سەئىدخاننىڭ ئۇستازى ھاسىل خوجا مەخدۇم نۇرى قىسقارتىلىپ خوجا نۇرىدىن دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ خوجا ئەھرارنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ تارقاتقۇچىسى ئىدى. كىچىكىدىن باشلاپ سەمەرقەنتتە ئاتا - بوۋىلىرىغا ئەگىشىپ شۇ تەرىقەتنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆگەنگەن. كېيىن ئىسلام دۇنياسىدىكى ھەرقايسى جايلاردا 23 يىل ئايلىنىپ يۈرۈپ، مەشھۇر ئالىم ئابدۇراھمان جامىدىن تەلىم ئالغان ھەمدە

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدى»، 2 - قىسىم، 88 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

ئىراقتىكى مەشھۇر تېۋىپ داموللا ئىمادىرىننىڭ قول ئاستىدا تېۋىپلىقنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ تەلىماتى ۋە داۋالاش ئۇسلۇبى ئوتتۇرا ئاسىياغا داڭلىق ئىدى. مىلادىيە 1525 - يىلى خوجا نۇرىدىن قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ باشقىلارغا بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ چۈشىدە كۆرگەن ئاتا - بوۋىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بولغانلىقىنى ئېيتقان. ئەمەلىيەتتە، خاننىڭ ئۇستازى بولۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا خاننىڭ ئۇستازى — ئۇنىڭ ئىنىسى خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ئىدى.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر سەئىدخاننىڭ سوپىزمغا كىرىش جەريانىنى تەسۋىرلىگەندە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ خېلى ئۇزۇندىن بېرى ھەنەفىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلاتتى. ياشلىق دەۋرىدە ئەيش - ئىشرەت، كەيىپ - ساپادىن قول ئۈزۈپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن دىنىي تۇرمۇش كەچۈردى. بۇ يىلدا (مىلادىيە 1522 - يىلى) سەئىدخان مەيخورلۇقى تۈپەيلىدىن زەخمىلەندى. شۇنىڭ بىلەن مەي ئىچمەسلىككە ئىرادە باغلاپ، يەسەۋ مەزھىپىدىكى شەيخلەرنىڭ مۇرىتى سەئىد مۇھەممەد (دوغلات ئەمرى) گە پۈشايمىنىنى بىلدۈرۈپ، سوپىزم مەزھىپىگە كىرىشنى قارار قىلدى. كېيىن ئۇ يەنە تەختنى تاشلاپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن سوپىزمنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى تەتقىق قىلىپ، سىرتلارغا بېرىپ زاھىدلىق قىلىشنى ئويلاپ، ئىنىسى ئامان سۇلتاننى خانلىقتا ئولتۇرغۇزماقچى بولدى. خوجا يۇسۇپ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سەمەرقەندتىن دەرھال كېلىپ، خانغا ئۆز تەختىدىن ۋاز كەچمەسلىك، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ «ئاللاغا يېقىنلىشىش» ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. شۇڭا، سەئىدخان زاھىدلىقتىن ۋاز كېچىپ، خوجا يۇسۇپكە چوقۇنۇپ ئۇنى ئۇستاز تۇتتى. خوجا نۇرىدىن يەكەنگە كەلگەندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلاردا داۋالاش سەنئىتىدە «كارامەت» كۆرسىتىپ، ئابدۇرەشىدخاننىڭ كېسىلى ۋە سەئىد مەخمۇدنىڭ

پالەچلىك كېسىلىنى داۋالاپ، خاننى ناھايىتى خۇش قىلىۋەتتى. خان كۆپ قېتىم ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ پەندى - نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىدى. بۇ تەبىئىي ھالدا خوجا يۇسۇپنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. خوجا نۇرىدىن ئامالسىز تۇرپاندا ئۈچ يىل تۇرۇپ قالدى. يەكەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىنىسى بىلەن بولغان زىددىيىتى ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىكى چوڭقۇرلىشىپ كەسكىن تالاش - تارتىشلار يۈز بەردى. ئۇزۇن ئۆتمەي خوجا يۇسۇپ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىپ، خوجا نۇرىدىن خاننىڭ ئۇستازى بولدى».

سەئىدخان خوجا نۇرىدىننىڭ شاگىرتى بولغاندىن كېيىن، ئىدىيىسىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بارلىق زېھنىنى مۇقەددەس دىنىي ئىشلارغا ئاتىدى»، «خوجىلارغا ئەگىشىپ غازات ئېلىپ بارغاندا ئۆزىنى قۇتۇلدۇرغىلى، ئاللا بىلەن بىرگە بولغىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلىغان» دەيدۇ. روشەنكى، ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ھاراق تاشلاش ھەرىكىتى ئارقىلىق، سوپىزمچىلاردىن ئامانلىق تىلەش ئىدىيىسى ئۇستازىنىڭ تەسىرى ئاستىدا بىرخىل دىنىي ئەسەبىي خىيالغا ئايلاندى. دەل مۇشۇنداق ئەسەبىي كەيپىيات تەسىرى ئاستىدا «غازات» يىلدىن - يىلغا، پەللىمۇ پەللە ئۆرلەپ ماڭدى. سەئىدخاننىڭ ئۇستاز تۇتۇشى ۋە ئۇستازى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بۇخىل ئۇستازچىلىق تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇستازچىلىق تۈزۈمى تاكى خانلىق ھاكىمىيەت ئاخىرلاشقۇچە داۋاملاشتى. رەشىدخاننىڭ ئۇستازى شەيخ مۇھەممەد شېرىپ، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ئۇستازى ئەرشىدىن خوجىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى چوڭ موللا مۇھەممەد ئىدى. مۇھەممەد خاننىڭ ئۇستازى بولسا ئىسھاق خوجا ئىدى. كېيىن خاننىڭ ئۇستازلىقىنى قاراتاغلىقلار گۇرۇھى ۋە

ئاقتاغلىقلار گۇرۇھىدىكى خوجىلار ئۈستىمگە ئالدى. خانلىقنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يەنە ئۇستاز ئىككى دىنىي مەزھەپ ئالىشىدىغان نىشانغا ئايلاندى. ئىككى دىنىي مەزھەپ خوجىلىرى هۆكۈمرانلارنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىشقا مەجبۇر ئىدى. هۆكۈمرانلار دىنىي كۈچلەرگە تايىنىپ ئۆز ئۆزىنى ۋە هوقۇقىنى ساقلاپ قېلىشقا مەجبۇر ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خوجىلارغا بولغان قارىغۇلارچە چوقۇنۇش پەيدا بولۇپ، خوجىلارنىڭ تەسىر كۈچى بارغانسېرى زورىيىپ كەتتى.

## 3. مازارغا چوقۇنۇش

يەكەن خانلىقىدا مازارغا چوقۇنۇش يۇقىرى دولقۇننى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى بىرخىل ئۆزگىچە دىنىي پائالىيەت ئىدى.

«مازار» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «روھنىڭ جايى»، «ئۇلۇغ كىشىنىڭ قەبرىسى» دېگەن مەنىدە. ئىلمىز خۇيزۇلىرى « 拱北 » دەپ ئاتايدۇ. مەنىسى «يۇمىلاق ئۆگزىلىك قۇرۇلۇش» دېگەنلىك بولىدۇ. هازىر ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئادەتتە قەبرىستانلىقنى مازار دەپ ئاتايدۇ. «مازارغا چوقۇنۇش» ئەنە شۇ «ئىلاھ قەبرىسى» گە تەزىم قىلىپ چوقۇنۇپ، قەبرىنى چۆرىدىگەن هالدا هەرخىل دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتى بويىچە، ئاللانى بىردىنبىر ئىلاھ دەپ ئىشەنگەندىن سىرت، مۇرىتلارنىڭ هەرقانداق ئادەم ۋە جىسىملارغا چوقۇنۇشىغا قارشى تۇراتتى. شۇنداق ئىكەن، قەبرىگە چوقۇنۇشمۇ مەنئى قىلىناتتى. كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنۈش ۋە ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، مەلۇم دىنىي گۇرۇھلاردا تەدرىجىي تۇردە شۇ دىنىي گۇرۇھنىڭ باشلىقى

(شىئە مەزھىپىدىكى ئىمام، سوپىزمچىلاردىكى شەيخ، ئىشان، خوجا قاتارلىقلار) غا ۋە ئۇلارنىڭ قەبرىسىگە چوقۇنۇش شەكىللەنگەن ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسىم دىنىي تۇرمۇشىدىكى مۇھىم تەركىبكە ئايلانغان. ئوخشاشمىغان رايون، ئوخشاشمىغان مىللەتلەردە مازارغا چوقۇنۇشنىڭ مەزمۇنى، شەكلى، ئوبيېكتى ئوخشاش ئەمەس، بىراق مازارنىڭ مۇقەددەسلىكى ھەمدە چوقۇنۇش بىردەك ئىدى. ئەنئەنىچىلەرنىڭ قارىشىچە، مازارغا چوقۇنۇش ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي مەۋقەسىدىن ئايرىلغان «كوفرى» ھەرىكەت ئىدى.

شىنجاڭدا ئىسلام دىنى تارقىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مازارغا چوقۇنۇش ھادىسىسى پەيدا بولغان. ساتۇق بۇغراخان ۋاپاتىدىن كېيىن، ئاتۇشتا ئۇنىڭ مازىرى بارلىققا كەلگەن. بۇ شىنجاڭدا كىشىلەر چوقۇنغان تۇنجى ئىسلام «ئەۋلىيا قەبرىسى» ئىدى. كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن بىر قىسىم ئىسلام دىنىي ئاقسۆڭەكلىرى، دىن تارقاتقۇچىلىرى، جەڭدە ئۆلگەن «شېھىت» ۋە ئەدىب ـ ئۆلىمالارنىڭ مازىرى بارلىققا كەلگەن. قاراخانىيلار دەۋرىگە تەئەللۇق داڭلىق مازاردىن ساتۇق بۇغراخان مازىرىدىن باشقا، يەنە ئارسلانخان مازىرى (بۇگۇنكى يېڭىسارىدىكى ئوردام مازىرى)، تۆت ئىمام مازىرى، يۇسۇپ قادىرخان مازىرى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ مازىرى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاپتورى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى قاتارلىقلار بار ئىدى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى داڭلىق مازارلاردىن تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى، ئەرشىدىن خوجا مازىرى، جالالىدىن مازىرى قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇ كىشىلەر ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم تەسىرلەرنى پەيدا قىلغاچقا، مۇسۇلمانلارنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. بىراق، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئىلگىرىكى مازارغا چوقۇنۇش

ئانچە ئەۋج ئالمىغان ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىسلامىيەت جەمئىيىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئادەت ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئەۋج ئېلىشى پۈتۈنلەي سوپىزىم ۋە خوجىلارنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدىكى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، خوجا مۇھەممەد شېرىپ ۋە ئۇۋەيشىيە مەزھىپى بولسا، يەكەن خانلىقىدا مازارغا چوقۇنۇشنى ئەۋج ئالدۇرغۇچىلار ئىدى. مۇھەممەد شېرىپ يەكەنگە كەلگەندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرخىل مازار ۋە بىر قىسىم مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ مازارغا بولغان خىلمۇخىل سىرلىق تەسىراتلىرى ۋە چوقۇنۇش پسىخىكىسىدىن پايدىلىنىپ، مازارنىڭ رولىنى كۈچەپ تەرغىب قىلغان ۋە سىرلىقلاشتۇرغان. ئۇ ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ مازارنى تاۋاپ قىلىپ كىشىلەرگە ئۇ مازاردا «روھ» بارلىقىنى ئېيتىپ، مازاردىكى «ئۆلۈك روھ» نىڭ «كارامەت كۆرسىتەلەيدىغانلىقى» ، «تەلىپىنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقى» ، «ھەيۋىسى چەكسىز» لىكىنى سۆزلەپ يۈرگەن. ئۇنىڭ ۋە ئۇۋەيشىيە دىنىي مەزھەپىنىڭ پائالىيەتلىرىمۇ مازارنى مەركەز قىلغان ھالدا قانات يايغان، ساتۇق بۇغراخان مازىرى شۇ مەزھەپنىڭ پائالىيەت مەركىزى ئىدى. مۇشۇنداق تەشۋىقات ئارقىلىق ئەسلىدىلا نامى چىقمىغان مازارلارمۇ چوقۇنۇش سورۇنى بولۇپ قالغان. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرسىتىپ، بۇرۇن ئۆتكەن بىرقىسىم ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى نامدار شەخسلىرى، ھەتتا مۇھەممەدنىڭ ساھابىلىرى قەشقەر ئەتراپىدا ئۆلگەن دەپ قارالغانلىقى، ئۇ «بۇ خىل رىۋايەتلەر ئەلۋەتتە يالغانىدى» دەيدۇ.① خوتەندىكى جافار سادىق مازىرى بىلەن يەكەندىكى چىلتەن مازىرىنى مىسالغا ئالىدۇ. جافار سادىق شىئە

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى» ، 2 ـ قىسىم، 211 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.

مەزھىپىنىڭ 6 ـ ئىماملىقىنى ئۈستىگە ئالغان، مىلادىيە 765 ـ يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولغان. ئۇمۇردە شىنجاڭغا كېلىپ باقمىغان. رىۋايەتتە، ئۇ قوشۇن باشلاپ قەشقەرنى ئىگىلەپ، كېيىن قەشقەر بىلەن خوتەننىڭ دىنىي ئۇرۇشىدا ئۆلگەن دېيىلىدۇ.① چىلتەن مازىرى رىۋايىتىدە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ئىسمى مۇھەممەد بىلەن ئوخشاش 7 نەپەر ئەرەب جۇڭگوغا كېلىپ دىن تارقىتىپ، ئەڭ ئاخىرى يەكەنگە كېلىپ ئۆلگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ئاساسى يوق، بىراق بۇ خىل سۆزلەردىن خوجىلار پايدىلانغاندى.

يەكەن خانلىقىدىكى مازارلار ئىچىدە مۇھەممەد شېرىپ ساتۇق بۇغراخان مازىرىنى ئەڭ قەدىرلەيتتى. رېمونت قىلىنىش ۋاقتىدا ئۇ بىر «ساتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى» نى يېزىپ چىققان. كىتاب مازارنى ماختىغاندىن تاشقىرى، «كارامەت» ھەققىدىكى ھېكايىلەر ۋە خۇراپىي رىۋايەتلەر بىلەن تولغان. ساتۇق بۇغراخان تەزكىرىسىنىڭ كۆپ خىل نۇسخىسى بولۇپ، مۇتلەق كۆپچىلىكى خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەرنى توپلاش ئارقىلىق رەتلەپ چىقىلغان. بەزىلىرى ۋەقەلەرنى بايان قىلغان بولۇپ، نىسبەتەن ئىشەنچلىك، بەزىلىرىدە ئاساسلىقى دىنىي كارامەتلەر بايان قىلىنغان. مۇھەممەد شېرىپ يەسەۋى بىلەن ساتۇق بۇغراخاننى 99 مىڭ مازارنىڭ يېتەكچىسى»② دەپ ئاتايدۇ. شۇنداقلا بۇ ئۇۋەيشىيە مەزھىپى ئېتىقاد قىلىدىغان سىرلىق روھ، ئۇنىڭ قەبرىگاھى «پەۋقۇلئاددە كارامەتلىك»، «مۇقەددەس قەبرە» دەپ قارىلىپ ئېتىقاد قىلىنغان. ئۇلارنىڭ مازارلىرىغا ئېتىقاد قىلىش مەككىنى تاۋاپ قىلىش بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئوخشاشلا دىنىي ساۋابنى ئالغىلى بولىدۇ،

---

① «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، 184 ـ يىلى (ئىسلام كالىندارى)، خەلىپە (مۇھەممەد) نىڭ نەۋرىسى جاپار سادىق شەرققە ئەسكەر چىقىرىپ قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ «كېيىن جاپار سادىق خوتەنگە ھۇجۇم قىلغاندا ئۆلگەن».

② «خوجا مۇھەممەد شېرىپ: «خوجىلار تەرجىمىھالى»، چاغاتايچە قوليازما نۇسخىسى.

دىيەلەيتتى. مۇنداق بولغاندا، مازار ئىلاھلاشتۇرۇلۇپ (سىرلىقلاشتۇرۇلۇپ) لا قالماستىن، يەنە مازارغا چوقۇنۇشنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدىكى ئورنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ئەينى ۋاقىتتا يەكەننىڭ ئاقسۆڭەكلىرى، ۋەزىرلىرى ۋە تۆۋەندىكىلەرمۇ ئادەتتە بەس - بەستە «مۇقەددەس قەبرە مازىرى» غا چوقۇنۇشقا باراتتى.

ئۆلگەن كىشىنى كۆككە كۆتۈرۈش ۋە ئىلاھلاشتۇرۇش، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى كۆككە كۆتۈرۈش ۋە ئىلاھلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. بۇ خوجىلارنىڭ مازارغا چوقۇنۇشتىن پايدىلىنىشتىكى ئورتاق چىقىش نۇقتىسى ئىدى. مۇھەممەد شېرىپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئابدۇرەشىدخان يەكەندە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەيۋەتلىك قەبرە ياسىتىپ، ھەر ھەپتىنىڭ 4 -، 5 -، 6 - كۈنلىرى چوقۇنۇشقا بېرىپ كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزەتتى. بۇ مازار مۇرىتلار چوقۇنىدىغان يەنە بىر سورۇن بولۇپ قالغان. كېيىن ئاقتاغلىق، قاراتاغلىق خوجىلارمۇ ئوخشاشلا مازارغا چوقۇنۇشنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۇلار ھەربىر جايغا بارغاندا، ئالدى بىلەن شۇ يەردىكى نامى بار مازارلارغا چوقۇنۇپ زىيارەت قىلاتتى. ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن، مازىرى مۇرىتلار ئەسەبىيلەرچە چوقۇنىدىغان «مۇقەددەس قەبرە مازىرى» بولۇپ قالغان.

مازارغا چوقۇنۇش شامىلىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، مازارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمىمۇ زورىيىشقا يۈزلەنگەن، ئىسىل زىننەتلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ مەزگىلدە چوقۇنۇلىدىغان نۇرغۇن مازارلار قايتا بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان. مەسىلەن، ئابدۇرەشىدخان ئۆزى يارلىق چۈشۈرۈپ ساتۇق بۇغراخان مازىرىنى قايتا رېمونت قىلدۇرۇپ يېنىغا خانىقا، مەسچىتلەرنى ياساتقان، يەكەندىكى ئالتۇنلۇق مازار (يۇقىرى دەرىجىلىك ئاقسۆڭەكلەر مازىرى دېگەن مەنىدە) ئەسلىدە خان جەمەتى قەبرىگاھى بولۇپ، كېيىن ئىسھاق خوجا بۇ يەرگە دەپنە

قىلىنىپ، قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ قەبرىگاھى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى زور، ھەشەمەتلىك ئىدى. ئەڭ داڭلىق قەشقەردىكى ئاپاق خوجا مازىرى بولۇپ، ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ قەبرىگاھى ئىدى. قۇرۇلۇشنىڭ ھەشەمەتلىكلىكى شىنجاڭنىڭ ئىسلام بىناكارلىقىدىكى يىتۈك نەمۇنە ئىدى. مۇشۇنىڭ بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولالايدىغىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان ئالىملارنىڭ مازىرى (مەسىلەن، «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورلىرى) نىڭ مۇشۇ دەۋردە كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ، كېيىنكى مەزگىلدە قەبرىنىڭ ئەسلىي ئورنىنى تېپىشنىڭ قىيىن بولۇپ قالغانلىقى ئىدى.

مازار يەكەن خانلىقىدىكى بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھىم پائالىيەت سورۇنى بولۇپ قالغانلىقتىن، باشقۇرۇش قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىسادىي ئورنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيگەن. مازار باشقۇرغۇچى ئادەتتە شەيخ دەپ ئاتىلاتتى. چوڭ تىپتىكى مازارلارنىڭ يېنىغا مەسچىت، خانىقا ۋە قازىخانا تەسىس قىلىغان. بۇنداق مازارلاردا يەنە ئىمام، مەزىن، قازى، مۇدەررىس، تازىلىق ئىشچىسى ۋە چاكار قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. شەيخ مازارغا چوقۇنۇش پائالىيىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىپلا قالماي، يەنە مازارنىڭ ئىقتىسادىي ھوقۇقىنى ئىگىلىگەنىدى، ۋەخپە يەرلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، مازارلار ئىگىلىگەن ۋەخپە مال - مۈلۈكلىرى كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىگە يەتكەن. مەسىلەن، ئاپاق خوجا مازىرى ئىگىلىگەن تېرىلغۇ يەر 43470 مو، تۈگمەن 48 يەردە، چوڭ قورۇق 15،① ساراي (دەن)، ۋەخپە ئالىقاچان مەسچىتلەرنىڭ ئىقتىسادىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان. شەيخ بۇ خىل دىنىي فېئوداللىق ئالاھىدە

---

① شاھ مەھمۇد چوراس: «تاۋارىخ»، «تەتقىقات يېتەكچىسى» 32 - بەت يەشمىسى ،27، موسكۋا ئىلىم - پەن نەشرىياتى، 1976 - يىل نەشرى.

ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدىغان بولۇپ قالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ساتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ شەيخى قەشقەر ئەتراپىدىكى ئەڭ باي كىشى ئىكەن.

مازارغا چوقۇنۇش شۇنىڭ ئۈچۈن ئەۋج ئالغانكى، مۇشۇ رايوندىكى پۇقرالارنىڭ ئەسلىدىكى ئەجدادىغا چوقۇنۇش ۋە ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادى بىلەن مەلۇم سەۋەب مۇناسىۋىتى بار. ئىسلام دىنىدا ئەسلىدە مازارغا چوقۇنۇش چەكلىنەتتى. بىراق، سوپىزمنىڭ تارقىلىشى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئەسلىدە بار بولغان دىنىي قاراش ۋە قەدىمكى ئۆرپ ـ ئادەت ئىسلام دىنىي پائالىيىتى دائىرىسىگە كىرگەنىدى. بۇ شىنجاڭدا دىنىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئۆزگىرىشىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان بىر ئالاھىدىلىك. مازارغا چوقۇنۇشنىڭ ئۆزىدە ئەجدادىغا چوقۇنۇشنىڭ ئىزنالىرى بار، چوقۇنۇش پائالىيىتىدە شامان دىنى، زوروئاستېر دىنى قاتارلىق كونا دىنلارنىڭ تەسىرىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن، مازارغا چوقۇنغاندا كىشىلەر دائىم «دەرەخلەرگە چىراغ يېقىپ تۇنەيتتى»①. بەزى كىشىلەر ئويۇق ئويۇپ، ئىچىگە مەشئەل قويۇپ، ئوت ياققاندىن كېيىن مازارنىڭ ئەتراپىغا قويۇپ قوياتتى. ئۇ زوروئاستېر دىنىنىڭ ئوتقا چوقۇنۇش ئادىتىنىڭ قالدۇقى ئىدى. چوقۇنغۇچىلار ئۈچ بۇرجەكلىك ئەلەمنى دەرەخ شېخىغا باغلاپ، مازارنىڭ ئەتراپىغا سانجىپ قوياتتى. ياكى ئەتراپتىكى كۆچەت، چاتقاللارغا ھەرخىل رەخت پارچىلىرىنى باغلاپ قوياتتى. ئېگىز موملار (بادرا) غا كالا قۇيرۇقى، ئات قۇيرۇقى ۋە باشقا بېزەكلەرنى ئېسىپ قوياتتى. چوقۇنۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مازارنى ئايلىنىپ «ساما ئۇسسۇلى» ئوينايتتى. بۇ خىل ئۇسسۇل زوروئاستېر (شامان) دىنىي پىرىخونلىرىنىڭ سەكرەش ھەرىكىتى بىلەن ئىنتايىن يېقىنلىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، شامان دىنىنىڭ كونا ئادىتىنى ئەكس

① «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، 39 ـ جىلد.

ئەتتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى مازارلارغا بۇغا مۈڭگۈزى، قوي كاللىسى سانچىپ قويۇلغان. بەزى مازارلارغا يەنە ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نامى بېرىلگەن. بەزى بۇددا دىنىي خارابىلىرى سوپى زاھىدلارنىڭ تائەت ـ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سورۇنى بولۇپ قالغان. بۇنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە بار بولغان دىنىي قاراشنىڭ يەرلىك ئاھالىلەر ئارىسىدىكى چوڭقۇر تەسىرى بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ بىر خۇدالىق تەلىماتى ئۇنى يوقىتا چىقىرالمىغان. سوپىزىم بۇخىل كونا ئادەتكە ئىسلام دىنىنىڭ مەزمۇنلىرىنى كىرگۈزدى ھەمدە ساقلاپ قالدى.

مازارغا چوقۇنۇشنىڭ ئاساسلىق شەكلى ۋە مەزمۇنى بولسا، مازارنى ئايلىنىپ تاۋاپ قىلىش، مازارغا تەزىم قىلىپ چوقۇنۇش، قۇرئان ئوقۇش، دۇئا قىلىش، ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىنى سۆزلەش، تاۋاپ قىلىش، روھ ـ ئەرۋاھلارنىڭ ئۆزىنى پاناھىدا ساقلاشنى تەلەپ قىلىش، ۋە نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلار ئىدى. سوپىلار تەشكىلاتى ئۆزىنىڭ زىكرى مۇراسىمىغا ئاساسەن، مازاردا كوللېكتىپ پائالىيەت ئۆتكۈزەتتى ياكى يۇقىرى ياكى پەس ئاۋازدا تىلاۋەت قىلاتتى ياكى ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايتتى ياكى نەشە چېكىشەتتى. مەقسەت بۇنداق ئۇدا قىزغىن داۋام قىلىنغان جىسمانىي ۋە روھىي پائالىيەت جەريانىدا، ئەسەبىيلەرچە ھالەتكە يېتىپ سوپىزىم ئەقىدىسىدىكى «ئىلاھ بىلەن ئادەم بىرلىشىش» مۇقامىغا يېتىشنى كۆرسىتەتتى. چوقۇنۇش ۋاقتى كۆپىنچە ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم بايرام كۈنلىرى ياكى خاتىرە كۈنلىرى بولاتتى. باشقا ۋاقىتتا خالىغانچە كېلىپ ـ كېتىشكە بولاتتى. بەزى «ئىلاھىي» مازارلاردا چوقۇنۇش پائالىيىتى بولغاندا ئادەم سانى نەچچە مىڭدىن ئېشىپ، ۋاقىتمۇ نەچچە كۈن، ھەتتا نەچچە ئون كۈن داۋام قىلاتتى.

## 4 . سوپىزم

يەكەن خانلىقى سۈپىلار تېزلىكتە تەرەققىي قىلغان دەۋردۇر. سۈپىلار مەزھىپى بۇ دەۋردە پىشىپ يېتىلىپ، شەكىل جەھەتتىن مۇقىملىشىپ، شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ بىر مۇھىم مەزھىپى بولۇپ قالغان.

سوپىلار مەزھىپى ئىسلام دىنىدىكى مىستىكىزم مەزھىپى بولۇپ، ئىسلام دىنىي تەلىماتىنى سىرلىق مەنىگە ئىگە قىلغان. تەركىدۇنيا بولۇپ، «ئاللانى سۆيۈش» ، «ئاللانى تونۇش» ۋە «ئادەم بىلەن ئىلاھ بىرلىشىش» نى يادرو قىلغان ئەقىل ـ پاراسەت نەزەرىيىسى، پانئىلاھچىلىق قاتارلىق دىنىي ئىدىيىلەرنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئىخلاسمەنلىكى ۋە دىنىي قىزغىنلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. مىلادىيە X ئەسىردىن كېيىن سوپىزم نەزەرىيىسى تەرەققىي قىلىپ، ئەنئەنىچىلەر ئىدىيىسىنىڭ تەركىبىگە ئايلىنىپ، سۈننىي مەزھىپىگە سىڭىپ كىردى ھەمدە سۈپىلارنى يادرو قىلغان تەشكىلات بارلىققا كېلىپ، سۈپىلارنىڭ پائالىيىتى ئىسلام دىنىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگىچە كېڭەيگەن.

قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن ئىلگىرى سوپىزم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرى بار مەزھەپلەرنىڭ بىرى ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى بىر مەھەل ھۆكۈمرانلارنىڭ سوپى مەزھىپىگە ئىشىنىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھەم كۈچەپ مۇتلەقلەشتۈرگەن. بەزى كۆز قاراشلاردا ساتۇق بۇغراخان، سامانىيلار سۇلالىسىدىكى ئابدۇللا ھەسەن مۇھەممەد سۈپى كارامەتنىڭ تەسىرى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان، دەپ قارىلىدۇ. بۇ سۈپىلار ئۇستازى كېيىن مۇسا ئارسلانخانغا ياردەم

بېرىپ، ئىسلام دىنىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىدە كېڭەيتىش تەرەپلەردە مۇھىم رول ئوينىغان. قاراخانىيلار سۇلالىسىدە سوپىلار مەزھىپى بىلەن سۇننىي مەزھىپى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تۇپەيلىدىن، ئاخىر ھۆكۈمرانلار سوپىلارغا ئىشىنىشتىن ۋاز كېچىپ، باغداد خەلىپىسىنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ھۆكۈمرانى دەپ تونۇپ، سۇننىي مەزھىپىنى ھۆكۈمەت دىنى دەپ جاكارلاشقا مەجبۇر بولغان. بىراق، سوپىزم ئىدىيىسى ئاللىقاچان مۇسۇلمان ئاممىسى ئارىسىدا بەلگىلىك ئاساسقا ئىگە بولۇۋالغانىدى. مىلادىيە XII ئەسىردىن كېيىن ئەھمەت يەسەۋى ئوتتۇرا ئاسىيادا دىن تارقىتىپ نەتىجىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، سوپىزم قايتىدىن گۈللەنگەن. يەسەۋى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر تەرىپىدىن «ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى» دەپ چوقۇنۇلغان. تېمۇرىيلەر سۇلالىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا يەنە باشقا ئىككى سوپىزمچىلار مەزھىپى بار بولۇپ، بىرى پىرسىنلىك ئابدۇقادىر جىلانى (مىلادىيە 1077 — 1166 - يىللىرى) ياراتقان قادىرىيە مەزھىپى، يەنە بىرى، پىرسىيىنىڭ مەشھۇر مىستىكىزم شائىرى جالالىدىن رۇمى (مىلادىيە 1207 — 1273 - يىللىرى) ياراتقان «موللاۋىيە گۇرۇھى» ئىدى.

مىلادىيە XIV ئەسىردىن ئىلگىرى شىنجاڭدا سوپىزمنىڭ تارقىلىشىدىكى ئالاھىدىلىكلەر ئاساسەن مۇنۇلاردا ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىسى، سوپى مەزھىپى مىستىكىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى، ئىككىنچىسى؛ سوپى مەزھىپىدىكى دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ پائالىيىتى؛ ئۈچىنچىسى، سوپى مەزھىپىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان رايونلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەشقەرگە يېقىن بولغانلىقىدىن؛ باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ مەزگىلدە سوپى مەزھىپىنىڭ تەشكىللىك پائالىيىتى بارلىققا كەلمىگەن ياكى مەلۇم نامى بار سوپىنى يادرو قىلغان دىنىي تەشكىلاتمۇ

شەكىللەنمىگەنىدى. يەنە كېلىپ سوپى مەزھىپى شىنجاڭدىكى تەسىرى بار دىنىي مەزھەپ ئەمەس ئىدى.

ئەڭ بۇرۇنقى سوپىلار تەشكىلاتىنى، يەنى ئەرشىدىن خوجا كۇچادا قۇرغان سوپى تەشكىلاتىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەنىدۇق. بۇ تەشكىلات سوپىلار تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، خەلق ھىمايە قىلىدىغان مۇتلەق ھوقۇققا ئىگە شەيخى بار بولۇپ، ھەم سوپى مەزھىپىنىڭ ئۆزگىچە ئۆگىنىش شەكلىگە ئەمەل قىلاتتى. كوللېكتىپ زىكرى قىلىش مۇراسىمى بىلەن دىنىي دەرسلەرنى تاماملايتتى. ئىچكى قىسمىدا دىنىي دەرىجىگە بۆلۈنگەن، ئۇستاز ـ شاگىرتقا مىستىكىزمدىن دەرس بېرەتتى، مۇقىم دىن تارقىتىدىغان خانىقالىرى ھەمدە خېلىلا ئىشەنچلىك ئەگەشكۈچىلىرى بار ئىدى. بۇ مەزھەپ كۇچانى مەركەز قىلىپ ئاقسۇ، تۇرپان، باي قاتارلىق جايلارغا تارقالغانىدى. شەيخ ئوخشاش بىر ۋاقىتتا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئىسلام دىنىي باشلىقى (شەيخۇلئىسلام) ى ئىدى. شۇڭا، ئەرشىدىن خوجىدىن باشلاپ سوپى مەزھىپىنىڭ پائالىيىتى تەشكىللىك، تەسىرى بار دىنىي مەزھەپ پائالىيىتى بولۇپ قالغانىدى.

يەكەن خانلىقىدا سوپىزىم تولۇق گۈللەنگەن. بۇ ۋاقىتتا سوپى مەزھىپى ئىنتايىن جانلىق دىنىي مەزھەپ بولۇپلا قالماي، تەدرىجىي ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرىۋاتقان دىنىي مەزھەپ بولۇپ، خانلىقتا بىر قانچە تارماق چوڭ دىنىي مەزھەپنى شەكىللەندۈرگەنىدى. قەشقەر، يەكەن، كۇچالار ئايرىم ـ ئايرىم شۇ دىنىي مەزھىپىنىڭ مەركەزلىرى بولۇپ، مۇرىتلىرىنىڭ سانىمۇ تېز كۆپىيىپ، كۆپ بولغاندا 300 مىڭ ئادەمگە يەتكەن. بۇ دەۋردىكى سوپى مەزھىپى ئانچە مۇرەككەپ ئەمەس ئىدى. ئۇلار خوجىلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق سىستېمىسى بويىچە ئۈچ تارماققا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئەرشىدىن خوجا ئۇرۇقى، مۇھەممەد شېرىپ خوجا جەمەتى ۋە مەخدۇم ئەزەم خوجىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى

ئىدى. دىنىي تەشكىلات بويىچە مەنبەسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قەدىرىيە، يەسەۋىيە ۋە نەقشىبەندىيە ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئىراندا بارلىققا كەلگەن سوپى تەشكىلاتى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، مەزھەپ ئىسمى ۋە تاكامۇللىشىش شەكلىدە ئاز بولمىغان ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن ھەم ئوخشاشمىغان مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ، شىنجاڭدىكى سوپى مەزھىپىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان.

ئەرشىدىن خوجا جەمەتىنىڭ مەزھىپى قەدىرىيەنى مەنبە قىلىدۇ، شىنجاڭدا تارقىلىش جەريانىدا بۇ مەزھەپ ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇنلىغان دىنىي قاراشلىرى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ھەمدە ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇرۇپ، ئەسلىدىكى مەزھەپتىن خېلىلا ئۆزگىرىپ كەتكەن. بىراق، بۇ مەزھەپ باشتىن - ئاخىر جوجلار جەمەتى ئىماملىقىدىكى بىر يادرونى ساقلاپ كەلگەچكە، ئىزچىل خېلى ئۇزۇن ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. مىلادىيە XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرى XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، بۇ مەزھەپتە بىر قېتىملىق ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. مەھمۇد چۇراسنىڭ «تاۋارىخ» ۋە «ئەرشىدىن خوجا تەرجىمىھالى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئىسھاق خوجا ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپاندا دىن تارقاتقاندا، شۇ جايلاردىكى نۇرغۇن سوپى مۇرىتلىرى ئۇنىڭغا ئەگەشكەن. بۇ جايلاردىكى ئەرشىدىن خوجىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى باشلامچىلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى يولىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى جاكارلاپ، نەقشىبەندىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلغان. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، بۇ مەزھەپنىڭ يەكەن خانلىقىدىكى دىنىي ئورنى زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ كەتكەچكە، تەرەققىيات ئۈچۈن ئامالسىز «مەزھەپ ئالماشتۇرۇشقان». شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەرشىدىن خوجىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ بۇ رايونلاردا بەھرىمەن بولۇۋاتقان دىنىي فېئوداللىق ئالاھىدە ئىمتىيازى ۋە ئورنى ئۆزگەرمىگەنىدى.

مۇھەممەد شېرىپ خوجىنىڭ ئۇۋەيشىيە مەزھىپى يەسەۋىيە مەزھىپىنىڭ بىر تارمىقىغا تەۋە بولۇپ، يەسەۋىيەنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغانىدى. بۇ مەزھەپ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئەقىدىسىگە رىئايە قىلىپ، ھەنەپى مەزھىپىگە ئەگەشكەندىن باشقا، شەيخكە چوقۇنۇش ۋە ئىلاھلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، شۇ مەزھەپنىڭ شەيخىنى «ئەۋلىيا» دەپ بىلىپ، ئۇنىڭ «كارامەت» يارىتالايدىغان قابىلىيىتىگە ئىشىنىپ، مازارغا چوقۇنۇشنى تەشەببۇس ھەم تەرغىب قىلىپ، مازارغا چوقۇنۇشنى مۇرىتلارنىڭ زۆرۈر بولغان دىنىي دەرسى قىلىۋالغانىدى. مەزھەپ پائالىيىتىدە شەيخكە ئەگىشىپ زىكرى قىلىش، شۇ مەزھەپنىڭ دىنىي رىسالىسىنى دېكلاماتسىيە قىلىش ۋە خەتمە تىلاۋەت ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلارنى تەشەببۇس قىلاتتى. زىكرى بايان قىلغاندا، يۇقىرى ئاۋازدا زىكرى قىلىش كېرەك ئىدى. شۇڭا يەسەۋى مەزھىپى يەنە «جەھرىيە» (ئاشكارا، ياڭراق) مەزھىپى دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇ مەزھەپنىڭ باشقا مىستىكىزم تەشكىلاتلارغا ئوخشاشلا مەزھەپ ئىچىدە قاتتىق بولغان تەشكىلى تۈزۈمى بار، دىنىي تەبىقە ئېنىق ئايرىلغان، ئۇستازنى شەيخ دەپ ئاتاپ، مۇرىتلار دىنغا كىرگەندىن كېيىن ھەرخىل دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ۋە دەرسلەرنى ئادا قىلغانغا قەدەر قاتتىق ئىنتىزامچان مەزھەپ ئىدى. ئۇۋەيشىيە تارقىلىش جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئۆرپ - ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا دىققەت قىلغان. ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادىغا چوقۇنۇش قاتارلىق قاراشلىرىنى شۇ مەزھەپنىڭ تەشەببۇس قىلىۋاتقان شەيخكە چوقۇنۇش ۋە مازارغا چوقۇنۇش ئىچىگە ئېلىپ كىرگەنلىكى ئىدى.

مەخدۇم ئەزەم خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى يەكەندە تىكلىگەن ئىككى سوپىزم تەشكىلاتى، يەنى ئىسھاقىيە ۋە ئىشانىيە بىردەك نەقشبەندىيە مەزھىپىنى ئۆزىنىڭ مەنبەسى قىلىدۇ. بۇنىڭ

ئىچىدە ئىشانىيە مەزھىپى ئەنئەنە جەھەتتە نەقىشبەندىيەگە ۋارىسلىق قىلىپ، تەرىقەت بىلەن ھەقىقەتنى بىرلەشتۈرۈشنى تەكىتلەپ، «زىكرى» نى ئۈنسىز ئوقۇپ، «خۇپىيە» (پەس ئاۋازدا ئوقۇيدىغانلار) نىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلغان. شۇ مەزھەپ ئىشىنىدىغان مازارغا چوقۇنۇشنى تەكىتلەپ، دىنىي مۇراسىملار دائىم كېچىدە ئېلىپ بېرىلغان. ئىسھاقىيە، نەقىشبەندىيە تەرىقىتىگە مەلۇم ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، يۇقىرى ئاۋازدا «زىكرى» ئوقۇشنى تەكىتلەيتتى. ئىبادەت ۋاقتىدا مۇرىتلار يۇمىلاق بولۇپ ئولتۇرۇپ بىرلىكتە «قۇرئان» نى قىرائەت قىلىپ، كەيىندىن زىكرى ئوقۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، يىپرىملاشقاندا ئەسەبىيلەرچە ساما ئۇسسۇلى ئوينايتتى، مۇرىتلارنىڭ ئىبادەت ۋاقتىدا نەشە چېكىشىگە يول قويۇلاتتى. ئىشانىيە ۋە ئىسھاقىيە شەيخلىرى ئورتاق «ئىشان» دەپ ئاتىلاتتى. ئىشانلىق مىراس قالىدىغان بولۇپ، مۇرىتلارغا نىسبەتەن تەڭداشسىز نوپۇزغا ئىگە ئىدى. دىنىي دەرىجە بويىچە ئىشاندىن كېيىن نۆۋەت بىلەن خەلىپە (شەيخنىڭ ۋاكالەتچىسى)، سوپى، ھاپىز (ئىبادەت ۋاقتىدىكى قۇرئان ئوقۇغۇچى)، مۇرىت، بۇۋى (ئايال مۇرىت) قاتارلىقلار بار ئىدى.

ئۇيغۇر تارىخىي ھۆججەتلىرىدە، سوپى مەزھىپى تەشكىلاتى يەنە «سۇلۇك» دەپ ئاتالغان. سۇلۇكنىڭ ئەسلىي مەنىسى «يول» بولۇپ، سوپىزم مۇرىتىنىڭ ئاللانى تونۇش، تاكامۇللىشىش يولىنى كۆرسىتىدۇ. ئوخشاشمىغان دىنىي مەزھەپنىڭ ئۆزىگە خاس تاۋلىنىش مۇراسىمى بولۇپ، شۇ مەزھەپنىڭ شەيخىگە چوقۇناتتى. شۇڭلاشقا، سۇلۇك يەنە سوپىلار دىنىي مەزھىپىنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆت سوپىلار تەرىقىتى گۇرۇھى يەكەن خانلىقىدىكى ئاساسلىق سۇلۇك تەشكىلاتى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم كىچىك دىنىي مەزھەپلەرمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، داۋانىيە، بۇ دەرۋىشلەر دىنىي تەشكىلاتى بولۇپ،

مۇرىتلار جۇمە كۈنى يىغىلىپ كەچتىن تاڭ ئاتقۇچە قۇرئان ئوقۇيتتى، «ئىنەكىيە»، بۇلارنىڭ ئىبادەت مۇراسىمى كېچىدە ئېلىپ بېرىلاتتى، قۇرئان ئوقۇغاندا تۆۋەن ئاۋازدا قىرائەت قىلاتتى.

سوپىلار تەرىقىتىنىڭ شەيخلىرى، ئۇستازلىرى «شەيخ»، «پىر»، «ئىشان» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلاتتى. «ئىشان» سۆزى پارسچە بولۇپ، «ئۇلار»، «ئۇلار ھەمراھ» دېگەن مەنىدە. بۇ سۆز ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەندىن كېيىن، دىنىي ئاقسۆڭەكلەر ۋە دانىشمەنلەرنىڭ بىر خىل ھۆرمەت نامى بولۇپ قالغان. كېيىن ئىشان نەقشىبەندىيە مەزھىپى ۋە ئۇنىڭ باشقا تارماق مەزھەپلىرى شەيخلەرنىڭ رەسمىي نامى بولۇپ قالغان. بۇ مەزھەپنىڭ شىنجاڭدىكى ئادىمى كۆپ، تەسىرى زور، ئۇزۇن داۋاملاشقانلىقتىن، كىشىلەر «ئىشان مەزھىپى» نى شىنجاڭدىكى سوپى مەزھىپىنىڭ ئورتاق نامى سۈپىتىدە ئاتاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بۈگۈنگىچە داۋام قىلماقتا.

## 5. ئىسلام دىنىنىڭ قازاق، قىرغىز خەلقلىرى ئارىسىدا تارقىلىشى

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بولغان قازاق ۋە قىرغىز مىللىتىمۇ ئىسلام دىنىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلغان.

قازاق مىللىتى — ئېلىمىزدىكى تارىخى ئۇزۇن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. قازاقلارنىڭ ئەجدادى قەدىمكى ئۇيسۇن، ھون، كانجۇت، ئالاغاي قاتارلىقلاردۇر. ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن شامان دىنى، زوروئاستېر دىنى، نىستۇرىئان دىنى ۋە بۇددا دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان. ئوت - چۆپ قوغلىشىدىغان كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش شەكلىنىڭ چەكلىمىلىكى ۋە قەبىلە

تۆزۈمى، ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادىتىنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كېتىشى نەتىجىسىدە، ئىسلام دىنىنىڭ قازاقلار ئارىسىدا تارقىلىش تارىخىي جەريانى ئۇزۇن ۋە ئاستا بولغان. مىلادىيە X ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىلا قازاقلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. ئەينى ۋاقىتتا ماۋرائۇننەھر ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۈرك تىلىدىكى يايلاق قەبىلىلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بولۇپمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئىسلامىيەت رايونلىرى بىلەن توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئالماشتۇرۇش جەريانى ئارقىلىق، بۇ كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر بىلەن ئىسلام دىنىدا زىچ مۇناسىۋەتلەر بارلىققا كېلىپ، تەدرىجىي ھالدا ئىسلام دىنىدا دىنىي مۇرىتلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە تۇرمۇش شەكلى بىلەن پىششىق تونۇشقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ مەزگىلدە مۇسۇلمان سودىگەرلەر ۋە سوپى مەزھىپىنىڭ دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ ماۋرائۇننەھرگە يېقىن جايدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئارىسىدىكى پائالىيەتلەرمۇ كۆپىيىپ، ئۇلارنىڭ بىۋاسىتە تەسىرى بىلەن بىر قىسىم كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. قەدىمكى پارس يېزىقىدىكى جۇغراپىيە يادىكارلىقى «ھۇدۇدۇلئالەم» ناملىق كىتابتا، ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان تۈركىي تىلىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنى «جەڭدىن قايتقان تۈركلەر» دەپ ئاتىغان. بۇنىڭ ئىچىدە سۈكەنت (سىر دەرياسىنىڭ سول قىرغىقى)، ئىسپىجاب (بۈگۈنكى قازاقىستاندىكى چىمكەنت) قاتارلىق جايلاردىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەردىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. قازاقلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ

بىرى بولغان قارلۇق قەبىلىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان دائىرىسى يۇقىرىدىكى جايلار بولغان. بىراق ئوخشاشلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بۇ كۆچمەن چارۋىچى خەلق دىنىي قاراش ۋە تۇرمۇش ئادىتىدە يەنىلا تەبىئەتكە چوقۇنۇش، هايۋانات، زىرائەتلەرگە چوقۇنۇش ۋە ئەجدادىغا چوقۇنۇش قاتارلىقلارنى ساقلاپ قالغان. بولۇپمۇ شامان دىنىي قازاقلارنىڭ ئەجدادى ئاساسلىق ئېتىقاد قىلغان دىن بولۇپ، تارقىلىش ۋاقتى ئۇزۇن هەم كەڭ ئومۇملاشقانىدى. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى خېلى ئۇزۇن مەزگىل ئىچىدە، شامان دىنى پېرىخونلىرى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئىچىدە ناهايىتى جانلانغان بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي قاراشلىرى ۋە قائىدىلىرى كەڭ تارقىلالمىغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا چۇ دەرياسىدىن شەرقتە ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان كەڭرى رايونلاردىكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر، هەتتا ئىسلام دىنى بىلەن ئاساسەن ئۇچراشمىغان بولۇپ، هەر قايسى قەبىلىلەر يەنىلا ئەجدادلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ساقلاپ قالغانىدى. نايمان، كىرەي قەبىلىلىرى ئارىسىدا مىلادىيە XII ئەسىردىمۇ نىستورىئان دىنى خېلى گۈللەنگەن.

مىلادىيە XIII ئەسىردە ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ خانى بېركى خان (مىلادىيە 1257 — 1266 - يىلىغىچە) باشلامچىلىق بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئۆزبېكخان هۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە (مىلادىيە 1312 — 1342 - يىلىغىچە) ئىسلام دىنى ئالتۇن ئوردا خانلىقىدا نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان. ئۇ خەلقنى ئىسلام دىنىغا ئىشىنىشكە مەجبۇرلاپلا قالماي، يەنە يارلىق چۈشۈرۈپ، شامان دىنىي باخشىلىرى ۋە بۇددا دىنىي راهىبلىرىنى ئۆلتۈرگەن. مىلادىيە 1314 - يىلى ئۆزبېكخان مىسىر ۋە مەملۇك سۇلتانى مىر ناسىرغا ئەلچى ئەۋەتىپ دوكلات قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىسلام دىنى جۇڭگودىن باشلاپ غەربتىكى هەر

قايسى دۆلەتلەرگىچە تارقالدى» ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ (ئۆزبېكخان) دۆلىتىدە يەنە بىرقىسىم كىشىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىدى. بىراق، ئىشىنىش ۋە ئۇرۇشنى تاللاشقا بۇيرۇغان. ئۇلار دىنىى رەت قىلىپ جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۆلتۈرۈپ ئەسىر ئېلىپ، تامام قىرىۋەتتىم»[1] ئۆزبېكخان ئالتۇن ئوردا خانلىقىدا ئىسلام دىنىنى كېڭەيتكەن ئاساسلىق شەخس ئىدى. ئۇنىڭ كۈچلۈك ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تەشەببۇسى بىلەن ئىسلام دىنى ھەر قايسى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئارىسىدا غايەت زور تەسىر پەيدا قىلغان. قازاق خەلقىنىڭ «ئۆزبېكخان قالدۇرغان» دېگەن ماقالىمۇ مۇشۇ ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

بىراق، ئۆزبېكخان دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى شەھەر تۇرمۇشى ۋە كۆچمەن چارۋىچى فېئوداللار قاتلىمى دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتەلمىدى، نۇرغۇن كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر يەنىلا ئۇزۇن مۇددەت شامان دىنى قاتارلىق كونا دىنىي قاراشنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولدى. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، مىلادىيە XV ئەسىردىن كېيىنمۇ قىپچاق يايلاقلىرىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى[2]. ئەلۋەتتە بۇ خىل يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئىسلاملىشىشنى كېڭەيتىش ئۇچۇن ئۇزۇن مەزگىل، مۇرەككەپ ۋە تەكرار جەريان كېرەك ئىدى.

مىلادىيە XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن مىلادىيە XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچىلار بەس - بەستە قازاقلار رايونىغا كېلىپ، كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر ئارىسىدا ئىسلام دىنىي ئەقىدىسى،

---

① ياكوبوسكى: «ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ گۈللىنىش، خارابلىشىش تارىخى» (يۇ داجۇن تەرجىمىسى)، 136 - بەت، شاڭۋۇ كىتابچىلىق باسمىسى، 1985 - يىل نەشرى.

② يۇقىرىقى كىتاب، 134 - بەت.

قائىدىلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، تۇرالغۇ جايلاردا مەسچىتلەرنى قۇرۇپ، قازاق خەلقى ئۈچۈن ئىسلام دىنىي موللىلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىپ، ئىسلام دىنىنى كۆچمەن چارۋىچى خەلق ئارىسىدا يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيتكەن، مىلادىيە 1580 - يىلىدىن كېيىن، يەكەن خانلىقىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئىسھاق خوجا قازاقلار رايونىغا بېرىپ دىن تارقىتىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ مۇئەييەن تەسىر پەيدا قىلغان. «خوجىلار تەرجىمىھالى» نىڭ ئاپتورى مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىسھاق خوجا قازاقلار ئارىسىدا دىن تارقاتقاندا، «ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئىسلام دىنىغا كىرگەن» . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قازاقلارنىڭ بىر قىسىم فېئودال يۇقىرى قاتلام شەخسلىرى ۋە زىيالىيلىرىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم شەھەرلەرگە بېرىپ، دىنىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئىسلام دىنىي بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، بىر تۈركۈم ئەرەب تىلى ۋە قۇرئان بىلىملىرىدە كامالەتكە يەتكەن موللا ۋە ئالىملار بارلىققا كەلگەن، ئابرۇيىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. بۇ ۋاقىتتا ئىسلام دىنى قازاق خەلقى ئارىسىدا ئومۇميۈزلۈك ئومۇملىشىپ، ئاللانى بىردىنبىر ئىلاھ دەيدىغان ئېتىقاد قارىشىمۇ كۆپ قىسىم قازاق خەلقى ئارىسىدا ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىنىپ، ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولى كۈنسېرى گەۋدىلىك بولغان. مىلادىيە XVII ئەسىردىن كېيىن، قازاق خەلقى ئاساسىي جەھەتتىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلق بولۇپ قالغان. بىراق شامان دىنىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى تەسىرى يەنىلا خېلى چوڭقۇر بولۇپ، بەزى قاراشلار ئىسلام دىنى بىلەن ئۆزئارا سىڭىشىپ، قازاق خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن، خەلق ئارىسىدا شامان دىنىي پېرىخونلىرى پېرى ئويناپ ئەپسۇن ئوقۇغان ۋاقىتتا، «ئاللاھەق»

دەيدىغان شوئارلارنى قىستۇرۇپ قويغان. شۇنداقلا بەزى ئىسلام دىنىي مۇراسىملىرىدىمۇ شامان دىنى ياكى تەبىئەتكە چوقۇنۇشنىڭ قالدۇقلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن.

قازاقلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن تارتىپ سۈننى مەزھەپكە ئېتىقاد قىلغان بولۇپ، دىنىي ئەھكام جەھەتتە ھەنەپىيە مەزھىپىگە تەۋە ئىدى. قەدىمكى قازاقلار قەدىمكى تۈرك يېزىقى، ئۇيغۇر يېزىقى ۋە موڭغۇل يېزىقىنى ئىشلەتكەن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلىدىغان قازاق يېزىقىنى ئىشلەتتى.

قازاقلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئەدلىيە تۈزۈمىدە پۈتۈنلەي ئىسلام دىنىي شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىپ كېتەلمىدى. موللىنىڭ ئەدلىيە ھوقۇقى يوق، قەبىلە باشلىقىنىڭ ھوقۇقى موللىدىن يۇقىرى ئىدى، قەبىلە باشلىقى ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە ئەدلىيە ئىشلىرىغا ھۆكۈم قىلاتتى. بەزى قەبىلە باشلىقى بىرلا ۋاقىتتا موللا، سىياسىي، دىنىي ھوقۇقنى يۈرگۈزەتتى. قازاق خانلىقى دەۋرىدە، ئىلگىرى - كېيىن ئۈچ قانۇن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇلار مىلادىيە 1511 — 1523 - يىللار ئارلىقىدا تۈزۈلگەن «قاسىم قانۇنى»، مىلادىيە 1598 — 1645 - يىللاردا ئەسىمخان تۈزگەن «ئەسىمخان ئادەت قانۇنى»، 1680 — 1718 - يىللاردا توكەخان تۈزگەن «توكە قانۇنى» دۇر. بۇ قانۇنلار قازاقلارنىڭ قەدىمكى ئادەت قانۇنىنى ئاساس قىلىپ، فېئودال دىنىي تۈزۈمىنى قوغداش ئۈچۈن تۈزۈلگەن. ئىسلام قانۇنى «شەرىئەت» بۇ قانۇنلارنى تۈزۈشتىكى مۇھىم ئاساس بولۇپ قالغان. بۇنىڭدا ئاساسەن ئىسلام دىنىنىڭ ئاللا بىر دەيدىغان ئېتىقادى، تەقدىرچىلىككە ئىتائەت قىلىش ۋە ئاخىرەت، پېشانىگە پۈتۈلمەك قاتارلىق دىنى ئەقىدىلەر ئەكس ئەتكەن. «توكە قانۇنى» دا «خۇدا (پارسچە «ئاللا» مەنىسىدە) نى تىللىغۇچىلار يەتتە ئادەم

گۈۋاھلىقتىن ئۆتسە تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. نىكاھ قانۇنىدا ئىسلام شەرئىيتى بويىچە : «بىر ئەر تۆت خوتۇن ئالسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. نىكاھ موللا «نىكاھ» ئوقۇغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولغان. مېيىتنى دەپنە قىلغاندا كېپەنگە يۆگىلىپ، ئىسلام دىنىي ئادىتى بويىچە تۇپراققا دەپنە قىلىنغان. ئىسلام دىنىدا بەلگىلەنگەن بويىــــچە بايرام ئۆتكۈزۈلگەن. بىراق، قازاق قانۇنىدا كونا ئادەت قانۇنىنىــڭ مەزمۇنى گەۋدىلىك بولۇپ، قانداشلار ئۆچ ئېلىش «تانداق» (بالا مىراسلىق قىلىش تۈزۈمى) گە ئائىت، ئەمىنگىر (تۇل خوتۇن ياتلىق بولۇش) ۋە تۆلەم، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

قىرغىزلار — شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان يەنە بىر ئاساسلىق مىللەت. بىراق، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ۋاقتى كېيىنرەك بولۇپ، ئۇلار مىلادىيە XVII ئەسىردىن كېيىن، ئاندىن مۇسۇلمان بولغان.

يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىــــدا ئولتۇراقلاشقان قىرغىزلار ئاساسلىق شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، «تەڭرى» گە چوقۇنۇش «ئوماي»غا (ئوت ئىلاھى. كېيىنكى ئەۋلادلارنــى قوغدايدىغان ئىلاھ) ۋە هايۋانلارنى توتېم قىلىش قاتارلىقلارغا ئىشەنگەن. ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى قىرغىزلارنىڭ ئەجدادلىرى بۇ خىل ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادىنى ئاساسەن ساقلاپ قالغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىن قۇملۇقنىڭ شىمالىغا تارقالغان زوروئاستېر دىنى، مانى دىنى، نىستورىيا دىنى، بۇددا دىنى قاتارلىقلار قىرغىزلار ئارىسىغا تارقىلالمىغان.

مىلادىيە XV ئەســـىرنىــڭ ئوتتۇرىلىـــرىدا، ئويرات قەبىلىسىدىكى ئىسەن تاش قىرغىـــزلارغا هۇجۇم قوزغايدۇ. مەشھۇر داستان «ماناس» تا بۇ ئىش مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«ھۆكۈمران ئىسەنخان 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ بىز بىلەن ئۇرۇشتى. ئۇ قىرغىزلارنى مەغلۇپ قىلىپ تۇپرىقىمىزنى قانغا بويىدى. نوغايلار سىستېمىسىدىكى ئەۋلادلارنى قوغلاپ چىقاردى»[①]. شۇنىڭدىن ئېتىبارەت قىرغىزلار يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن مەجبۇرىي ئايرىلىپ، تەڭرىتاغ رايونلىرىغا كېلىپ چارۋىچىلىق قىلدى. بۇ قېتىمقى كۆچۈش قىرغىزلارغا نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم بولۇپ، ئۇلار ئىسلام دىنىي رايونى بىلەن قوشنا رايوندا تۇردى، بۇ كېيىن ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىكى ئوبيېكتىپ شارائىت ئىدى. مىلادىيە XVI ئەسىردە قىرغىزلار يەنىلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر قىرغىزلارنىڭ «زور كۆپچىلىكى ئېتىقاد قىلمىغان»[②]، دەپ قارايدۇ. شافئى مىلادىيە 1582 ـ يىلى يازغان تۈركچە قوليازمىدا: «قىرغىزلار موڭغۇللار بىلەن ئوخشاش ئېرىقتىن، پادىشاھى يوق، پەقەت قاشقاقبەگ دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار كاپىرمۇ ئەمەس، مۇسۇلمانمۇ ئەمەس»[③]، ئۇلارنىڭ ئېتىقادى يوق، دېگەن. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنىدىغان، شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىپتىدائىي ئېتىقاددىكىلەرگە نىسبەتەن ساقلاپ قالغان بىر خىل قارىشى ئىدى. «كاپىر» ئادەتتە ئاساسەن خرىستىئان دىنى، يەھۇدى دىنى، بۇددا دىنى، (لاما دىنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قاتارلىق بىر خۇدالىق ياكى كۆپ خۇدالىق دىن مۇرىتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەلۋەتتە «غەيرىي دىن مۇرىتى» (كاپىر) دېگەن بۇ ئۇقۇم ئۇنداق مۇقىممۇ ئەمەس، بەزى ۋاقىتتا بارلىق ئىسلام

---

① «قىرغىزلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 61 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.
② مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدى»، 2 ـ قىسىم، 315 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.
③ «قىرغىزلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 76 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.

دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. شامان دىنى ۋە ئىپتىدائىي دىن قارىشىدا، باشقا دىنلار ئادەتتە چەتكە قېقىلمايتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى قىرغىزلار ئۇلارنى «غەيرىي دىن مۇرتى» دەپ قارىمىغان. بۇ قىرغىزلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىغا پايدىلىق ئىدى. يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، سەئىدخان ۋە ئابدۇرەشىدخان دىنىنى باھانە قىلىپ قىرغىزلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىغان[1].

مىلادىيە XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىسھاق خوجا قىرغىز قەبىلىلىرى ئارىسىغا كىلىپ ئىسلام دىنىنى تارقاتقان. «خوجا ئىسھاق تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە، ئۇ بىر تەرەپتىن دىن تارقىتىپ، بىر تەرەپتىن دورىگەرلىك قىلىپ، ئويلاپ باقمىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. قىرغىزلار ئۇنى «ئەۋلىيا» دەپ ئىشەنگەن. مىلادىيە 1603 ـ يىللىرى ئەتراپىدا يېزىلغان «زىيا ئۇلقولوب» (قەلب نۇرى) ناملىق قولىيازما كىتابتا، ئىسھاق خوجا قىرغىز قەبىلىلىرىگە دىن تارقاتقان ۋاقىتتا، 180 مىڭ كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. بۇ مىلادىيە XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قازاق، قىرغىز، ھەتتا ئويراتلار قاتارلىق چارۋىچى مىللەتلەر ئارىسىدا، كەڭ كۆلەملىك ئىسلامنى تەشۋىق قىلىش ھەرىكىتىنىڭ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئارىسىغا كىرىپ دىن تارقاتقانلار پەقەت ئىسھاقلا ئەمەس، بىراق ئۇنىڭ رولى ھەقىقەتەن خېلىلا گەۋدىلىك بولغان. يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، قىرغىز ۋە قازاقلارنىڭ دىنىي قارىشىنىڭ نىسبەتەن ئاجىز بولۇشى ۋە ئوبيېكتىپ شارائىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئۇلار ئىسلام دىنىي تەشۋىقاتىنى نىسبەتەن

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدى»، 2 ـ قىسىم، 285 ـ، 300 ـ، 315 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل نەشرى.

ئوڭايراق قوبۇل قىلغان. ئەكسىچە ئويراتلار شەرقىي موڭغۇللار
ئارقىلىق لاما ھەم بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. شۇڭا، بۇ خىل
تەشۋىقاتقا تاقابىل تۇرۇپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغان.

مىلادىيە XVII ئەسىردە قىرغىزلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلام
دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. (يەنە ئاز بىر قىسمى شىمالىي
شىنجاڭدىكى دۆربىلجىندە تۇرۇپ لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلغان)
قازاقلارغا ئوخشاش قىرغىزلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش
بىلەن بىر ۋاقىتتا، فېئوداللىق ئۇرۇقداشلىق دىنىي تۈزۈمى ۋە
شامان دىنىنىڭ تەسىرىنى ساقلاپ قالغان، دىنىي ئەھكام
جەھەتتە، سۈننى مەزھىپىنىڭ ھەنەپىيە مەزھىپىگە تەۋە ئىدى.

# بەشىنچى باب يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت

## 1. ئەدەبىيات، ناخشا ـ ئۇسسۇل، بىناكارلىق ۋە مائارىپ

يەكەن خانلىقىدا ئۇيغۇرلار سىياسىي، دىن، تىل ـ يېزىق قاتارلىق جەھەتلەردە بىرلىككە كېلىشنى ئىشقا ئاشۇرغان. ھاكىمىيەت بىر قەدەر مۇقىم، ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇھىتى نىسبەتەن خاتىرجەم، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان قاتارلىق جايلار بىلەن بىر قەدەر زىچ مۇناسىۋەتنى ساقلىغاچقا، مەدەنىيەت جەھەتتە گۈللىنىش بارلىققا كېلىپ، دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ياراتقان. بۇ دەۋر مەدەنىيىتى «قۇتادغۇ بىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى بەلگە قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەتكە ئىزچىل ۋارىسلىق قىلغان ھەمدە ئازراق پەرقمۇ بار. شۇنداقلا بۇ دەۋر قاراخانىيلار دەۋرىدىن بۇيانقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن يەنە بىر يۇقىرى پەللىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋر مەدەنىيىتى ئۆچ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىرىنچى، «چاغاتاي ئەدەبىياتى» نى بەلگە قىلغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، بۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ يولباشچىسى بولغان. ئىككىنچىدىن، ئەدەبىيات، ئىلاھىيەتشۇناسلىق، تارىختىن تارتىپ مۇزىكا، ئۇسسۇل، بىناكارلىق قاتارلىق مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ھەرخىل ئىپادىلەش

شەكلى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە راۋاجلىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك چوڭ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۈچىنچىدىن، بۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت، سەنئەت ئىسلام دىنىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچراپ، ئىسلام مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولدى.

ئەدەبىيات جەھەتتە مىلادىيە XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا شەكىللەندۈرگەن بۇ خىل رايون خاراكتېرلىك ئورتاق بولغان ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ئاساسىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىيە تىلىنى ئاساس قىلىپ ئەرەب تىلى، پارس تىلى، شۇنداقلا موڭغۇل تىلى سۆزلۈكلىرىنى قوبۇل قىلغان تۈرك يېزىقى بارلىققا كەلدى. بۇ خىل يېزىق ئاساسلىقى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئارىسىدا ئىشلىتىلدى. ئۇيغۇرلار بۇنى مىلادىيە XX ئەسىرنىڭ دەسلىپىگىچە ئىشلەتتى. بۇ خىل يېزىق ئەسلىدە چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە پەيدا بولغانلىقى ھەمدە ئىشلىتىلگەچكە، «چاغاتاي يېزىقى» دەپ ئاتالغان. چاغاتاي يېزىقى ئاساسلىق ئەدەبىيات ئۈچۈن خىزمەت قىلغان، شۇڭا چاغاتاي تىلى بىلەن يېزىلغان ئەدەبىي ئىجادىيەتلەر «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەپ ئاتىلىدۇ. چاغاتاي ئەدەبىياتى مىلادىيە XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى تۈرلۈك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى بولۇپ قالدى.

چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى تىمۇرىيلەر سۇلالىسى ئىدى. تېمۇر — تۈرك - ئىسلام مەدەنىيىتىگە بەكمۇ چوقۇناتتى. سۇلالە قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزۈن مەزگىل پارس تىلى، ئەرەب تىلى ئارقىلىق ئەسەر يېزىلىدىغان ئادەتنى قەتئىي بىكار قىلىپ، تۈرك تىلىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىپ، مىللىي مەدەنىيەت ئېڭىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ تۈرك تىلى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى. تېمۇرنىڭ ۋارىسلىرىمۇ بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ قىزغىن

تەشەببۇسچىلىرى ۋە ھەۋەسكارلىرى ئىدى. مەسىلەن، سۇلتان بايسۇنغۇر، سۇلتان ئەھمەد مىرزا، سۇلتان ئىسكەندەر ۋە سۇلتان ھۈسەيىن قاتارلىقلار ئەينى ۋاقىتتا داڭلىق شائىرلار بولۇپ، كېيىنكىلەر ئۈچۈن نادىر دىۋانلارنى قالدۇرغانىدى. ئېخىمۇ داڭلىق بولغىنى ئىمپېراتور بابۇر بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىنى ئاساس قىلغان «بابۇرنامە» جامائەتچىلىك تەرىپىدىن چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىسى[1] دەپ قارالغان. ئۇلۇغبەگ دەۋرىدە ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرى زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى. ئەدەبىي ئىجادىيەت زور دەرىجىدە گۈللەندى. سەمەرقەنت، ھىرات، بۇخارا قاتارلىق جايلاردا ھەر مىللەتنىڭ نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرى توپلانغان بولۇپ، نەۋائىيدەك داڭلىق شائىرلار مەيدانغا كەلگەن. نەۋائىي ۋە ئۇيغۇر شائىرى سەككاكى، ئاتايى، لۇتفى قاتارلىقلار جامائەتچىلىك تەرىپىدىن چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ پېشىۋالىرى، دەپ تونۇلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، چاغاتاي تىلىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ماس كېلىدىغانلىقى، پارس تىلىدىن ھەرگىزمۇ تۆۋەن تۇرمايدىغانلىقى، تىلىنىڭ ئاددىي، گۈزەل، يېڭى ئىكەنلىكى، رىئال سيۇژىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتە پارس تىلىدا يېزىلغان شېئىرلاردىنمۇ بەكرەك مول ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى[2]. ئۇلار ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇش، بۇ خىل ئەدەبىي تىلنى بېيىتىش ۋە ئۆستۈرۈشتە ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشۇپ، كېيىنكى ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشىغا زور تەسىر پەيدا قىلدى.

مىلادىيە XVI ئەسىردە ماۋرائۇننەھر ئۆزبېكخانلارنىڭ

---

① خاندا تورو: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، (گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان)، 98 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى.

② «بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى»، 5 - جىلد، «چاغاتاي ئەدەبىياتى»، موسكۋا، 1965 - يىل نەشرى.

بىسىپ كىرىشى تۈپەيلىدىن مەدەنىي تۇرمۇشى توختاپ قېلىش ھالىتىدە تۇرغاندا، چاغاتاي ئەدەبىياتى يەكەن خانلىقىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، يەكەن، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىنى ياراتتى. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى باسقۇچ، سەئىدخاندىن تارتىپ ئابدۇكېرىمخانغىچە بولغان پۈتكۈل XVI ئەسىر بولۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى بىر قەدەر ئەركىن، ئىدىيىسى جانلىق، سۇژىتلىرى مۇھەببەت، ئەخلاق، بىلىم ۋە گۈزەل شەيئىلەرنى ئاساس قىلغان، شەكلى ۋە ئۇسۇلى بىر قەدەر كۆپ خىل ئوبرازلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئوردا ئەدەبىياتىدا سالماق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئىككىنچى باسقۇچ، مىلادىيە XVII ئەسىردىن كېيىن خوجىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، بىدئەت تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ كونتروللۇقىنىڭ پەيدىنپەي كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، مىستىكىزم، دىن مۇخلىسلىرىغا چوقۇنۇش، تەركىدۇنيالىقنى تەشۋىق قىلىدىغان، سوپىزم ئەدەبىياتى بارلىققا كەلدى. يەنە بىر جەھەتتە، ئەدەبىياتتىكى بۇ تەتۈر ئېقىمغا قارشى ئىشان - سوپىلارنىڭ ساختا، ئاچ كۆزلۈكىنى ئېچىپ تاشلايدىغان، ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەرخىل شەكىللەردە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ، مەزمۇن جەھەتتە خەلقپەرۋەرلىككە ئىگە بولۇشقا باشلىدى.

يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى، ئوردا يۇقىرى قاتلىمىدىكى مەدەنىي تۇرمۇش مول مەزمۇنلۇق بولۇپ، پايتەختكە ئاز بولمىغان شائىر، ئالىم مۇزىكانت، ئۇسسۇلچى ۋە ھەرخىل سەنئەتكارلار توپلانغان، ناخشا - ئۇسسۇل، كۆڭۈل ئېچىش، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشلار، دائىم تاڭ ئاتقۇچە ئېلىپ بېرىلاتتى. ھۆكۈمرانلارمۇ بۇنىڭغا ماھىر ئىدى. سەئىدخان

تالانتلىق شائىر بولۇپ، ئۇ پارس ۋە تۈرك تىلىدا ئىنتايىن راۋان، چىرايلىق سۆزلەيتتى. بىراق، شېئىر يازغاندا، خەت يازغاندا دائىم تۈرك تىلىنى ئىشلىتەتتى. «ئۇ شېئىر يازغاندا ئۆزىلا ئوقۇماي، بەلكى يىغىلىش ياكى مۇراسىمدا دېكلاماتسىيە قىلاتتى. ئەگەر يېنىدا بىر دىۋاننى ئېچىپ، قاپىيىنى بەلگىلەپ بەرسە شۇ يەردىلا ئوقۇيتتى»[①] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ئۇنىڭ شېئىرى قايىل قىلارلىق كۈچلۈك بولۇپ، ھەقىــقەتەنمۇ ئاز ئۇچرايدۇ دەپ ماختايدۇ. سەئىــدخان يەنە مۇزىكانت بولۇپ، باربىت، ئۇچ تارلىق ۋە تۆت تارلىق ئىسكىرىپكا ۋە غېجەك (بىر خىل كىچىك ئىسكىرىپكا) نى چېلىــشقا ئۇستا ئىــدى.
ئابدۇرەشىدخان ۋە مەلىكە ئامانىساخانمۇ داڭلىق شائىر ۋە مۇزىكا ئۇستازلىرى ئىدى. ئامانىساخاننىڭ «دىۋانى نەفىسە»، «گۈزەل ئەخلاق»، «قەلبلەر سۆھبىتى» قاتارلىــق ئەسەرلــىرى، ئابدۇرەشىدخاننىڭ «دىۋانى رەشىــدى»، «ئابدۇرەشىــدخان غەزەللىرىدىن تاللانما» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار، بىراق بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. ئابدۇرەشىدخاننىڭ مەلۇم شېئىرلىرىدىن ئېلىنغان پارچىلار شاھ مەخمۇد چۇراسنىــڭ «تاۋارىخ» دا ئۇچرايدۇ. بۇ شېئىرلاردىن ئۇنىــڭ ئاتىــسىــغا ئوخشاش تالانتلىقلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
پارس تىلىدىكى ئىككىلىك شېئىر:

گەر بوينۇڭنى سەۋرى دېسەم سەۋرىنىڭ يوق مېڭىشى،
گەر لېۋىڭنى غۇنچەم دېسەم غۇنچەمنىڭ يوق سۆزلىشى.

چاغاتاي تىلىدىكى شېئىر:

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدى»، 1 ـ قىسىم، 362 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.

دۇنيا بىر ھۆسنى ئەھلىدەك نامىھرىبانى يىش ئەمەس،
كىمكى سۆيسە سودىدىن كۆپرەك زىيانىنى پىش ئەمەس.
دۇنيانى باقى تەسەررۇپ تۇتمىغىل شەدداد ـ دەك،
نەچچە بىر ئىت كەم دېگەندەك ئۇتخۇانى پىش ئەمەس.
دۇنياغا پەرزەنت ئادەمنى ئەۋرمەكتىن غەرەز،
قۇللۇقۇم قىلغايمۇ ھەپ بىر ئىمتىھانى پىش ئەمەس.
سەلتەنەت تەختىدە مەندۇرمەن دېگەن ئۇل شاھلار،
جان بىرۇردە بىر گادايى ناتىۋنى پىش ئەمەس.
ئى رەشىد بولمىغىل مەغرۇر جاھان گۇلزارىغا،
قايسى گۇلشەننىڭ گۇلى ئاخىر غازانى پىش ئەمەس.

چاغاتاي تىلىدىكى شېئىر:

ئى پەيك سابا مېنىڭ پىيامىم يەتكۈز،
يارىمغا نىياز ئىلىك سالامىم يەتكۈز.
گەر سۇبى ۋە شام قېشىغا يەتسەڭ،
ئەلۋەتتە دۇئىيى سۇبھى ۋە شامىم يەتكۈز.

بۇ دەۋردە نەتىجىسى ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولغان شائىر قىدىرخان ئىدى. ئۇ يەكەنلىك بولۇپ، ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئوردىدىكى مۇزىكا ئۇستازى بولغان. ئۇنىڭ گەۋدىلىك تۆھپىسى ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «مۇقام» نى رەتلەش ۋە ۋارىسلىق قىلىش ئىدى. ئەدەبىيات جەھەتتە، ئۇ ئاز بولغاندىمۇ 2000 كۇپلېتتىن كۆپرەك (غەزەل) يازغان. شېئىرى ۋە ئوبزورنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توققۇز جىلدلىق توپلام تۈزگەن. بۇ ئەسەرلەرنىڭ نامى: (1) «رىغبەتۇل روھ»، (2) «تاللانغان ۋەزىنلەر»، (3) «شەھنامەسۆيلىرى»، (4) «سىپايىلىق ۋە پىشىپ يېتىلگۈچىلەر»، (5) «ماختاش، ئۇرغۇ، ھېسسىيات

كۆڭۈلدىكىدەك بولۇش» ، (6) «ئاز ئۇچرايدىغان بىر كۇپلېت غەزەل» ، (7) «يۇمۇر ۋە راۋان بولغان مۇئەممىا» ، (8) «تەبىئىي ئىپادىلەنگەن بىر قىسىم غەزەللەر» ، (9) «ئىلھام ۋە ماس كېلىش» تۇر. قىدىرخاننىڭ داڭلىق ئەسىرى «دىۋانى قىدىرىدۇر» ، بىراق بۇ ئەسەرلەر بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

يەنە بىر داڭلىق شائىر ئاياز شىكەستە بولۇپ، ئۇنىڭ «دۇنيا خاتىرىلىرى» داستانى بار. بۇ داستان ئۇزۇن مەزگىللەردىن بېرى غايىب بولغان بولۇپ ھېچكىم بىلمىگەن. 1982 ـ يىلىغا كەلگەندە قەشقەر خەلقى ئارىسىدىن تېپىلغان. 1991 ـ يىلى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان. داستاننىڭ ئاساسىي قىسمى خەلق ئارىسىدىكى ھېكايىنى يىپ ئۇچى قىلىپ سەمەن شاھزادىسى فەرۇزشاھ بىلەن چۇشىدىكى پەرىزاتنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان. ئوتتۇرىغا ئەنئەنىۋى ھېكايە، مەسەللەر قىستۇرۇلغان. ئاپتور داستاندىكى شەخسلەرنىڭ كەچۈرمىشى ۋە دىئالوگىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتا بولغان ھېسسىياتىنى بايان قىلىپ، كىشىلەرنى بۇ دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغەت ۋە بايلىقلىرىغا مەھلىيا بولماسلىقنى، كۆپرەك ساۋابلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەخلاق بابىنى بېيىتىپ، مەڭگۈلۈك بەختنى قوغلىشىشقا ئاگاھلاندۇرىدۇ. ھۆكۈمرانلارغا دۆلەتنى ئىدارە قىلغاندا ئادالەتنى ياقىلاپ، خەلقنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىگە كۆڭۈل، مېھر ـ شەپقەت، ھىممەت ئىشكىنى كەڭ ئاچقاندا تەختنى ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقى، دۆلەتنىڭمۇ قۇدرەت تاپالايدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى ئەگرى ـ توقاي، قىزىقارلىق، جانلىق ئىپادىلەنگەن، كىشىنى غەلىبىگە باشلايدىغان پېرسوناژلار ئوبرازى، داستاندا پەلسەپىۋى ھېكمەتلەرمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، قارىغاندا كىشىلەر ۋە خانغا نەسىھەت قىلىپ يېزىلغان «ئىبرەتنامە» دەك كۆرۈنىدۇ. بۇ داستاننىڭ ۋەقەلەر بايانى

مۇپەسسەل، مەزمۇنى مول، تىلى گۈزەل بولۇپ، يەكەن خانلىقى مەزگىلىدىكى چاغاتاي ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەرنىڭ بىرى.

داستاننىڭ ئۆزىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئەسەر ھىجرىيە 939 - يىلى رەجەپ ئېيى (مىلادىيە 1533 - يىلى 2 - ئاي) يېزىلىپ تاماملانغان①. ئاپتورنىڭ ئىسمى «ئاياز»، تەخەللۇسى «شىكەستە» بولۇپ، مەنىسى «يارىلانغۇچى» دېگەن مەندە. ئۇ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا يېقىن دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە غەمسىز، خۇشال ياشلىق باھارىنى ئۆتكۈزگەن. مىلادىيە 1513 - يىلى ئەتراپىدا ئەنجاغا كېلىپ «مەھرەم» سالاھىيىتى بىلەن شۇ يەردە سەرگەردان بولۇپ تۇرۇۋاتقان سەئىدخاننىڭ قول ئاستىدا بولغان. مىلادىيە 1514 - يىلى سەئىدخاننىڭ ئابابەكرىگە جازا يۈرۈشى قىلىش قىسمىغا قاتنىشىپ يەكەنگە كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئىزچىل سەئىدخان ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان. 19 يىلدىن كېيىن بەدەخشاندا مىرزاخاننىڭ توپىلىڭى يۈز بەرگەندە، سەئىدخان ئۆزى قوشۇن باشلاپ جازا يۈرۈشى قىلىشنى قارار قىلىپ، ئايازنى ئەلچى بولۇپ بەدەخشانغا بېرىپ خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇشقا ئەۋەتىدۇ، ئاياز سەپىرىدە قايتا ئۇ جايلارنى ساياھەت قىلىپ خارابىلەرنى، ئادەمسىز جايلارنى كۆرۈپ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ، مانا بۇ ئەھۋاللار ئۇنىڭ داستان يېزىش ئارزۇسىغا ئىلھام بېرىدۇ.

ئابدۇرەشىدخان ۋاقتىدا ئاياز داڭلىق ئوردا شائىرى بولۇپ، خاننىڭ خىزمەتلىرىنى مەدھىيىلەپ بىر نەچچە پارچە شېئىر يېزىپ، خاننىڭ ئىنئامىغا ۋە يەر تارتۇقلىشىغا مۇيەسسەر بولغان.

كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى، بۇ دەۋردىكى ئەدەبىي

---

① جاڭ گۈەنجاۋ تۈزگەن: «چاغاتاي يېزىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئەدەبىيات»، 321 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل نەشرى.

ئىجادىيەت ئاساسلىق ئوردا ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بولۇپ، كۆپ قىسىم ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ خىزمەتلىرىگە مەدھىيە ئوقۇپ، ناھايىتى ئادىل قىلىپ پەردازلانغان. ھۆكۈمرانلار ئوردا ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولغان بولسىمۇ، بىراق ئەدەبىياتنىڭ رېئاللىقتىن ئايرىلىپ، پەقەت شەكىلنى، ۋەزىن قاپىيەلىرىنىلا قوغلىشىدىغان چاكىنا قائىدە - يوسۇنلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

مۇزىكا ۋە ناخشا - ئۇسسۇل جەھەتتە، يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى گەۋدىلىك نەتىجە شۇكى، ئۇيغۇر كلاسسىك ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى «مۇقام» پىششىقلاپ ئىشلىنىپ، رەتلىنىپ، مۇكەممەللىشىپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن.

«مۇقام» سۆزى ئەرەبچىدىن كەلگەن بولۇپ، ئەسلىي مەنىسى «ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋە» ، كۆچمە مەنىسى «چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلەشكەن مۇزىكا» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ «مۇقام» ى «كۇسەن مۇزىكىسى» ، «سۇلى مۇزىكىسى» ، «ئۇدۇن مۇزىكىسى» قاتارلىق شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مۇزىكىلىرى ئۇزۇن مەزگىللىك تەرەققىيات جەريانىدا ئەرەب، پارس قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىنىڭ مۇزىكا ئەسۋابلىرى، مۇزىكىسىنى قوبۇل قىلىپ ۋە بىرىكىش ئارقىلىق، تەدرىجىي بىر خىل چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلەشكەن خەلق مۇزىكىسىغا ئايلانغان. ئادەتتە ھەربىر يۈرۈش مۇزىكا «مۇقەددىمە» ، «داستان» ، «مەشرەپ» قاتارلىق ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ. تېكىستى كۆپىنچە داڭلىق شېئىرلار، قوشاقلار ياكى خەلق ئارىسىدىكى ھېكايىلەردۇر. «مۇقام» ئۇسلۇبى كۆپ خىل، ئاھاڭى مول ھەم گۈزەل، رىتىمى جانلىق، ئۇسسۇل شوخ، قىزغىن بولۇپ، بىر خىل بەدىئىي جەلپكارلىقى كۈچلۈك خەلق مۇزىكىسىدۇر.

ئابدۇرەشىدخان ۋاقتىدا ئۇ شەخسەن ئۆزى دۆلەت ئىچىدىكى ھەر قايسى جايلاردىكى مۇزىكانت، ناخشىچى ۋە شائىرلارنى

تەشكىللەپ، خېلى بۇرۇنلا خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن «مۇقام» نى بىر قەدەر كەڭ دائىرىدە يىغىپ رەتلەش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. بۇ خىزمەتكە كونكرېت مەسئۇل بولغۇچىلار مەلىكە ئامانىسا بىلەن ئوردا مۇزىكا ئۇستازى قىدىرخان ئىدى. ئامانىساخان تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چەت رايونىدىكى بىر نامرات ئوتۇنچىنىڭ قىزى بولۇپ، كىچىكىدىنلا خەلق مۇزىكىسى ۋە ئۇسسۇلىنى قىزغىن سۆيەتتى. شېئىر يېزىشقا، ساز چېلىشقا، ناخشا ئېيتىشقا ماھىر ئىدى. ئابدۇرەشىدخان پۇقراچە ياسىنىپ زىيارەت قىلىپ ئۇنىڭ ئائىلىسىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارى، تالانتى، قىزغىنلىقىغا مەپتۇن بولۇپ، ئۇنى ئوردىغا ئالدۇرۇپ كېلىپ، مەلىكە قىلىپ تەيىنلەيدۇ. كېيىن ئۇنى «مۇقام» نى رەتلەشكە مەسئۇل قىلىدۇ. بۇ خىزمەت مۇھەممەد شېرىپ خوجا باشچىلىقىدىكى سوپىلار يۇقىرى قاتلىمىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. ئۇلار «مۇقام» مۇزىكىسى سوپىزم تەكىتلەۋاتقان «تەركىدۇنيا» ، «رىيازەت» ، «قانائەت» گە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، دەپ قاراپ پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ ئامانىساخانغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئابدۇرەشىدخان سوپى مەزھىپىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇپ «مۇقام» نى رەتلەش خىزمىتىنى ئاشكارە قوللايدۇ. ئۇ ھەتتا «ئۆز نامى بىلەن ئامانىساخان ئىجاد قىلغان ئىشرەت ئەنگىز مۇقام» نى ئاشكارا ئېلان قىلىدۇ»① ئابدۇرەشىدخاننىڭ قوللىشى بىلەن «مۇقام» نى رەتلەش، توپلاش خىزمىتى ئاخىر غەلىبىلىك ئاياغلىشىدۇ. بۇ غەلىبە، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەققانىي كۈچى بىلەن سوپىزمنىڭ يۇقىرى قاتلام دىنىي كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدا بولغان كۈرەشنىڭ نەتىجىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

① موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزى: «تاۋارىخى مۇسقىيۇن» ، «يىپەك يولى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى» ، 291 - بېتىدىن ئېلىندى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.

خاتىرىلىنىشىچە، ئابدۇرەشىدخان تەشكىللەپ رەتلىگەن «مۇقام» نىڭ يۇرۇشلەشكەن مۇزىكىسى 16 قىسىم بولۇپ، بۇ ئامانىساخان ۋە قىدىرخاننىڭ ھەر قايسىسى ئۆزى ئىجاد قىلغان بىر يۇرۇش مۇزىكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىر تارقىلىپ يۈرگەن «ئون ئىككى مۇقام» يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قەشقەردىكى داڭلىق سەنئەتكار تۇردىئاخۇن ئېيتقان ئۇنىئالغۇ، يازغان نوتىغا ئاساسەن رەتلەنگەن. ئۇ يەكەن خانلىقى دەۋرىدە توپلانغان «مۇقام» نىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ 16 قىسىمنى 12 قىسىم قىلىپ تۈزۈلگەن. بۇ 12 قىسىم مۇزىكىنىڭ نامى: «راك» ، «چەببىيات» ، «مۇشاۋرەك» ، «چارىگاھ» ، «پەنجىگاھ» ، «ئۆزھال» ، «ئەجەم» ، «ئوشاق» ، «بايات» ، «ناۋا» ، «سىگاھ» ، «ئىراق» قاتارلىقلاردۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى «نورۇز» پائالىيىتى ئىنتايىن ئەۋج ئالغان. «نورۇز» ئەسلىي پارسلارنىڭ زورو ئاستېر (ئاتەشپەرەس) دىنىنىڭ بايرىمى بولۇپ، ھەر يىلىنىڭ باھار مەزگىلىدە تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنە «باھار بايرىمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شىنجاڭغا تارقالغاندىن كېيىن ئۇزۇن مەزگىل جەريانىدا ئۆزگىرىپ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بولۇپ قالغان. كىشىلەر بۇ خىل ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش شەكلى ئارقىلىق، تەنتەربىيە، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ. «نورۇز» پائالىيىتىنىڭ شەكلى خىلمۇخىل بولۇپ، «نورۇز مۇزىكا يىغىلىشى» ، «ھەپتىلىك يىغىلىش» ، «شېئىر دىكلاماتسىيە قىلىش كېچىلىكى» ، «نورۇز قوشىقى» «نورۇز مەشرىپى» ، «نورۇز مۇنبىرى» ، «چەۋەندازلار ئات بەيگىسى» ، «ئوغلاق تارتىش» ، «چېلىشىش» ، «چاقپەلەك ئويۇنى» قاتارلىقلار بار.

شەھەر قۇرۇلۇشى جەھەتتە، يەكەن پەقەت ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت پائالىيەت مەركىزى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى گۈزەل بىر باغچىدەك شەھەر ئىدى. شەھەر ئىچىدە ھەيۋەتلىك ئوردا، مۇستەھكەم سېپىل، چىرايلىق بېزەلگەن ئىمارەتلەر بولۇپ، ئىمارەتلەر كۆككە تاقاشقان. ئۆستەڭلەر تۇتاش كەتكەن، دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغاندى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كىتابىدا تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ شەھەرنىڭ سېپىلى ئىچىدە چىرايلىق، ھەشەمەتلىك خان ئۆيى قۇرۇلغان» ، «تۆت ئەتراپىدا تەخمىنەن ئون گۈللۈك، گۈللۈكتە ئېگىز بىنا، ھەربىر بىنادا تەخمىنەن 100 ئۆي بار. بۇ ئۆيلەرگە كىتاب جاھازىسى قويۇلغان، تامدا تەكچە بار. تۇرۇسى گەج بىلەن سۇۋالغان. تام يۈزىگە رەڭلىك كاھىش چاپلانغان، ئۈستىگە تام رەسسىمى سىزىلغان. پىيادىلەر چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاتار كەتكەن ئاق تېرەكلەر بولۇپ، شەھەرنى بويلاپ ماڭغاندا ھەربىر تەرەپتە ئۆلچەملىك ئورمانلىق يول بار. چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۆستەڭ بار» .① تۆت ئەتراپىدا جەمئىي ئالتە قوۋۇق بار. دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى مۇنار ئۆزئارا يېقىن بولۇپ، مۇداپىئەلىنىشكە ئىنتايىن پايدىلىق. بۇ دەۋردىكى شەھەر قۇرۇلۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، ئەرەب، پارس ئىسلام بىناكارلىقى ئۇسلۇبىنىڭمۇ تەسىرگە ئۇچرىغان.

مۇھەممەدخان دەۋرىدە يەكەندە بىر تۈركۈم دىنىي مۇئەسسەلىرى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خانلىق مەدرىس بىر قەدەر داڭلىق قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ، شەھەرنىڭ شىمالىدىكى ئالتۇن مازار قۇرۇلۇشىمۇ ھەيۋەتلىك ھەم گۈزەل، ھازىرغىچە ساقلانغان يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى مازار

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدى» ، 2 ـ قىسىم، 209 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى

قۇرۇلۇشىدىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى دىنىي بىناكارلىق ئاساسەن ئەرەب ئۇسلۇبىنى قوللانغان بولۇپ، ئاساسىي تۈت چاسا، ئۈگزىسى گۈمبەزلىك، ياغاچ تۈپا قۇرۇلمىلىق، رەڭلىك كاھىش بىلەن نەقىشلەنگەن، ئىچى زىنىنەتلەنگەن، تام رەسىمگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. تام رەسىمى گۈل ـ گىياھ، ئۈسۈملۈك نۇسخىسى ۋە گېئومېتىرىيىلىك نۇسخىلارنى ئاساس قىلغان. تامغا ھەرخىل ئۇسلۇبلاردا ھۆسنخەتلەر ئويۇلغان بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ نىسبەتەن يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

قەدىمىي پايتەخت قەشقەرمۇ ئەينى دەۋردىكى ئىسلام ئىلىم مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مەركىزى ئىدى. ئۇزۇن تارىخقا ئىگە خانلىق مەدرىس، ئاق مەدرىس ۋە خانلىق مەسچىتىنى قاراخانىيلار دەۋرىگىچە سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مىلادىيە 1522 ـ يىلى ياسالغان «مىرزا ھەيدەر مەدرىسى»، مىلادىيە 1630 ـ يىلى ياسالغان «ساقىيە مەدرىسى ئەينى ۋاقىتتا داڭلىق بولغان ئىسلام دىنىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتۇش ئورۇنلىرى ئىدى. خانلىق مەدرىسىنىڭ كۈتۈپخانىسىدا نەچچە ئون مىڭ پەرچە كىتاب ساقلانغان. شەھەرنىڭ شەرقىدە تۆشۈكتاغ ئاسترونومىيە سۇپىسى بولۇپ، خېلى نامى چىققانىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، تۈركىيە ئالىملىرىمۇ بۇ يەرگە كېلىپ ئىلىم ئالماشتۇراتتى. نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ئالىم، شائىرلىرىمۇ مانا مۇشۇ مەرىپەت بۆشۈكىدە يېتىلگەن، تەربىيىلەنگەن ۋە تونۇلغان.

مائارىپ جەھەتتە مەدرىس، مەسچىتنى ئاساس قىلغان ئىسلام مائارىپىدىن باشقا، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە يەنە بىر قىسىم كەسپىي مائارىپلارمۇ يولغا قويۇلغان. مەسىلەن، «سىپاھىيە»، (ھەربىي ئىشلار مەكتىپى)، «شىپاھىيە» (تىببىي مەكتەپ) «خۇدۇدىيە» (مۇداپىئە ئىشلار مەكتىپى)، «ئەينەئى شاپاراتىيە» (ئەلچىلەر تەربىيەخانىسى) ۋە مۇزىكا

مەكتىپى قاتارلىقلار بولغان. ئېيتىلىشىچە، بۇ دەۋردە يولغا قويۇلغان ھەرخىل مەكتەپلەر 2263 گە يەتكەن[1]. بۇ مۇشۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەربىيىسىگە دىنىي تەربىيىدىنمۇ بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## 2. تارىخىي يازما يادىكارلىقلار

يەكەن خانلىقى دەۋرىگە ئائىت ئىككى پارچە داڭلىق تارىخىي ئەسەر بولۇپ، بىرى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى»، يەنە بىرى مەخمۇد چۇراسىنىڭ «تاۋارىخ» ناملىق ئەسىرى. بۇ ئىككى ئەسەردە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا چاغاتاينىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى شىنجاڭدا قۇرغان ئىككى يەرلىك ھاكىمىيەت — چاغاتاي خانلىقى بىلەن يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىي ئەھۋالى بايان قىلىنغان بولۇپ، مىلادىيە XIV — XVII ئەسىرلەردىكى شىنجاڭ تارىخىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىياللار ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا بۇ جەھەتتىكى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ كەمچىلىكىنى تولۇقلايدىغان بولۇپ، ئېلىمىز — ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي يادىكارلىقىدىكى قىممەتلىك مىراس، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى مۇھىم مەدەنىيەت مېۋىلىرىنىڭ بىرى.

مىرزامۇھەممەد ھەيدەر (تولۇق ئىسمى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر دوغلات كوراگان) دوغلات ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. ھىجرىيە 905 ـ يىلى (مىلادىيە 1499 — 1500 ـ يىللىرى) تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئانىسى قۇپ نىگار خانىم

---

[1] «ئۇيغۇر تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، (ئۇيغۇرچە نۇسخا).

يۇنۇسخاننىڭ قىزى بولغاچقا، سەئىدخان ۋە ئىمپېراتۇر بابۇر بىلەن نەۋرە ئاكا ـ ئۇكىلىق مۇناسىۋىتى بار. «كوراگان» بىر خىل پەخرىي نام بولۇپ، چاغاتاي پادىشاھلىرى بىلەن قۇدا باجىلىق مۇناسىۋىتى بار ئاقسۆڭەكلەرگە بېرىلەتتى. ھەيدەر يەكەن خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى مۇھىم ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە قاتناشقان سىياسىئون، ھەربىي ئالىم، شۇنداقلا شائىر ۋە ئەدىب. ئۇ «يۇكسەك ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك، تالانتلىق، شېئىرلىرى گۈزەل، مۇشۇنچىۋالا تۇغما تالانتىدىن باشقا، ئۇ يەنە ناھايىتى باتۇر بولۇپ، باش سانغۇنلۇق سالاپىتىگە ئىگە ئىدى»①. ئۇ ياشىغان يىللاردا ئاتىسى مۇھەممەد ھۇسەيىن شەيبانىخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئاتىسىنىڭ دىنىي ئۇستازى مۇھەممەد قازىنىڭ ئۇنى قوغداپ قېلىشى بىلەن جاپا ـ مۇشەققەتتە كابولغا نەۋرە ئاكىسى بابۇرنىڭ يېنىغا قېچىپ بارىدۇ. كېيىن سەئىدخاننىڭ ھۇزۇرىدا خىزمەت قىلىدۇ. سەئىدخان يەكەنگە كىرگەندىن كېيىن ياش ھەيدەر ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلىپ، نۇرغۇنلىغان مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇلىدۇ. ئاساسلىق قوشۇنغا باشلامچىلىق قىلىپ، جەڭ مەيدانىدا تالانتىنى تولۇق نامايان قىلىپ، سەئىدخاننىڭ يېقىن سەركەردىسى بولۇپ قالىدۇ.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر شاھزادە ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۇستازى بولۇپ، ئۇنى يېتەكلەيدۇ ۋە چېنىقتۇرىدۇ. سەئىدخان بىلەن مەنسۇرخاننىڭ كېلىشىشى جەريانىدا، ئۇ يەكەن تەرەپنىڭ ئادىمى سۈپىتىدە تۇرپاندا قېلىپ ئىككى خاننىڭ كۆرۈشۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تىنچ ۋەزىيەت يارىتىشتا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سەئىدخانغا ئەگىشىپ ئۆزبېك، قىرغىز ۋە بولور، لاداق، قاتارلىق جايلاردا چوڭ ـ كىچىك

---

① ئەمىن ئەھمەد راجى: «يەتتە ئىقلىم»، «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى ـ تارىخى رەشىدى» دە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، 1 ـ قىسىم، 29 ـ بەت.

بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ باردۇ. سەئىدخان كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان ۋاقىتتا، ئۇ بۇيرۇقىقا بىنائەن قوشۇن باشلاپ لاساغا يۈرۈش قىلغانىدى. ئۇ قوشۇننى باشلاپ قايتىپ كېلىش ھارپىسىدا، ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ جەمەتىنى قىرغىن قىلىۋاتقانىدى. ئۇ يەكەنگە قايتالماي، ئەگرى - توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھىندىستاندىكى بابۇرنىڭ بالىسى كامراننىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىپ، كامراننىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك: «بۇ ۋاقىتتا جاپا - مۇشەققەتتىن بىرلا سەكرەپ شەرەپلىك يۇقىرى ئورۇنغا چىققان». ئەينى چاغدا كامران دەل پېرسىيە سافاۋى سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئىسمائىل بىلەن زېمىن تالىشىش كۈرىشى قىلىۋاتاتتى. كامران قوشۇن تارتىپ ئاتلىنىپ ھەيدەرنى دۆلەت نازارەتچىلىك سالاھىيەت[1] بىلەن ھاكىمىيەتنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇشقا قويىدۇ. بۇ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا ئۇ ۋەزىپىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، سادىقلىق بىلەن «توپىلاڭنى تىنچىتىپ، چېگرىنى قوغداپ، ئىسلام دىنىي ئېتىقادىنى مۇستەھكەملىگەن» . كېيىن ھۇمايۇن ئىمپېرىيىسىگە تايىنىپ، ئۇنىڭ ئارمىيىسىدە ئىككى يىل تۇرغان. مىلادىيە 1540 - يىلى 11 - ئايدا ھەيدەر بىر تارماق قوشۇننى باشلاپ كەشمىرنى ئىگىلەپ، ھۇمايۇننىڭ نامى بىلەن ئۇ يەردە 11 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، قاقاس خارابىلىكنى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مول، شەھەرلىرى گۈللەنگەن جايغا ئايلاندۇرغان. مۇشۇ يىللاردا ئۇنىڭ ناھايىتى ئىچى پۇشۇپ، دائىم يۇرتى ۋە تۇغقانلىرىنى ئويلاپ، يەكەن خانلىقىنىڭ دۆلەت تەقدىرىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ، يېقىن دوستلىرى بىلەن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چوڭقۇر ھېسسىيات ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى - تارىخى رەشىدى»، 2 - قىسىم، 459 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى

موغۇللار تارىخىنى يازغان. بۇ قەبىلە يوقالمىغان، «چۆللۈكتىكى ئەرزىمەس قەبىلە» بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك تارىخى كىشىلەر تەرىپىدىن تامامەن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. شۇڭلاشقا، ئۇ كەشمىردىكى كۆپرەك ۋاقتىدا كىتاب كۆرۈپ، رىۋايەتلەرنى رەتلەپ، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. مىلادىيە 1547 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پۈتۈن كىتاب يېزىلىپ بولغان. مۇسۇلمان تارىخ يازغۇچىلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە، ئۇ بۇ كىتابنى ئۆز دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانى ئابدۇرەشىدخانغا تەقدىم قىلىپ كىتاب نامىنى «تارىخى رەشىدى» (Tarikh — Rashidli) دەپ ئاتىغان. كىتاب يېزىلىپ تۈگەپ ئۈچ يىلدىن كېيىن ھەيدەر شۇ يەردىكى ئاقسۆڭەكلەر توپىلىڭىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلگەن، شۇ ۋاقىتتا ئۇ 51 ياشتا ئىدى.

«تارىخى رەشىدى» ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. بىرىنچى قىسىم «رەسمىي تارىخ» بولۇپ، يىل تەرتىپى بويىچە توغلۇق تۆمۈرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، ئالمالىقتا تەختكە چىقىپ، شەرقىي چاغاتاي ئولۇسلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قۇرغانلىقىدىن باشلاپ، ئابدۇرەشىدخان يەكەن خانلىقىغا ئولتۇرغۇچە بولغان موغۇل خانلىرىنىڭ 200 يىلغا يېقىن بولغان ھۆكۈمرانلىق ئەھۋالى يېزىلغان. ئىككىنچى قىسمى «تارىخي ياردىكارلىقلار بايانى» بولۇپ، ئاپتورنىڭ ھاياتىدىكى ئەسلىمىلىرى ۋە جەمەتىنىڭ رىۋايەتلىرى يېزىلغان، ۋاقىت جەھەتتە «رەسمىي تارىخ» تىن ئىلگىرى يېزىلغان بولۇپ، بوۋىسى يۇنۇسخاندىن ئاپتورنىڭ كەشمىردىكى ئەھۋاللىرىغىچە تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئەسلىي ئەسەر پارس تىلىدا يېزىلغان، كىتاب يېزىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي چاغاتايچە قولىيازما نۇسخىسى تارقىتىلغان. ئۇنىڭ كىتابى ئەينى ۋاقىتتا مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە ئىدى. كىتابقا مىلادىيە XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يېزىلغان «يەتتە ئىقلىم» (Haft lkLim) ئاپتورنىڭ ئەمىن ئەھمەد راجى

باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇ قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئىسمى بىلەن نام بېرىلگەن «تارىخى رەشىدى» ناملىق بىر كىتاب يازغان، بۇنداق كىتاب جاھاندا ئاز تېپىلىدۇ». قىممەتلىك بىر تارىخىي ھۆججەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، «تارىخى رەشىدى» كېيىن شىنجاڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ تارىخچىللىرى تەرىپىدىن قايتا - قايتا كۆچۈرۈلۈپ ئىشلىتىلگەن. 1895 - يىلى ئىلىياس تەھرىرلىگەن، لوس تەرجىمە قىلغان ئىنگلىزچە تەرجىمىسى دۇنياغا كېلىپ، كەڭ ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. 1985 - يىلى ئىنگلىزچە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغان خەنزۇچە تەرجىمىسى رەسمىي نەشر قىلىندى. كىتاب نامى «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرى تارىخى — تارىخى رەشىدى»، بۇ تارىخىي كىتابنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، مىلادىيە XIV — XVI ئەسىرلەردىكى موغۇللارنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاساسىي لىنىيە قىلغان ھالدا ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز، ئويرات قاتارلىق شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تارىخى پائالىيىتىگە ئالاقىدار مەزمۇنلار بايان قىلىنغان بولۇپ، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيىتىدىن تارتىپ، تاغ - دەريا، ئادەم، يەر - زېمىن، كۆرگەن - ئاڭلىغان قىزىقارلىق ئىشلارغىچە ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمرانلار نەسەبنامىسى، تارىخىي شەخسلەر ۋە چوڭ ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەش جەھەتتە ئىنتايىن ئوچۇق - ھەقىقىي بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بىر قىسىم فېئوداللىق تۈزۈم، سىنىپلار ئەھۋالى، ئاھالە ۋە شەھەر تۈرمۇشى خاتىرىلەنگەن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال. دىنىي جەھەتتە، ئاپتور ئاساسلىق قىلىپ موغۇل خانلىرىدىن باشلاپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ھەمدە موغۇللار ئارىسىدا مەجبۇرىي كېڭەيتىلگەنلىكى، قورال كۈچى بىلەن تۈرپان، قۇمۇل

قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ، ئىسلام ھاكىمىيىتــــى قۇرۇپ، پۇقرالارنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىغانلىقى، سىرتقا قارىتا قوراللىق كېڭەيمىچىلىك قىلغانلىقى ۋە دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خوجىلار جەمەتىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتى ۋە سوپى مەزھىپى قاتارلىق مەسىلىلەرنــــى بايان قىلىدۇ. بۇ مەزگىل دەل ئىسلام دىنى شىنجاڭدا كەڭ تارقالغان مەزگىل ئىدى. بۇ ھەقتىكى خاتىرىلەر بىزنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشىنى ئىشەنچلىك تارىخىي ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئەلۋەتتە، ئاپتور ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇسۇلمان بولغاچقا، دىنىي جەھەتتە ئۇنىڭدا بىر تەرەپلىمىلــــىك قاراش، ھەتتا مەزھەپچىلىك قارىشى يوق دېگىلى بولمايدۇ. بۇ ساقلانغىلــى بولمايدىغان، بىزنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىزمچىلىق كۆز قاراش بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىزغا تېگىشلىك مەسىلە. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كىتابتا شىزاڭ، كەشمىر قاتارلىق جايلارغا مۇناسىۋەتلىك ئېتنوگرافىيە، دىن ھەققىدىكى خاتىرىلەر بولۇپ، يەنىلا كەم ئۇچرايدىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللاردۇر.

كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى، ھەيدەر گەرچە تەقۋادار مۇسۇلمان بولسىمۇ، بىراق دىنىي ئەسەبىــي ئەمەس بولۇپ، كەسكىن، ئوبيېكتىپ ھالدا تارىخ يازغان. مەسىلەن، ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى مازارغا چوقۇنۇش شامىلىغا قارشى ھالدا ئادىللىق بىلەن جاپپار سادىق مازىرى، چىلتەن مازارلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان، بۇ ئادەملەر ھەرگىزمۇ شىنجاڭغا كەلگەن ئەمەس، دەپ كۆرسىتىدۇ. مازاردىكى «روھ» «ئەرۋاھلار» ، «مۆجىــــزە كۆرسىتىشى» دېگەنلەرنى ئۇ ئىنكار قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ ئابدۇرەشىدخان بىلەن مۇناسىۋىتى ئاخىـــر بۇزۇلۇپ، سەرگەردان بولۇشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ كىتابىدا يەنىلا ئابدۇرەشىدخاننىڭ سىياسىي تۆھپىسى ۋە ئەخلاقىنى تولۇق

مۇئەييەنلەشتۇرىدۇ ھەمدە بۇ كىتابقا ئۆز دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدارىنىڭ ئىسمى بىلەن نام بېرىدۇ. ئۇ پاكىتقا ھۆرمەت قىلىپ تارىخقا سادىق بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئەسىرى نىسبەتەن يۇقىرى تارىخىي قىممەتكە ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. ئۇمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن تارىخشۇناسى دېگەن نامغا لايىق.

يەنە بىر ئاپتور مەخمۇد چۇراس بولۇپ، تولۇق ئىسمى شەيخ مەخمۇد بىننى مىرزا فازىر) ، بولسا يەكەن خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى شەخس، بەخمىنەن مىلادىيە XVII ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى تۇغۇلۇپ، XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋاپات بولغان.

ئۇنىڭ «تاۋارىخ» دا «تارىخى رەشىدى» دە بايان قىلىنغان يەكەن خانلىقىنىڭ كېيىنكى تارىخى داۋاملاشتۇرۇلغان. ئۇ يەنە «تارىخى رەشىدىنىڭ داۋامى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كىتابنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا ئاساسلىق «تارىخى رەشىدى» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ، چىڭگىزخاندىن تۇغلۇق تۆمۈرخانغىچە، سەئىدخانغىچە شىنجاڭدىكى تارىخىي پائالىيەتلەرنىڭ مۇھىملىرىنى قايتا بايان قىلغان. كېيىنكى يېرىمىنى ئاپتور رىۋايەتلەر ۋە ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىگە ئاساسەن، مۇستەقىل يېزىپ چىققان بولۇپ، يەكەن خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشى ھارپىسىدىكى ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن. بۇ بىر يېرىم ئەسىرگە مۇناسىۋەتلىك شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىي ماتېرىياللارمۇ يېتەرسىز ئىدى. بۇ ئەسەر ئارقىلىق بىز يەكەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئەھۋالى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆزگىرىش، خوجىلار كۈچىنىڭ ئاق تاغلىقلار مەزھىپى بىلەن قارا تاغلىقلار مەزھىپىگە بۆلۈنۈپ، ئۆزئارا تىركىشىشى قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم ئىشلارنى نىسبەتەن سىستېمىلىق چۈشىنەلەيمىز.

«تاۋارىخ» مىلادىيە 1672 — 1676 ـ يىللار ئارىلىقىدا تاماملانغان بولۇپ، ئىسمائىل خان ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە يېزىلغان. بۇ ۋاقىتتا قارا تاغلىقلارنىڭ ئاق تاغلىقلار ئۈستىدىكى

كۆرىشى زور غەلىبىلەرگە ئېرىشكەن، بۇ غەلىبىنىڭ تۆرتكىسى ئاستىدا، ئاپتور ئوردا ۋەزىرى ئەرك بەگنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، بۇ كىتابنى يېزىپ ئىسمائىل خانغا تەقدىم قىلغان. ئەسلىي نۇسخىسى پارس تىلىدا يېزىلغان، كېيىن چاغاتاي يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلۈپ تارقىتىلغان. شىنجاڭ تارىخ تەتقىقات ئورنى چاغاتايچە نۇسخىسىغا ئاساسەن، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان (نەشر قىلىنمىدى)[1]. رۇس ئالىمى ئاكىمۇشكىن پارسچە نۇسخىسىغا ئاساسەن كېيىنكى يېرىم قىسمىنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئەسلىي تېكىستىگە سېلىشتۇرۇپ تەپسىلىي تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، ئىزاھات بېرىپ ئۆزۈن بىر پارچە تەتقىقات دوكلاتى يېزىپ، 1976 - يىلى نەشر قىلىپ تارقاتقان ھەمدە ئىلمىي قىممىتى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان نەشر نۇسخىسى بولۇپ قالغان. بۇ نەشر نۇسخىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى «تاۋارىخ» نى بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىغا ئېرىشتۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتورنىڭ يەنە بىر پارسچە يېزىلغان مۇرىتلارنىڭ تەرجىمىھالى تارقالغان بولۇپ، كىتابنىڭ ئىسمى «بىلىنىم ئىزدىگۈچىلەر دوستى» (Anis—at—talibin) بولۇپ، مىلادىيە 1696 - يىلىنىڭ ئالدى كەينىدە يېزىلغان. ئۇنىڭ بىردىنبىر پارسچە نۇسخىسى ھازىر ئەنگلىيە نيوتون ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇ مۇرىتلار تەرجىمىھالى قارا تاغلىق خوجىلار تەرجىمىھالى بولۇپ، كىتابتا ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ كەسكىن كۈرەشلىرىنىڭ ئىچكى ماھىيىتى ئېچىپ تاشلىنىپ، خوجا ئىسھاق ۋەلى، خوجا شادى، خوجا پاشا، خوجا دانىيال قاتارلىق كىشىلەرنىڭ شەخسىي پائالىيىتى تەسۋىرلەنگەن. ئاپتور خوجىلارنىڭ سادىق ئەگەشكۈچىسى

---

[1] «تاۋارىخ» نىڭ خەنزۇچە ئورگىنالىنى شىنجاڭ تارىخ تەتقىقات ئورنىدىن خې رۇي 1966 - يىلى ئابدۇرەشىد ئىسلامىنىڭ چاغاتايچە قولىيازمىسىغا ئاساسەن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئاندىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. ئورگىنال ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

بولغاچقا، بۇ كىتابتا خوجىلار ماختىلىپ، كۆپتۈرۈلۈپ ئۇلارنىڭ رولى ھەرخىل «تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچ»، يەنى «كارامەتلەر»نى ماختىغان ھەمدە ھەقىقەتنى بۇرمىلىغان جايلىرى ئاز ئەمەس، بىراق «تاۋارىخ» بىر قەدەر ئوبيېكتىپ، تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاپتورنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرى بولغاچقا، بىر قەدەر ئىشەنچىلىك. بۇ كىتاب چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. بارتولد ئۆز ئەسەرلىرىدە «تاۋارىخ» نىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىن پايدىلانغان. بىراق، ئۇ ئاپتورنى كىتاب يازغاندا «ئۆز ئانا تىلى — تۈرك تىلىنى ئىشلەتمەي، بەلكى خۇنۇك پارس تىلى بىلەن يېزىپ چىققان»[①] دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئاكىموشكىن بولسا «ئۇنىڭ كىتابى ئىنتايىن چۈشىنىشلىك، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئوخشىتىش ۋە ئىستارە يوق. ئاشۇرۇپ سۈپەتلىگەن سۆز ۋە چۈشىنىش قىيىن بولغان غەيرىي جۈملىلەرمۇ يوق دەپ قارايدۇ. ئەمما ئەدەبىي جەھەتتە كۈچىنىڭ بارىچە پارس كلاسسىك ئەدەبىيات ئۇسلۇبىنى دوراپ، ئەرەب تىلى سۆزلۈكلىرىنى ھەددىدىن زىيادە ئىشلەتكەن. شۇڭا، ناھايىتى ماسلاشمىغاندەك كۆرۈنىدۇ.[②] ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، تارىخىي ئەسەر بولغان مەخمۇد چۇراسنىڭ كىتابى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك بولۇپ، گەرچە تەپسىلاتلار ئېنىق، بولۇپ، ۋاقىت ئۇقۇمى كەمچىل بولغان بولسىمۇ، بىراق ئاساسەن تارىخقا سادىق بولۇپ، خالىغانچە مۇبالىغە قىلىنمىغان ياكى تارىخنى ئويدۇرمىغان. شۇڭا، يەنىلا قەدىمقى ئۇيغۇر تارىخىدىكى داڭلىق ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

---

① ۋ. بارتولد: «بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى»، 5 ـ قىسىم، «چاغاتاي ئەدەبىياتى»، 610 ـ بەت، موسكۋا شەرق مەدەنىيەت نەشرىياتى، 1965 ـ يىل نەشرى.

② مەخمۇد چۇراس: «تاۋارىخ» (رۇسچە تەرجىمىسى) «تەتقىقات» بېتەكچىسى، 47 ـ بەت، موسكۋا ئىلىم ـ پەن نەشرىياتى، 1976 ـ يىل نەشرى.

ئاپتورنىڭ هاياتى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز. ئۇ تۇغۇلغان چۇراس قەبىلىسى موغۇل قەبىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ. تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىدە قەبىلە ئاقساقىلى باشلامچىلىق بىلەن ئىسلام دىنىغا ئىشىنىشكە قارشى چىقىپ نام چىقارغان. سەئىدخان قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتا چۇراس قەبىلىسى تۇرشاۋۇل قوشۇن بولۇپ، ئۇرۇشقا قاتنىشىپ تۆھپە كۆرسەتكەنلىكتىن ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلار سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن. مۇھەممەد خان دەۋرىگە كەلگەندە بۇ قەبىلىنىڭ ئاقساقىلى بىر قەدەر بۇرۇن ئىسھاق خوجىغا ئەگەشكەچكە كۆنسېرى شۆھرەت قازانغان. ئاپتورنىڭ بوۋىسى ۋە تاغىسى ئوردىدا مۇھىم خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ كىچىكىدىنلا مۇشۇنداق بىر ئەۋزەل ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇرمۇش كەچۈرگەچكە، ھەربىي ئىشلارغا ماھىر بولسىمۇ، بىراق ياخشى تەربىيىگە ئىگە بولغاچقا، ئەرەب ۋە پارس تىلىنى بىلەتتى. ئەدەبىياتقا ماھىر بولۇپ، ئاز بولمىغان تارىخ، ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان. ئۇزۇن مۇددەت يەكەن خان جەمەتى مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىپ ئەرەب، پارس تىللىرىدىن دەرس بەرگەندىن سىرت يەنە قۇرئاننى تەتقىق قىلىپ، قۇرئانغا قارىتا سۈننىي مەزھىپىگە كۆپ قېتىم ئىزاھات بەرگەن. ئۇنىڭ پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغىنى، ئۇ خوجا شادىنىڭ نۇتقىنى پارس تىلىدا مۇرىتلارغا يېشىپ بەرگەن. ئومۇمەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ مول بىلىمگە ئاساسەن، يەكەن يۇقىرى قاتلام ئالىملىرى ئارىسىدا شۆھرەت قازانغان. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ سىياسىي دۈشمىنى قارا تاغلىق خوجىلار تەرجىمىھالىنىڭ ئاپتورى مىرخالىدىن («ھىدايەت تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسىرى بار) مۇ ئۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىغان ۋە: «تاۋارىخنىڭ تۈزگۈچىسى ۋە مۇتەخەسسىس، ئىككى، ئۈچ پارچە تارىخىي كىتاب يېزىپ، يەكەن پادىشاھى ئابدۇللاخان، ئىسمائىلخان، ئابدۇرەشىدخان ۋە مۇھەممەد ئىمىن خانغا تەقدىم

قىلغان» دەيدۇ. ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ زىددىيىتى كۈنسېرى ئۆتكۈرلىشىپ، دىنىي مەزھەپلەر كۈرىشى كەسكىنلىشىپ كەتكەنىدى. ئاق تاغلىقلار گۇرۇھى ھىمايە قىلىدىغان يولۋاسخان تەختكە چىقىپ پەقەت ئىككى يىلدىلا قارا تاغلىقلار قوللايدىغان ئىسمائىلخان تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلانغان. ئاپتور بۇ غەلىبىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. ئون يىلدىن كېيىن ئاق تاغلىقلار غالداننىڭ قوللىشى بىلەن سىياسىي ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋالغان. بۇ ۋاقىتتا ئاپتور نىجاتكارى خوجا ئابدۇللاغا ئەگىشىپ ھىندىستانغا قېچىپ كەتمەي، بەلكى يەكەندە قېلىپ ئاق تاغلىقلار بىلەن كۈرەشنى داۋاملاشتۇرغان. كېيىن قارا تاغلىقلارنىڭ خوجىسى دانىيال يەنە قىسقا ۋاقىت يەكەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، ئۇ يەنە بىر پارچە خوجىلار تەرجىمىھالى يېزىپ چىققان. سىياسىي كۈرەشنىڭ تۇراقسىزلىقى ئاپتورنى زور ئازابقا مۇپتىلا قىلغان ۋە ئۇ دائىم نەشە چېكىپ ئۆزىنى مەست قىلغان، ھەددىدىن زىيادە زەھەرلىنىپ، تۇرالغۇسىدا پەرىشانلىقتا ئۆلۈپ كەتكەن①.

## 3. سوپىزم ئەدەبىياتى

سوپىزم ئەدەبىياتى — يەكەن خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە سوپىزم ئىدىيىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ سوپىزم ئەقىدىسىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى چەكلەشنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىپ، تەدرىجىي ئىدىيىۋى مەدەنىيەت ساھەسىنى كونترول قىلىپ، شەكىللەنگەن بىر خىل سوپىزمنىڭ سىرلىقلاشتۇرۇلغان دىنىي ئەدەبىياتى. بۇ خىل

① مىر. خالىدىن كاتىپ: «ھىدايەت تەرجىمىھالى»، «تاۋارىخ»، «تەتقىقات يېتەكچىسى»، 56 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

ئەدەبىيات يەكەن خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلى ۋە خوجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ساھەسىنى ئىگىلىۋالغان. سوپىزمنى تەشۋىق قىلىدىغان ھەرخىل قامۇس، مىستىكىزمنى بايان قىلىدىغان پەلسەپىۋى نەزەرىيە، ئىستىغپار شەكلى ۋە ئۇسۇلى، نەسىھەت خاراكتېرىدىكى داستان، ئوچېرك، ئەپسانىۋى كارامەتلەر بىلەن لىق تولغان ھېكايىلەر ۋە خۇراپىي رىۋايەت بىلەن تولغان ئاتالمىش ئەۋلىيالار تەرجىمىھالى، نەسەبنامىلەر، ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىدىغان «غازات» تارىخى، كېڭەيمىچىلىق تارىخى ۋە ئىلاھلاشتۇرۇلغان ئىسلام دىنىي مۇرىتلىرىنىڭ قەبرىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەدەبىيات ماتېرىيالى قىلىنىپ، ھەرقايسى جايلاردا كەڭرى تارقالغان. سوپىزم ئەدەبىياتى تارقىلىپ يۈرگەن ۋاقىتتا بارلىق غەيرىي سوپىزمنىڭ ئەدەبىيات، ناخشا، تارىخ ھەتتا مۇزىكا، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، تېخنىكا، ھۈنەر قاتارلىق ئىجادىيەت ۋە ئەسەرلىرى بىردەك مەنئى قىلىنىپ، بىر مەھەل گۈللەنگەن ئوردا ئەدەبىياتى ۋە بەدىئەت مەدەنىيەتلەر چەتكە قېقىلىپ، سوپىزم ئەدەبىياتى ئالەمگە مۇستەقىل زوراۋانلىق قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئاپاق خوجا تەختكە چىققاندىن كېيىن، ھەتتا قەشقەردىكى تۆشۈك تاغ رەسەتخانىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ۋاقىتتا قەشقەر خانلىق مەدرىسى كۇتۇپخانىسىدىكى نەچچە ئون مىڭ پارچە كىتاب يىغىۋېلىنىپ ھەممىسى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. ئەينى ۋاقىتتا كەڭرى تارقالغانلاردىن «دىۋانى رەشىدى»، «ئابدۇرەشىدخان غەزەللىرىدىن تاللانما»، «دىۋانى نەفسە»، «دىۋانى قىدىرى»، «دىۋانى چالىش» ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئۇيغۇر تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ھەممىسى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. نۇرغۇنلىغان شائىر، مۇزىكانت، تېۋىپ، سەنئەتكارلارنىڭ بەزىلىرى چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن. بەزىلىرى تۈرمىگە

تاشلانغان. بەزىلىرى سوپىزم ئەدەبىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا مەجبۇرلانغان. يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ئالىملىرى ئورتاق ھالدا بۇ مەزگىلدىكى سوپىزم ئەدەبىياتىنى مەدەنىيەت ساھەسىدىكى تەتۈر ئېقىم، شۇنداقلا ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ زۇلمەتلىك دەۋر، بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ھالاكىتى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ ۋەيران بولۇشى، ئوخشاشلا شىنجاڭ رايونىنىڭ مەدەنىيەت مۇساپىسىدىكى ئىككى قېتىملىق زور تراگېدىيە، دەپ كۆرسىتىدۇ.

سوپىزم ئەدەبىياتى خوجا، ئىشان، شەيخ قاتارلىق سوپىلارنىڭ يۇقىرى قاتلىمى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئۇلار ئەدەبىياتنى سوپىزمنى تەشۋىق قىلىدىغان بازار قىلىۋېلىپ، نادان خەلقنىڭ ئىدىيىسىنى چۈشەپ، بىردەملىك قىزغىنلىقىنى ئەقىل ـ پاراسەتكە ۋەكىل قىلىپ ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش، ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئىدى. سوپىزم ئەدەبىياتىنىڭ ماھىيىتى كىشىلەرنى رېئاللىقتىن ئايرىۋېتىش، ئۆزىنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى تىزگىنلەپ، ئىلاھ بىلەن بىرلىشىشنى قوغلىشىشتىن ئىبارەت. ئۇ تەرغىب قىلغان تەركىدۇنياچىلىق، مۇرىت، ئەۋلىيالار قەبرىسى، پەيغەمبەر ۋە خىلمۇخىل روھلارغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇش ھەمدە خۇراپاتلىق، چىرىكلەشكەن نۇقتىئىنەزەر بىلەن كىشىلەرنىڭ روھىيىتىنى قاتتىق زەھەرلەپ، ئىلگىرىلەۋاتقان ۋە چىشىغا تەگكەن بارلىق شەيئىلەرنى يوقاتقان ۋە توسقۇنلۇق قىلغان. شۈبھىسىزكى، سوپىزم ئەدەبىياتى بىر خىل ئەكسىيەتچىل ئەدەبىي ئېقىم.

مەھمۇد چۇراسنىڭ ئىككى پارچە كىتابىدىن ئەينى ۋاقىتتىكى سوپىزم ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. ئۇنىڭ «تاۋارىخ» ى گەرچە تارىخ بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭغا زور مىقداردىكى خوجىلارنىڭ «كارامەت» كۆرسىتىشى، ئالدىن

مەلۇمات بېرىشى قاتارلىق ئەپسانىۋى ھېكايىلەر قىستۇرۇلغان. بۇ ئەسەر مەيلى تارىخىي قىممىتى ياكى ئەدەبىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى جەھەتتىن بولسۇن، يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بارلىققا كەلگەن «تارىخى رەشىدى» بىلەن تەڭ تۇرالمايدۇ. يەنە بىر كىتابى «ئىلىم ئىزدىگۈچىلەر دوستى» ساپ سوپىزىم ئەدەبىياتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، كىتابتا خوجىلارنى كۈچەپ كۆپتۈرۈپ، مۆجىزىلەرنى تەشۋىق قىلىپ، بۇ مەزھەپنىڭ تەلىماتىنى گۈزەللەشتۈرگەندىن باشقا، ھېچقانداق مەزمۇن يوق.

سوپىزم ئەۋج ئالغان ۋاقىتتا بىر قىسىم ئىدىيىسى ئىلغار شائىرلار باتۇرلۇق بىلەن بۇ تۇترۇقسىزلىققا جەڭ ئېلان قىلغان. ئۇلار خەلق ئاممىسى مەيدانىدا تۇرۇپ، روشەن مۇھەببەت ـ نەپرىتى بىلەن سوپىزمنىڭ ساختىلىقى ۋە ئاچ كۆزلىكىنى ئېچىپ تاشلاپ مۇھەببەت، ئەركىنلىك، يورۇقلۇق ۋە ئادالەت، ۋەتەن، ئائىلە ۋە مەدھىيە ئوقۇغان. شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە مۇھەببەت ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان، ئەڭ جانلىق، ئىجادىيەت تېمىسى ئىدى. شائىرلار دائىم مۇھەببەتكە مەدھىيە ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي ھېسسىياتى، ياخشى ـ يامانلىق قارىشىنى ئىپادىلەپ، ئاشكارا ياكى يوشۇرۇنچە جاھاننى بېشىغا كىيگەن سوپىزمغا جەڭ ئېلان قىلغان. دەل مۇشۇ نۇقتا بۇ بىر مەزگىل ئۇيغۇر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئاكتىپ تەرىپىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بۇ خىل كۈرەش خەلق ئاممىسىنىڭ ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، ھەممە ئىشتا ئۆز بېشىمچى بولۇۋالغان سوپىلارغا بولغان نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەدەبىياتنى خەلق قولىدىكى كۈچلۈك قورالغا ئايلاندۇرۇشقا باشلىغان. شۇڭلاشقا، بۇ دەۋر يەنە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ رېئالىزمغا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقان مۇھىم بىر باسقۇچىدۇر. بۇ جەھەتتىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى شائىر زەلىلى ئىدى.

زەلىلى — يەكەنلىك، مىلادىيە XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ياش ۋاقتىدا تولۇق تالانتى نامايان بولغان. ئۆمرىدە نۇرغۇن جايلارنى ساياھەت قىلىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى داڭلىق مازارلارنى تاۋاپ قىلغان. ساتۇق بۇغراخان مازىرىدا يەتتە يىل دەرۋىش بولغان، سوپىزم بەلگىلىگەن دەرسلەرنى تاماملىغان. ئۇ تۆۋەن قاتلام خەلق ئاممىسى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەچكە، ھېكمەتلىك سۆز ۋە ماقال ـ تەمسىللەرنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇپ، شېئىرلىرى كۆپىنچە رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئىدىيىۋىلىكى چوڭقۇر، تىلى گۈزەل بولغاچقا، خەلق ئاممىسىنىڭ چوڭقۇر ياقتۇرۇشىغا سازاۋەر بولغان. ئېھتىمۇ قىممەتلىك بولغىنى، زەلىلى ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە تەسىراتى ئارقىلىق سۈپىستىك يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ساختىپەزلىكىنى ئېنىق تونۇپ، ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن خوجىلار ۋە سۈپىلارنى كۈچلۈك پاش قىلغان ۋە ئۆتكۈر تىل بىلەن مەسخىرە قىلغانلىقى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىنتايىن روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىدۇر. ئۇنىڭ ئىسيانكارلىقى تەبىئىي ھالدا ئاقسۆڭەكلەرنى ۋەھىمىگە سالىدۇ. ئۇلار زەلىلىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن تۆھمەت چاپلاپ ۋە رەھىمسىزلەرچە زىيانكەشلىك قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنى باش ئەگدۈرەلمەيدۇ. بىز ئۇنىڭ بىر غەزىلى ۋە باشقا شېئىرلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك تاللانغان پارچىلاردىن بۇ شائىرنىڭ سىياسىي تەبىئىتىنى كۆرۈۋالالايمىز.

گەرچە ئۆزۈم بۇلبۇل بولۇپ ھەر تەرەپتە بېغىم بولسىمۇ،
ئەمما لالە سۈپەت يۈز مىڭ دېغىم بار.

ئايرىلىش كېچىلىرى كۆرگىنىكى، ئوتلۇق ئاۋازىمدىن چىققان،
ئۇچقۇن سەھەر يۇلتۇزىدەك پارقىراپ، چىراغ بولۇپ يانىدۇ.

هەي سوپى، زاھىد مېنى بېشىڭ كېتىدۇ دەپ قورقۇتما،
پۈتۈملا بولىدىكەن مۇھەببەت ئەھلىنى ئىزلەۋېرىمەن.
يوقلۇق يولىدا يا ئوزۇغۇم، يا ئۇلۇغۇم يوق
خوتەن مۇساپىرلىرىدىن ئىنئام، دۇئا تىلەيمەن.

—

مەن زولىل ھېچقانداق دۇنيا خەزىنىنى كۆزگە ئىلمايمەن،
چۈنكى مەن جەۋھەرنى يوقاتتىم، شۇنى ئىزلەيمەن.

— غەزەل

خوجا ئوتتۇرىدا خەتمە ئوقۇپ تۇرغاندەك،
بىھى بىلەن ئاتالار دانە ـ دانە بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

— ساقىنامە

شەيخلەر رىياكارلىق بىلەن قىرىق كۈن ئىبادەتتە ئولتۇرسىمۇ،
زىيا ـ سەدىقە بولمىسا، ھەرگىز قول ئېچىپ دۇئا قىلمايدۇ.

تەقۋادار بىر ۋاخ ناماز ئوقۇمايدىغان بولسا،
غەپلەتتە قالغانلارنى ئاسىيلىقى تۈپەيلىدىن يەر يۇتقان بولاتتى.

سوپى، زاھىدلار مەرىپەت تاجىنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىكەن،
ئۇلار ھەمىشەم تون ـ سەللە بىلەن كۆڭلىنى خوش قىلىدۇ.

— غەزەل

ناماز ئوقۇدۇم دەپ مەغرۇرلانما، ھەي تەكەببۇر سوپى، ھىيلە
ئىككى يۈزلۈك بىلەن،

دېھقاننىڭ ئالدىدا قىممەت باھالىق نەرسە بىر دۆۋە ئەخلەت، بىر تىيىنگە ئەرزىمەيدىغان نەرسىدەك كۆرۈنىدۇ.

— مۇستەھزار

ھەي دەرۋىش باياۋان تەرەپكە بارما، ھوشيار بول، بۇ ۋادىدا ھەرگىز يۈرمە،
ئەلنىڭ ياڭراق ئاۋازى خۇددى دۇلدۇل چىقىرىغىندەك يول كۆرسىتىدۇ.

— مۇستەھزات

مۇۋەپپەقىيەت قازانغان شائىرلارنىڭ يەنە بىرى خىرقىتى. ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى مۇھەممەد ئىمىن بولۇپ، 1634 - يىلى قەشقەرنىڭ تازغۇن يېزىسى باغۋەن كەنتىدە تۇغۇلغان. 1724 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ مەدرىستە 16 يىل ئوقۇپ ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن ۋە كۆپلىگەن شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققانىدى. كېيىن ئۇ ئاپاق خوجىنىڭ چاھار بېغىدا باغۋەنلىك قىلغان. خىرقىتىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى مۇھەببەت تېمىسىدىكى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق داستانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەردە ئاپتور رومانتىكلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ بۇلبۇل، قىزىلگۈل ۋە شامالنىڭ سۆھبىتى ئارقىلىق، پاك سۆيگۈگە بولغان تەشنالىقنى ئىپادىلىگەن، بۇلبۇلنىڭ سۇبھىگە ۋە باھارغا بولغان تەلپۈنۈشى ئارقىلىق، قاراڭغۇلۇق ۋە زۇلمەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. بۇ ئەسەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا مۇئەييەن ئورۇننى تۇتىدۇ.

زەلىلى، خىرقىتى قاتارلىق ئىلغار شائىرلارنىڭ ئاشۇ قاراڭغۇ دەۋرلەردە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلققە

ۋاكالىتەن «دۇلدۇلدەك چۇقان» كۆتۈرۈشى ھەقىقەتەنمۇ قىممەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى جاۋاھىرات دېيىشكە ئەرزىيدۇ.

ئومۇمەن، يەكەن خانلىقى مەزگىلى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەرەققىياتىدىكى بىر مۇھىم باسقۇچ بولۇپ، بۇ باسقۇچتىكى مەدەنىيەت ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، ئەرەب ـ پارس ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەلدى. شۈبھىسىزكى، ئىسلامىيەتنىڭ كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ تىكلىنىشى مۇشۇ دەۋردىكى مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ مەزگىلدىكى مەدەنىيەت يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. موغۇللار دەۋرى ۋە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ كۆچمەن ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنىڭ كەينىگە چېكىنىش ھادىسىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ مەزگىلدىكى مەدەنىيەت زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. ئۇنىڭ گۈللىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە ئىجادچانلىقا ماھىر ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

# چوڭ ئىشلار يىلنامىسى

## قاراخانىيلار سۇلالىسى

840 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ خان جەمەتىدىن پانتېكىن
15 قەبىلىنى باشلاپ غەربكە كۆچتى،
كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەتتەسۇ
ۋادىسىدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنى
قۇردى.

IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى بىلگە كۆل قادىرخان
(پانتېكىن) ئۆلۈپ، ئوغلى بازىر چوڭ
خان بولدى ۋە بالاساغۇننى ئىدارە
قىلدى؛ ئىككىنچى ئوغلى ئوغۇلچاق
ئورۇنباسار خان بولۇپ تالاسنى ئىدارە
قىلدى.

893 - يىلى ئوغۇلچاق پايتەختنى قەشقەرگە كۆچۈردى.

X ئەسىرنىڭ بېشى بازىرنىڭ ئوغلى ساتۇق خان جەمەتى
ئىچىدە دەسلەپ بولۇپ ئىسلام دىنىنى
قوبۇل قىلدى.

X ئەسىرنىڭ 20 — 30 - يىللىرى ساتۇق ئوغۇلچاقنى
ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، قەشقەرگە ھۆكۈمرانـ
لىق قىلدى ۋە بۇغراخان دەپ ئاتالدى.

933 - يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى لياۋ سۇلالىسىگە
تۇنجى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتتى.

940 - يىلى لياۋ سۇلالىسى قاراخانىيلار سۇلالىسىگە
ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۆمىكى لياۋ

سۇلالىسىنىڭ ئاستانىسىگە قايتتى.

942 — 943 ـ يىللىرى ساتۇق بۇغراخان بالاساغۇننى ئىگىلىدى.

960 ـ يىلى مۇسا ئارسلانخان ئىسلامىيەتنى يولغا قويۇپ، ئۇنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتتى. 200 مىڭ ئۆيلۈك تۈركىي قەبىلە ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلدى.

962 ـ يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئۇدۇندىكى ۋىسارا جەمەتى خانلىقى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى.

992 ـ يىلى ھەسەن بۇغراخان ماۋرائۇننەھرگە يۈرۈش قىلىپ سەمەرقەنت، بۇخارانى ئىگىلىدى. كېيىن ماۋرائۇننەھرگە قايتىش سەپىرىدە قازا قىلدى.

998 ـ يىلى ئەلى ئارسلانخان ئۇدۇن خانلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلدى.

999 ـ يىلى قاراخانىيلار سامانىيلار سۇلالىسىنى مۇنقەرز قىلدى.

XI ئەسىرنىڭ باشلىرى يۇسۇپ قادىرخان ئۇدۇن رايونىنى ئىستېلا قىلدى.

1009 ـ يىلى يۇسۇپ قادىرخان سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغات تەقدىم قىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى زادىلا ئۈزۈلۈپ باقمىدى.

XI ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرى ئەلى تېكىن ماۋرائۇننەھرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى.

XI ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى ئەلى تېكىن

تابغاچ بۇغرا قاراخان، دەپ ئاتالدى.

1041 ـ يىلى ئىبراھىم بىن ناسىر بۇغراخان دەپ ئاتىلىپ، پۈتكۈل ماۋرائۇننەھر رايونىغا ھۆكۈمران بولدى، غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسى مۇستەقىل بولۇپ ئايرىلىپ چىقتى.

1043 ـ يىلى بۇخارا بىلەن بالاساغۇن ئارىلىقىدا ياشايدىغان بىر تۈمەن ئۆيلۈك تۈركىي قەبىلىلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى.

1056 — 1057 ـ يىلى شەرقىي سۇلالىنىڭخانى سۇلايمان ئارسلانخان مۇھەممەد بۇغراخان بىلەن سوقۇشۇپ، نەتىجىدە مۇھەممەد بۇغراخان سۇلالىنىڭ سەردارى بولۇپ قالدى.

1063 ـ يىلى شەرقىي سۇلالىدىكى مەھمۇد توغرۇلخان سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتتى.

1069 — 1070 ـ يىلى يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» نى يازدى.

1072 — 1074 ـ يىللىرى مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يازدى.

XI ئەسىرنىڭ 70 — 80 ـ يىللىرى ئابدۇل غاپپار «تارىخى قەشقەرى» نى يازدى.

1095 ـ يىلى سەمەرقەنتتىكى دىنىي زاتلار لەشكىرىي، مەمۇرىيلارنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى، قازىخانا ئەھمەدخاننى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى.

1097 ـ يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى سودا يولىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قوشۇن ئەۋەتىپ غەربىي شىيا (تاڭغۇتلار)

تەۋەسىدىكى گەنجۇ، سۇجۇ، شاجۇ
شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى.

XI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى شەرقىي سۇلالىدىكى يۇسۇپ
بۇغراخاننىڭ زامانىسىدا ئىقتىساد ۋە
مەدەنىيەتتە مىسلىسىز گۈللىنىش
بولدى.

1124 - يىلى لياۋ سۇلالىسى خان جەمەتىدىن ياللۇغ
تاشىن قاراقىتان (غەربىي لياۋ)
ھاكىمىيىتىنى قۇردى.

1128 - يىلى شەرقىي سۇلالىدىكى ئەھمەد ئارسلانخان
قەشقەر ئەتراپىدا غەربىي لياۋنىڭ
پاراكەندىچىلىكىنى تارمار قىلدى.

XII ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى شەرقىي سۇلالىدىكى ئىبراھىم
خان قارلۇقلار ۋە قاڭقىللار بىلەن
توقۇنۇشۇپ قالغانلىقتىن، قاراقىتانلار-
دىن ياردەم سورىدى. شۇنىڭدىن
ئېتىبارەن قاراخانىيلار سۇلالىسى غەربىي
لياۋ دۆلىتىگە قارام بولۇپ قالدى.

1141 - يىلى كاتىۋان ئۇرۇشىدا سالجۇقىيلار قوشۇنى
مەغلۇپ بولدى. غەربىي قاراخانىيلار
سۇلالىسى غەربىي لياۋغا قارام بولدى.

1206 - يىلى سەنجۇر بۇخارا ئاھالىسىگە رەھبەرلىك
قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى، «بۇرخان»
خانلىقى ئاغدۇرۇلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي
قوزغىلاڭ باستۇرۇۋېتىلدى.

1211 - يىلى نايمان قەبىلىسىدىن كۈچلۈك
قاراقىتانلارنىڭ گۆر خانلىق تەختىنى
تارتىۋېلىپ جىلۇگۇنى بىكار قىلدى،

غەربىي لياۋ خانلىقى مۇنقەرز بولدى.

1212 - يىلى شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى مۇھەممەدخان قەشقەر ئەمىرلىرىنىڭ قولىدا ئۆلدى. شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى ھالاك بولدى. غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسى خارازىمدە ھالاك بولدى.

1218 - يىلى چىڭگىزخان كۈچلۈكنى ئۆلتۈرۈپ، شىنجاڭنى ئىدارە قىلدى.

## شەرقىي چاغاتاي خانلىقى

1310 - يىلىدىن كېيىن چاغاتاي خانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي چاغاتاي خانلىقىغا بۆلۈنۈپ كەتتى. غەربىي چاغاتاي خانلىقىدىكىلەر كۆبەكنى خان قىلىپ تىكلەندى، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكىلەر ئىسەن بۇقانى خان قىلدى.

1346 - يىلى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئومۇم تەرىپىدىن ئېتراپ قىلىنغان خانلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولغان خازان قەتل قىلىندى، چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ غەربتىكى (ماۋرائۇننەھردىكى) ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشتى.

1347 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان دوغلات ئەمىرى بۇلاجى تەرىپىدىن خانلىق تەختكە يۆلەپ چىقىرىلدى ۋە ئالمالىقتا ئاساس تىكلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى جاكارلىدى ھەمدە قول

ئاستىدىكى 160 مىڭ ئۆيلۈك موڭغۇلنى
كوللىكتىپ يوسۇندا ئىسلامغا كىرىشكە
قىستىدى.
1350 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئەرشىدىن خوجا كۇچا
رايونىدا دىنىي تەرغىبات بىلەن
شۇغۇللاندى.
1360 - يىلى 3 - ئاي تۇغلۇق تۆمۈرخان ماۋرائۇننەھرنى
بىرىنچى قېتىم بويسۇندۇردى.
1361 - يىلى 4 - ئاي تۇغلۇق تۆمۈرخان ماۋرائۇننەھرنى
ئىككىنچى قېتىم بويسۇندۇرۇپ، چاغاتاي
خانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈردى.
1362 — 1363 - يىللىرى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالەمدىن
ئۆتتى. دوغلات ئەمىرى قەمرىدىن
سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، خان
جەمەتىدىكىلەرنى قىرغىن قىلدى ۋە
خانلىق تەختىنى تارتىۋالدى.
1370 - يىلى تۆمۈرلەڭ سەمەرقەنتتە ئاساس تىكلەپ
ئۆزىنى «سۇلتان» دەپ ئاتىدى ۋە
تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىنى قۇردى.
1370 — 1377 - يىللار تۆمۈرلەڭ قەمرىدىنگە قارشى بەش
قېتىم جازا يۈرۈشى قىلدى.
1383 - يىلى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى خۇدايدات
قېدىر خوجىنى خان قىلىپ تىكلىدى.
ئۇزۇن ئۆتمەي تۆمۈرلەڭ زور قوشۇننى
باشلاپ موغۇلىستانغا ھۇجۇم قىلىپ
ئالمالىقنى ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكتىن،
خىزىر خوجاخان پايتەختنى بېشبالىققا
يۆتكەشكە مەجبۇر بولدى.

1391 ـ يىلى قىدىر خوجاخان مىلىك سۇلالىسىگە ئەلچى
ئەۋەتىپ، دەسلەپكى قەدەمدە مىلىك
سۇلالىسى بىلەن ئالاقە ئورناتتى.
XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى قىدىر خوجاخان تۇرپان رايونىغا
قورالىق ھۇجۇم قىلىپ قاراغوجا ۋە
تۇرپان شەھەرلىرىنى ئىگىلىدى.
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۇرپان ئىسلام
رايونىغا ئايلاندى.
1404 ـ يىلى قىشتا تۆمۈرلەڭ 800 مىڭ كىشىلىك زور
قوشۇن تولاپ موغۇلىستان ئارقىلىق،
مىڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا
تەييارلاندى. ئىككىنچى يىلى 2 ـ ئايدا
ئوترارد ئۆلدى.
1408 ـ يىلى شەمى جاھان ئۆلۈپ مۇھەممەدخان تەختكە
چىقتى. بۇ خان ئىسلام مىزانىغا رىئايە
قىلمىغان موڭغۇللارنى قاتتىق
جازالىدى.
1413 ـ يىلى مىڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرىدىن لى دا،
چېن چېڭ قاتارلىقلار غەربىي يۇرتقا
ئەلچىلىككە باردى. چېن چېڭ كېيىنچە
«غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر
تەزكىرىسى» نى يېزىپ چىقتى.
1418 ـ يىلى موڭغۇللارنىڭ ئويرات قەبىلىسى باش
كۆتۈرۈپ چىقتى، ئۇۋەيسخان ئۆز
قوۋمىنى باشلاپ غەربتىكى ئىلى ۋادىسىغا
كۆچتى ۋە ئىلبالىقتا بارگاھ تىكتى.
1428 ـ يىلى ئۇۋەيسخان ئۆلۈپ شەرقىي چاغاتاي
خانلىقى ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ كەتتى:

چوڭ ئوغلى يۇنۇسخان ئىلبالىقتا، كىچىك ئوغلى ئىسەن بۇقاخان تۇرپاندا يىلتىز يارتتى.

1473 ـ يىلى موغۇللار قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى ۋە مىڭ سۇلالىسى بىلەن قۇمۇلنى تالىشىشقا باشلىدى.

1475 ـ يىلى يۇنۇسخان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلامىيەت سەردارى خوجا ئەھرارى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدى ۋە موغۇللار ئىسلامىيەت تەرەپدارلىرى، دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

1480 ـ يىلى دوغلات ئەمىرى ئابابەكرى قەشقەردە ئۆزىنى سۇلتان دەپ جاكارلاپ، مۇستەقىل بولدى.

1487 ـ يىلى يۇنۇسخان ئۆلۈپ چوڭ ئوغلى مەھمۇدخان ئىلبالىقنى ئىگىلىدى، ئىككىنچى ئوغلى ئەھمەدخان كىچىك خان دەپ ئاتىلىپ تۇرپاننى ئىگىلىدى.

1504 ـ يىلى ئەھمەدخان ئۆلدى.

1508 ـ يىلى مەھمۇدخان ئۆلۈپ شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ئىسمى بار، جىسمى يوق نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى.

## يەكەن خانلىقى

1514 ـ يىلى ياز سەئىدخان ئابابەكرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى جايلارنى ئاساسەن دېگۈدەك ئۆز قولىغا ئالدى ھەمدە يەكەندە خانلىق تەختكە چىقىپ يەكەن خانلىقىنى

قۇردى.

1516 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە سەئىدخان كۇچا ئەتراپىدىكى قېرىندىشى مەنسۇرخان بىلەن ئۇچراشتى. ئىككى تەرەپ يارىشىپ پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭدا تىنچ - خاتىرجەم ۋەزىيەت يارىتىلدى.

1519 - يىلى سەئىدخان سىرتقا قارىتا بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىنى قوزغاپ، دەسلەپكى قەدەمدە بەدەخشان رايونىغا ھۇجۇم قىلدى.

1524 - يىلى قازاقلارنىڭ سەردارى تاھىرخان سەئىدخاننى زىيارەت قىلدى، ئىككى تەرەپ ئىزچىل دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى.

1532 - يىلى سەئىدخان تۈبۈتكە جازا يۈرۈشى قىلدى.

1533 - يىلى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سەئىدخان تۈبۈت يۈرۈشىدىن قايتىش سەپىرىدە ئۆلدى. تۈبۈتكە قارىتىلغان يۈرۈش ئۆزۈل - كېسىل مەغلۇپ بولدى.

1533 - يىلى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئابدۇرەشىدخان تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تېزلا تىنچىتتى. لەشكىرىي يۈرۈش قوشۇنىنىڭ ئورۇنباسار قوماندانى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر تەقىپكە ئۇچراپ، يات ئەللەرگە چىقىپ كەتتى. ئابدۇرەشىدخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، يەركەن خانلىقى گۈللىنىشنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە يەتتى، زېمىن بىرلىككە كېلىپ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت

گۈللەپ ياشنىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر «12 مۇقام» ى مۇشۇ مەزگىللەردە رەتلىنىپ قېلىپلاشتۇرۇلدى.

1547 ـ يىلى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كەشمىردە تارىخىي ئەسىرى «تارىخى رەشىدى» نى تاماملىدى.

XVI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئىمامى مەخدۇم ئەزەم «ئەۋلىيا» لىق سالاھىيىتى بىلەن يەكەننى زىيارەت قىلدى.

1559 — 1560 ـ يىللىرى ئابدۇرەشىدخان ئالەمدىن ئۆتۈپ ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇكېرىمخان تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. خانلىق داۋاملىق گۈللەپ ياشنىدى.

XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى قارا تاغلىقلارنىڭ پېشۋاسى خوجا ئىسھاق يەكەننى زىيارەت قىلغاندا، ئابدۇكېرىمخان تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى.

1591 — 1592 ـ يىللىرى ئابدۇكېرىمخان ئۆلۈپ ئىنىسى مۇھەممەدخان تەختكە چىقتى. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە، مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى.

1603 ـ يىلى پورتۇگالىيىلىك خرىستىئان مىسيونېرى بېنوئىت دېگويس يەكەن خانلىقىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى زىيارەت قىلدى.

XVII ئەسىرنىڭ باشلىرى ئىسھاق خوجا يەنە بىر قېتىم يەكەننى زىيارەت قىلدى ۋە مۇھەممەد خان

تەرىپىدىن ئۇستازلىققا قوبۇل قىلىندى.
1609 — 1610 ـ يىللىرى مۇھەممەدخان ئۆلۈپ خانلىق مالىمانچىلىققا پېتىپ قالدى، تەخت تالىشىش كۈرىشى بەكمۇ جىددىي بولدى، 30 يىلدا بەش خان ھۆكۈم سۈردى، تۇرپان ھۆكۈمرانى ئابدۇرەھىم ھە دەپ لەشكەر باشلاپ ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى.
1620 ـ يىلى ئاق تاغلىقلارنىڭ پېشۋاسى ئىشان كالاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد يۈسۈپ ئوتتۇرا ئاسىيادىن قەشقەرگە كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قارا تاغلىقلار بىلەن ئاق تاغلىقلارنىڭ قارىمۇقارشىلىقى باشلاندى.
1638 ـ يىلى ئابدۇللاخان يەكەنگە كىردى. ئۇ يۇرەكلىك ھالدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ خانلىقنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنى قايتا گۈللەندۇردى.
1655 ـ يىلى ئابدۇللاخان چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كېلىپ، چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى شۇنجىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا سازاۋەر بولدى.
XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى قىرغىزلار، قازاقلار ۋە پەرغانە رايونى يەكەن خانلىقىغا تەۋە بولدى.
1668 ـ يىلى ئابدۇللاخان ھاكىمىيەتنى يولۋاسقا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى مەككىگە ھەج قىلىشقا يول ئالدى، كېيىنچە سەپەر ئۈستىدە ئۆلدى. ئىسمائىلخان قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ قوللىشى بىلەن ئاقسۇدا ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى.

1670 - يىلى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى يەكەن ئەمىرلىرىنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇترىتىپ، يولۋاسخاننى قەتل قىلدى. شۇ يىلى 4 - ئايدا ئىسمائىل يەكەنگە ھۇجۇم قىلىپ ئىشغال قىلدى ۋە ئاق تاغلىق خوجىلارنى باستۇرۇشقا يارلىق چۈشۈردى. ئاق تاغلىق خوجىلاردىن ئاپاق خوجا يەكەن خانلىقىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى.

1617 - يىلى غالدان جۇڭغارلارنىڭ خانلىق تەختىگە چىقتى ۋە دالاي لاما تەرىپىدىن «بوشۇكتۇخان» ئۇنۋانى بېرىلدى.

1673 - يىلى ئىسمائىلخان چىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتتى.

1672 — 1676 - يىللىرى مەھمۇد چۇراسنىڭ تارىخىي ئەسىرى «تاۋارىخ» («تارىخى رەشىدى زەيلى») يېزىلدى.

1678 - يىلى ئاپاق خوجا لىخاساغا بېرىپ دالاي لاما V نى تاۋاپ قىلدى.

1679 - يىلى ئاپاق خوجا دالاي لامانىڭ مەكتۇپىنى كۆتۈرۈپ، ئىلىدىكى جۇڭغار خانىنىڭ ئوردىسىغا كەلدى ۋە غالدان بىلەن مۇلاقەتتە بولدى.

1680 - يىلى غالدان ئاپاق خوجىنىڭ يول باشلىشى بىلەن يەكەن خانلىقىغا زور قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قىلدى ھەمدە ئىسمائىلخاننى ئەسىر ئېلىپ ئىلىغا يالاپ ئېلىپ كەتتى. يەكەن خانلىقى ھالاك بولدى.

# پايدىلانغان ئاساسلىق كىتابلار


(كېيىنكى جىن) ليۇ شۈ قاتارلىقلار يازغان: «تاڭنامە».

(يۈەن) توتو قاتارلىقلار يازغان «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى».

(مىڭ) سۇڭ لىيەن، ۋاڭ يى يازغان: «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى».

(مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ھۆكۈمەت تۈزگەن: «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل، تۇرپانغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل.

(يۈەن) ياللۇغ چۇساي: «غەربىي يۇرت ھەققىدە خاتىرە».

(يۈەن) لى جىچاڭ: «ئەۋلىيا چيۇ چۇجىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى».

(مىڭ) چېن چېڭ: «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر خاتىرىسى».

(چىڭ) فۇ خېڭ قاتارلىقلار يازغان: «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى».

(چىڭ) چۈەن يۈن: «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم».

(چىڭ) ۋاڭ شۇنەن: «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى».

(چىڭ) چى يۈنشى: «غەربىي چېگرا ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات».

يۇسۇپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك».
خاۋ گۈەنجۇڭ، جاڭ خۇڭچاۋ، ليۇ بىڭ تەرجىمە قىلغان،

«قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى.

مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، چېن زۇڭجېن تەرجىمە قىلىپ يازغان.

ئەھمەد يۈكنەكى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ، ۋېي سۈيىي تەرجىمە قىلغان، «قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى.

جاڭ خۇڭچاۋ تۈزگەن: «چاغاتاي تىلىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى ئەدەبىيات» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى.

فېڭ جياشېڭ، چېڭ شولو، مۇ گۇاڭۋېن تۈزگەن: «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 - يىلى.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى» ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى.

مەھمۇد چوراس: «تاۋارىخ» («سالنامە») ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ئاكىمۇشكىن رۇسچە تەرجىمە قىلغان ۋە تەتقىق قىلىپ كىرىش سۆز يازغان نۇسخا، موسكۋا پەن نەشرىياتى، 1976 - يىل، شىنجاڭ تارىخ تەتقىقات ئورنىدىن خې رۇيى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان («تارىخى رەشىدى زەيلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ).

«ساتۇق بۇغراخان تەرجىمىھالى» ، چاغاتايچە قولىيازما.

«تۇغلۇق تۆمۈرخان تەرجىمىھالى» ، چاغاتايچە قولىيازما.

«ئەرشىدىن خوجا تەرجىمىھالى، چاغاتايچە قولىيازما.

«تەرجىمىھالى خوجىگان» («خوجىلار تەرجىمىھالى») ، پارسچە قولىيازما.

(ئىران) جۇۋەينى: «تارىخى جان كۇشاي» («دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تارىخى»)، خې گاۋجى تەرجىمە قىلغان، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى.

دوسسون: «دوسسون موڭغۇل تارىخى»، فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان، سودا باسمىخانىسى، 1985 ـ يىلى.

داۋسىن تۈزگەن: «موڭغۇللار رايونىغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»، لۇ پۇ تەرجىمە قىلغان، جۇ لياڭشاۋ ئىزاھلىغان نۇسخا، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن نەشرىياتى، 1983 ـ يىل.

ماركوپولو: «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى»، چېن كەيجۈن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان، فۇجيەن پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، 1982 ـ يىل.

جاڭ شىڭلياڭ تۈزگەن ـ ئىزاھلىغان: «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1977 ـ يىلى.

زېڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك تەزكىرە كومىتېتى باش تەھرىر ئىشخانىسى، 1986 ـ يىلى.

خاتانى ليۇتكې (يۈشى لياۋتې): «غەربىي يۇرتتا بۇددىزم»، خې چاڭچۈن تەرجىمە قىلغان، سودا باسمىخانىسى، 1956 ـ يىلى.

ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى.

«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

ليۇ جىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى.

«قىرغىزلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى.

غاپۇروف: «ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىكلار تارىخى»، شاۋ جىشىن تەرجىمە قىلغان، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى.

ۋ. بارتولد: «بارتولد ماقالىلىرى»، موسكۋا، شەرق مەدەنىيىتى نەشرىياتى، 1968 ـ يىلى.

لو جىپىڭ تەرجىمە قىلغان: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى.

گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى.

گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە يازما يادىكارلىقلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى.

«جۇڭگو ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، سىچۈەن لۇغەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى.

جىن يىجيۇ: «ئىسلام دىنى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى.

«قۇرئان»، ماجيەن تەرجىمە قىلغان، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى.

بۇ كىتاب دىن ـ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 1999 ـ يىل
8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1999 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا
ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据宗教文化出版社1999年8月第1版,1999年8月第1次
印刷本翻译出版。
مەسئۇل مۇھەررىرى: رەيھانگۈل قۇربان
مەسئۇل كوررېكتورى: ئاسىيە ئەخمەت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: غالىپ شاھ

# شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى

ئاپتورى: لى جىنشىن
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابلەت نۇردۇن،
مۇھەممەتجان مۆمىن، ئىمىنجان سەيدىن،
ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168 × 850 مىللىمېتىر، 1/32 باسما تاۋىقى: 16.6
2003 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2003 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 ـ 3,000
ISBN7—228—06766—5/K. 966
باھاسى: 25.00 يۈەن